شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە-نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

روزى گۈلباي

# قۇلچاق

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

روزى گۈلباي

# قۇلچاق

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# **قۇلچاق** (تارىخىي رومان)


**ئاپتورى:** روزى گۇلباي
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** رەناگۇل ئابلىمىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ۋاڭ ياڭ
**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ گۇاڭشۇنفا مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**تارقاتقۇچى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 16
**خەت سانى:** 282 مىڭ
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 − 12200
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 18225 − 1
**باھاسى:** 42.00 يۈەن



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۆزۈرلۈقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىردا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش»تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن يۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى

مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر،

ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، باللار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆلەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۇزۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۇزۇكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى

كۆيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي

ئىنسان ھاياتى ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.
مەن بۇ كىتابىمنى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا بېغىشلايمەن.

— روزى گۇلباي

# ئاپتوردىن

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر !

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا جايلاشقان سەرىكۆي رايونىدىكى تاجىك مىللىتى ئۇزاقتىن بۇيان تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قارلىق چوققىدىكى يېشىل قارىغايدەك ياشىرىپ، باتۇر بۈركۈتتەك توختىماي پەرۋاز قىلىپ، ئىنتايىن قىيىن بولغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا گۈزەل دۇنيا يارىتىپ، يارقىن، ساپ، ھەقىقىي جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ياشاش ئادىتىنى ۋە قىممىتىنى ياراتتى. ئۇلار تاغلاردا جۇلالىنىپ تۇرغان ياقۇتتەك ساپ قەلبى، بوران ـ چاپقۇنلاردا توختىماي پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈتتەك قەيسەرلىكى، باتۇرلۇقى، قارلىق چوققىلاردىكى رەڭگى ئۆچمەس قارىغايدەك پەزىلەت ـ خىسلىتى، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كۆيۈمچان ئانىدەك مېھرىبان، سېخىيلىقى بىلەن ئېگىزلىكتىكى خىسلۋەت ماكاندا توغراقتەك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەلدى. ئۇلار ۋەتەن، يۇرت ـ ماكانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ھەقىقىي ئادىمىيلىك مۇجەسسەملەشكەن ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلىتى، غۇرۇر، ۋىجدان يۇغۇرۇلغان يېڭىلمەس ئىرادىسى بىلەن تارىخ بېتىگە ئۆچمەس سەھىپىلەرنى يازدى.

ئۇلار ۋەتىنىنىڭ تۆپىرىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ،

سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىر چىمدىم توپىسىنىمۇ جېنىدىن ئەزىز بىلىپ، ۋەتەننىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى، ئەزىز تېنى بىلەن قوغداپ كەلدى. ئۇلار «يۇرت دېمەك — جان دېمەكتۇر» دېگەن بۈيۈك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، شارائىت ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن ھەر خىل ئاپەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، كىندىك قېنى تامغان ئەزىز يۇرت ـ ماكانلىرىنى گۈللەندۈردى. ياشاش مۇساپىسىدە ۋەتەن ۋە يۇرتىغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىنىڭ بۈيۈك ئابىدىسىنى تىكلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ئىپتىخارلىنىدىغان ئەزىمەتلىرىگە ئايلاندى.

1780 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئەينى ۋاقىتتىكى قوقەن خانىدانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىكنى جىددىيلەشتۈردى. جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم سەرىكۆي (تاشقورغان) رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى. لېكىن، ھەر قېتىملىق تاجاۋۇزى ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر تاجىك خەلقىنىڭ يىمىرىلمەس ئىرادىسىنى قالقان قىلغان كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھى بىلەن مەغلۇپ بولدى.

1820 ـ يىلىغا كەلگەندە قوقەن خانى مەدەلخان جەنۇبىي شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن سەرىكۆي رايونىنى بازا قىلىشنى پىلانلىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم قوشۇن تارتىپ، سەرىكۆي رايونىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈردى، ئوت قويدى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇ سىرتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچىلار سەرىكۆي خەلقىنىڭ مىڭبىر جاپادا تىكلىگەن ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلدى. بىراق، تەبىئەت ئاتا قىلغان مۇشەققەتلىك، جاپالىق شارائىتتا

دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ۋەھىمىلىك ئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تاغلاردەك ئېگىلمەس روھنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، مۇستەھكەم ئىرادىلىك سەرىكۇي خەلقى ئىنسانىيەتتىن كەلگەن رەھىمسىز بالايىئاپەت ئالدىدىمۇ قىلچە تەمتىرەپ قالمىدى. ئۇلار بىر چىمدىم توپىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىپ، قەتئىي باش ئەگمەي، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

سەرىكۇي خەلقى قۇلچاق قاتارلىق باتۇر، پىداكار، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۆپ قېتىم تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ھىيلىگەر دۈشمەنىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشىنى بەربات قىلدى. ئەينى يىللاردىكى چىڭ ھۆكۈمىتى قۇلچاقنىڭ سەرىكۇي خەلقىنى باشلاپ سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ۋەتەننىڭ تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، 1830 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى) سەرىكۇينىڭ بەش جەرىكلىك بەگلىك مەنسىپىنى بىراقلا ئۇچ جەرىكلىك ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە كۆتۈرۈپ، قۇلچاقنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىدى.

تاجىك خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش يولىدىكى كۈرىشى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتى. بۇ كۈرەشلەردە تاجىك خەلقى ئىچىدىن تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلار چىقتى. خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان پامىر بۈركۈتى، مەشھۇر تاجىك مىللىي قەھرىمانى قۇلچاق ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. سەرىكۇي خەلقى ئۇنى تاكى ھازىرغىچە:

ئۇ بۇركۇت ئەۋلادى، كۆكتىكى چولپان،
ئۇ تاجىك پەرزەنتى، ۋۇجۇدى ۋولقان.
ياۋ بىلەن چېلىشتى ۋەتىنى ئۈچۈن،
خەلقىگە نىجاتلىق يولىنى ئاچقان.

دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭ شەنىگە مەدھىيەلەر ئوقۇپ كەلمەكتە. مەن ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان بۇ باتۇر تاجىك ئوغلانى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. 1975 ـ يىلى مەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سەرىكۆي رايونىدا تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇ چاغلاردا يۇرتىمىزنىڭ تارىخى بىلەن بىرقەدەر چوڭقۇر تونۇشلۇقى بولغان ئەللىك ـ ئاتمىشتەك كىشى بىلەن كۆرۈشتۇم ھەم سۆھبەتتە بولدۇم. خەلق ئارىسىدىكى پېشقەدەم تارىخچىلاردىن دافادار، شاھغۇلام، قەلەمبەگ، مۇراتبەگ، بەختى مەمەدەزىز، ساھىب نەزەر، دارىبشاھ، جانەك كىگىن قاتارلىق پېشقەدەملەردىن قۇلچاق ھەققىدە نۇرغۇن بايان، ھېكايە، رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالدىم، بولۇپمۇ قۇلچاق ياشىغان دەۋردىكى تاجىكلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئېتنوگرافىيەسى، تۇرمۇش ئادىتى، ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، توي ـ تۆكۈنلىرى، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى، ھېيت ـ بايراملىرى، جەمئىيەت ئەھۋالى، تەبىقىلەر مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى ئىشلىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىگىلەپ ئىزدەندىم. شۇ دەۋرگە تەئەللۇق نۇرغۇن ھېكايە، رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىم. مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان قۇلچاق ھەققىدىكى نۇرغۇن ھېكايە، رىۋايەت، بايان، قول يازمىلارنى تەپسىلىي ئوقۇپ

چىقتىم. تاجىكلارنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئاتاقلىق ئالىم، تەتقىقاتچى، يازغۇچى، شائىرلىرىدىن شىرىن قۇربان، زەمىر سەيدۇللا، مۇنى تابىلدى، مەدەلخان، راخمانقۇل، شىجائەتخان ۋەزىرى، ئاتىكەم زەمىرى، شانىياز كەپەل، باتۇرجان ئاتاخان، خۇدايار مەمەتيار، نىياز كامال قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئۇلاردىن قۇلچاق ھەققىدە نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان ئەسەر، ماقالىلىرىنى ئوقۇدۇم ۋە ئۆگەندىم. شۇنىڭ بىلەن تاجىكلارنىڭ باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانى قۇلچاق ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم ــ دە، تەپەككۇر ئېتىمنى قۇلچاق ياشىغان دەۋر، ماكانغا چاپتۇردۇم ...

سەرىكۆينىڭ راھەتبەخش ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۈيى بىلەن ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇرۇپ، ھۆپپىدە تەبئىي گۈللەر ئېچىلغان يايلاقلاردىن ھۇزۇرلىنىپ، ھەيۋەتلىك تاغلاردا ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ئېگىزلىكتە ياشاپ كەلگەن بۇ قەدىمكى مىللەتنىڭ غۇبارسىز قەلب ئەينىكىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغ، شۇ قەدەر گۈزەللىكىنى قايتا ـ قايتا ھېس قىلدىم.

روماندا تارىخىي چىنلىققا سادىق بولۇپ، شۇ دەۋردىكى تەبئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىشكە تىرىشتىم. قۇلچاقنىڭ ۋەتەنپەرۋەر روھىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تاجىك جەمئىيىتىنىڭ دەۋر روھى، ياشاش پەلسەپىسى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى قاتارلىقلارنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ئىزدەندىم. رومان پۈتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تونۇلغان ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرىدىن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، تاجىك يازغۇچى، زىيالىيلاردىن غالىب زۇلال، ئابدۇرېھىم

نورۇزلار دەسلەپكى نۇسخىنى تەپسىلىي كۆرۈپ قىممەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى. مەن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئاخىردا ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمان قۇلچاقتا ئوقۇلغان مۇنۇ مەدھىيە بىلەن رومانىم ھەققىدىكى بۇ ئاددىي چۈشەندۈرۈشىمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

سەرىكۆي باغرىدا قۇلچاق قەھرىمان،
باتۇرلۇق قىسسىسىنى قان بىلەن يازغان.
ياخشى نام ئەسىرلەپ ئۆچمەيدۇ پەقەت،
ياشايدۇ ئەل بىلەن مىڭلاپ يىل ــــ زامان.

روزى گۇلباي

2014 ـ يىلى دېكابىر

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم بولۇت ئۈستىدىكى بالا


بىرىنچى باب قوياش ئوغلى ھىدايەت ........ 3
ئىككىنچى باب «ئانامۇ قېچىپ كېلەمدۇ؟» ........ 15
ئۈچىنچى باب بۆركۈتنىڭ غەزىپى ........ 31
تۆتىنچى باب كىچىك سەردار ........ 45
بەشىنچى باب ئايەمدىكى ناخشا ........ 56
ئالتىنچى باب سىرلىق مېھمان ........ 65
يەتتىنچى باب قەسەم ........ 74
سەككىزىنچى باب مۇسىبەتلىك كۈنلەردە ........ 88
توققۇزىنچى باب دەھشەتلىك قىرغىن ........ 104
ئونىنچى باب ئالتۇن تاج ........ 119
ئون بىرىنچى باب كۆيپەرى ........ 132


## ئىككىنچى قىسىم قولچاق


ئون ئىككىنچى باب قولچاق ........ 145
ئون ئۈچىنچى باب تولغانئاي ........ 155
ئون تۆتىنچى باب بەيگە ........ 164
ئون بەشىنچى باب قىلتاق ........ 171
ئون ئالتىنچى باب قېچىش ........ 183
ئون يەتتىنچى باب ئاھ ، سۆيۈملۈك ۋەتەن ! ........ 196
ئون سەككىزىنچى باب سۆڭەك نەي ئاخىر جۇپلەشتى ........ 208
ئون توققۇزىنچى باب لەشكەر بولۇش ........ 224
يىگىرمىنچى باب ۋەزىپە ........ 233

يىگىرمە بىرىنچى باب  تۆھمەت ........................................ 242
يىگىرمە ئىككىنچى باب  ئايرىلىش دېغى .................................. 257
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  ئارىيانىچاقنىڭ پاراستى ........................... 269

## ئۈچىنچى قىسىم  بۇركۇتنىڭ قەپەستىن چىقىشى

يىگىرمە تۆتىنچى باب  « لوق گۆش » يېيىشنى چۈشەش .... 287
يىگىرمە بەشىنچى باب  بۇركۇتنىڭ قەپەستىن چىقىشى .... 304
يىگىرمە ئالتىنچى باب  بۇركۇتنىڭ قۇزغۇننى سۈر ـ توقاي قىلىشى ........................................................ 315
يىگىرمە يەتتىنچى باب  يېڭى ۋەزىپە ............................... 328
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  مۇكاپات ................................. 340
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  ئىشقمۇۋازلىقنىڭ ئاقىۋىتى ..... 354
ئوتتۇزىنچى باب  سەرىكۇينىڭ كۆز يېشى ........................ 370

## تۆتىنچى قىسىم  ھاكىمبەگ قولچاق

ئوتتۇز بىرىنچى باب  كۇمۇش ساپلىق شەمشەر ............... 385
ئوتتۇز ئىككىنچى باب  سەرىكۇيدا قايتا قۇياش نۇرى چاقنىدى ........................................................ 393
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  تاشقەلئە ئىگىسىنى تاپتى ............ 408
ئوتتۇز تۆتىنچى باب  تاغ كەينىدىن كەلگەن مېھمان ........ 418
ئوتتۇز بەشىنچى باب  ئادىل ھۆكۇم، رەھىمسىز جازا ....... 426
ئوتتۇز ئالتىنچى باب  ئاچ كۆزنىڭ كۆزىگە توپا چۈشسىمۇ تويمايدۇ ........................................................ 441
ئوتتۇز يەتتىنچى باب  سۇنغان قازاننىڭ بېشارىتى .......... 458
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب  ئالدىنىپ قېلىش .................. 465
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب  بۇركۇت مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ........... 481
خاتىمە ........................................................ 493

# بىرىنچى قىسىم

# بولۇت ئۈستىدىكى بالا

# بىرىنچى باب

# قۇياش ئوغلى ھىدايەت

ھەيۋەتلىك ھىمايالا تاغ تىزمىسى، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى، كوئېنلۇن تاغ تىزمىسى، تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرىنىڭ قوشۇلغان ئېگىزلىكىدە، خىلۋەت، سىرلىق بىر كىچىك تۈزلەڭلىك بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى تارىختىن بۇيان «سەرىكۆي» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئورىۋالغان بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈمۈش لېنتىدەك دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە مۆجىزىلىكى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان، بولۇتقا تاقاشقان بۇ تۈزلەڭلىك پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى «دۇنيانىڭ جەننىتى، سۈيى تۆت تەرەپكە تەڭ ئاقىدىغان كۈيستاننىڭ بېشى، دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئېگىزلىكتىكى بۇ خىلۋەت كىچىك تۈزلەڭلىكتە چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئىشچان ـ قەيسەرلىكى بىلەن تارىختىن بۇيان تەبىئەتتىن ۋە ئىنسانىيەتتىن كەلگەن تۈرلۈك جەبىر ـ جاپا، مۇشەققەتلەرگە چىداپ، بەخت بىلەن ھەسرەت تەڭ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ھېقىقەتەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ياشاش كارتىنىسىنى ياراتتى. بۇ خىلۋەت ماكاندا ھەيۋەتلىك تاغلاردىن

باشقا يەنە شۇ ئېگىز تاغلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ سېلىنغان چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى، تىلىم ـ تىلىم جىلغىلاردىن تارتىلىپ چۈشكەن سۇ بىلەن كۆكىرىپ تۇرغان يېشىللىقلار، يېشىللىقلار ئوتتۇرىسىدا شوخ ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. كۆككە بوي سوزغان پىيازنىڭ پوستىدەك قاتمۇقات كۆرۈنىدىغان تاغلار بۇ زېمىنغا باشقىچە تۈس كىرگۈزگەن بولۇپ، تاغ چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا گويا سانجاق ـ سانجاق نەيزە ئۇچلىرىدەك ۋالىلداپ تۇرىدۇ. مۇزتاغ ئاتا سۈيى مەڭگۈ قۇرۇماس بۇلاقتەك بۇ خىسلەتلىك سىرلىق زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن توختاۋسىز ئابىھايات ئاتا قىلىپلا قالماي، بۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقنىڭ ناچار تەبىئىي شارائىت بىلەن ئېلىشىشتىن قالدۇرغان يارقىن ئىزلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاپپاق ھۆسنىگە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.

1785 ـ يىلى كۈز بالدۇرلا كېلىۋالغان بىلەن ھاۋا يەنىلا ئىللىق ئىدى. گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر سارغايغان بولۇپ، پۈتۈن يايلاق گويا بىر ئىلاھىي رەسسام سىرىق بوياق بىلەن بويىغاندەك ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىدى. سارغايغان ئوت ـ چۆپلەر قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئەينەكتەك سۈزۈك ئاسماندا قۇياش ۋىلىقلاپ كۈلگەن پېتى مەلىكە بۇلاقتاغنىڭ كەينىگە مۆكۈشكە نەيزە بويى قالغان ۋاقىت ئىدى. مۇزتاغ باغرىدىكى تىزناپ دىيارىنىڭ چۈشمان كەنتى نازىنىن قىزدەك قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرىنى خىيالەن سۆيۈپ خوشلاشماقتا ئىدى. ھەممە يەر جىمجىتلىققا چۆمگەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن سۈس تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۆزاققا سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىنىڭ يىراق ئۇچىدىن چېكىتتەك كۆرۈنگەن بىر ئاتلىق چاڭ توزۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاتلىق كىشىنىڭ ئىسمى دەۋلەتشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتنى دېۋىتىپ، ھە دەپ قامچا ئۇرغان ھالىتىدىن بەكمۇ جىددىيلەشكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. دەۋلەتشاھ ئارىيانىنىڭ ئوغلى بولغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكىدىنمۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ «بۈركۈت» دېگەن لەقىمىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى.

دەۋلەتشاھ قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، قېلىن شاپ بۇرۇتى، يوغان قارا كۆزى، بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقىدەك ئەگمە قاڭشىرى، قويۇق ئەگمە قېشى ئۇنى ئىنتايىن سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ بېشىغا تاجىكچە تۇماق، پۇتىغا چورۇق كىيگەن، بېلىنى چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن تۆگە يۇڭىدىن ئەشكەن مىيۇند (بەلباغ) بىلەن مەھكەم باغلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆشنىسىگە ئوقيادان ئاسقان بولۇپ، ئالدىغا يوغان بىر قوينى ئېلىۋالغانىدى، بىر قاراشتىلا ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىۋاتقان چەۋەندازغىلا ئوخشايتتى. ئۇ ھە دەپ ئېتىغا قامچا ئۇراتتى. ئەنسىرەشتىن پەيدا بولغان جىددىيلىك ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالغان بولۇپ، كاللىسى قوپقۇرۇق ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆز - ئۆزىدىن «كېچىكىپ قالمىغاندىمەن - ھە؟ !» دېگەن سۆزنىلا تەكرار - تەكرار سورايتتى. ئەتراپتىكى سۇرەن - چۇقانلارمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئۇ مەھەللىگە يېقىنلاشقانسېرى ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، مېڭىشىنى ئاستىلاتتى. تاش بىلەن قوپۇرۇلغان يوغان بىر قورغاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىدى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرگە سېلىنغان چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى سۆگەتلەر ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمجىت ھالەتتە قۇياشنىڭ نۇرىدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. كەنتنىڭ يېنىدىن ئېقىپ تۇرغان سەركۆي

دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلغان بولۇپ، سۈزۈكلۈكىدىن تېگىدىكى تاشلارنى، بەخىرامان ئۈزۈپ ئوينىۋاتقان پامىر بېلىقلىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ھاۋا شۇنداق ساپ ئىدىكى، ئاسمان سۈپسۈزۈك يېشىل قاشتېشىدەك چاقناپ تۇراتتى. ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز پېتى كۆرگىلى بولاتتى. گىرەلىشىپ كەتكەن ھەر خىل مەنزىرىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تۇمانلىق چۈمپەردىسىنى يىرتىۋەتكەن بولۇپ، ھەقىقىي قىياپىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. ئاسمان بىلەن تاغلارنىڭ تۇتاشقان يېرىدە ئاجايىپ جازىبىدار ئاق، كۆك سىزىق شۇنچە ئېنىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

دەۋلەتشاھ ئويناقشىپ تۇرغان ئايغىرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ قارىغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە: «ئاھ، مۇزتاغ ئاتا، ئاپتاپنىڭ ساق - سالامەت يەڭگىشىگە مەدەت بەرگەيلا !» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ ئالدىدىكى قوينى ئاۋايلاپ پەسكە چۈشۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئاتتىن چۈشتى. ئېتىنى قورغان تېمى يېنىدىكى سۆگەتكە باغلىدى. ئاتنىڭ ئېگىرىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ ئۆشنىسىگە تاشلاپ، قوينى يېتىلىگىنىچە چوڭ دەرۋازىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

قورغان ئىچى چوڭ ھويلا بولۇپ، بىر تەرەپتە تاجىكچە چوڭ ئۆي، ھۇجرىلار سېلىنغان، يەنە بىر تەرەپتە بولسا ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ساقلايدىغان ئىسكىلات ۋە ئېغىل - قوتان بار ئىدى.

دەۋلەتشاھ دەرۋازىدىن كىرىشىگە، ھويلا ئىچىدە دادىسى ئارىيانى ۋە قولۇم - قوشنىلاردىن بىرقانچەيلەننىڭ تىت - تىت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، بەدىنى غۇززىدە تىكەنلىشىپ، پۇت - قولىنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى

تەستـە تۇتۇۋېلـىپ، پۇتـى يـەرگە تەگـمـەيۋاتقـانـدەك مېـگـىـپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.
ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ئەندىشىنى كۆرگەن ئـارىيانى بـوۋاي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— بالام، بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ، خۇدايىم ئاسانلىق بېرەر، — دەپ يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپ كۆرۈشتى.
دەۋلەتشاھ ھەممەيلەن بىلەن قوللىرىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈپ، ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئەگمە كىرپىكى سۇغا چىلىنىپ كەتكەن قىياقتەك نەملەشتى.
— دادا، تۈنۈگۈن ئەتىگەن تاغدۇمبۇشتىن ماڭغانىدىم، يول بويى ئەنسىرەپ كەلدىم، ئاپتاپنىڭ ئەھۋالى زادى قانداقراق؟
— تېخىچە خۇش خەۋەر يوق، بالام، — دېدى ئـارىيانى بـوۋاي ئۆي تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — بىزمۇ ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز، خۇدايىم ئاسانلىق بەرگەي.
— ئەمدى سەن كەلدىڭ، — دېدى ئاكىسىنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئىنىسى داربىشاھ، — سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچامنىڭ كۆڭلى تەشۋىشتىن قۇتۇلار، ساڭا تارتىشقان بولسا ھېلى خۇش خەۋەر ئاڭلاپمۇ قالارمىز، ئاكا.
ھەممەيلەن ئۆي تەرەپكە تەقەززالىق بىلەن قاراپ جىمجىت ھالدا كۈتۈشكە باشلىدى. ئالدىراشلىقىدىن پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەيۋاتقان كۈيمېھرى ئانا ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. دەۋلەتشاھ:
— سالام ئانا، — دېگىنىچە بېرىپ، ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيدى.
ئانا ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيگىنىچە:
— تۇغۇت ئاياللارنىڭ ئۆمرىدىكى ھايات ـ مامات سىنىقى،

بالام. تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان ئايالنىڭ هاياتى قىل ئۇستىدە تۇرىدۇ. بىر پۇتى پانىي دۇنياغا تارتسا، يەنە بىر پۇتى باقىي دۇنياغا تارتىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئاياللار غەمخورلۇقا، تەسەللىگە، ياردەمگە موهتاج بولىدۇ. بىز قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق ئامالالارنى قىلىپ ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت يەڭگىشىگە ياردەملىشەيلى، ــــ دېدى مېهرىبانلىق بىلەن.

ئارىيانى بوۋاي، دەۋلەتشاھ، قولۇم ـ قوشنىلاردىن بولۇپ بىرقانچەيلەن يېڭى جاننىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈپ، هويلىدا تۇرۇپ، كېچىچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى.

ئارىيانى بوۋاي ئوغلى دەۋلەتشاھقا تەسەللى بەرگەچ دېدى :

ــــ بالام، «تەقدىر ئالـلادىن، تەدبىر بەندىدىن» دەپتىكەن، كېلىن بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن مەھەللىنى ئارىلاپ، تۇغۇت تەجرىبىسى بار ئايالدىن بىرەرسىنى چاقىرىپ كەلگىن.

ــــ بولىدۇ، دادا، ــــ دېدى دەۋلەتشاھ بىر خىل جىددىيلىك بىلەن.

دەۋلەتشاھ دەرهال يولغا چىقىپ، تاڭ ئاتقۇچە خېلىلا نامى بار تۇغۇت ئانىسىدىن ئىككىنى ئېلىپ كەلدى.

ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى ئەمدىلا سۇزۇلۇشقا مەزىنلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى، خورازلارنىڭ چىلىلىغان، هەر خىل قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ بۇ خىلۋەت ماكاننى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ئاسمان ئاقىرىپ يۇلتۇزلار شالاڭلاشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر نۇرلۇق يۇلتۇز يىراق ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇپ كەتتى. ھەممەيلەن دېيىشىۋالغاندەك تەڭلا ئاسمانغا قاراشتى.

ــــ بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ــــ دېدى ئارىيانى بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

شەپەق كۆتۈرۈلۈپ ئاپپاق چوققىلار قىزىرىشقا باشلىدى.

تاغلار بىر قاراشتا قىزىل رومال ئارتقان پەرىزاتتەك كۆرۈنەتتى. تاغدىن بالقىغان قۇياش نۇرى بۇ مەھەللىگە تېگىشى بىلەن تەڭ ئۆيدىن بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر ئايال ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ:

— خۇش خەۋەر ! سۆيۈنچە بېرىڭلار ! بىر ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچتى ! — دەپ توۋلىدى.

ھەممىسى خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتى

ئارىيانى بوۋاي ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— بالام، بۇ بىر مۆجىزە، قۇياش نۇرى بىلەن تەڭ بۇ بالا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئىگەمنىڭ بېشارىتىدىن قارىغاندا بۇ بالا چوڭ بولغاندا مۇشۇ زېمىننى قۇياشتەك يورۇتىدىغان ئادەم بولىدۇ. مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم ! چوڭ بىر ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ يېنىكلەپ قالدۇق، ئەمدى بېرىپ بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش بىلەن ئېتىنى قويۇشقا ئوبدان تەييارلىق قىلايلى، مۇراسىم تەنتەنىلىك ئۆتسۇن ! — دېدى.

سۆيۈنۈشتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن دەۋلەتشاھنىڭ كۆزىدە بايا ئەنسىرەش، تەشۋىش يېشى ئەگىگەن بولسا، ئەمدى خۇشاللىق يېشى تاراملاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— بولىدۇ، دادا، تەييارلىقنى دېگىنىڭىزدەك پۈتكۈزىمەن.

تىزناپ يېزىسىنىڭ چۇشمان كەنتىدىكى دەۋلەتشاھنىڭ مەھەللىسى قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بەش تۈۋرۈكلۈك قىلىپ سېلىنغان چوڭ تاجىكچە ئۆينىڭ ھەممىسىدە مېھمانلار لىقمۇلىق ئولتۇرۇشقان بولۇپ، تۆرنىڭ كانج (تۆرنىڭ لېۋىگە ياتقۇزۇلغان ياغاچ) لىرىدا مۇزىكانتلار قاتار ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلار جۈپ - جۈپ بولۇپ، داپنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن سۆڭەك نېيىدە دىلغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئورۇنلىماقتا ئىدى. پەگاھتا ئۇسسۇلچىلار

ئۆزلىرىنىڭ شوخ، لەرزان بۇركۇت ئۇسسۇلىنى باشلىۋەتكەنىدى. ساقىلى مۇزتاغدىكى قاردەك ئاپپاق ئاقارغان ئارىيانى بوۋاي بەكمۇ تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۈگۈن باشقىچە ياشىرىپ قالغاندەك، مەڭزىدىكى قىزىللىق تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم كۆلۈمسىرىگەندە يۈزىدىكى قورۇقلار مىچچىدە ئېچىلغان گۈل قاتلىرىنى ئەسكە سالاتتى. ھاياتىنىڭ نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بوۋاي ئۈچۈن نەۋرىدىن تاتلىق نەرسە بولمىسا كېرەك. نەۋرىسىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى. بىر چاغدا بوۋاي سازەندىلەرگە توختاش ئىشارىتى قىلدى.

— يۇرتداشلار، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۈگۈن ئارىمىزغا بىر يېڭى جان قوشۇلدى، بۇ ئائىلىمىزنىڭلا بەختى بولۇپ قالماي، مۇشۇ يۇرتنىڭ، يۇرتداشلارنىڭ بەختى. بۈگۈن ھەممىمىز بىللە بۇ بالىنى ئېغىزلاندۇرىمىز، ئۇنىڭغا ئات قويىمىز.

ھەممەيلەن «مۇبارەك بولسۇن! بەخت ـ ئامەت ئۇنىڭغا مەڭگۈ يار بولسۇن!» دەپ توۋلاشتى.

دەۋلەتشاھ يۈرىكىنى قولىغا ئېلىۋالغاندەك، چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ئاپپاق يۆگەككە ئورالغان بوۋاقنى ئېلىپ كىردى.

تۆر بېشىدا ئولتۇرغان مويسىپىتلار بوۋاقنى ۋە دادىسى دەۋلەتشاھنىڭ سول مۈرىسىگە ئۇن سېپىپ مۇبارەكلىدى.

ئارىيانى بوۋاي ئۆزىنىڭ نەۋرىسىگە ئۆزىنىڭ نەۋقىران ۋاقتىدىكىدەك چەبدەسلىك بىلەن ئوق ۋە ئوقيانى ئېلىپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىگە توغرىلاپ تۇرۇپ: «ئاسمان ۋە زېمىن بۇ ئۆيدە بىر ئارزۇلۇق جاننىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىنى بىلسۇن!» دەپ بىر پاي ئوق ئۈزدى. بۇ ئوقنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل سەرىكۆيگە بىر جاننىڭ ھاياتلىق سېپىگە قوشۇلغىنىنى بىلدۈردى.

خۇشاللىقىدىن تىپتىكلىشىپ كەتكەن كۈيمىھرى موماي ئۆينىڭ ھەممە ئىشىغا ئۆزى يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ يوغان بىر جۈپ كۆزى خۇددى ياش ۋاقتىدىكىدەك چاقناپ تۇراتتى. ھاياجانلىق مىنۇتلار ئۇنىڭ سولغان يۈزىنى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالاندۇرۇۋەتكەندى. ئۇ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن ئوغلىنىڭ قولىدىن نەۋرىسىنى ئالدى. شالاڭلىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر كۆزلەر نەۋرىگە ئۈمىد ـ ئارمان بىلەن تىكىلدى. ئۇ چاقىقانلىق بىلەن قىرمادا (ياغاچ قاچا) دىكى بۇلاق سۈيىگە چىلانغان بۇركۇت جىگىرىنى بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا ئاستا ـ ئاستا ئۈچ قېتىم سۈرتۈپ ئېغىزلاندۇردى. ئۇ چەكسىز ئىپتىخار بىلەن نەۋرىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— باتۇر، قاۋۇل، ساغلام چوڭ بولغىن قوزام! ئامەت ۋە بەخت قۇشى مەڭگۈ ساڭا ھەمراھ بولسۇن! — دېدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «بەخت ۋە ئامەت مەڭگۈ يار بولسۇن!» دەپ توۋلاشتى.

ئارىيانى بوۋاي كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىسمىنى تەكرارلىغىنىچە ئېرىپ مومىينىڭ قولىدىن نەۋرىسىنى ئالدى. ئۆي ئىچى شۇنداق تىمتاس بولۇپ كەتتىكى، كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنىمۇ ئاڭلىيالايتتى. ھەممىنىڭ كۆزلىرى ئارىيانى بوۋايغا تىكىلگەندى. بوۋاي ئۈمىدكە تولغان ھاياجان ئىلكىدە نەۋرىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئىسمىڭ ھىدايەت بولسۇن، ئاتا ـ ئاناڭغا مېھرىبان بول، خەلقىڭگە كۆيۈمچان بول، يۇرتۇڭغا جان پىدا بول! — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى.

ئاخۇن «ئامىن!» دەپ ئۇزۇن پاتىھە قىلدى.

ھەممەيلەن «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ قوللىرىنى يۈزىگە سۈرتۈشۈپ، «مۇبارەك بولسۇن، ھىدايەت!» دەپ توۋلاشتى.

ئۆي ئىچى قايناۋاتقان قازاندەك ۋاراقلاپ كەتتى، ھەممەيلەن چىن قەلبىدىن شادلىنىپ، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشاتتى. بۇ ھاياجانلىق دەملەردە ھەممەيلەننىڭ يۈزلىرىدە كۈلكە، كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرى چاقنايتتى.

ئىسىم قويۇش مەرىكىسى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. داپ بىلەن سۆگەك نەينىڭ ئاۋازى مۇزتاغدىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، جىمجىت تۇرغان بۇ خىلۋەت ماكاننى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈردى.

كۈيمېھرى موماي نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ كېلىنى ئاپتاپ ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ، تۆرگە راسلىغان ئورۇنغا ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. ئۇ ئۆزى كەشتىلەپ تىكىپ قويغان ۋىنج (بوۋاقنى يۆگەيدىغان كۆرپە) نى نەۋرىسىنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق يېپىپ قويغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىكى ياستۇقنىڭ تېگىگە ئوغلاقنىڭ تاغاق ئۈستىخىنى، بۈركۈتنىڭ تىرنىقى ۋە بىر پىچاقنى قويۇپ قويدى. ئاندىن ئوماق نەۋرىسىگە بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە نەزەر سالغاچ ئانىسى ئاپتاپقا قاراپ دېدى:

— قىزىم، يۈرەك پارىڭىزنى بۈركۈتتەك ئالغۇر بولسۇن، دەپ بۈركۈتنىڭ تىرنىقىنى بېشىغا قويدۇم. بىر ئىشلارنىڭ بېشارىتىنى ئالدىن بىلسۇن دەپ ئوغلاقنىڭ تاغاق ئۈستىخىنىنى① بېشىغا قويۇپ قويدۇم. ئۇخلىغاندا قارا باسمىسۇن دەپ پىچاقنىمۇ ھەمراھ قىلدىم. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. ئۇھ، خۇدا!

ئاپتاپ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن بوۋاققا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى.

---

① تاجىكلاردا ئوغلاقنىڭ تاغاق ئۈستىخىنىنى بوۋاقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويسا، ئۇنىڭدىكى ئالامەتلەردىن كەلگۈسى بەش كۈن ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بې‐شارىتىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراش بار.

بوۋاقنىڭ يىنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقان سىيماسى ئانىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئاغرىقلىرىنى بىردەمدىلا ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ بوۋاققا قارىغانسېرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بەخت ئىلكىدە ئەللەيلىنىپ، دىلىخانىسىدا تورزوماس بىر گۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن پەخىرلەندى. قەلبى پەرزەنت مېھرىدىن لەززەتلىنىپ، خۇشاللىقىدىن كۆزى نەملەشتى. ئۇ ئەمدى مۇكەممەل بىر ئانىغا ئايلانغانىدى.

بۇ يەردە ئاھالە ناھايىتى ئاز بولۇپ، بىر جاننىڭ تۇغۇلۇشى ئىنتايىن چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۈگۈن يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ يەرگە يىغىلغانىدى.

كۆي ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەۋجگە چىقىپ، ئوغلاق تارتىش ۋە ھەر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلار قىزىپ كەتتى.

بۇ خىلۋەت ماكاندا تەبىئەتنىڭ ئادەملارنى كۈلدۈرىدىغان ھەم يىغلىتىدىغان كۈنلىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە چىدام ۋە غەيرەتنى يېتىلدۈرۈپ، تەبىئەتنىڭ كىشى قەلبىنى ئىزتىراپقا سالىدىغان ھەر خىل چاقچاقلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقاتماي، قەلب بېغىنى ئادىمىيلىك سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، ئىناقلىقنىڭ گۈللىرىنى تەكشى ئېچىلدۇرغانىدى.

مانا بۈگۈن دەۋلەتشاھنىڭ ئۆيىدە بىر جاننىڭ تۇغۇلۇشى ھەممىنى شادلاندۇردى. يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بۇ خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتى.

قۇياش بۇ خىلۋەت ماكانغا نۇرىنى قانداق تەكشى سەپكەن بولسا ئادەملەرنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتى شۇنداق تەكشى، شۇنداق چوڭقۇر ئىدى. كىشىلەر ۋۇجۇدىدا كۆرۈلۈۋاتقان يىغا بىلەن كۈلكە ھەقىقىي ھەم ساپ ئىدى. ئۆي ئىچىدە ناخشا ـ

مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئىشىك ئالدىدا ئوغلاق تارتىش ۋە ھەر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر خۇشاللىقتىن باشقىنى ئۇنتۇغانىدى.

ئاسماندا بىرقانچە بۇركۇت خۇددى بۇ خۇشاللىققا بىللە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك، بىردەم يۇقىرىغا ئۆرلەپ، بىردەم پەسكە شۇڭغۇپ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. مۇزتاغ ئاتا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مويسىپىتتەك، ئۆز باغرىدىكى بۇ شادلىققا شاھىت بولۇپ مەغرۇرانە قىياپەتتە قەد كېرىپ تۇراتتى.

## ئىككىنچى باب

# «ئانامۇ قېچىپ كېلەمدۇ؟»

گۈزەل تاغدۇمبۇش يايلىقى سۈبھى قىزنىڭ جىلۋىسى بىلەن ئويغاندى. ئۇنىڭ گۈلگۈن سەھەردىكى جىمجىتلىقى تاغ قۇشلىرىنىڭ بەس ـ بەستە سايرىشى بىلەن بۇزۇلدى. قۇياش شەرق تەرەپتىكى تاغدىن ئوت شارىدەك ئاستا ـ ئاستا بالقىپ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن ئېگىز چوققىلارغا، چوڭقۇر جىلغىلارغا، تاغ ئېتەكلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ كىچىك ـ كىچىك كەپە ئۆيلىرىگە تەكشى سەپمەكتە ئىدى. قۇياشنىڭ ئىللىقلىقى، تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ سىڭگەنىدى.

كەپە ئۆيلەر ئالدىدا كىچىككىنە تۇزلەڭلىك بولۇپ، چارۋىچىلار بۇنى ــ جەلە جاي دەپ ئاتايتتى. بۇ يەردە چارۋىچىلار قوزا، ئوغلاق، موزايلارنى قاتار باغلاپ، قوتاز، قوي ۋە ئۆچكىلىرىنى بۇ يەرگە يىغىپ ساغاتتى.

دەۋلەتشاھ ئادىتى بويىچە بۇگۇن تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئوۋغا ماڭدى. كۈيمىھرى موماي كېلىنى ئاپتاپ بىلەن سەغى(ماي ئايرىيدىغان ياغاچ كۈپ) دىكى قېتىقتىن سېرىق ماي ئايرىدى. ماينى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، ماد(قېتىقتىن ماينى ئايرىغاندىن

كېيىن قالغان سۆيۈقلۇق) دىن قۇرۇت قايناتتى. بىر تالاي ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چاي ئىچىشكە تۇتۇندى. چىيىنى ئىچىپ بولغان ھىدايەت:

— موما، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە چىقىمەن، — دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى.

— كىچىك بالا دېگەن ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، ئۇ يەرگە چىقساڭ قوتازلار سېنى ئۈسۈۋېتىدۇ، — دېدى ئاپتاپ بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ياق، ياق، مەن چىقىمەن، موما، مەن سەن بىلەن چىقىمەن، — دەپ مەھكەم تۇرۇۋالدى ھىدايەت.

كۆيمىھرى مومای نەۋرىسى تۇغۇلغاندىن بىرى ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئوماق چىھرى، تاتلىق قىلىقلىرى ئۇنى بەكمۇ سۆيۈندۈرەتتى. ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپى مومای ئۈچۈن شەرتسىز بۇيرۇق ئىدى. بۇ بۇيرۇق ئەزەلدىن رەت قىلىنىپ باققان ئەمەس.

— بولىدۇ قوزام، ئىككىمىز موزايلارنى يېشىپ قويۇپ بېرىمىز، ئاپاڭ قوتازلارنى ساغىدۇ، — دېدى ئۇ نەۋرىسىگە چىدىماي.

ھىدايەت «موما، سەن نېمىدېگەن ياخشى» دېگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يۈز - كۆزىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى.

ئاپتاپ تەلە (ياغاچ چېلەك) نى ئېلىپ، كۆيمىھرى مومای نەۋرىسىنى يېتىلەپ ئۆيدىن چىقتى. گەرچە ئاسماننى نىپىز بۇلۇت قاپلىغان بولسىمۇ، ئوتلۇق قۇياش تاغ كەينىدىن ئۇياتچان قىزدەك قىزارغان پېتى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ دەستە - دەستە نۇر تالالىرى ئەتراپقا تەكشى سېپىلمەكتە ئىدى. قوتاز - ئىنەكلەر، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ ھەممىسى جەلەجۇي (ئىشىك

ئالدىدىكى كىچىككىنە تۇزلەڭلىك)گە يىغىلغان بولۇپ، بەزىلىرى باغلاقلىق موزايلىرىنىڭ تۇمشۇقىنى يالاپ ئۆزىنىڭ ئانىلىق مېھرىنى ئىزھار قىلسا، بەزىلىرى موزىيىنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىنى يالاپ ئەركىلىتىۋاتاتتى. بەزىلىرى خاتىرجەم يېتىپ كۆشىمەكتە ئىدى.

ئاپتاپ ياغاچ چېلەكنى ئېلىپ يوغان ئالا قوتاز ئىنەكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىنەك ئىگىسىنى پۇراپ - ھىدلىغىنىچە جىم تۇرۇپ بەردى. مۈڭگۈزى قىلىچتەك ھەيۋەتلىك تۇرغان بۇ جانىۋار ئاپتاپنىڭ ئالدىدا شۇنداق ياۋاشلىشىپ كەتكەندىكى، ئۆزىنى ئۆلتۇرسىمۇ مىت قىلمايدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. ئاپتاپ ياغاچ چېلەكنى ئىنەكنىڭ يېلىنىغا توغرىلاپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىككى قوللاپ سېغىشنى باشلىدى. سۈت چېلەككە شىرىلداپ چۈشمەكتە ئىدى.

كۈيمېھرى موماي ئالتە ياشلىق نەۋرىسى ھىدايەت بىلەن باغلاقلىق موزايلارنى بىردىن - بىردىن يېشىپ قويۇۋېتىۋاتاتتى. ھىدايەتنىڭ بۇدرۇق قوللىرى بۇ كىچىك جانىۋارلارنى توختىماي سىلايتتى. ئۇلارمۇ ھىدايەتكە ئامراقلىقىنى ئىپادىلەپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭشىتاتتى. ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى پۇرايتتى. ھىدايەتمۇ ئۇلارنى قۇچاقلايتتى، ئۇلار بىلەن ئوينىشاتتى.

تۇيۇقسىز يىراقتىن ۋارقىرىغان - جارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھىدايەت يۈگۈرگىنىچە كىچىك بىر دۆڭگە چىقىپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلار ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەيران بولغىنىچە ۋارقىرىدى:

— موما، قارىغىنا، بىرمۇنچە ئاتلىقلار بىز تەرەپكە

كېلىۋاتىدۇ !
كۆيمېھرى مومايىنىڭ موزايىنىڭ بوينىدىكى ئارغامچىنى يېشىۋاتقان قولى بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇ بېلىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، نەۋرىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. قارىدى ـ يۇ، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، بىردىنلا چىرايى ئۆڭۈپ، شاپتۇلنىڭ شۆپىكىدەك نېپىز لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.
— ئاپلا، چاتاق بولدى ! بۇلاڭچىلار كەلدى، — دېدى كۆيمېھرى موماي ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك قىلىپ.
قوتاز سېغىۋاتقان ئاپتاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن قولىدىكى چېلەك يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئىسسىق سۈت تۆكۈلۈپ كەتتى.
— ئانا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دەۋلەتشاھمۇ ئوۋغا كەتكەن، بىزنىڭ ئۇلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ. بالامدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي.
ئاپتاپنىڭ پۈتۈن ئوي ـ خىيالى ئوغلىغا مەركەزلەشتى. بۇلاڭچىلارنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ گويا بالىسىنى ھازىرلا بىرسى ئېلىپ قاچىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ھىدايەتنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كۆيمېھرى مومايدىن يەنە سورىدى:
— جېنىم ئانا، قانداق قىلىمىز؟
ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك تىترەپ چىقتى.
مومايىنىڭ ئويلىنىپ تۇرۇشىغا ۋاقىت كۆپ قالمىغانىدى. ئۇ ئاپتاپقا قاراپ ۋارقىرىدى:
— قىزىم، تېز بول، بالىنى ھېلىقى ئۆڭكۈرگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قوي. ئاندىن چاندۇرماي قايتىپ كەل ! بۇ ئىشنى ئىنس ـ جىن سېزىپ قالمىسۇن !

موماي ھىدايەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قوزام، گەپ ئاڭلا، بۇلاڭچىلار سېنى كۆرسىلا ئېلىپ كېتىدۇ، شۇڭا سېنى يوشۇرۇپ قويىمىز. سەن شۇ يەردە جىم ئولتۇر! بۇلاڭچىلار كەتكەندە سېنى ئەكېلىۋالىمىز. بىز بارمىغۇچە ئۆڭكۈردىن ھەرگىز چىقما، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ماقۇل موما، ئۆڭكۈردىن ھەرگىز چىقمايمەن، — دېدى ھىدايەت سەل قورقۇپ تۇرسىمۇ كۆڭلىدىكىنى سىرتقا چىقارماي. ئەمما، ئۇنىڭ قورقۇۋاتقانلىقى قارىقاتتەك كۆزلىرىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئوغۇل بالا دېگەن قورقمايدۇ ھەم يىغلىمايدۇ، شۇنداقمۇ قوزام؟ ئۆڭكۈردىن چىقماي ئولتۇرساڭ ھېچ ئىش بولمايدۇ. سەن چوڭ بولغاندا داداڭدەك باتۇر ئادەم بولىسەن، — دېدى كۆيمېھرى موماي ئۇنى باغرىغا بېسىپ.

يىراقتىن كېلىۋاتقان قىيقاس - چۇقانلار بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئاتلىقلارنىڭ گەۋدىسى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاپتاپ ئوغلىنىڭ قولىدىن تۇتتى. ئۇلار يۈگۈرگەن پېتى ئۆڭكۈر تەرەپكە كەتتى.

ئۆڭكۈر دۆڭنىڭ كەينى تەرىپىدە بولۇپ، كۆزگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان مەخپىي يول بىلەن بىردەمدىلا بارغىلى بولاتتى. ئاپتاپ ئوغلىنى يېتىلەپ يۈگۈرگەن پېتى بىردەمدىلا ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئىچى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ ھىدايەت ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلدى.

— ئانا، مەن بۇ يەردە قورقىمەن، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

— بالام، گېپىمنى ئاڭلا، سەن مۇشۇ يەردىن چىقماي تۇرساڭلا ئامان قالىسەن ھەم بىزمۇ ئامان قالىمىز. ئەگەر بىز كەلمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن چىقساڭ، ئۇلار سېنى ھەم بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ماقۇل ئانا، جىم ئولتۇرۇپ ھېچ يەرگە چىقمايمەن، — دېدى ھىدايەت بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ.

— ھەرگىز قورقما بالام، داداڭ ئۇۋدىن كەلسىلا بۆلاكچىلارنى قوغلىۋېتىدۇ. بۆلاكچىلار كەتسىلا سېنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمىز. بۇ يەردىن ھەرگىز چىقما.

ھىدايەت ئانىسىنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە تۇنجى بولۇپ ھاياتنىڭ ئاچچىقلىقى، رەھىمسىزلىكى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئەڭ بىخەتەر جاي ئانىسىنىڭ قۇچىقى ئىدى. بىراق، ئانىسى ئۇنى بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ كېلىۋاتقانلار قانداق ئادەملەر؟ دادام قاچان كېلەر؟ مانا بۇ ئوي كىچىك ھىدايەتنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا، ئانا ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەللەرنى تۆلەشكە ھەر ۋاقىت تەييار !

ئاپتاپ يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكىنىچە:

— جېنىم بالام، گەپ ئاڭلا ! — دېدى ۋە ئۇنىڭ يۈز – كۆزلىرىگە سۆيۈپ قويۇپ كەينىگە ياندى. ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چۈشكەن ئىزلارنى ياغلىقى بىلەن سۈپۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يۇگۈرگەن پېتى قورۇغا يېنىپ كەلدى.

كۈيمېھرى موماي بىلەن كېلىنى ئاپتاپ ئۆينى جىددىي يىغىشتۇردى. ئاڭغىچە بۆلاكچىلار چۇقان سېلىپ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇچ – تۆت ئاتلىق ئىتىدىن چۈشۈپ :

— ئادەم بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ ھەيۋە قىلدى.

كۈيمېھرى موماي بىلەن ئاپتاپ ئۆيدىن چىقىپ، ئەدەپ بىلەن بېشىنى ئېگىپ ئۇلارغا سالام بەردى.

— ھوي، قاقباش قىرى ! سالام - پالىمىڭنى قوي ! ئۆيدە يەنە كىملەر بار؟ — دېدى ئاتتىن چۈشۈۋاتقانلاردىن بىرسى ھەيۋە بىلەن.

— ئۆيدە بىزدىن باشقا ئادەم يوق، تەخسىر، — دېدى كۈيمېھرى موماي.

ئاڭغىچە ئۇلار ئۆيلەرنى بىر قاتار تەكشۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا يەنە بىر توپ ئاتلىقلار يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان ئاق ئاتقا مىنگەن سىپىز، شاپ بۇرۇت بىرسى ئېگەردە ئۆزىنى سەل - پەل تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن:

— بۇ ئۆيدە كىملەر بار ئىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاتامانىم، مۇشۇ موماي بىلەن ئاۋۇ مەزلۇمدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇرغۇن قوتاز - ئىنەكلىرى بار ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى ياندا تۇرغان بىرسى.

— بەللى، — دېدى ھېلىقى ئاق ئاتلىق مەمنۇن بولغاندەك ھىجىيىپ، — بىزگە بۇ ئۆيدە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك يوق ئىكەن، — ئۇنىڭ شۇنداق دەۋېتىپ كۆزى بىردىنلا ئاپتاپقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ كېلىنگە قاراپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— توۋا، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ گۈزەل ئايال بولىدىكەن - ھە !؟ — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

ئاپتاپ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايال بولۇپ، قاشتېشىدەك سۈزۈك چېھرى، قاپقارا يوغان كۆزلىرى، ئۇزۇن ئەگمە كىرپىكى، ئاناردەك مەڭزى، چىلاندەك لەۋلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتاتتى. ئاپتاپقا قاراپ داڭ قېتىپ قالغان بۇ بۇلاڭچىلار ئاتامانى ئېتىنىڭ يېنىك پۇشقۇرۇشى بىلەن ئۆزىگە كەلدى.

— هوي نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ تېز بولۇڭلار ! ئۆيدە قولغا چىققۇدەك نەرسە ـ كېرەك بولسا ئېلىۋېلىڭلار ! قوتازلارنى بىرىنى قويماي ھەيدەپ مېڭىڭلار، ئاۋۇ چوكاننىمۇ ئاۋايلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار، ئۇ ماڭا كېرەك، — دېدى ئاتامان سىرلىق ھىجىيىپ.

ئاپتاپ ئاتلىقلارغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىلدى:

— چارۋىلىرىمىزنى، نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى خالىغانچە ئەكېتىڭلار، ماڭا رەھىم قىلىڭلار، مەن مۇشۇ ياشانغان ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ.

— ماڭمايمەن دەمسەن؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ بۇ! چوڭىمىز سېنى ئېلىپ مېڭىشىمىزنى تاپىلىغان ئىكەن، بىز بىلەن مېڭىشىڭ كېرەك ! — دەپ ھۆرپەيدى بىر بۇلاڭچى.

— تولا ئەزمىلىك قىلماي بىز بىلەن ماڭ ! — دېدى يەنە بىر بۇلاڭچى، — بولمىسا غوجىكاڭنى رەھىم قىلمىسدى دەپ ئاغرىنما !

— تۇفى ! يەر يۇتقۇرلار، سىلەرگە لازىمى شۇ چارۋا مال، ۋەج ـ ئوقەتغۇ؟ بولدى، ھەممىنى ئەكېتىش ! مېنى قويۇۋېتىش ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ئاپتاپ. ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىشىگە ئىككى قاراقچى ئاچ بۆرىدەك ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئاپتاپ قاچسا بۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى. بىراق، ئوغلىنىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ خىيالىدىن ياندى. ئۇ بۇ قاراقچىلار بىلەن كۈچ ئېلىشالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى.

بىر بۇلاڭچى ئاچچىقى بىلەن كېلىپ ئاپتاپنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. ئاپتاپنىڭ ئاپپاق يۈزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك شۇنداق ئېنىق كۆرۈندى. ئاپتاپنىڭ چېچى چۇۋۇلۇپ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى.

ئىككى بۇلاڭچى كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە تارتىپ باغلىدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ ئەلەم بىلەن قېينىئانىسى كۈيمىھرىغا قاراپ:

— ئانا، مەن بۇ جاللاتلارنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، بالامنى سىلىگە تاپشۇردۇم! — دەپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھۇ پېسەندى! بۇ يەردە بالىمۇ بارمۇ تېخى؟ — دەپ ۋارقىرىدى بىر بۇلاڭچى.

جىددىيلەشكەن كۈيمىھرى موماي:

— يوقسۇ تەخسىر، بالىسى كەنتتە ئىدى، شۇنى دەۋاتىدۇ، — دەپ گەپنى ئوڭشىدى.

— ۋۇي قېرى! سېنىڭ جېنىڭنى ئامان قويدۇق، مۇشۇ يەردە قال. تولا گەپكە ئارىلاشما! — دەپ ۋاقىرىدى يەنە بىر بۇلاڭچى.

ئۈچ ـ تۆت بۇلاڭچى كېلىپ ئاپتاپنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ئاپتاپنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئوغلىدا ئىدى، ئوغلى سالامەت قالسىلا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق خورلۇققا ئۇچرىشىغا ۋە جېنىدىن جۇدا بولۇشىغىمۇ رازى ئىدى. ئاپتاپ زورلاۋاتلار قولىدا تۇزاققا چۈشكەن كەكلىكتەك تېپىرلايتتى. ئۇ بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدا خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك سۆرىلىپ ماڭاتتى. بۇلاڭچىلار ئارىسىدىن بىرسى:

— ھەي قېرى، موزايلارنى يېشىۋەت! — دەپ توۋلىدى كۈيمىھرىغا قاراپ.

بۇلاڭچىلار بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى قوتازلارغا ئارتىپ، قوي، ئۆچكە، قوتازلارنى تولۇق بىر يەرگە يىغىپ ماڭماقچى بولىغانىدى.

كۈيمىھرى موماي يوشۇرۇنچە ئېلىۋالغان شام (قوتاز، قوي،

ئۆچكە قىرقىيدىغان قايچا) بىلەن موزايلارنىڭ باشىبېغىنى كېسىپ ئۇلارنى بوشاتقاچ تۆت ـ بەش موزاينىڭ كەينى پۇتىنىڭ پېيىنى كېسىۋەتتى.

بۆلاڭچىلار بۇلىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ، چارۋىلارنى ھەيدەپ كارۋانكۆك داۋىنىغا ياماشتى. ئۇلار نە ـ نەلەردىن بۇلاپ كەلگەن نەچچە مىڭ قوتاز، قوي، ئۆچكىلەرنى بۇ ئەتراپتىن تۇتۇۋالغان يىگىرمىدەك يەرلىك كىشىگە مەجبۇرىي ھەيدىتىپ يولغا چىققاندى. بۇلاپ كەلگەن يەتتە ـ سەككىزدەك ئايالغا ئاپتاپنى قوشۇپ چەمبەرچاس باغلاپ، قوتازلارغا مىندۇرۇپ ئېلىپ مېڭىشتى. بۇ ئاياللارنىڭ يۈرىكى بالىلىرى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن لەختە ـ لەختە بولۇپ، يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى قۇرۇغان بۇلاقتەك نۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى، يۈزلىرى چەيلەپ تاشلىغان گۈلدەك پۇرلىشىپ، ئۇزلۇقىدىن، زىبالىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

بۆلاڭچىلار قولىدىكى مىلتىقلارنى پات ـ پات شاراقشىتىپ، چارۋا ھەيدەۋاتقانلارغا:

ـــ ئەگەر ياۋاشلىق بىلەن چارۋىلارنى ھەيدىمىسەڭلەر، بىر پاي ئوق بىلەن جېنىڭلارنى ئالىمىز! ـــ دەپ ھەيۋە قىلىشاتتى. ئوق يېيىشتىن قورققان بىچارىلەر چارۋىلاردىن بىرىنىمۇ قاچۇرماي ھەيدەپ مېڭىشتى.

ئەگرى ـ بۈگرى داۋان يولىدا مېڭىۋاتقان بۇ قوشۇنغا يىراقتىن نەزەر سالغاندا، بىر چوڭ قارا بۇلۇت ئاستا ـ ئاستا سىلجىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. داۋان يولىدا ئۈچ ـ تۆت موزاي ماڭالماي توپتىن ئايرىلدى. قوتاز ھەيدەۋاتقانلار ئاستا يېتىلەپمۇ باقتى، كۆتۈرۈپمۇ باقتى، ھېچ ئامال قىلالمىدى. ئاخىر بولماي بۆلاڭچىلار ئاتامانىغا:

ـــ ماۋۇ ئۈچ ـ تۆت موزاي ماڭالماي قالدى، قانداق

قىلىمىز؟ — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

بۆلاڭچىلارنىڭ ئاتامانى بىردەم توختاپ، ھەممە تەرەپكە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قوتاز ھەيدىگۈچىلەرگە سەپسالدى ۋە ئۇلارنىڭ بىردىن موزايىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى. ئەگەر ئۇلار موزايلارنى كۆتۈرۈپ ماڭسا چارۋىلارنى تېز ھەيدەشكە دەخلى يېتىدىغانلىقىنى پەملەپ:

— بولدى، ئۇ موزايلارنى تاشلىۋېتىڭلار، چارۋىلارنى تېز ھەيدەڭلار! بىرىمۇ قاچمىسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇلار داۋاندىن ئاشقىچە ماڭالماي قالغان موزايلارنى تاشلىۋېتىشتى. بۇ موزايلار كۈيمىھرى موماي پېيىنى كېسىۋەتكەن ھېلىقى موزايلار ئىدى.

كۈيمىھرى موماي كەپە يېنىدىكى كىچىك دۆڭگە چىقىپ، بۆلاڭچىلارنىڭ كەينىدىن قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئەس - يادى نەۋرىسىدە بولۇپ، بۇ بۆلاڭچىلار تېزرەك كۆزىدىن يىتسە بېرىپ ئۇنى ئەكېلىۋېلىشنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە داۋان يولىدا چېكىتلەردەك كۆرۈنگەن بۆلاڭچىلارنىڭ سىيماسى يوقالغاندا، ئۇ «ئۇھ!» دەپ ئورنىدىن تۇردى.

بۆلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى داۋاندىن ئېشىپ، قارىسى تولۇق يىتىپ، ئەتراپ جىمجىت، بىخەتەر بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن كۈيمىھرى موماي دەرھال بېرىپ نەۋرىسى ھىدايەتنى يوشۇرغان ئۆڭكۈردىن ئېلىپ چىقتى. نەۋرىسىنى باغرىغا باسقان مومايىنىڭ ئەمدىكى بارلىق ئوي - پىكرى ئوغلىدا قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەيتتى. بىراق، ئۇنى بىر خىل ئەنسىرەش بىئارام قىلىۋاتاتتى. «ئەگەر ئوغلۇم بۆلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالسا چوقۇم قارامlıق قىلىپ ئېلىشىدۇ. ئۇلار شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئوغلۇم يالغۇز قانداق تەڭ كېلەلىسۇن؟» مومايىنىڭ بىردىنبىر ئەندىشىسى ئوغلىدا ئىدى. ئويلىغانسېرى

يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ چانىقىدا لىققىدە ياش ئەگىدى.

— موما، ئانام قېنى؟ — دەپ يىغلامسىراپ سورىدى ھىدايەت.

— كېلىۋاتىدۇ، جېنىم بالام، ئاناڭ ھازىرلا كېلىدۇ.

— ئانامنى ئۇلار ئەكەتتىمۇ؟ دادام كەلسە ئانامنى ئەكېلىدۇ ـ ھە، موما؟ — دېدى ھىدايەت چۈچۈك ئاۋازى بىلەن مومىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ .

— شۇنداق قوزام، داداڭ كەلسە ئاناڭنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئەكېلىدۇ، — دېدى كۆيمېھرى موماي نەۋرىسىگە تەسەللى بېرىپ. بىراق، ئۇ نەۋرىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بىلەن ئۆزى كۆز ياشلىرىنى زادىلا تۇتۇپ قالالمىدى. مومىسىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرگەن ھىدايەت:

— موما، نېمشقا يىغلايسەن؟ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ — دەپ سورىدى، راستىنى دېگەندە بالىنىڭ قورسىقىمۇ ئېچىپ كوركىراپ كەتكەندى.

— بالام، ئۇ ئۆلگۈر بۇلاڭچىلار ھېچنېمىنى قويماي ھەممىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. قېنى بىز داۋان يولىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، قېلىپ قالغان موزايلار بارمىكىن؟ ئەگەر موزايلار قالغان بولسا ئانىلىرىنىڭ ئەمچىكى چىڭقالغاندا چوقۇم قېچىپ كېلىدۇ. قوتاز ئىنەكلىرىنى سېغىپ ساڭا سۈت قايناتىمەن، — دېدى كۆيمېھرى نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— موما، ئاناممۇ مەن ئۈچۈن قېچىپ كېلەمدۇ؟

— كېلىدۇ قوزام، چوقۇم قېچىپ كېلىدۇ. سېنى دەپ بولسىمۇ قېچىپ كېلىدۇ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — كۆيمېھرى موماي نەۋرىسىنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى.

مومايىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، پۈتۈن بەدىنى ئوتتا چۈشكەن

قىلدەك تولغاندى.

— قوزام، تېز بول، داۋان يولىغا بارايلى، ماڭالماي قالغان موزايلار بارمىكىن؟ قېنى كۆرۈپ كېلەيلى. كۈنپېتىشتا ئاز قاپتۇ. ھېلى قاراڭغۇ چۈشسە ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمىز، — دېدى ئۇ نەۋرىسىنى ئالدىرىتىپ.

كۈيمىھرى موماي بىلەن ھىدايەت بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا يىقىلىپ - قوپۇپ مېڭىشاتتى. مومايىنىڭ كاللىسىدا «موزايلاردىن بىرەرى قېلىپ قالغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، موزىيىنى ئىزدەپ قوتاز ئىنىكىمۇ چوقۇم قېچىپ كېلەتتى» دېگەن ئويلار ھۆكۈمران ئىدى. «دەۋلەتشاھ بالامۇ نەلەردە قاڭقىپ يۈرىدىكىن؟ ئىنشائاللا، ئاشۇ قان ئىچكۈچى بۆلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالماي ساق - سالامەت قايتىپ كەلسە...» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئالدىدا يۈگۈرۈپ مېڭىۋاتقان ھىدايەت چىپپىدە توختاپلا:

— موما، بۇ يەردە بىر موزاي ياتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

كۈيمىھرى مومايىنىڭ كۆزى بىردىنلا لاپپىدە يورۇغاندەك بولدى، پۇتى تېتىكلەشتى، ئۇ تېز ماڭغاچقىمۇ ھاسىراپ تەستە نەۋرىسى كۆرسەتكەن يەرگە كەلدى. راستىلا بىر موزايىنىڭ يولدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەيۈس قەلبىدە ئىشەنچ پەيدا بولدى.

— ۋاي بالام، بۇ موزايىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتايلى، ئانىسى ھېلى قېچىپ كېلىدۇ. ساڭا سۈتىنى سېغىپ پىشۇرۇپ بېرەي، — دېدى كۈيمىھرى موماي موزايىنىڭ پۇتىنى ياغلىقى بىلەن ئاستا تېڭىۋېتىپ.

ئۇلار موزايىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىشتى.

دەۋلەتشاھ ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا ئانىسى ۋە بالىسىنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى، ئىشىك ئالدىدا بىرمۇ چارۋىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك

بولدى ـ دە، قەدىمىنى تېزلەتتى.

يىراقتىن دادىسىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ھىدايەت :

ــــ موما، دادام قايتىپ كەلدى ! ــــ دەپ چۇرقىرىغىنىچە دەۋلەتشاھنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلدى.

ھىدايەت يىغلىغان پېتى دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئوغلىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، دەۋلەتشاھنىڭ چوققىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

ــــ بالام، نېمە ئىش بولدى؟ يىغلىماي سۆزلەڭ، ــــ دېدى ئۇ بالىسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

ــــ بۇلاڭچىلار ئانام بىلەن چارۋىلىرىمىزنى، ئۆيدىكى ھەممە نېمىمىزنى بۇلاپ كەتتى، ــــ دېدى ھىدايەت ھۆكرەك ئېتىپ يىغلىغىنىچە، ــــ ئەنە، موماممۇ يىغلاۋاتىدۇ. يەيدىغان ھېچنېمە يوق، قورسىقىممۇ ئېچىپ كەتتى...

ھىدايەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەۋلەتشاھنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتى. غەزەپتىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى.

ــــ بولدى بالام، يىغلىماڭ، سىلەرگە يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلدىم. ئاناڭنى ھازىر بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىمەن، ــــ دېدى دەۋلەتشاھ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

دەۋلەتشاھ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ئانىسى كۆيمىچەرى يىغلاپ ئالدىغا چىقتى:

ــــ ئوغلۇم، بىز بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدۇق، ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇق، ئاپتاپنىمۇ بۇلاپ كېتىشتى ئۇ قان ئىچەرلەر ! ــــ دېدى ئانا مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ.

قەددى ـ قامىتى يېتىلگەن، بىلىكى قاتقان، ھەرقانداق ئۇۋنى كۆردۈم دېمەي سوقۇشقا تەييار ئوغۇل ئۇچۇن ئانىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈشتىنمۇ قاتتىق ئازاب بولمىسا كېرەك،

دەۋلەتشاھنىڭ كۆڭلى تاشقا تەگكەن چىنىدەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئانىسىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە چۈشكەن بۇ ئازابنى قانداق كۆتۈرۈشنى بىلەلمىدى. بېشى تاشقا ئۇسۇۋالغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ، بازغاندەك قاتقان مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلدى. ئۇ ئىلىپ كەلگەن ئوۋ نېمەتلىرىنى تېزلىك بىلەن يەرگە قويغىنىچە دېدى:

— ئانا، گۆشنى پىشۇرۇپ قورسىقىڭلارنى توقلاڭلار، مەن بېرىپ ئاپتاپنى، باشقا يۇرتداشلىرىمنى قۇتقۇزۇپ كېلەي.

ئاڭغىچە بەش ـ ئالتە قوتاز ئىنەك قېچىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ موزايلىرى ئۈچۈن جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ بۆلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغانىدى. «ئۇلار بىر هايۋان تۇرۇپ بالىسى ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلالىغان يەردە، مەن قاراپ تۇرسام بولمايدۇ ـ دە ! چوقۇم بېرىشىم كېرەك» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى دەۋلەتشاھ.

— ئانا، ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرا، نەۋرەڭگە ئوبدان قارا، مەن بېرىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن. ئەگەردە قايتىپ كېلەلمىسەم مەندىن رازى بول، هىدايەتنى ئېلىپ كەنتكە قايتىپ كېتىڭلار، — دېدى دەۋلەتشاھ .

— جېنىم بالام ! ئۇنداق قىلما، ئۇلار كۆپ، سەن تىكەندەك يالغۇز بېرىپ ئۇلار بىلەن كۈچ ئېلىشالمايسەن. ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، هىدايەت ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىڭ كېرەك جېنىم بالام. پەيلىڭدىن يان !

— ياق ئانا ! مەن بىر ئەركەك تۇرۇپ بۆلاڭچىلار ئايالىمنى بۇلاپ كەتسە قانداقمۇ قاراپ تۇرالايمەن؟ ! بۇنداق كۈنگە قالغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى. ئۇلار تېخى يىراققا كېتەلمىدى. قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىمەن، خاتىرجەم بول، ئانا.

— دادا، مەنمۇ سەن بىلەن بارىمەن، — دېگىنىچە هىدايەت

ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلدى، — سەن بىلەن بىرىپ ئانامنى قايتۇرۇپ كېلىمەن.

— گەپ ئاڭلا، ئوغلۇم، سەن تېخى كىچىك، ئۇ يەرگە بارالمايسەن. مەن چوقۇم ئاناڭنى قۇتقۇزۇپ كېلىمەن. ئۆيدە موماڭ بىلەن گۆش پىشۇرغاچ تۇرۇڭلار.

— دادا، ئانامنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، ئۇنى چوقۇم ئېلىپ كەل، بولامدۇ؟ — دېگىنىچە دادىسىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى ھىدايەت.

يۈرەك پارىسىنىڭ بۇ ئىلتىجاسى ئۇنىڭ تۇگۈلگەن مۇشتۇمىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇ يارىلانغان شىردەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىغا يامرىغان يېشىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ دېدى:

— خاتىرجەم بول، قوزام، ئاناڭنى چوقۇم ئېلىپ كېلىمەن. ئەمىسە مەن كەتتىم !

مانا بۇ ئۇنىڭ يۈرەك پارىسىغا بەرگەن قەسىمى ئىدى.

## ئۇچىنچى باب

# بۆركۆتنىڭ غەزىپى

غەزەپكە كەلگەن دەۋلەتشاھ ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوقىياسىنى ئېلىپ بوراندەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاپتاپتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. «ئاپتاپنى كۆرەلەرمەنمۇ؟ ئۇلار ئۇنى نېمە قىلغاندۇ؟ ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىچۇ؟ ئەگەر يېتىشىۋالسام ئۇلارنى چايناپ يۇركۈپ تاشلايمەن...» مانا مۇشۇنداق قالايمىقان ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى.

ئۇ داۋاندىن قانداق ئاشقانلىقىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. ئۇ داۋان بېشىغا چىقىپ، بۇ يەردىكى ئىزلارغا قاراپ بۆلاكچىلارنىڭ ئۇ تەرەپتىكى تار بىر جىلغىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ، پەسكە شۇڭغۇغان بۈركۈتتەك چۈشۈپ كەتتى.

ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان تار جىلغا، ئوتتۇرىسىدا تاغ سۈيى تاشتىن ـ تاشقا تېگىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېقىن بويىدا قېلىن ئۆسكەن توغراق ۋە قېيىن دەرەخلىرى بار ئىدى. ئۇيەر ـ بۇيەردە تار ئۇلاغ يولى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

دەۋلەتشاھ ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇچقاندەك ماڭدى. ئىككى

جىلغا ئاغزىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ خالتا يولغا كىرىپ، دەمابۇي جىلغىسىغا ماڭغانلىقىنى بايقىدى.

ئۇ ئەتراپتىكى ئالامەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ تېخى يىراققا كەتمىگەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ جىلغىدىكى سۇ بويىنى بويلاپ ھېچقانداق شەپە چىقارماي يولىنى داۋام قىلدى.

بۇلاڭچىلار بارلىق چارۋىلارنى، چارۋا ھەيدىگۈچىلەرنى ئالدىغا سېلىپ، ھارغىن قەدەم بىلەن تار جىلغىنى بويلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسى قورام تاشلىق ۋە چاتقاللىق بولۇپ، ئۇلاغمۇ ئىنتايىن تەستە ماڭاتتى. بۇلاڭچىلارنىڭ بۇ يولدىكى سەپىرىمۇ جاپالىق ئىدى. ئۇلار شۇنچە كۆچىگەن بولسىمۇ، ئاچ ـ زېرىنلىق ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمىغانىدى. شۇڭا، ھەرقانچە كۆچىگەن بولسىمۇ يولىنى ئاۋۇتالمىغانىدى. بۇلاڭچىلار ئاتامانى توختاغول ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، تازا بىر كېرىلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ «مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ماڭساقمۇ بولغۇدەك» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەتراپقا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، قۇرۇق ئوتۇننىڭ دۆۋە ـ دۆۋىسى بىلەن تۇرغانلىقىنى، بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

— مۇشۇ يەردە ئارام ئالىمىز!

ئىككى بۇلاڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى. چاپارمەنلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە تۇزلەڭلىكنىڭ تۆت تەرىپىگە قۇرۇق ئوتۇننى دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. ئوتنىڭ شولىسى بۇ يەرنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇلار دەرھال پالاس ـ كىگىزلەرنى سېلىپ

ئورۇن راسلىدى. ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتامانى توختاغولنى ئولتۇرغۇزدى. نۇرغۇن مال ـ دۇنيا، يەنە سەككىز ـ ئونچە ئايالنى بۇلاپ كەلگىنى ئۈچۈن توختاغولنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئادەملىرىگە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ :

— چارۋىلارنى تۆۋەن تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، بىز بۇ يەردە بولغاندىكىن ئۇلار قېچىپ كېتەلمەيدۇ. چارۋا ھەيدەۋاتقانلارنىڭ قولىنى باغلاپ ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆتككۈرگە سولاپ قويۇڭلار، بىرەرسىڭلار نۆۋەتچىلىك قىلىپ ئۇلارغا قارىساڭلارلا بولىدى. بۇ يەردە بىز بىلەن قارشىلاشقۇدەك ھېچكىم يوق. ئاياللارنى مېنىڭ ئىككى تەرىپىمگە ئولتۇرغۇزۇڭلار. قوتاز ـ قويلاردىن ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىڭلار، قورساقنى ئوبدان توقلاپ بولغاندىن كېيىن... — ئۇ ئاپتاپقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ كۈلدى.

ئاتاماننىڭ بۇنداق يېقىشلىق گېپىنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان چاپارمەنلەر خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. بىردەمدىلا بىرقانچە يەردە ئوت يېقىلدى. ئوتنىڭ شولىسىدا بۇ تار جىلغا قىپقىزىل رەڭگە كىرىپ، ئىككى تەرەپتىكى تاغلار غەزەپ بىلەن قوشۇمىسىنى تۈرگەن گىگانت ئادەمدەك سۈرلۈك تۇسكە كىردى.

دەۋلەتشاھ ئۇۋنىڭ ئىزىغا چۈشكەن تايغاندەك ئۇلار تۇرغان يەرگە تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئەتراپنى ئىنچىكە كۆزەتتى. ئوتنىڭ ئەتراپىدا يېغى سويۇلغان ماللارنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ قورساق توقلاشقا چۈشكەن بۇلاڭچىلار ئۇنى كۆرەلمەيتتى. بىراق، ئۇ ھەممىنى خۇددى ئالقىنىدىكى نەرسىنى كۆرگەندەكلا بىلىپ، كۆرۈپ تۇراتتى. «قانداق قىلسام بولار؟ ئوق چىقارسام ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئاپتاپنى قۇتۇلدۇرالمايلا قالماي، ئۆزۈممۇ

ھالاك بولۇشۇم مۇمكىن. ئالدىراقسانلىق قىلسام بولمايدۇ. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ئوبدانراق ئويلىنىپ ئىش قىلىشىم كېرەك». ئۇ ئۆزىگە ھاي بەرگەندىن كېيىن، ئەتراپنى يەنە تەپسىلىي كۆزەتكىنىچە شەپە چىقارماستىن ئۇلارغا يېقىنلاشتى.

بۇلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى بەخىرامان ھالدا قورساق توقلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاتامانمۇ ئىشتىھا بىلەن گۆش يەپ، يېنىدىكى ئايالىلارغا بىرنېمىلەرنى دەپ چاقچاق قىلاتتى. دەۋلەتشاھ كۆردىكى، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىمۇ بىر چەتتە قاتار تىزىپ قويۇلغاندى. تاغ تۈۋىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدا بىر بۇلاڭچى مىلتىقىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆزەتتە تۇراتتى. بۇ يەردە خەۋپلىكرەكى شۇ ئىدى. ئۇ شەپە چىقارماي يىلاندەك ئۆمىلەپ مېڭىپ مىلتىقلار بار يەرگە باردى. ئاندىن مىلتىقلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئېلىپ بۇلاڭچىلاردىن يىراقراق يەرگە يۆتكىۋەتتى. ئاندىن يەنە پەم بىلەن ئۆمىلەپ ئۆڭكۈر ئېغىزىغا يېقىنلاشتى. كۆزەتتىكى بۇلاڭچى ئاللىقاچان خورەكنى باشلىۋەتكەنىدى.

دەۋلەتشاھ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆتكۈر خەنجىرىنى ئېلىپ، چەبدەسلىك بىلەن «شارت» قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن ئاستا ئۆمىلەپ ئۆڭكۈرگە كىردى. پۇت ـ قولى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋېتىلگەن يۇرتداشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا:

ــ بۇ مەن، سىلەرنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم. زىنھار ئاۋاز چىقارماڭلار! ــ دەپ پىچىرلىدى. ھەممەيلەن تىنىقىنىمۇ چىقارماستىن ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىشتى. ئۇ تېز ـ تېز ھەممەيلەننى باغلاقتىن بوشاتتى.

ــ شەپە چىقارماي كەينىمدىن ئۆمىلەپ مېڭىڭلار، ــ دېدى دەۋلەتشاھ ئۇلارغا ئاستا پىچىرلاپ. ئۇ يىلان يۇرۇشىدە يۇرتداشلىرىنى مىلتىق بار يەرگە باشلاپ كەلدى.

— ھەممىڭلار بىردىن قورال ئېلىپ، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، — دېدى دەۋلەتشاھ ئۇلارغا.

يۇرتداشلار قوراللىنىپ دەۋلەتشاھنىڭ باشلىشى بىلەن چاتقاللىقتىكى چوڭراق دەرەخ تۈۋىگە يىغىلدى.

— ئەمدى بىخەتەر بولدى، — دېدى دەۋلەتشاھ پەس ئاۋازدا.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇراتتى. شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي دەۋلەتشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا نۇسرەت تىلەۋاتقاندەك تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. كېچىنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسى يېقىشلىق ئىدى. شۇنىسى قىزىقكى، يورۇقلۇقتا تۇرۇپ نۇرنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن گىرەلەشكەن يېرىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى، لېكىن قاراڭغۇدا تۇرۇپ يورۇقلۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئاجايىپ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا، دەۋلەتشاھ قاتارلىقلار بۇلاڭچىلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى.

دەۋلەتشاھ ئۇلارغا پەس ئاۋازدا دېدى :

— قوراللىرىڭلارنى ئوبدان تەكشۈرۈڭلار، چاقماق، پىستان، كەمەر، ئوقدان، ياغلاتقۇلارنى تەپسىلىي كۆرۈڭلار. ئوقلىمىغانلار ئوقلاڭلار، زاپاس ئوق دورىنى قولايلىق يەرگە سېلىۋېلىڭلار، چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق.

— ئۇنداق بولسا مەن قىلماقچى بولغان ئىشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن، دېگىنىمنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار.

— بولىدۇ، دېگىنىڭدەك قىلىمىز.

— يۇرتداشلار، ھازىرقى ئەھۋال بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق، ئىككى توپقا بۆلۈنۈپ، ئاۋۇ ئىككى تەرەپتىكى دۆڭگە جايلىشىمىز. ئۇلار قېچىپ كەلگەن ھامان مۇشۇ تارچۇقتا

جايلىۋېتىمىز، ــــ دېدى دەۋلەتشاھ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــــ پەرياد، سەن ماۋۇ ئون ئادەمنى ئېلىپ ئوڭ تەرەپتىكى دۆڭگە چىق. كەنجىباي، سەن ماۋۇ ئون بىر ئادەمنى ئېلىپ سول تەرەپتىكى دۆڭگە چىقىڭلار. مەن ئەلىيار، جانپولات بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىمىز، بۇلاڭچىلارنىڭ ئاتامانىنى ئېتىپ تاشلاپ ئاياللارنى قۇتقۇزىمىز. ئاياللارغا زەخمەت يەتمىسۇن. ئوق ئاۋازى چىققان ھامان، بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلگەنلەرنى ئېتىڭلار. بىرسىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماڭلار. تۆۋەنگە قاچسا يول يوق، تاڭ يورۇشى بىلەن ھەممىسىنى بىراقلا يىغىشتۇرىمىز.

ــــ بولىدۇ، ــــ دېيىشتى ھەممىسى بىردەك.

ــــ دەرھال تارقىلىپ ئۆز ئورنۇڭلارنى تېپىۋېلىڭلار.

ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى ئوبدان بىلگەچكە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئەپلىك جايلارنى تېپىپ ئورۇنلاشتى.

بۇلاڭچىلار بىرقانچە يەرگە ئوت ياققان بولۇپ، ئوت يالقۇنى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەندى. ئۇلار ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بەزىلىرى پۈتۈن قوينى كاۋاپ قىلسا، بەزىلىرى گۆش يەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خېيىم ـ خەتەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئوي ـ پىكرى قورساق تويدۇرۇش ۋە ئولجىلارنى قانداق بۆلۈشۈش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

توختاغول بولسا گۆشكە تويغان، ئەتراپىغا ئاياللارنى ئولتۇرغۇزغىنى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى بۇلىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن، ئۆزىنى بىرەر مەملىكەتنىڭ سۇلتانى چاغلاپ قالغانىدى. ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ ئاپتاپنىڭ قولىنى تۇتتى، ئەمما كىلىشتۇرۇپ ئۇرۇلغان تەستەكتىن مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى. ئاپتاپنىڭ ئىشتا قاتقان ئالقىنى ئۇنىڭغا ئوبدانلا تېتىغانىدى.

— ھۆ پاسكىنا! تېخى مېنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟! — دېدى توختاغول ئېڭىكىنى سىلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە.

ئىككى بۇلاڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاپتاپىنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىغىنىچە سورىدى:

— ئاتامانىم، بۇنىڭ قارنىنى يېرىۋېتەمدۇق؟

— ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. قولىنى باغلاپ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغۇزۇڭلار. ئاياللارنىڭ خۇي - پەيلى شۇنداق بولىدۇ، بىردەم نازلانسا نازلانسۇن، سەل تۇرۇپ ئۇنىڭ «غوجام ئۆزلىرى...» دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي ...

توختاغول بۇرۇتىنى تولغاپ ئېغىزىنى كالاچتەك ئېچىپ ھىجايدى.

— ھۇ پەسكەش! جېنىم تېنىمدىن جۇدا بولمىغۇچە ئىپلاس قولۇڭنى ئۆزۈمگە تەگكۈزمەيمەن، — دەپ شالاقىدە تۈكۈردى ئاپتاپ.

توختاغولنىڭ يېنىدا تۇرغان بۇلاڭچى:

— ھۇ ئىززەت قىلغاننى بىلمىگەن پاسكىنا، بۇ يەردە ئاتامانىنىڭ دېگىنى ھېساب. تۈكۈرگەن ئېغىزىڭنى يىرتىۋېتەمەي بىكار! — دەپ ئاپتاپىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. ئاپتاپىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ يەرگە يىقىلدى.

— بولدى، بولدى، — دېدى توختاغول، — ئايال كىشى بىلەن ئېتىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئۇنى يۆلەپ يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار. ئۆزۈم ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالىمەن، — ئۇ ئاياللارغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاياللارنىڭ نازلىنىشى بىردەملىك، ھېلى پۇت - قولۇمغا سۆيۈشىدۇ تېخى.

توختاغولنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ، ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ بوغۇق ئاۋازى بىلەن ئاياللارغا

قاراپ دېدى:

— سەنلەر قەپەسىمگە چۈشكەن قۇش، ئەگەر قەپەستىن قۇتۇلاي دېسەڭلار مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىشىڭلار كېرەك. كىم ئاۋۋال كۆڭلۈمنى ئوبدان ئېلىپ، مېنى رازى قىلالىسا ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىمەن. ئەگەر جاھىللىق قىلساڭلار مەندىن ئاغرىنماڭلار، ئۆزۈم ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن سىلەرنى مۇنۇ يەردىكى بۇرادەرلىرىمگە تاشلاپ بېرىمەن. كۆرىدىغان كۈنۈڭلار شۇ چاغدا باشلىنىدۇ.

ئاياللار بۇ هايۋاننىڭ شەھۋەت ئۇچقۇنلاۋاتقان كۆزلىرىگە كۆز يېشى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى. قاپقانغا چۈشكەن كېيىككە ئوۋچىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقتا ئىلاج قانچە؟ ئۇلار ئوۋچىنىڭ گېلىغا پىچاق سۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، توختاغۇلنىڭ گېپىنى جاۋابسىز قويدى...

دەۋلەتشاھ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇلارغا ناھايىتى يېقىن چاتقاللىقتا كېلىپ بولغانىدى. ئوتنىڭ شولىسىدا مەيداندىكى ئىشلارنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتى. ئايالنىڭ كاچىتىغا ئۇرۇلغاندا ئۇ غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋالدى. ئەگەر ئازراقلا بىخەستەلىك قىلىنسا، قىلغان ئەجرىنىڭ بىكار كېتىدىغانلىقىنى، يۇرتداشلىرىنىڭمۇ بىراقلا تۈگىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ قولىنى غاراسلىتىپ چىشلەپ، «جېنىم ئاپتاپ، بەرداشلىق بەر، ئاز قالدى، ھېلى سېنى قۇتقۇزىمەن، كاچىتىڭغا ئۇرغان ئىتنىڭ بالىسىنىڭ بىلىكىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا :

— پەخەس بولۇڭلار، بۇگۈنكى ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇچىمىزنىڭ ئاتقان ئوقىغا باغلىق. سەل - پەل سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساق، ھەممىمىز جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز. قېنى

تەييارلىنىڭلار ! — دېدى
— تەييارلىنىپ بولدۇق، — دېيىشتى ئۇلار پەس ئاۋازدا.
— مەن ئاۋۇ ئاتامانني قارىغا ئالىمەن، ئىككىڭلار يېنىدىكى ئاۋۇ ئىككىسىنى نىشانغا ئېلىڭلار ! مەن «هۇم» دېيىشىمگە تەپكىنى تەك باسمىز.
— ماقۇل.
— قارىغا ئېلىپ بولدۇڭلارمۇ؟
— بولدۇق .
— قېنى ئەمىسە، هۇم !
« گۇم ! » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ توختاغول بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى بۇلاڭچى چىرقىراپلا يەرگە يىقىلدى. پۈتۈن مەيدان قالايمىقانلىشىپ بۇلاڭچىلار هەر تەرەپكە چېپىشتى. ئاياللار باغلاقلىق پېتى مەيداندا قالغانىدى. دەۋلەتشاه هەمراهلىرى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئاپتاپ دەۋلەتشاهنى كۆرۈپلا «كەلدىڭمۇ؟» دېگىنىچە هوشىدىن كەتتى. دەۋلەتشاه چەبدەسلىك بىلەن ئۇنى يۈدۈپ، هەمراهلىرى بىلەن ئاياللارنى بىخەتەر جايغا ئەكېلىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن بۇلاڭچىلار مىلتىق قويغان يەرگە بېرىپلا «تۇگەشتۇق !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە هەر تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاڭلانغان مىلتىق ئاۋازى جىلغىنى چاك كەلتۈرۈۋەتتى. ئىككى دۆڭدىكى مەرگەنلەرنىڭ ئوقىدىن بىرسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. دەۋلەتشاه :
— نىجىسلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتۇق. ئەتە ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆمۈۋېتىپ ئاندىن قايتىمىز، — دېدى هەمراهلىرىغا.
— بولىدۇ، — دېيىشتى هەممىسى ئۇنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ.

يۇرتداشلار دەۋلەتشاھنىڭ پەم ـ پاراسىتى، باتۇرلۇقىدىن سۆيۈندى. ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، چارۋا ماللىرىنىمۇ قۇتقۇزۇۋالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭلاپ رەھمەت ئېيتىشتى. ئۇلار خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئوتۇننى قولمۇقول دۆۋىلەپ باشقىدىن ئوت ياقتى. بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى بىلەن پۈتۈن جىلغا قىپقىزىل تۈسكە كىردى. تاغلارنىڭ ھەيۋىتى تېخىمۇ ئاشقاندەك ئاجايىپ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. تاغلار ئارىسىدىن بىر پارچە ئەينەكتەك سىياقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسماندا ھەممە يۇلتۇزلار مۇشۇ يەرگە يىغىلغاندەك شۇنچە قويۇق، شۇنچە نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ھارارىتى پۈتۈن جىلغىنى ئىللىتىۋەتكەندى. جىلغىنى شۇنچە نۇرانە قىلىۋەتكىنى بالىلىرىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئائىلىسىدىن ئايرىلغان بىچارىلەرنىڭ يۈرەك يالقۇنى ئىدى.

قاراچوقۇر يايلىقىدا ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، يايلاق قوياش نۇرىدا يېشىل لىباس كىيگەن نازىنىن قىزدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. تەكشى ئېچىلغان ھەر خىل تاغ گۈللىرى خۇددى گىلەم نەقىشلىرىدەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇ چىرايلىق ئوتلاقتا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى. قايسىبىرسىنىڭ «ئەنە كېلىۋاتىدۇ » دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ كىشىلەر توپى خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرەپ كەتتى.

— ئانام كېلىۋاتىدۇ !

— دادام كەلدى !

— ئەنە ئىنىم، سىڭىللىرىممۇ بار ئىكەن !...

توپ ئىچىدىكى ۋارقىراش ـ جارقىراشلار، يىغا ـ كۈلكىلەر قوشۇلۇپ ھاياتنىڭ سىرلىق كۈيىنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇلاپ ئەكېتىلگەن ئەرلەر، ئاياللار يىغلاشقىنىچە كېلىپ ئۇرۇق ـ

تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولدى. باللار ئانىلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشتى. ئاتىلار باللىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتى.

كىچىك ھىدايەت بولسا ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان بۈركۈتتەك ئادەم توپى ئىچىدە، ئۇياق ـ بۇياقتا چېپىپ يۈرۈپ پەخىرلەنگەن ھالدا كۆرگەنلا كىشىگە:

ــ دادام ھەممە ئەسكىلەرنى يوقاتتى، ئانامنى، چارۋىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ كەلدى. مەن چوڭ بولغاندا دادامدەك باتۇر بولۇپ، ئانامنى، يۇرتۇمنى قوغدايمەن. دادام چوڭ بۈركۈت بولسا مەن بۈركۈت چۈجىسى بولىمەن، ــ دەيتتى.

ھىدايەتنىڭ ئوماق چېھرى، چۈچۈك گەپلىرى ھەممە كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى. كىشىلەر قايتۇرۇپ كېلىنگەن نەرسە ـ كېرەك، چارۋا ماللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەۋلەتشاھقا چەكسىز تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. يۇرت ئاقساقىلى ئالماقۇزى :

ــ يۇرتداشلار، باتۇر بۈركۈتىمىز دەۋلەتشاھ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن خانىم ـ قىزلىرىمىزنى، ئاكا ـ ئىنىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋالدى. چارۋا ماللىرىمىزنى، ئۆي ـ سەرەمجانلىرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكەلدى. بۇلاڭچىلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. يۇرتىمىزنى، كىشىلىرىمىزنى بىر بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزدى. بۇ ئىشنى بىز ھاكىمبەگكە مەلۇم قىلىشىمىز كېرەك، ــ دېدى.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى كىشىلەر گۈررىدە ئاۋاز قوشۇپ.

قۇياش ئەمدىلا تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ پۈتكۈل پامىرغا ئۆزىنىڭ نۇرلۇق جامالىنى ئاچقاندا، يەتتە ـ سەككىز ئاتلىق كېلىپ تاشقەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك باقارلار دەرھال ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلار

بىلەن ئېسەنلەشتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئالماقوزى ئاقساقال:

— دەرھال ھاكىمبەگكە خەۋەر قىلىڭلار، بىز مۇھىم ئىش بىلەن كەلدۇق، — دېدى.

— بولىدۇ، مانا ھازىر، — دەپلا ئىشىك باقارلاردىن بىرسى يۈگۈرگەن پېتى دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئالماقوزى ئاقساقالنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال قوبۇلخانا ئالدىغا چىقتى. ئالماقوزى ئاقساقال ھاكىمبەگكە سالام بېرىپ بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىپتىمىز، قوبۇلخانىدىلا كۆرۈشسەك بولاتتى، ئاۋارە بولۇپ ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپىلا، — دېدى ئالماقوزى ئاقساقال.

— سىز دادامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە چوڭ دەرۋازىغىچە ئالدىڭىزغا چىقىشىم كېرەك، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ تەكەللۇپ بىلەن.

— كۆپ تەشەككۇر، — دېدى ئالماقوزى ئاقساقال بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسىدا بېشىنى ئېگىپ.

ئالماقوزى ئاقساقال ھاكىمبەگكە بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلارنىڭ يۇرتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى، چارۋىلىرىنى بۇلىغانلىقىنى، نۇرغۇن قىز ـ ئاياللارنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى، دەۋلەتشاھنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىپ يېرىم يولدا بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ يۇرتداشلارنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە چارۋىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ مەلۇم قىلدى. ھاكىمبەگ مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھاياجان بىلەن:

— ئاپىرىن! ھەقىقىي ئەزىمەت ئىكەنسەن! — دەپلا

دەۋلەتشاھ بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن ئالماقۇزى ئاقساقالغا قاراپ، ــــ ئاقساقال، سىزگە كۆپ رەھمەت، بۇ ئىشتىن مەن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئەتىلا بۇ ھەقتىكى ھۆكمىمنى سىزگە ئۇقتۇرىمەن، ــــ دېدى سەمىمىيلىك بىلەن.

ــــ كۆڭۈل بۆلگەنلىرىڭىزگە كۆپ تەشەككۇر، ــــ دېدى ئالماقۇزى ئاقساقال قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ دەرھال مەسلىھەتچىلەرنى چاقىرىپ، دەۋلەتشاھنىڭ بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ خەلقنى خاتىرجەم قىلغانلىقىغا قانداق مۇكاپات بېرىشنى كېڭەشتى.

ــــ مەن بۇ ئىشتىن بەكمۇ ھاياجانلاندىم، ــــ دەپ گېپىنى باشلىدى ھاكىمبەگ، ــــ باتۇر ئوغلانىمىز دەۋلەتشاھ ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە قارىماي بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇپتۇ، مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ خەلقىمىزنى خاتىرجەم قىپتۇ، بىز بۇ باتۇرىمىزنى ئوبدان تارتۇقلىمىساق بولمايدۇ.

ــــ دەۋلەتشاھ مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك، ئۇنىڭ بۇ قېتىم باتۇرلۇق بىلەن بۇلاڭچىلار قولىدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى پۈتۈن سەركۈي خەلقىنى سۆيۈندۈردى. ئۇنىڭغا ئوبدان جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك، ــــ دېدى شاھ مىرزا.

ئۇلار بىردەك تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن دەۋلەتشاھقا مۇكاپات بېرىشنى بېكىتتى. ھاكىمبەگ ئالماقۇزى ئاقساقالغا:

ــــ يۇرتنى قوغداپ خەلقنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئەڭ چوڭ ئىش. بىز بۇ باتۇر يىگىتكە دەمابۇي جىلغىسىنى ئۇستىدىكى يايلىقى بىلەن قوشۇپ مۇكاپات قىلىپ بەردۇق ھەم ئۇنى يۇرت ئەربابلىقىغا تەيىنلىدۇق، ــــ دېدى.

ــــ ھىممەتلىرىڭىزگە كۆپ رەھمەت، ــــ دېدى ئالماقۇزى

ئاقساقال ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

ھاكىمبەگ مىرزابەگنى توۋلىدى. مىرزابەگ قوبۇلخانىغا جىددىي كىرىپ كەلدى.

— ھاكىم جانابلىرى، مانا مەن كەلدىم، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— دەرھال مەكتۇپ پۈتۈپ، مۆھۈر بېسىپ، دەمابۇي جىلغىسىنى يايلىقى بىلەن دەۋلەتشاھقا مۇكاپات قىلىپ بەرگەنلىكىمىزنى ئەنگە ئېلىڭ!

## تۆتىنچى باب

# كىچىك سەردار

ھىدايەت بوۋىسى ئارىيانىنىڭ تەربىيەسىدە ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك چوڭ بولدى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈپ، بىللە ئوينايتتى. چارۋا بېقىشقا بىللە باراتتى. ھەمىشە قوشنىلارنىڭ چارۋىلىرىنى يىغىشقا ياردەم قىلاتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى.

بۈگۈنمۇ ھىدايەت ئادەتتىكىگە ئوخشاش قوشنىسىنىڭ بالىلىرى بىلەن قويلارنى ئوتلاقتا ھەيدەپ ماڭدى. بوۋىسى ئارىيانى:

— پەخەس بولۇڭلار بالىلىرىم، سىلەر ماللارنى يايلىتىدىغان يايلاقتا ئېيىق، يىلپىز، بۆرە بار، ئۇچرىتىپ قالساڭلار ھەرگىز ئېتىشماڭلار، يامغۇر ياغقۇدەك بولۇپ قالسا دەرھال قايتىپ كېلىڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بوۋا، بىز چوڭ بولۇپ قالدۇق، قانداق قىلىشنى بىلىمىز، — دېدى ھىدايەت خۇشخۇيلۇق بىلەن.

قوشنىسىنىڭ كىچىك قىزى زەينەپگۈل:

— ئۇ يەردە بۆرە بولسا مەن بارمايمەن، — دەپ توپ ئىچىدىن چىقىپ كەينىگە ياندى.

— هۇ توخۇ يۈرەك، ئاكاڭ بولغاندىكىن قورقماي مېڭىۋەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ھىدايەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

يەنە بىر قوشنىسىنىڭ قىزى كۆيپەري:

— مەن قورقمايمەن، مەن بارىمەن، ھىدايەت ئاكاملا بولىدىكەن ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دەپ يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ باللار توپىغا قوشۇلدى.

— قېنى ماڭايلى، — دېدى ھىدايەت.

ئۇ باللارغا قاراپ بىر ئىسقىرتىۋىدى، ھەممەيلەن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ئەسكەرلەردەك پادىلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

چىرايلىق سەھەرنىڭ يېقىملىق قۇياش نۇرى باللارنىڭ مەڭزىدە نۇر ھالقىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى قۇياش باللىرىدەك جۇلالاندۇرۇۋەتكەندى. بۇ باللار تەبىئەت قوينىدا ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، جاپالىق شارائىتتا ئىرادىسىنى تاۋلاپ، تاغ ـ يايلاق بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەندى. ئۇلار يايلاقتىكى چارۋا، ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندى.

بۇ كۈنلەردە ھىدايەت ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، پادىلارنى تاغ ئىچكىرىسىگە ئاپىرىپ مۇستەقىل بېقىپ كېلەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە بىر خىل قەيسەرلىكنى، قورقماس روھنى يېتىلدۈرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۆتكەنكى ۋەقە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن پەقەت كەتمەيتتى. ئۇ دائىم «چوڭ بولسام، دادامدەك باتۇر بولۇپ ئەسكى ئادەملارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە قەتئىي يول قويمايمەن» دېگەننى ئويلايتتى. دادىسىنىڭ ھەمىشە

سۆزلەپ بېرىدىغان:

— بالام، بىز ۋەتەنىمىزنىڭ پۇقراسى، بىزدە يۇرتىنى، ۋەتەننى جېنىمىزدىن ئەزىز كۆرىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. بىز بۇ يەرنى بۇلاڭچىلاردىن، باسمىچىلاردىن، تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداپ قالالىساقلا، ئائىلىمىزنى، بالىلىرىمىزنى قوغداپ قالالايمىز، — دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھىدايەت بالىلار بىلەن پادىلارنى ھەيدەپ كېلىپ، ئوتى بولۇق ئۆسكەن ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشتى. بىر قاراشتىلا بۇ بالىلار تاش ئۈستىگە قونغان بۈركۈت چۈجىلىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر، تىنىق كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك يىراق - يىراقلارغا تىكىلەتتى. كۆكپكۆك ئاسمان، ئېگىز تاغلار، ياپيېشىل يايلاق، ساپ ھاۋا، سۈپسۈزۈك سۇلار بۇ بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت، تىمەنلىك ئاتا قىلغانىدى.

ئۇلار تۇيۇقسىز يىراقتىن ئىككى - ئۈچ بۆرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بالىلار جىددىيلىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى:

— بالىلار، بىز دەرھال قېچىپ كېتەيلى، — دېدى تىترىگىنىچە.

— بىز قېچىپ كەتسەك قويلىرىمىزنى بۆرىلەر يەپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— مەن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى ئۈچىنچى بىر بالا.

ھىدايەتكە بەكمۇ قايىللىقى بار بىر بالا:

— ھىدايەتكا، قانداق قىلساق بولار؟ بىر نېمە دېگىنە، — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا.

ھىدايەت ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا، خۇددى جەڭگاھتىكى سەركەردىلەردەك ھەممىسىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— بىز يەتتە ـ سەككىز بالا تۇرۇپ ئاشۇ ئىككى ـ ئۈچ بۆرىدىن قورقامدۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق ئېتىلىدىغىنىمىزمۇ بار. بىز چوقۇم ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايمىز. ئەگەر قويلىرىمىزنى بۆرە يەپ كەتسە ئۆيگە قايتقاندا ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغا نېمە دەيمىز؟ — دېدى كەسكىن قىلىپ.

ھەممە بالىلار جىمجىت تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. يېشى چوڭراق بىرەيلەن:

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلايلى، قانداق قىلىشىمىزنى سەن ئورۇنلاشتۇرغىن، — دېدى.

ھىدايەت بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن:

— ماۋۇ كىچىك بالا ۋە قىزلار مۇشۇ چوڭ تاشنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەي ئولتۇرسۇن. كىچىك تاشلارنى يىغىپ دۆۋىلەپ، بۆرىلەر كەلگەندە مۇشۇ يەردىن تاش ئېتىپ ۋارقىراپ بەرسۇن، ھەرگىز پەسكە چۈشمىسۇن. قالغانلىرىمىز پەسكە چۈشۈپ قويلارنى دەرھال مۇشۇ يەرگە يىغىپ، ئىتلارغا ياردەملىشىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ بۆرىلەرگە تاش ئاتايلى. ھەممىمىز ۋىجدۇج (سالغۇ) غا كۆپرەك تاش تەييارلىۋالايلى. دېگەنبىلەن سەگەك، يۈرەكلىك بولساق، بىرەر بۆرىنى سالغۇدا ئۆلتۈرەلىسەك ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ھىدايەتنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەممەيلەننى جىددىي ھەرىكەتكە كەلتۈردى. كۆپىرى ھەممىدىن ئاكتىپ بولۇپ تاش تېرىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئاپپاق بۇدرۇق قوللىرى ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن كىچىك ـ كىچىك تاشلارنى خۇددى ئاق كەپتەر دان تەرگەندەك تەرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يايلاقتا تەبىئىي ئۆسكەن غۇنچىدەك ئۇماق چېھرىدە بىر خىل شادلىق نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكى ئىچىدىكى بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرى ھىدايەتنىڭ ھەربىر

ھەريكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.
باللاردىكى جىددىيلىكنى بىلگەندەك تاغ شامىلىمۇ توختىغان بولۇپ، بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. باللار خۇددى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغاندەك ھېرىش ـ چارچىشىغا قارىماي تاش يىغىشقا باشلىغانىدى.
ھىدايەت ئۆزىنىڭ سالغۇسىنى راسلاۋاتاتتى. باشقا باللارمۇ ئۆزىنىڭ سالغۇسىنى ئۇياق ـ بۇياقلارغا ئېتىپ دەڭسەشمەكتە ئىدى. قوتاز چۇپۇرىنى ئېشىپ ياسىغان سالغۇلار ئىنتايىن پىششىق ۋە ئەپچىل بولۇپ، كىچىك تاشلارنى يىراقلارغا زەرب بىلەن ئاتقىلى بولاتتى. بولۇپمۇ بۇ باللار ئىنچىكە سالغۇ ئېتىپ ئويناشنى ئادەت قىلغاچقا ئاتقان تاشلىرىنى نىشانغا دەل تەگكۈزەتتى. باللارنىڭ قەلبىدە بىر خىل روھ، ئۈمىد مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى.
كۈيپەرى ئېتىكىگە تەرگەن تاشلارنى ھىدايەتكە سۇنۇۋېتىپ :
ــ قارىغىنا، بۇ تاشلارنى سېنىڭ سالغاڭ ئۈچۈن تالاپ، تېرىپ كەلدىم ، بۆرىدىن چوقۇم بىرنى ئاتمىساڭ ھېساب ئەمەس جۇمۇ ! ــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
ــ تەشەككۈر كۈيپەرى، ــ دېدى ھىدايەت تاشلارنى ئېلىپ.
باشقا باللارمۇ «بۆرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتىمىز !» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.
ــ بۆرىلەر كەلدى ! ــ دەپ ۋارقىرىدى تاش ئۈستىدە تۇرغان بىر بالا.
ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. تاغدىن چۈشكەن ئۈچ بۆرە بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.
ــ ئەنە، كۆردۈم، ئۇلار ئۈچ ئىكەن.
ــ مەنمۇ كۆردۈم.
ــ مەنمۇ...

بالىلار بىر ـ بىرىدىن قىلىشماي ۋارقىراشتى.

— كىچىك بالىلار تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىسۇن، قالغانلىرىمىز قويلارنى بۇ تەرەپكە يىغىپ تەييار تۇرىمىزا — دەپ ۋارقىرىدى ھىدايەت بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

قويلار بىر ئەنسىزلىكنى سەزگەندەك تىپىرلاپ، بۆرىلەر كېلىۋاتقان تەرەپكە بويۇنداپ قارىشىپ مەرەشكە باشلىغاندى. بالىلارمۇ تىت ـ تىت بولۇپ شۇ تەرەپكە قارايتتى.

دۆڭنىڭ كەينىدىن بىر بۆرە سوكۇلداپ كەلدى. بالىلار ھەيرانلىقتا بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— تاغدىن چۈشكىنى ئۈچ ئىدى، ئەمدى بىرسى كېلىۋاتىدۇيا؟ — دېدى بالىلاردىن بىرسى ئەجەبلىنىپ.

— مەن ئۈچ بۆرىنى شۇنداق ئېنىق كۆرگەن، ئەمدى ئەجەب ئىككىسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

بالىلارنىڭ غۇلغۇلىسى تۈگىمەي تۇرۇپلا بىر ئىت جان ـ جەھلى بىلەن قاۋىغىنىچە ئۇچقاندەك چېپىپ بۆرىگە ئېتىلدى. كېلىۋاتقان بۆرە كەينىگە يېنىپ، بىردەم ئاستا، بىردەم تېز يۈگۈرۈپ، ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ تەرەپتىن ئىتنىڭ ئېچىنىشلىق كاڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىردەم كۈچىيىپ، بىردەم پەسلەپ، ئاخىر بىرسى بوغۇۋالغاندەك خىرىلداپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بالىلار ھەيران بولۇپ ئۇ تەرەپكە قاراشتى. لېكىن، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئىت بىردەم غىڭشىغاندىن كېيىن ئەتراپ بىردىنلا جىمىپ قالدى.

— ئاپلا، بۆرىلەر ئۇ ئىتنى ئالداپ ئاپىرىپ بوغۇۋەتتى، — دېدى ھىدايەت ئېچىنغان ھالدا.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى بىرەيلەن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ.

— بىز ئۇ يەرگە بارامدۇق؟ — سورىدى يەنە بىرسى.
— ياق، بارساق بولمايدۇ، ئۇ ئىت بەرىبىر ئۆلدى. بىز بارساق بۆرىلەر قېچىپ كېتىدۇ. بىز ئوبدان تەييارلىق قىلىپ مۇشۇ يەردە ساقلايلى، بۇ بۆرىلەر چوقۇم يەنە كېلىدۇ. بىز قولىمىزدىكى بۇ ئىككى ئىتنى چىڭ باغلاپ، ئۆلارنىڭ ئالدىن ھاۋشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بېشىغا قوزىقاپ (تۆللەرنى سالىدىغان، كىگىزدىن ياسالغان قاپ) كىيدۈرۈپ قويايلى. بۆرىلەرنىڭ ھەممىسى يېقىنلاشقاندا ئىتلارنى قويۇۋېتىپ، سالغۇلىرىمىز بىلەن ئاتىمىز، — دېدى ھىدايەت.
باللار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قايتا تەييارلىققا تۇتۇندى.
— ئەنە بۆرىلەر كەلدى ! — دەپ ۋارقىرىدى تاش ئۇستىدە تۇرغان بىر بالا، ھەممەيلەن ئۇ تەرەپكە قارىدى. بىر بۆرە ئاستا سوكۇلداپ دۆڭنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇ بىردەم مېڭىپ، يەنە بىردەم تۇردى. يەنە بىردەم مېڭىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ئۇ ھەر تەرەپكە قارىغاندا ئۈچلۈق قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ، ئەگمە قۇيرۇقىنى ئالدىرىماي مىدىرلىتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئىنتايىن قۇۋلىقى، تەجرىبىلىكلىكى چىقىپ تۇراتتى.
باللار ئاۋازىنى چىقارماي، بۆرىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي جىم تۇرۇشاتتى. ھېلىقى بۆرە دۆڭدىن خېلىلا پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، بىردەم جىم تۇرۇپ قويلار بار تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ، كۆزىگە قويلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بىلدى بولغاي، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر خىل بوشقىنا ھۇۋلاپ، ئۆزىنى بىر سىلكىۋەتتى. ئاڭغىچە دۆڭنىڭ كەينىدىكى ئىككى بۆرە يورغىلاپ يېتىپ كەلدى. ئۈچ بۆرە بىردەم تۇرۇپ، ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم قارىۋالغاندىن كېيىن، قوي توپىغا قاراپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

قـوْياش غەرب تەرەپـكە قـيـسايغان بـولـۇپ، تاغلار جـمجـت تۇرۇپ قۇياش نۇرىنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. ئەتراپ ئىنتايىن تىمتاس، ھەتتا كۆندە ۋىكىلداپ ئارام بەرمەيدىغان ئۆلايلارنىڭمۇ، ماڭدامدا جەينەكتەك تىك تۇرۇپ چىخىلدايدىغان سۇغۇرلارنىڭمۇ ئاۋازى ئۆچكەنىدى. باللار جىمجىتتىقنا ھالدا، قەدىمىنى تېزلىتىپ قويلارنى نىشانلاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنى كۆزەتمەكتە. بۆرىلەر خېلى يېقىنلاشقاندا ھىدايەت «ئىتلارنى قويۇۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. باللار دەرھال ئىتلارنىڭ بېشىدىكى قوزىقاپلارنى ئېلىپ، ئىتلارنى قويۇۋەتتى.

بىر مەيدان قانلىق ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى، ئىتلار بۆرىلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندا، باللارمۇ بوش كەلمەي سالغۇلىرىنى ئوينىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئارىلىق يېقىن بولغاچقا باللارنىڭ ئاتقان تاشلىرى نىشاندىن چەتنىمەيتتى. ئىتلار بىلەن بۆرىلەر جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقاندا، ھىدايەتنىڭ سالغۇ بىلەن ئاتقان تېشى بىر بۆرىنىڭ دەل پېشانىسىگە «پاق!» قىلىپ تەگدى. بۆرە بىر چىرقىراپلا يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن ئىككى بۆرە دەرھال كەينىگە يېنىپ تىكىۋەتتى. ئىتلار خېلى يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدى.

باللار غەلىبىسىدىن خۇشاللىنىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلاشتى. كۆيپەرى پەخىرلەنگەن ھالدا:

— مەن دېمىدىممۇ؟ ھىدايەتكام چوقۇم بىر بۆرىنى ئۆلتۈرىدۇ دەپ، — دېگىنىچە چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىدى. ھەممە باللار ئولاش - چولاش يىقىلغان بۆرىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— ئۇنىڭغا تەگمەڭلار! — دېدى ھىدايەت بىر ئىشنى ئويلاپ، — ئەگەر بۆرە ئۆلمەي ھوشىدىن كەتكەن بولسا، ھوشىغا كېلىپلا سىلەرنى تالىۋېتىدۇ.

باللار دەرھال كەينىگە چېكىندى.

ھىدايەت بۆرىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۈچى يەتكۈدەك تاشتىن بىرنى ئېلىپ، سۇنايلىنىپ ياتقان بۆرىنىڭ بېشىغا كۈچەپ ئۇردى. باشقا بالىلارمۇ دەرھال تاش ئېلىپ، بۆرىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى. بۆرىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ھىدايەت:

— بۆرە ئۆلۈپتۇ، ئەمدى قورقمىساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى بالىلارغا قاراپ.

ئۇلار خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى. ھەربىر بالا ئۆزىنىڭ بۆرىگە قانداق تاش ئاتقانلىقىنى، بۆرىدىن قىلچىلىك قورقمىغانلىقىنى بىر - بىرىگە بەس - بەستە سۆزلىشەتتى. ھىدايەت تۇنجى غەلىبىسىدىن پەخىرلەنگەن قوماندانەك، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، بالىلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئەمدى ئولجىمىزنى ئېلىپ ئاۋۇلغا قايتىمىز!

بالىلار بۆرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ، چارۋىلارنى ھەيدەپ ئاۋۇلغا قايتىشتى.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. دەۋلەتشاھنىڭ ئىشىكى ئالدى ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. بالىلارنىڭ بۆرە ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە ھەممە يەرگە تارالغانىدى. بۇ ئىش بۇ يەردە بىر چوڭ مۆجىزە ھېسابلىناتتى. يىراق - يېقىندىن ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسى كېلىپ بۆرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتى. ھەممىدىن خۇشال بولغىنى ئارىيانى بوۋاي ئىدى. ئۇ نەۋرىسىدىن بەكمۇ پەخىرلەندى. شۇڭلاشقىمىكىن، كەلگەن مېھمانلارغا توختىماي سۆزلەيتتى:

— نەۋرەم بەك جىگەرلىك چوڭ بولدى. بالىلارنىڭ بۆرە ئۆلتۈرۈشى ئاسانمۇ؟ چوڭلارمۇ قىلالمايدىغان ئىش تۇرسا بۇ.

— شۇنداق ئاتا، بىزمۇ بىر تەرەپتىن ھەيران قالساق، بىر

تەرەپتىن بۇ بالىنىڭ جىگەرلىك چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەندۇق، ــ دېدى يۇرت ئاقساقىلى بوۋاينىڭ گېپىگە جاۋابەن.

ــ شۇنداق، بۇ بالا دادىسىنى دوراپتۇ. دادىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە قارىماي بىرقانچە قېتىم بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ، يۇرتىمىزنى، خەلقىمىزنى بالايىئاپەتتىن قوغداپ قالغان ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى يەنە بىرەيلەن.

ھىدايەتنىمۇ بىر توپ كىشىلەر ئارىغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۆرىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنەتتى. ھىدايەتمۇ بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ئىشنىڭ جەريانىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەيتتى.

يۇرت ئاقساقىلى ئالماقۇزى:

ــ يۇرتداشلار، تىنچلىنىڭلار! مېنىڭ بىرقانچە ئېغىز گېپىم بار، كىچىك پەرزەنتىمىز ھىدايەت چارۋىلىرىمىزنى قوغداپ بىر ئاپەتنى يوقاتتى. مەن يۇرتداشلارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا بىر قوتاز تارتۇق قىلىمەن! ــ دېدى. ھەممەيلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

ئاڭغىچە توپ ئىچىدىن كۆيپەرى بىر دەستە تاغگۈلىنى ئەكىلىپ ھىدايەتكە تۇتتى. ھىدايەت كۆيپەرىنىڭ گۈلىنى ئالغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى بىر ئوتنى تۇتۇۋالغاندەك ۋاللىدە قىزىدى. ئۇ ئۆزىدە بۇنداق نازۇك سېزىمنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدى. مەيداندا كىشىلەرنىڭ ياڭراتقان گۈلدۈراس ئالقىشى بىلەن بىر خىل قىزغىن كەيپىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

ــ بارىكاللا كۆيپەرى!

ــ ياخشى قىلدىڭ!

كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مەدھىيە سۆزلىرى ياڭراپ تۇراتتى.

توپ ئىچىدىن ھىدايەتنىڭ تەڭتۇش دوستى بەختىشاھ:

— كۆيپەرى بىلەن ھىدايەت بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى «ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايمىز !» دەپ تۇۋلاشتى. كۆيپەرىنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، يۈگۈرگىنىچە بېرىپ دادىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى.

ھىدايەتمۇ ئۇڭايسىزلىق ھېس قىلىپ، ئاستا توپتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بىراق، كىشىلەر بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كىشىلەر «كۆيپەرىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىمىغۇچە قايتمايمىز !» دەپ تۇرۇۋالدى.

بالىلارنىڭ تارتىنىۋاتقانلىقىنى تۇيغان ئالماقۇزى ئاقساقال:

— بولدى، بالىلارنى خىجىل قىلمايلى، ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى كېيىنچە چوقۇم ئاڭلايمىز، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

— بىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مۇشۇ زېمىندا تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھاياتنى داۋام قىلىپ كەلدۇق. قىيىن شارائىت، ئېغىر كۈنلەر بىزنى تېخىمۇ قەيسەر قىلىپ يېتىشتۈردى. مەن بالىلىرىمىزدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدىم، يۇرتىمىز جىگەرلىك ئەزىمەتلەرنىڭ قولىدا تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، — دېدى ئارىيانى بوۋاي چوڭقۇر سۆيۈنۈش بىلەن.

بەشىنچى باب

# ئايەمدىكى ناخشا

بۇ يىل هاۋا باشقىچە ئىللىق كەلدى. شاۋگۇن باهارنىڭ (نورۇز) يېتىپ كېلىشى بىلەن ئېگىزلىكتىكى بۇ خىلۋەت ماكان باشقىچە جانلىنىپ كەتكەندى.

ئاريانى بوۋاينى شاۋگۇنى① دەپ هۆرمەتلىگەن يۇرت ئەهلى هېيت پەتىسىنى ئاريانى بوۋاينىڭكىدىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بۇ يەرگە يىغىلغانىدى. مېهمانلار چوڭ ئۆينىڭ هەممە تۆرىگە لىق ئولتۇرغاندىن كېيىن، چوڭ تۆر بېشىدا ئولتۇرغان ئەلەم ئاخۇن جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن:

— سالى نەۋ، ماهيى نەۋ، رۇزى نەۋ، سائەتتى نەۋ، ئۇمرى نەۋ، فەتىكار فائەتكار، مۇبارەكى شاۋگۇن باهار (يېڭى يىل، يېڭى ئاي، يېڭى كۈن، يېڭى ۋاقتى - سائەت، هاياتىڭ يېپيېڭى دەقىقىلىرىدە ئىشلارىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمىز، نورۇز هېيتىڭغا مۇبارەك بولسۇن!) — دەپ پاتىهە قىلدى.

داستىخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا هېيت ئۈچۈن تەييارلىغان چوڭ كۆمەچ قويۇلغان بولۇپ، ئەتراپىدا سەفرا، سامساق، سېرىق ماي،

---

① كىشىلەر يۇرتتا يۇقىرى هۆرمەتكە ئىگە كىشىنى شاۋگۇنى دەپ، هېيت پەتىسىنى شۇ ئۆيدىن باشلايدۇ. شۇ كىشىمۇ ئاۋامغا يەتكۈدەك نورۇز ئېشى ۋە نورۇزلۇق تائاملارنى تەييارلايدۇ.

سۈت، زىرە، زاۋۇچ، سىراۋ يېغى قاتارلىق يېمەكلىكلەر تىزىلغانىدى. داستىخاننىڭ ھەممە يېرىگە لىققىدە نان، ئەرزىق، خەكس، قاتلىما، قۇرۇت، ئىججىگەي، قېتىق، كىۋدئۇمۇچ، ئۇستىگە سېرىق ماي بىلەن قۇرۇت قويۇلغان زاڭ، ماد ئۇماچ قاتارلىق تائاملار تىزىلغانىدى.

كۈيمېھرى موماي مېھمانلارغا سالام بېرىپ ھەممىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىگەندىن كېيىن، بىر چاناق ئۇن ئەكېلىپ ئەلەم ئاخۇننىڭ ئالدىغا قويدى.

ئەلەم ئاخۇن «مۇبارەك نورۇز» دەپ ئۇندىن ئېلىپ داستىخاننى پۈتۈكلىدى، ئاندىن چاناقتىكى ئۇننى كۈيمېھرىغا ئۇزاتتى. موماي ئۇننى ئېلىپ ئۆينىڭ بەش تۈۋرۈكىگە ۋە ئەيرى(چوڭ ئۆينىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىكى تام) تېمىغا چېچىپ پۈتۈن ئاۋامغا بەخت، ئامەت تىلىدى. كىشىلەر شاد ـ خۇراملىق بىلەن نورۇز ئېشىغا ئېغىز تېگىشتى. دەۋلەتشاھ ئىككى چوڭ ئېرىكنى يېتىلەپ پەگاھقا ئەكىردى.

ــ قېنى يۇرت ئەھلى، پاتىھە بېرىڭلار، دادام بۇ يىلقى شاۋگۇن باھار ھېيتىنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتۈشى، يېڭى يىل، يېڭى كۈندە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشى، شۇنداقلا نەۋرىسىنىڭ ئىش قىلغۇدەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇرتداشلارنىڭ مۇشۇ ئىككى جانلىققا پاتىھە بېرىشىنى ئۆتۈندى. يۇرتداشلار ئۇبدان يىغىلىپتۇ، قېنى بۇ ئىككى جانلىققا پاتىھە بېرىڭلار ! ــ دېدى.

تۆر بېشىدا ئولتۇرغان ئەلەم ئاخۇن «ئامىن !» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ قوي سويۇش پاتىھەسىنى ئوقۇدى. مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ بىر قوتاز بىلەن ئىككى قوي سويۇلدى. كىشىلەرنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇۋاتقان خۇشاللىق، ھاياتقا بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ئۆزئارا ھەقىقىي پاك بولغان

ئادىمىيلىك ھۆرمىتى، مۇستەھكەم ئېتىقاد ئۇلارنى ھايات يولىدا بىللە كۈلەيدىغان قىلغانىدى. داپ، نەينىڭ تەڭكەش قىلىنىشىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل باشلاندى. بۇ خىلۋەت ماكاندا ئادەملەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئىناق، شاد ـ خۇرام، باتۇر، قەيسەرلىك بىلەن ياشاشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى.

يۇرت ئاقساقالى ئالماقۇزى:

— يۇرتداشلار، بۇ قېتىمقى شاۋگۇن باھار ھېيتىمىزنىڭ شاۋگۇنى ئارىيانى ئاكىمىزنىڭ ئۆيىدە مالغا پاتمھە بەردۇق. گۆش پىشقىچە بىز زۇۋۇر ھېيتى (سۇ باشلاش ھېيتى) بىلەن تېغىم زۇۋاست ھېيتى (ئۇرۇق چېچىش ھېيتى)نىمۇ باشلىۋەتسەك، — دېدى.

— بارىكاللا، ھېيت ئۈستىگە ھېيت كېلىپ بۇنداق خۇشال كۈنلەر مەڭگۇ داۋاملاشسۇن، — دېدى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى. ئۇلارنىڭ يۈزىدە كۈلكە، كۆزلىرىدە بەخت نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر مىرابىبەگ (سۇ باشقۇرغۇچى) نىڭ باشلامچىلىقىدا ئاتلىرىنى مىنىپ سۇ باشلاش نۇقتىسىغا ئاتلاندى.

ھىدايەت بىر توپ باللار بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن زۇۋۇر (سۇ باشلاش نۇقتىسى)غا قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى. كىشىلەر توپى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. بەزىلەر مۇز چاقسا، بەزىلەر تاش ئەكېلىپ سۇنى توساتتى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشنى تالىشىپ ئىشلەۋاتقان بۇ مەنزىرە ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. بىر خىل غايە، بىر خىل ئېتىقاد، ھەقىقىي ساپ بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بۇ كىشىلەرنى بىر ئانىدىن تۇغۇلغاندەك مېھرىبان قىلغانىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئېرىقتا سۇ باشلاندى. كىشىلەر خۇشاللىقتىن بەزىلەر سۆڭەك نېيىنى سايراتسا، بەزىلەر داپنى

تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل پەدىسىگە چالاتتى. بەزىلەر خۇشاللىق بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بۇركۇتلەر پەرۋازىنى نامايان قىلاتتى. شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى يۇقىرى ئىدى. بالىلار بىر ـ بىرىگە سۇ چىچىشىپ، ۋارقىرىشىپ مەيداننى تېخىمۇ قىزىتىۋەتكەنىدى.

ھىدايەت سۇغا سەكرەپ بالىلارغا سۇ چاچاي دەپ تۇرۇشىغا كۆپىرى بىر تاشنى «پولتۇڭگىدە» ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ھىدايەت چاچرىغان سۇدىن تىنالماي قالدى. قىزلار قىيقاس سېلىشىپ كۈلۈشتى. بالىلارنىڭ بۇ ئويۇنى چوڭلارنىمۇ سۆيۈندۈردى.

ـــ نېمىدېگەن بەختلىك بالىلار ـ ھە ! روھىيەتتىكى ئازادىلىك، كۆڭۈلنىڭ توقلۇقى ھەقىقىي بەخت دېگەن شۇ ! ـــ دېدى ساقىلى كۆمۈشتەك ئاقارغان بىر بوۋاي.

ـــ شۇنداق، تىنچلىقلا بولسا ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىكەن، ـــ دېدى مىرابىبەگ. ئۇ يەنە جامائەتكە:

ـــ سۇنى باشلاپ بولدۇق، قېنى، بىر تەرەپتىن زۇۋۇر تائامغا ئېغىز تېگەيلى، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا ـ سازنى ياڭرىتايلى، ـــ دېدى.

كىشىلەر زۇۋۇر بېشىدا توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇپ ھەربىر ئۆيدىن ئەكەلگەن زۇۋۇر كۆمەچكە ئېغىز تېگىشتى. بالىلار بىر تەرەپكە توپلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى تېخىمۇ قىزىغانىدى:

ـــ ھىدايەتكا، بىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ، ـــ دېدى توپ ئىچىدىكى بىر بالا.

ھەممە بالىلار «ناخشا ئاڭلايمىز» دەپ چۇرقىراشتى.

ـــ ئۆتكەندە مەن سىنىڭ كۆپىرى بىلەن بىللە ئېيتقان ناخشاڭنى ئاڭلىغانىدىم، يەنە قاچان ئاڭلايمەن دەپ تەقەززا بولۇپ

كەلگەندىم، بۈگۈن پۇرسەت كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ھىدايەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى بەختىشاھ.

— ھىدايەتكا، بۈگۈن ئايەم تۇرسا، ئايەمدىكى ناخشا تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق بولىدۇ. ئايەمدە ناخشىمىزنى ياڭرىتىپ باقمامدۇق؟ — دېدى يەنە بىر بالا ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

— بۇ يەردە ھەممىمىز بالىلار تۇرساق، تارتىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، قېنى باشلاڭلار ! — دېدى يەنە بىرسى.

ئۇلارنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە، ھىدايەت بىلەن كۆيپەرى ناخشا ئېيتىشقا كۆندى. ھىدايەت ئورنىدىن تۇرۇشىغا كۆيپەرىمۇ بىرىپ يېنىدا تۇردى. ھەممىسى ئۇلارغا قاراپ رىتىملىق چاۋاكنى باشلىدى.

— قېنى باشلاڭلار !

— ئەمىسە باشلىدۇق.

سۆزمەك نەي، داپ ۋە ئالتە تارىلىق راۋابنىڭ تەڭكىشىدە ناخشا باشلاندى.

ھىدايەت :

گۈزەل ماكان يامىرىم،
يايلىقىڭ گۈل ـ گۈلىستان.
بۇلبۇلۇڭ مەن سېنىڭكى،
خەندان ئۇرۇپ سايرىغان

كۆيپەرى:

سايراپ تۇرغىن ئىشقىمدا،
مەن يامىرنىڭ لەيلىسى.
زىننەت بەرگەن يايلاققا،
تاغگۈلىنىڭ سەرخىلى.

ھىدايەت:

سەن بولغاچقا مەنمۇ بار،
شۇڭا كۆڭلۈم توق ئەبەد.
تاغ بولمىسا بۈركۈتكە،
پەرۋازىغا نە پۇرسەت !

كۈيپەرى :

ئاق باش تاغلار بولغاچقا،
ھايات ياشنار باغ، قىردە.
قۇت ياغىدۇ ھەر دائىم،
باتۇر بۈركۈت ئېلىگە.

بىرلىكتە :

ۋەتىنىمىنىڭ ئۆگزىسى،
ھەم ئىشىكى پامىرىم.
باغرى جەننەت، توققۇزى تەل،
كۆز نۇرۇم سەن پامىرىم.

...

...

ناخشا باشلىنىش بىلەن پۈتۈن مەيدان تىمتاس بولۇپ قالغانىدى. ھىدايەت بىلەن كۈيپەرىنىڭ يېقىملىق سۈزۈك ئاۋازى سۇلارغا، تاغلارغا، پۈتۈن يايلاقتا تارالماقتا ئىدى. كىشىلەر ناخشا ئاۋازىدىن مەستخۇش بولۇپ، ئېغىزى ئېچىلىپلا قالدى. مۇزتاغ ئاتا ئاپپاق ساقىلى بىلەن بېشىنى ئېگىپ ئاپىرىن ئوقۇدى. زەرەپشاننىڭ زەر چايقاپ ئاقىدىغان دولقۇنى دەقىقە توختاپ، بۇ

ئاۋازغا ئۆزىنىڭ مەھلىيا بولغانلىقىنى نامايان قىلدى. قۇياش خۇشاللىقىدىن ئۆزىگە يېقىن بۇ ئىنسانلارغا ئالتۇن نۇرىنى ئايىماي چاچقۇ قىلىپ سەپتى.

ناخشا ئاخىرلىشىشى بىلەن باللارنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى، كىشىلەرنىڭ ھاياجاندا چالغان چاۋاك ۋە «باريكالالا» سادالىرى قوشۇلۇپ ئاجايىپ بىر ھەيۋەت ساداغا ئايلىنىپ، پۈتۈن تاغ - دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— ئاپىرىن باللار! سىلەرنىڭ بۇ ناخشاڭلار ھەممىمىزنى ھاياجانغا سالغان ئايەم ناخشىسى بولۇپ قالدى! — دېدى مىرابىبەگ ھاياجان بىلەن.

— خۇدايىم سىلەرنى يامان كۆزلەردىن ساقلىسۇن! — دېدى كىشىلەر توپىدىن بىرەيلەن ئۈنلۈك توۋلاپ.

— بۇ يەردىكى پائالىيىتىمىز ئاخىرلاشتى، — دېدى مىرابىبەگ، — ئەمدى مەن ئوبدان بىر دۇئا قىلاي.

ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى:

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھاۋانىڭ ئوبدان ماسلىشىپ بېرىشىنى، ھەممە ئائىلىگە قۇت - بەرىكەت كىرىشىنى تىلەيمەن!

ھەممەيلەن «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ تىلاۋەت قىلدى. سۇ باشلاشقا بارغانلارنىڭ ھەممىسى ئارىيانى بوۋاينىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتى.

ھاۋا شۇنداق ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى. تاغ شامىلىمۇ توختىغان، قۇياش نۇرىنىڭ ئىسسىقى خېلى كۈچەيگەنىدى. ئېرىق بويلىرىدىكى توڭلار ئېرىسپ، يەرلەردىن باش باھارنىڭ خۇشبۇي ھىدى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. خۇددى بۇ يەردە بۇگۈن ئۇرۇق چېچىشنى بىلگەندەك، بىر توپ كىۋۇد ۋەدىچ (بۇ بىر خىل ئالىچىپار

چىرايلىق قۇشقاچ بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئۇنى «سۇت قۇشقىچى، دېھقان قۇشقىچى» دەپ ئاتايدۇ) ئۇچۇپ كېلىپ ئېتىزلىقتا قوندى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيدىن چىقىپ، ئېتىزلىققا كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە ئۇرۇق چېچىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. يۇرت ئاقساقىلى ئالماقۇزى كىشىلەر توپىغا كېلىپ ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا:

— يۇرتداشلار، بۇ يىلقى ئۇرۇق چېچىشتا ئارىيانى ئاكىمىزنى تەكلىپ قىلساق، بولامدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى

— بولىدۇ ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى كىشىلەر بىر ئېغىزدىن.

— ئۇنداق بولسا ئارىيانى ئاكىمىز بىزنىڭ تۇنجى ئۇرۇق سالغۇچىمىز بولدى. ھازىر تۇنجى ئۇرۇقنى ئارىيانى ئاكىمىز چاچىدۇ. كۈزدە تۇنجى نانىمۇ ئارىيانى ئاكىمىزنىڭ ئۆيىدە يەيمىز، — دېدى يۇرت ئاقساقىلى.

ھەممەيلەن «بولىدۇ» دەپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئارىيانى بوۋاي شۇنداق پاكىز قىرىغان بولۇپ، مەڭزىلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇ يەردىكىلەر ئۇنى خىزىردەك ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى يۇرتنىڭ بەرىكىتى دەپ قارايتتى.

ياش بالىلار دەرھال ئىككى ئۆكۈزنى ئەكېلىپ، بويىنىغا بويۇنتۇرۇق سېلىپ بوقۇسانى چېتىپ تەييار قىلدى. كىشىلەر ئەر - ئايال ھەممىسى ئېتىزنىڭ چۆرىسىدە قاتار ئولتۇردى.

ئەرلەر پېشىنى، ئاياللار كۆڭلىكىنىڭ ئالدى تەرىپىنى تۇتۇپ، ئۇرۇق چۈشۈشىنى كۈتتى. ئارىيانى بوۋاي ئۇرۇقنى ھەمبۇن (تېرىدىن ياسالغان خالتا) بىلەن ئەكېلىپ قولى بىلەن چاچتى. ئۇرۇق چېچىۋاتقان ئارىيانى بوۋاي ئۇرۇقنى جىق - جىق ئېلىپ يەرگە ۋە ئادەملەر توپىغىمۇ چاچتى. كىشىلەر پېشىگە ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىگە چۈشكەن ئۇرۇقلارنى ئېلىپ،

ئىنتايىن خۇش بولۇشتى. چۈنكى، «بۇ ئۇرۇقنى ئۆزىنىڭ شۇ يىلى تېرىيدىغان ئۇرۇقىغا قوشسا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دەيدىغان ئادەت ئۇلارنىڭ قاللىسىغا سىڭىپ كەتكەندى. ئۇلار دەرھال قايتىپ كېتىپ، بۇ ئۇرۇقنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇقلۇقىغا قوشۇپ تېرىلغۇنى باشلاشنى ئويلايتتى. ئۇرۇق چېچىش ھېيتى كىشىلەرگە تېرىلغۇ مەۋسۇمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ھەممە ئائىلىنىڭ تېرىلغۇنى ۋاقتىدا باشلىشىنى، سۇپەتلىك ئۇرۇقنى يەرگە چېچىپ مول ھوسۇل ئېلىشىنى شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئەسكەرتىدۇ. شۇڭا، بۇ پائالىيەت ھەممە كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

پائالىيەت تۈگەپ ئارىيانى بوۋاي پۈتۈن يۇرتىدىكىلەرنى كۆزدە ئۆيىگە كېلىپ تونجى ئالغان ئاشقا ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى. ئاۋام خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئارىيانى بوۋاي ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— يۇرتىمىزنىڭ مەمۇرچىلىقى، تىنچ ـ ئاسايىشلىقى، خەلقىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، ساپ دىللىقى مەڭگۈ داۋاملاشقاي! ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي! مۇزتاغ ئاتا مەدەت بەرگەي، ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر! — دەپ دۇئا قىلدى.

ئالتىنچى باب

# سىرلىق مېھمان

تاغدۇمبۇش يايلىقى يازدا چارۋىچىلارنىڭ جەننىتىگە ئايلىنىدۇ. رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان ياپيېشىل يايلاق، ھەر خىل مەدەنلەرنى يالاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك قار سۈيى، رەڭگارەڭ تەبىئىي گۈللەرنىڭ پۇرىقى بىلەن ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان مەيىن يايلاق شامىلى، ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ساپ ھاۋاسى، ئۆي ـ ئۆيلەردىكى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايدىغان پاقلان گۆشى، سۈت، قايماق، سېرىق ماي، شىرگۈرۈنچ، قاتلىمىلار، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان يېقىملىق سۆڭەك نەي ئاۋازى، ئۇلار، كەكلىكلەرنىڭ تىنىماي سايراشلىرى ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ تەبىئەتنىڭ بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان جەننەت كەبى ماكانى ئىكەنلىكىنى ئادەمگە چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ يىل يازدا، ھۆل ـ يېغىنغا ماسلىشىپ قۇياش نۇرى ياخشى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، يايلاقتا ئوت ـ چۆپ بولۇق ئۆسكەنىدى. ئوت ـ چۆپنىڭ ياخشىلىقىدىن چارۋىلار ئوبدانلا سەمرىپ، قويلار قۇيرۇقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشتى. ئۆيلەردە بولسا پاراۋانلىقنىڭ ئەلچىسى قېتىق ـ قايماق، سۈت، سېرىق ماي

مولۇشىپ كەتكەندى.

ئاپتاپ ياغاچ كۆپ بىلەن سىرىق ماي ئايرىۋېتىپ، تۆردىكى يىغىپ قويغان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ راۋاب چېلىۋاتقان دەۋلەتشاھقا :

ــ بۇ يىل توققۇز قېرىن (چارۋىچىلار سىرىق مايىنى قوي ياكى ئۆچكىنىڭ قېرىنىغا قاچىلايدۇ) سىرىق ماي ئىشلەيدىغان ئوخشايمەن، ــ دېدى بىرخىل پەخىرلىنىش بىلەن، ــ تىنچلىق بولسا كەچ كۈزگىچە ئون بىر قېرىنغىمۇ يېتىشى مۇمكىن. قۇرۇت، ئىجگەي (سۈتنى قايىنتىپ ياسايدۇ) لەرنىمۇ ئائىلىمىزگە بىر يىل يەتكۈدەك تەييارلىدىم. يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقان، چوڭلارغا سەغەنلىك سوۋغات (سۈتچىلىك ئىشى) سىرىق ماي، قۇرۇت، قايماق تەييارلىدىم.

ــ شۇنداق كۆپمۇ؟ قولۇڭ ھەقىقەتەن گۈل، ئىشىڭ بەرىكەتلىك ئىكەن، كىشىلەرنىڭ سېنى ئۇستا خىنەدۇر (تائام تەييارلاشقا ئىنتايىن ئۇستا) دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە؟ ــ دېدى دەۋلەتشاھ بىر خىل پەخىرلىنىش، ماختاش تۇيغۇسىدا.

ــ شۇنچە يىلدىن بېرى تېخى ئەمدى بىلىۋاتامسەن؟ ــ دېدى ئاپتاپ بىر خىل ناز بىلەن كۆز ـ قېشىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

ــ ۋاي جېنىم، بىلىمەن، سەن ئائىلىمىزنىڭ بەرىكىتى، بەختى، ئۆيىمىزنىڭ نۇرلۇق چىرىغى، مېنىڭ ھاياتىم...

سىرتتىن قارىغان ئادەمگە چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىقتەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى ئۇنداق قارىمايدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىپ ھەقىقىي بەختنىڭ ھوزۇرىنى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ساختىلىق، ناپاكلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، رەڭۋازلىق تېخى يېقىن يولىمىغان، ئۇلارنىڭ قەلبى باھار ئاسمىنىدەك سۈپسۈزۈك. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا قەيسەرلىك، مېھرىبانلىق، ھاياتنى چىن مەنىسى بىلەن

سۆيىدىغان ساپ مۇھەببەت مۇجەسسەملەشكەن. ئۇلار ھاياتىنىڭ ھەقىقىي تاتلىق كۈلكىسىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈلۈپ ياشايدۇ .

بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە، جۇپ قولىغا تايىنىپ تەبىئەتنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردە ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تاكى گۆرگە كىرگۈچە سۇسلاشمايدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن ئائىلىنى ئۆزىنىڭ بەخت قىبلىگاھى دەپ قارايدۇ. شارائىت ھەرقانچە قىيىن، تۇرمۇشى ھەرقانچە يوقسۇزلۇقتا ئۆتسىمۇ، بىر ئائىلىسى بولغىنىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر ھەشەمەتلىك ئۆتكەن تۇرمۇشىنى بەخت دېسە، بۇ يەردىكى چارۋىچىلار بىر كۈنلۈك ھاردۇقىنى ئەر ـ ئايال بىر داستىخاندا بىللە ئولتۇرۇپ چىقارسا شۇنى تۇرمۇشىدىكى ئەڭ چوڭ بەخت دەپ ھېسابلايدۇ. تەر ئاققۇزۇپ تاپقان نېمەتلىرىنى قەدىرلەيدۇ.

دەۋلەتشاھنىڭ چالغان مۇڭلۇق مانگول مۇزىكىسى ئاپتاپنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە دەۋلەتشاھ بىلەن ئۆتكەن يارقىن كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. دەۋلەتشاھنىڭ ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم بىر دەستە مەرۋۇيگۈلى بېرىپ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ۋاقتىنى ئەسلىگىنىدە كۆڭلى باشقىچە يايراپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە بەختىيارلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چېۋەر قولى بىلەن سىرىق مايىنى ياغاچ كۈپتىن ئالدى ـ دە، دەرھال نان ئۈستىگە يېيىپ «بەگماۋج» قىلىپ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن دەۋلەتشاھقا سۇندى. ئۇ ئاپتاپنىڭ قولىدىن ناننى ئېلىپ بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇ ۋاقتىدىمۇ ئاپاڭنىڭ ئۆيىدىن سېرىق ماي ئوغرىلاپ ماڭا بەگماۋج قىلىپ بېرەتتىڭ ـ ھە؟ — دېدى.

— ۋۇي ئەسكى، قېرىغاندىمۇ شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئادەمنىڭ يۈزىگە سالامسەن؟ — دېدى ئاپتاپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دەپ بىرەيلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى دەۋلەتشاھ بىلەن ئاپتاپ دەرھال مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ.

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ مېھمان يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، تۇرقىدىن ياقا يۇرتتىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. چوڭقۇر كۆز چاناقلىرىدىكى پىلدىرلاپ تۇرغان كۆك كۆزلىرى ھەممە يەرگە تەڭ تىكىلگەندەك كۆرۈنەتتى. شالاڭ ئۆسكەن بۇرۇتى ئۇنىڭ ئاقپىشماق چىرايىغا ئانچە ياراشمىغان بولۇپ، قاپاقتا سېرىق تۈك چاپلىغاندەك كۆرۈنەتتى. دەۋلەتشاھ دەرھال ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن تۆرگە باشلىدى. مېھمان تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپلا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن سەل ـ پەل كۆتۈرۈلۈپ ساھىبخاندىن قايتىدىن ئېسەنلىك سورىدى.

— خۇش ئامادى، — دېدى ساھىبخان.

— بارىكاللا، — دەپ جاۋاب بەردى مېھمان سالماقلىق بىلەن.

دەۋلەتشاھ مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان ئەكىلىپ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— ئۆزلىرىنى قەيەردىن سورايمىز؟ — دەپ سورىدى دەۋلەتشاھ.

— مەن مىرغابتىن كەلدىم، ئاكا، ئىسمىم گۆرگىنك. بۇرۇن بوۋىمىز ۋەرشىدىدىن مىرغابقا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتىكەن. شۇ يەردە يەرلىشىپ قالدۇق. تاغدۇمبۇش يايلىقىنىڭ داڭقىنى بەك كۆپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېتەي دەپ ئاتايىن كېلىشىم.

— ئوبدان بوپتۇ ئۇكام، تاغدۇمبۇش ھەقىقەتەن پامىرنىڭ كۆزى. بۇ يىلى يامغۇر، ئاپتاپ ئوبدان بولغاچقا ئوت ـ چۆپ شۇنداق بەلەن ئۆستى، ھەر خىل تاغگۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتتى. قۇرۇمئوتى، مەرۋۇي، كۆيناز، بۇزلانج، كەراشپ، لەدەرچ، قەنتەپەر قاتارلىق دورىلىق گۈل ـ گىياھلارمۇ شۇنداق ياخشى ئۆستى. تېخى گۈلچايلارنى دېمەمسىز. لەدەرچ، زىۋەچ، ۋەدار، گىۋەيجۈك قاتارلىق تەملىك چايگۈللىرى كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇرىدۇ.

— بۇ ئاجايىپ بەرىكەتلىك ماكان ئىكەن ـ ھە، — دېدى گۆرگىنك ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا.

— شۇنداق ئۇكام، ھاۋاسى شۇنداق ئارامبەخش، سۈيى ئادەمگە بەك ياقىدۇ، ئوبدان مېھمان بولۇپ كېتىڭ، — دېدى دەۋلەتشاھ.

— رەھمەت ئاكا، — يىگىت ئورنىدىن يەنە ئازراق قىمىرلاپ قويۇپ دەۋلەتشاھتىن سورىدى:

— ئاكا، بۇ يەردە قانچە ئۆيلۈك بار؟

— يازدا بۇ يايلاقتا يۈزدىن ئارتۇق چارۋىچى يازلايدۇ. ئۇلار ۋەخجىرۋىدىن تارتىپ تۇگگۇرمەنسۇ، مىڭتېكىگىچە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

— چارۋىلىرى خېلى كۆپمۇ؟

— قەدىر ـ ئەھۋال، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مال ـ ۋارانلىرى بار.

— بۇ يەردىن ۋەرشىدىپ تاشقەلئەگە قانچە كۈندە بارغىلى بولىدۇ؟

— بەش ـ ئالتە كۈندە بارغىلى بولىدۇ.

— كۈزدە بۇ يەردە ئادەم تۇرامدۇ؟ بۇ يەردىمۇ بەلگە ئوت ياقىدىغان جاي بارمۇ؟

ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان دەۋلەتشاھ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئاڭغىچە ئاپتاپ «تاماق تەييار بولدى» دەپ توۋلىدى.

دەۋلەتشاھ دەرھال ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، بىر لېگەن پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى، بىر لېگەن قايماق بىلەن پىشۇرۇلغان قاتلىما ئەكىلىپ گۇرگىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ۋاييەي ئاكا، سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىپتىمەن، — دېدى گۇرگىك ئۆزىنى تەسىرلىنىپ كەتكەندەك كۆرسىتىپ.

— تۈزۈت قىلماڭ ئۇكام، سىز بىزنىڭ مېھمىنىمىز، ئاددىي بولسىمۇ قېنى تائامغا بېقىڭ.

ئاپتاپ لەدەرچ (تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل چايئوتى) تە ئەتكەن قايماق چاينى چۆگۈن بىلەن ئەكىلىپ داستىخاندا قويدى.

دەۋلەتشاھ چاينى ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان كىچىك چاناق(ياغاچ پىيالە) لارغا قۇيۇپ مېھمانغا سۇندى. گۇرگىك چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ:

— پاھ، پاھ، نېمىدېگەن تەملىك چاي بۇ؟ مېنىڭ بۇنداق ئېسىل چاينى تۇنجى قېتىم ئىچىشىم، — دېدى.

— ئۇكام، لەدەرچ چاي ئوتى يايلىقىمىزدىن چىقىدۇ، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىللاراقىنى قۇي لەدەرچى دەيمىز، سوغۇققا مايىلراقىنى ئۆچكە لەدەرچى دەيمىز، يەنە بايا سىزگە دېگەندەك، نۇرغۇن چاي ئوتلىرىمىز بار. قىشمۇياز چايدىن ئايرىلمايمىز، — دېدى دەۋلەتشاھ چۈشەندۈرۈپ.

— قىنى ئۇكام، ماۋۇ ئەڭلىكئوت بىلەن تەييارلىغان سىرىق مايدىن چىيىڭىزغا ئازراق سىلىۋېلىڭ، — دېدى دەۋلەتشاھ چوڭ ياغاچ تاۋاقتىكى سىرىقماينى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ.

ئۇلار تاماق يېگەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇكام، بۇ يەردە بىر كۈن تۇردىغانسىز؟ — دەپ سورىدى دەۋلەتشاھ.

— ئەتىلا قايتىمەن ئاكا، ھېلىمۇ سىلەرنى جىق ئاۋارە قىلدىم.

— يوقسۇ ئۇكام، ھېچقانداق ئاۋارە بولمىدۇق. قانچە ۋاقىت تۇرسىڭىز ئىشىكىمىز ئوچۇق.

ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ تالاغا چىقتى. لېكىن، گۇرگىننىڭ سوئالى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دەۋلەتشاھنىڭ بۇ مېھمانغا بولغان قىزغىنلىقى سۇسلاشتى. ئۇنىڭ سوراۋاتقان غەيرىي سوئاللىرى، ئىتتەك ئۇياق - بۇياققا تىمىسقىلاپ يۈرۈشى دەۋلەتشاھنىڭ مېھماندوستلۇق مۇجەسسەملەشكەن كۆڭلىنى ئۇمىدسىزلەندۈردى. «مېھمان قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەربىر مېھمان، ئۇنى كەت دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى يەنىلا قائىدە بويىچە كۈتۈش كېرەك» دېگەننى ئويلىدى دەۋلەتشاھ.

ئاڭغىچە ھىدايەت يايلىتىشقا ئەكەتكەن چارۋىلارنى قورۇغا ياندۇرۇپ كەلدى. توپ - توپ چارۋىلارنى كۆرگەن گۇرگىننىڭ كۆزلىرى باشقىچە چاقناپ كەتتى. «نېمىدېگەن جىق چارۋا بۇ؟ ھەم سېمىز، ھەم سورتى ياخشى ئىكەن» دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ كۆڭلىدە «ئەگەر مۇشۇ قويلاردىن بەش يۈزنى قولغا چۈشۈرۈۋالسام مىرغاب بويىچە ئەڭ چوڭ بايلاردىن بولۇپ قالاتتىم» دېگەننى خىيال قىلدى.

گۇرگىك چارۋىلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— كىشىلەرنىڭ تاغدۇمبۇش قويىنى داڭلىغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، بۇنداق يوغان قويلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى دەۋلەتشاھقا قاراپ.

— شۇنداق ئىنىم، بۇ يەرنىڭ قويلىرى ھەقىقەتەن داڭلىق، يەكەن، قەشقەردىكى سودىگەرلەرمۇ مۇشۇ يەرنىڭ قويلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئامراق، بىر قوينى ئىككى - ئۈچ تاغار گۆرۈچكە ئالماشتۇرىمىز، — دېدى دەۋلەتشاھ پەخىرلىنىش ئىلكىدە.

— ئاكا، بۇ يەرگە كېلىشتە چوڭ خان يولى بىلەن كەلگەنىدىم، قايتىشتا سىرۇي بىلەن قايتايمىكىن دەيمەن. ئۇ يولنى يېقىن دەپ ئاڭلىغانىدىم، راستما؟ — دەپ سورىدى گۆرگىنىك پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ. ئۇنىڭ بۇنداق غەلىتە سوئاللىرىدىن جاق تويغان دەۋلەتشاھ:

— ئۇكام، بۇ يوللارنى مەن تازا بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى سوغۇقلا.

كەچتە دەۋلەتشاھ بۇ مېھمانغا قوي سويۇپ ئوبدان مېھمان قىلىپ، ئايرىم خانىغا ئورۇن راسلاپ قوندۇردى. ئەتىسى دەۋلەتشاھ ئادىتى بويىچە ئەزان بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاپتاپ ئەتىگەنكى ناشتىغا تائام تەييارلىدى. ئاندىن قوتازلارنى سېغىپ بولۇپ ئۆيىنى يىغىشتۇردى. ھىدايەت قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ ئوتلاققا ماڭدى. دەۋلەتشاھ بىلەن ئاپتاپ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ مېھماننىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ مېھماندىن ھېچبىر شەپە بولمىدى.

— ۋۇي دادىسى، ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، كۈنمۇ ئارغامچا بويى ئۆرلەپتۇ. ئۇ مېھمان تېخىچە تۇرمايۋاتىدۇ، بېرىپ ئويغىتىپ باقامسىز يا؟ — دېدى ئاپتاپ دەۋلەتشاھقا قاراپ.

ئۇ دەرھال گۇرگىنىڭ قونغان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئۇنى چاقىردى. لېكىن، ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىۋىدى، ئېچىلىپ كەتتى. ئۆيدە ھېچكىم يوق. ئۇ ھەيران بولۇپ سىرتقا چىقتى ـ دە، ئەتراپنى بىرمۇبىر كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى. بىراق، مېھماندىن ئەسەر يوق ئىدى. گۇرگىنىڭ بۇنداق سىرلىق يوقىلىشى ئۇلارنى سەل شۈبھىلەندۈرۈپ قويدى.

ئاپتاپ ئېرىگە:

ــ ئۇ ئادەم ماڭا گەجگىسىدە كۆزى باردەكلا كۆرۈنگەنىدى. سەپەر تاغامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بەلگە ئوت ياندۇرىدىغان دۆڭگىمۇ چىقىپتۇ، ــ دېدى.

ــ مەنمۇ سەل گۇمانلىنىپ قالدىم. بۇ ئىشنى ھاكىمبەگكە مەلۇم قىلمىسام بولمىغۇدەك، ــ دېدى دەۋلەتشاھ.

# يەتتىنچى باب

## قەسەم

باللارنىڭ يېشى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئەقلى ئېچىلىپ، ئىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى خېلىلا بىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇرۇن چارۋىلارنى توپ ھەيدەپ، بىر يەردە بېقىپ كەلگەن بولسا، مانا ئەمدى ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم بېقىپ، ئوت ـ چۆپى بولۇق ئۆسكەن يەرلەرنى تاللايدىغان بولۇشتى. بىراق، ھىدايەت ھەمىشە قوي پادىلىرىنى پەس تەرەپتىكى يايلاقتا ئاپىرىپ باقاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى دائىم شۇ تەرەپنى تارتىپ، پۈتى ئىختىيارسىز شۇ ياققا مېڭىپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ پادىلىرىنى ھەيدەپ پەس تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قويلارنى ئوت ـ چۆپى بولۇق ئۆسكەن يايلاقتا قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. پەس تەرەپتىن مەيىن شامال ئېلىپ كېلىۋاتقان گۈل ـ غۇنچىلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلاپ، ئۇنىڭ پۈتۈن سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ، كۆڭلىنى يايرىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىسىمۇ، شۇ پۇراقنى دەپ مۇشۇ تەرەپكە كېلەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئىنتىزارلىق، تەشنالىق، ئىنتىلىش قوشۇلۇپ يۈرىكىنىڭ

چوڭقۇر قىيىندا بىر ئۇچقۇننى پەيدا قىلماقتا ئىدى.

بىر توپ ئۇلاي نەدىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ، ۋىكىلداشقىنىچە ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەرگە قوندى. خورازلىرى ئاۋازىنى سوزۇپ ئېگىز، جاراڭلىق سايرىسا، مېكىيانلىرى بوم ئاۋازى بىلەن يېقىملىق ۋىكىلداپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بەخىرامان دانلايتتى. بۇ هال ئۇنىڭغا يىگىتلەر چالغان سوڭەك نەينىڭ ئاۋازىنى، قىزلارنىڭ داپنى تەڭكەش قىلىپ چالغان ۋەلۋەكەكنىڭ (تاجىكلارنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى)نى هېس قىلدۇردى. ئۇ قويىدىن سوڭەك نېيىنى ئېلىپ، «ئەركە موجۇن» (جېنىم ئەركىسى) مۇزىكىسىغا چالدى. نەينىڭ يېقىملىق ئاۋازى تاغلاردىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، يايلاققا، ئېقىن سۇلارغا، مويسىپىتتەك مەغرۇر تۇرغان ئاق باش تاغلارغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. پەس تەرەپتە قوي بېقىۋاتقان كۇيپەرى نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كوڭلى باشقىچە يايراپ كەتتى. «ئاھ، سوڭەك نەي! ئاۋازىڭ نېمانچە موڭلۇق؟ ساڭا قانداق بىر سېھرىي كۈچ يوشۇرۇنغاندۇ؟ سېنىڭ يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىدىغان ئاۋازىڭ بۈركۈتنىڭ ئۇستىخىنىدىن ياسالغانلىقىڭ ئۈچۈنمۇ؟ ياكى سېنى چالغان يىگىتنىڭ يۈرەك رىتىمى ئاۋازىڭغا قوشۇلۇپ كەتكىنىدىنمۇ؟» كۇيپەرى نەينىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئاڭلاش ئۈچۈن، شارقىراتما يېنىدىن دەرهال ئايرىلىپ بىر ئېگىز دوڭگە چىقتى. ئۇ هىدايەتنىڭ يېقىنلا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەي چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شاپپىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى. نەينىڭ ئاۋازىمۇ، ياكى هىدايەتنىڭ هىدىمۇ، ئىشقىلىپ، بىر خىل تاتلىق سېزىم ئۇنى مەستخۇش قىلىپ، كوڭلى ئېرىپ كەتكەندەك، پۈتۈن بەدىنىگە بىر ئوت تۇتاشقاندەك بولاتتى. مانا ئۇ ئۆزىدە باشقىچە بىر خىل ئۆزگىرىش

كۆرۈلگەنلىكىنى بۇ قېتىم تېخىمۇ ئېنىق سەزدى. ئۇ ئۆز تېنىنى پۈتۈنلەي ئېرىپ سۇغا ئايلىنىۋاتقاندەك، ئاشۇ سۇ ھىدايەت تەرەپكە ئېقىۋاتقاندەك سەزدى.

«توۋا! نېمە بولۇۋاتىمەن؟ ئۇ مېنى كۆرگەنمىدۇ؟» پىچىرلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

كۈيپەرى بېشىنى كۆتۈرۈپ ھىدايەت تەرەپكە قارىدى. ھىدايەت ئۇنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ: « كۈيپەرى ئاخىر بۇ تەرەپكە كەپتۇ، بۇمۇ ياخشى بولغىنى، بىرىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراي، ئەگەر ئېپى كېلىپ قالسا كۆڭلۈمدىكىنى ئىزھار قىلاي، قېنى ئۇ نېمە دەيدىكىن؟» دەپ ئويلىدى - دە، تاشتىن سەكرەپلا چۈشۈپ ئۇدۇل قىز تەرەپكە ماڭدى.

ھاۋا ئوچۇق، يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. يېشىل، ئاق، كۆك رەڭ بىر - بىرىگە پار كەلگەن بولۇپ، مەخمەلدەك يايلاق، قارلىق تاغ، سۈپسۈزۈك ئاسمان قۇياش نۇرىدا چاقناپ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى.

كۈيپەرى كىچىككىنە بىر دۆڭدە ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايى، بۇلاقتەك چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى، سۇرمە تاش بىلەن ياساپ قويغاندەك يارىشىملىق قاشلىرى، ئۈزۈن ئەگمە كىرپىكى، قىپقىزىل چىلاندەك لەۋلىرى، بولۇق ئۆسكەن تاغ قىياقلىرىدەك چاچلىرى ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ئاجايىپ ياراشقان بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم «جاھاندا مۇشۇنداقمۇ گۈزەل ئىنسان تۇغۇلىدىكەن» دەپ ھەيران - ھەستە قالاتتى.

كۈيپەرى ھىدايەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل - پەل جىدديلىشىپ قالدى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھىدايەتنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى. ھىدايەت يېتىپ كېلىپلا:

— ياخشىمۇ سەن كۈيپەرى؟ — دەپ قولىنى ئۇزاتتى.

كۆيپەرىمۇ دەرھال:

— ياخشىمۇ سەن ھىدايەتكا؟ — دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى. كۆيپەرى ھىدايەتنىڭ قولىغا سۆيگەندە، يىگىت بىر ئوتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشكە تاس قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي بىردەم قىينىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر تەستە گېلىنى قىرىپ گەپ باشلىدى:

— كۆيپەرى، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ بۇگۈن ئەجەب بۇ تەرەپكە كېلىپ قاپسەنغۇ؟

ئۇنىڭ سەل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىغان سوئالىدىن بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان كۆيپەرى يەرگە قارىغىنىچە دېدى:

— ئۆزۈممۇ ھېچ بىلمىدىم، مۇشۇ تەرەپكىلا كەلگۈم كېلىدۇ، بىردەم بولسىمۇ سەن چالغان نەينى ئاڭلايمىكىن دەپ كەلدىم... — قىز راست گېپىنى قىلغىنىنى ئۇچۇن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ، مەن كۈندە بۇ يەرگە كېلىمەن، بۇ يەرگە كېلىپ يولۇڭغا قارايمەن. بۇگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەن ئوخشايدۇ، سېنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولدى.

كۆيپەرى بوشقىنا: «مەنمۇ شۇنداق» دېدى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى لاپىلدە ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بىر قىزىق ھارارەتنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ ئېلىپتەك بويىنىنىڭ ئۇستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى.

ھىدايەت بىلەن كۆيپەرى كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە يادا بېقىپ، يايلاقنىڭ سۈزۈك سۈيىنى بىللە ئىچىپ، ساپ ھاۋاسىدىن بىللە نەپەسلىنىپ چوڭ بولدى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر ئويلاپ يېتەلمەيدىغان بىر خىل تاتلىق تۇيغۇ بىخ سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ساپ، توسالغۇسىز

تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلىرى ھازىر بىر ـ بىرىنى كۆرمىسە يۇرىكى ئېچىشىدىغان، بىر يەرگە كەلسە قورۇنۇپ گەپ قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ھېچنېمىدىن قورۇنمايدىغان ھىدايەت مانا ئەمدى كۈيپەرىنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالماي كېكەچلەپ تىلىنى چاينىماقتا. كۈيپەرىگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنى يىپقا تىزغان مارجانىدەك تەييارلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تىلى باغلىنىپ قالغاندەك بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئوڭشاپ دېيەلمەيتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كۈيپەرىنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ ھىدايەتنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان، كۆرسە بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئاخىر جىمجىتلىقنى يەنىلا كۈيپەرى بۇزدى.

— ھىدايەتكا، نېمىڭنى بايىقى پەدىگە يەنە بىر چېلىپ بەرگىنە؟

— نەينى تازا ياخشى چالالمايمەن، لېكىن، ھېچ بىلمىدىم، نەينى قولۇمغا ئالساملا، سۆڭەك نەي رىۋايىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ئاشۇ رىۋايەتنى سەنمۇ ئاڭلىغانمۇ؟ — دېدى ھىدايەت.

— ياق، ھىدايەتكا، سەن بىلگەندىكىن ماڭا سۆزلەپ بەر، — دېدى كۈيپەرى تەقەززالىق بىلەن.

— ماقۇل، مەن سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ھىدايەت. ئۇ گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلاۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سەل ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

قەدىمكى زاماندا مۇزتاغ باغرىدا بىر دىيار بولغانىكەن. بۇ دىيارنىڭ بىر تەرىپىدە ھەيۋەتلىك دەريا ئېقىپ تۇرىدىكەن. بۇ دىياردا سابىر ئىسىملىك بىر چوڭ باي بولۇپ، دىياردىكى ھەممە خەلق ئۇنىڭغا ئىشلەمچى بولۇپ جان باقىدىكەن. بۇ دىياردا ئىككى ئائىلىدە ۋاپا ئىسىملىك بىر يىگىت ۋە گۈلمېھرى

ئىسمىلىك بىر قىز بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بەكمۇ نامرات بولغاچقا، ئۇلار ئون ئىككى ييشىدىلا بۇ بايغا مالايلىققا تۇتۇلۇپتۇ. ۋاپا باينىڭ قوي ـ ئۆچكىلىرىنى، گۇلمېھرى باينىڭ قوزا ـ ئوغلاقلىرىنى باقىدىكەن. ئۇلار كۈندۈزى باينىڭ چارۋىلىرىنى باقسا، كەچتە قوي قوتىنىدا ياتىدىكەن. تۇرمۇشى شۇنچە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈپ، ئىنتايىن ئىناق ئۆتىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە مايىللىق پەيدا بوپتۇ. ئامراقلىق كۈچىيىپ ئۇلارنىڭ يۈرەك رىشتىسى بىر ـ بىرىگە مەھكەم چىگىلىپتۇ. بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار مەڭگۈلۈك ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئايلىنىپتۇ. بۇ ئىش ئاخىر باينىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. باي «مالايلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بېرىشى مەن ئۈچۈن ھاقارەت. مۇبادا يول قويسام، تويىنى قىلىپ قويۇشۇمغا، كېيىنچە بالىچاقىلىرىنى بېقىشىمغا توغرا كېلىدۇ. ياخشىسى ھازىردىن باشلاپ ئۇلارنى ئايرىۋېتىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

باي شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاپانى يىراق يايلاقتا يېرىپ چارۋا بېقىشقا، گۇلمېھرىنى ئۆي ئىشىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئىنتايىن ئازابلىنىپتۇ. ئايرىلىش ئالدىدا ۋاپا مېھرىبان مەشۇقىغا قاراپ مۇڭداق قوشاق ئوقۇپتۇ:

ئايرىلىپ كېتەر بولدۇق،
ئامان بولۇڭ، گۇلمېھرىم.
سابىر بايدىن، قاۋاندىن،
ھوشيار تۇرۇڭ گۇلمېھرىم.

ماڭا غەمخان ئىدىڭىز،
دەردكە دەرمان ئىدىڭىز.
شۇم پەلەككە نە چارە،
ئايرىلدۇق بىز ۋاقىتسىز.

ۋاپانىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان قوشىقىنى ئاڭلاپ گۇلمېھرى زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇ قوشىقىنى ئوقۇپتۇ:

ۋاپا يارىم ۋاپادار،
مەن ئاجىزغا غەمگۇزار.
چىن مۇھەببەت رىشتىنى
ئۈزەلمەيدۇ باي زىنھار.

سەن بۇ يەردە، مەن ئۇندا
پىراقىڭدا كۆيەرمەن.
شۇ جۇدالىقتىن كېيىن
سېنى قاچان كۆرەرمەن؟

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئامالسىز ئايرىلىپتۇ. گەرچە ئۇلار ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېچە ـ كۈندۈز بىر ـ بىرىنى ئەسلىشىدىكەن. ھىجران ئازابى ئۇلارنىڭ ئىشق گۈلخانلىرىنى كۈنسېرى ئۇلغايتىپتۇ.

بىر كۈنى ۋاپا چارۋىلارنى ئوت ـ چۆپلىرى، سۇلىرى مول بىر يايلاققا ھەيدەپ بېرىپتۇ. ماللار ئوتلىغىلى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ. ۋاپا بولسا بىر چوققىغا چىقىپ گۇلمېھرىنى ئەسلەپ ناخشىسىنى باشلاپتۇ. بىردىن تاغلاردىن شۇۋۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز تاغلاردا ئەكس سادا پەيدا

قىلىپ تېخىمۇ كۆچىيىپتۇ. بۇ ئاۋازدىن ئۈركۈگەن ماللار بىر يەرگە توپلىشىپتۇ. ۋاپا قارىسا توپلانغان ماللارنىڭ ئۈستىدە بىر بۈركۈت ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. ھېلىقى ئاۋاز بۈركۈتنىڭ قانىتىدىن چىقىۋاتقۇدەك. «ئەجەب ھەيۋەت ئاۋاز چىقىرىدىكەن، مېنىڭ ئاشۇنداق ئاۋاز چىقىرىدىغان نەرسەم بولغان بولسا، شۇ ئاۋاز ئارقىلىق سېغىنىشىمنى گۈلمېھرىگە يەتكۈزەر ئىدىم» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئوقياسىنى ئېلىپ بۈركۈتنى چەنلەپ ئېتىپتۇ. ئوق تەگكەن بۈركۈت شۇ ھامان يەرگە پالاقلاپ چۈشۈپتۇ. ئۇ دەرھال بېرىپ بۈركۈتنى سويۇپتىكەن، ئىككى قانىتىدىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا تۆپتۈز ئۇستىخان چىقىپتۇ، ئۇ بۇ ئۇستىخانلارنى چىرايلىق پاكىزلاپ، ئىككى بېشىنى كېسىپتىكەن، ئىچى كاۋاك چىقىپتۇ. ئۇ قىزىقىپ پۈۋلەپتىكەن شۇنداق يېقىملىق، زىل ئاۋاز پەيدا بوپتۇ. ئۇ مۇزىكا چېلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن قاتار ئۈچ تۆشۈك ئېچىپ تەكشىلەپتۇ، ئاندىن ئۆزىگە تونۇش بىر ئاھاڭغا پۈۋلەپتىكەن، بۇ مۇزىكا شۇنچىلىك مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت باشقا كۈيلەرگىمۇ چېلىپ كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەن ئېسىل كۈيلەر چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەلپكار، يېقىملىق مۇزىكىلارنى چالغىلى بولىدىغان سۆڭەك نەي ئاپىرىدە بوپتۇ. ۋاپا پۈتۈن سېغىنىشلىرىنى مۇجەسسەم قىلىپ سۆڭەك نەينى شۇنداق چالىدىكەنكى، ئاڭلىغان يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر ھوشىنى يوقىتىدىكەن. تاغدىكى بۇلبۇل، قىرغاۋۇل، ئۆلاي، كەكلىكلەرمۇ سايراشتىن توختايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ گۈلمېھرىمۇ ۋاپانىڭ ئۆزى ھەققىدە نەي چالىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ سۇ ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ، دائىم دەريا بويىغا بارىدىغان، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇزاقتىچە نەي ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان بوپتۇ. ئۇ مۇڭلۇق نەي ئاۋازىدىن ۋاپانىڭ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈسىنى

بىلىدىكەن، قەددى ـ قامىتىنى، ئەرلەرگە خاس چىرايىنى كۆرگەندەك بولىدىكەن.

بىر كۈنى گۈلمېھرى دەريا بويىغا بېرىپ نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرسا بىر توپ قۇش قاناتلىرىنى قېقىپ نەي ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ لەرزان ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. گۈلمېھرى ئىچىدە «مەن نېمىشقا شۇ قۇشلارچىلىك بولالمايمەن؟ مېنىڭمۇ قانىتىم بولغان بولسا يارىمنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كېتەتتىم» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ دائىم دەريا بويىغا بېرىپ ئىككى قولىنى كېرىپ، نەي ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ھەرىكىتىنى دوراپ مەشىق قىپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى گۈلمېھرىنىڭ مەشقىدىن ناھايىتى نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەپتۇ.

بىر كۈنى سابىر باي ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ. توينىڭ داغدۇغىسىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن يىللىقچى، مالايلارنىڭمۇ ماھارەت كۆرسىتىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ۋاپامۇ دوستلىرىنىڭ «پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، سۆگەك نېيىڭنى ئېلىپ تويغا بارغىن، ماللىرىڭغا بىز قاراپ تۇرىمىز» دېگەن مەسلىھەتى بىلەن تويغا كەپتۇ. سابىر باي توينى قىزىتىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتىن داڭلىق سازەندىلەرنى چاقىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن توي دېگەندەك قىزىماپتۇ. سابىر باي مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن «يەنە ئىزدەپ كۆرۈڭلار، كىمدىكىم توينى قىزىتىپ، مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالىسا، مەن ئۇنى ئوبدان رازى قىلىمەن» دەپتۇ. چاكارلارنىڭ كۆزى سۆگەك نەينى كۆتۈرۈۋالغان ۋاپاغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ۋاپانى سازەندىلەرگە مەخسۇس تەييارلىغان ئورۇنغا ئېلىپ كەپتۇ. ۋاپا سۆگەك نېيىنى شۇنداق چېلىپتۇكى، ھاياتىدا بۇنداق مۇڭلۇق كۈينى ئاڭلىمىغان مېھمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپتۇ. شۇ چاغدا قولى

ئىشتىن بوشىغان گۈلمېھرىمۇ بۇ سورۇنغا كەپتۇ ـ دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ۋاپانىڭ چالغان سۆڭەك نېيىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نەپىس ئۇسسۇلىدىن ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ.

گۈلمېھرىنىڭ ئۇسسۇلى كىشىلەرگە نەۋقىران بۈركۈتنىڭ قاناتلىرىنى كېرىپ بىپايان كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھەرىكىتىنى ئەسلەتسە، بەزىدە پەسكە قاراپ شىددەت بىلەن شۇڭغۇغان ھەرىكىتىنى ئەسلىتىدىكەن. گۈلمېھرىنىڭ بۇ ئاجايىپ نەپىس، ئوبرازلىق ئۇسسۇلىدىن ھېسسىياتى ئۇرغۇغان ۋاپا نېيىنى تېخىمۇ ئېسىل، شوخ پەدىلەرگە چېلىپتۇ. مۇڭلۇق نەي ئاۋازى ۋە نەپىس ئۇسسۇلدىن توي ئەھلى بۇ ئىككى ياشنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھېس قىپتۇ. تويىنىڭ ئاخىردا كىشىلەر سابىر بايغا: «بۇلار ئاشىق ـ مەشۇق ئىكەن، ياخشىلىق قىلىپ مۇرادىغا يەتكۈزسىلە ! شۇنداق قىلسىلا ھەر ئىككى ئالەم خارلىق كۆرمەيدىلا» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. توي ئەھلىگە يۈز كېلەلمىگەن باي ئىلاجسىز ئۇلارنىڭ تويىغا ماقۇل بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ۋاپا بىلەن گۈلمېھرى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ، ۋاپا چالغان سۆڭەك نەينىڭ ئاۋازى بىپايان يايلاقلاردا تېخىمۇ شوخ ياڭرايدىغان، گۈلمېھرى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نەپىس ئۇسسۇلى بىلەن قەپەستىن چىققان قۇشتەك ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان بوپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە سۆڭەك نەي چېلىپ بۈركۈت ئۇسسۇلى ئوينايدىغان ئادىتىمىز شۇنىڭدىن قاپتىكەن، — دېدى ھىدايەت ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

— ھىدايەتكا، مەن سۆڭەك نەينى شۇنداق ياخشى كۆرگىنىم بىلەن، ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىق كەچمىشلىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، — دېدى كۈيپەرى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

ھىدايەت ئۆزىنى قايتا ـ قايتا ئوڭشاپ، مىلىك تەستە:
ــ كۆيپەرى، مەن بىر ئىشقا ھەيران قېلىۋاتىمەن. يېقىندىن بېرى ماڭا ئۆزۈمنى پەقەت سەن ئۇچۇنلا تۇغۇلغاندەك، سەنسىز ياشىشىم مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنىۋاتىدۇ، ــ دېدى.
كۆيپەرى ھىدايەتكە لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى شۇنچە تەبىئىي ئىدىكى، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە ھەقىقىي ساپ مۇھەببەتنىڭ جۇلاسى جىلۇلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئەتراپىدىكى ئۇزۇن كىرپىكى بۇ قارىچۇقتا ھىدايەتتىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغاندەك سەپراس بولۇپ تۇراتتى. كۆيپەرى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق تاتلىق سېزىمنىڭ نەدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى، ئۇ پەقەتلا بۇ سېزىمنىڭ ھىدايەتتىنلا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەملىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ھىدايەت :
ــ كۆيپەرى، مېنىڭ ساڭا تەييارلىغان بىر سوۋغىتىم بار ئىدى، قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ ــ دېدى سەل قورۇنغان ھالدا.
كۆيپەرى تەلمۈرۈش ئىلكىدە ھىدايەتكە قارىدى. ئۇ دەرھال قوينىدىن بىر جۈپ بۇركۇت سۆڭەك نېيىنى چىقاردى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ياسالغانىدىكى، كۆرگەنلا ئادەم ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ، قولىدىن پەقەت چۈشۈرگۈسى كەلمەيتتى.
ــ قارا، كۆيپەرى، بۇ بىر جۈپ نەينى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مەكتەپكە جىلغىسىدا ئۆلۈپ قالغان بۇركۇتنىڭ قانىتىدىن ئىشلىۋالغانىدىم. بۇنى ئۆزۈم چىرايلىق ياساپ، تاغدىن تېپىۋالغان مۇنۇ كىچىككىنە سۇزۇك قاشتېشىنى تېشىپ پولكىغا ئۇتكۇزدۇم. بۇ بىر جۈپ نەيدىن بىرىنى ساڭا بېرىپ، يەنە بىرىنى ئۆزۈم ساقلايمەن. قاچان مۇرادىمىز ھاسىل بولسا، بۇ بىر جۈپ نەي بىر يەرگە كېلىدۇ ـ دە، مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى چالىمىز. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا، ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ بۇ ئىككى نەينى

جۇپلەيمىز ! ـــ دېدى ھىدايەت، چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەممىمىي نىيەت بىلەن كۈيپەرگە بولغان ئەقىدىسىنى بىلدۈرۈپ.

كۈيپەرى مۇشۇ دەملەرنىڭ كېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغان ئىدى ـ ھە؟ مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشتى. ھىدايەت ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلىۋاتىدۇ، مەڭگۈ بىر جۈپ بولۇپ ئۆتۈشنى، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتالىشى مۇمكىنمۇ؟ كۈيپەرنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇ ھىدايەتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلاپ سۆيگۈسى، «مەن مەڭگۈ سېنىڭ !» دېگۈسى كەلدى ـ يۇ، بىراق قىزلىق غۇرۇرى، ھايا، نومۇس ئۇنى بۇ تەنتەك خىيالدىن يالتايتتى. ئۇ قەلبىدىكى تاتلىق ھېسسىياتنى، ھىدايەتكە بولغان ساپ، چىن مۇھەببىتىنى، ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىقىنى مەڭزىگە چۈشكەن بىر تامچە ياش بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ بىر تامچە ياش چىن قەلبىدىن ھىدايەتكە بېرىۋاتقان جاۋابى ئىدى. ھىدايەتمۇ ئۆزىنى كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك سەزدى. ئۆزىنىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نەپسى بوغۇلۇپ، تىلى كالۋالىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۇت ـ قولىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تەستە نەينى ئىككى قوللاپ كۈيپەرگە ئۇزاتتى. قىز نەينى ئېلىپ ھىدايەتكە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزى لىققىدە ياشقا تولدى:

ـــ بۇ نەينى تاكى گۆرگە كىرگۈچە ساقلايمەن، ـــ دېدى ئۇ ۋە يېڭى ئېچىلغان گۈلدەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

ـــ قوبۇل قىلدىڭ ـ ھە؟ ـــ دېدى ھىدايەت كۈيپەرنىڭ كۆزىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ.

— مېنىڭمۇ ئۇزاقتىن بېرى ساڭا بېرەلمەي قوينۇمدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر سوۋغىتىم بار، بەرسەم قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ — كۆيپەرى قوينىدىن بىر قول ياغلىقنى ئېلىپ ھىدايەتكە ئۇزاتقىنىچە گېپىنى داۋام قىلدى، — ھىدايەتكا، بۇ ياغلىققا دىل رىشتىمنى يىپ قىلىپ سەن ئۈچۈن كەشتىلىدىم. سەن ھەمىشە قەلبىمدە بىر باتۇر بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىسەن، شۇڭا بۈركۈتنىڭ رەسىمىنى كەشتىلىدىم. يايلاقتىن ئۆزۈم تېپىۋالغان كىچىككىنە زۇمرەتنى ئوتتۇرىسىغا يىپ بىلەن تىكىپ بېكىتتىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ زۇمرەت يايلىقىمىزنىڭ تېشى، ئۇنىڭ ياپيېشىل سۈزۈكلۈكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. سۈزۈك قاشتېشى بىلەن يېشىل زۇمرەت بىر يەردە تۇرسا كىشىگە گۈزەللىكنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە غۇبارسىز قەلبلەردىكى يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ھىدايەت ياغلىقنى قولىغا ئالغاندا ياغلىقتىكى يېشىل زۇمرەت قۇياش نۇرىدا پارقىراپ ياپيېشىل نۇر چاچتى.

— مەن يېشىللىقنى ياخشى كۆرىمەن، يېشىللىق مەڭگۈ ساڭا ھەمراھ بولسۇن، — دېدى كۆيپەرى ھاياجان بىلەن.

— كۆپ رەھمەت! بۇنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ، يېنىمدىن تاكى گۆرگە كىرگۈچە ئايرىمايمەن!

— بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ، جانانىم! — دەپ قولىنى ئۇزاتتى ھىدايەت. كۆيپەرىمۇ قولىنى ئۇزاتتى. ئىككىسىنىڭ چىمچىلاق بارمىقى بىر ـ بىرىگە كىرىشتى.

— ھىدايەتكا، بۇ قەسەممۇ؟ — دەپ سورىدى كۆيپەرى ھاياجان بىلەن.

— شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، بۇ ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت

قەسسەممىز بولۇپ قالسۇن ! — دېدى ھىدايەت كەسكىنلىك بىلەن.

ئىككىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاپپاق قار بىلەن قاپلىنىپ، مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرغان مۇزتاغقا قارىدى.

— ئېھ ! مۇزتاغ ئاتا، سەن گۇۋاھ بولغىن ! — دېدى ھىدايەت، — بىز مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا قول بەردۇق، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز !

قۇياش ئۇلارنى تەبرىكلىگەندەك ئالتۇن نۇرىنى ئايىماي سەپمەكتە ئىدى. مۇزتاغ ئاتا ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ شۇنچە چىن، شۇنچە پاكلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ، مەغرۇر قامىتى بىلەن ئۇلارغا ئامەت، بەخت تىلىمەكتە ئىدى. بىر جۈپ زانىد (تاجىكلار ئۇلۇغلايدىغان بىر خىل قۇش) ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتتى.

## سەككىزىنچى باب

# مۇسبەتلىك كۆنلەردە

دەرەخ جىم تۇرسەن دېسمۇ شامال ھەرگىز جىم تۇرغۇزمايدۇ، ھاياتمۇ شۇنداق. ئىنساننىڭ ھاياتىدا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، كۈلكە بىلەن يىغا، بەخت بىلەن ھەسرەت، ئامەت بىلەن ئاپەت دائىم بىر ـ بىرىنى ماراپ، ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇ قانۇنىيەت كىشىلىك تۇرمۇشقا باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭگەن بولۇپ، ئەتىگىنى كۈلۈپ قوپقان بولساڭ، كەچتە يىغلاپ ياتىسەن؛ كەچتە خۇشاللىقتىن ئۆزۈڭنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالساڭ، ئەتىسى خاپىلىق تۇمانى سېنى ئورايدۇ؛ بۈگۈن بەختنىڭ كېلىپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغان بولساڭ، ئەتە ھەسرەت بىلەن پەگاھتا قالىسەن؛ بۈگۈن ئامەتنىڭ كېلىپ سارايىنىڭ غوجايىنى بولساڭ، ئەتە بىر ئاپەت بىلەن ھەممىدىن قۇرۇق قالغان تىلەمچىگە ئايلىنىسەن. مانا بۇ ھايات، ھاياتنىڭ بۇ ئىككى تەرىپى بىر ئۆمۈر ساڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ.

كۈيپەرىنىڭ ئويىدا دادىسى، ئانىسى، ئۆزى بولۇپ ئۈچ جانلا ياشايتتى. ئۇلار چوڭ بايلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. كۈيپەرىنىڭ دادىسى قۇتلۇق غوجا ياۋاش، گەپ ـ سۆزى ئاز، تىنماي ئىشلەيدىغان،

پۈتى چاققان ئادەم بولۇپ، ئۆينىڭ ئىغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزىلا قىلاتتى. ئانىسى تاجىمەلىك بەستلىك ئايال بولۇپ، قولى گۈل، ئىشى بەرىكەتلىك، ئۆي ئىشىغا پىششىق ئىدى. ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى جاي ـ جايىدا پۈتكۈزۈشتىن باشقا يەنە تىككۈچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ تىككەن تۇماق، كۆلتا (ئاياللارنىڭ باش كىيىمى)، ياستۇق قېپى، داستىخان، تەبەند، قول ياغلىق قاتارلىقلارنى بۇ يەردىكىلەر تالىشىپ سېتىۋالاتتى. ئۇ يەنە بەزىدە قىزىنى ئۆي ئىشلىرىغا سېلىپ، ئۆزى ماللارنى يايلىتىپ ئەكېلەتتى. بۇ ئائىلىدە كۈيپەرىنىڭ ئورنى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى، بىرلا بالا بولغاچقا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بەكمۇ ئەركىلىتەتتى. لېكىن، كۈيپەرى شۇنچە ئەركە چوڭ بولغان بىلەن ھەرقانداق ئىشنى تالىشىپ قىلاتتى. ئۇ ئۆي تۇتۇشنى، تىككۈچىلىكنى ئانىسىدىن تولۇق ئۆگەندى، ئاتا ـ ئانىسىغا راۋرۇس قول ـ قانات بولۇپ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى خاتىرجەملىك، شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتەتتى. گەرچە بۇ ناھايىتى ئاددىي بىر ئائىلە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھاياتنىڭ ھەقىقىي كۈلكىسىنى، ھەقىقىي گۈزەللىكىنى، ھەقىقىي مەنىسىنى، ھەقىقىي بەختىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كۈيپەرىنىڭ كەكلىكتەك ۋىلىقلاپ كۈلۈشى، قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ سۆزلىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىر كۈنلۈك ھاردۇقىنى چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تۇرمۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇق خۇشاللىقى يوق ئىدى.

كۈيپەرى ھىدايەت بىلەن قەسەم قىلىشقاندىن كېيىن، كەيپىياتى باشقىچە جانلانغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى سۈپسۈزۈك ئاسماندا جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان چولپاندىنمۇ نۇرلىنىپ، تولۇن ئايدەك تولۇۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ئوچاق بولۇپ، كۈيپەرى كۈندە ئۈچ ۋاخ ئوت قالاپ، تاماق ئېتەتتى.

ئۆيدىكىلەر كۈندە ئىسسىق نان يەيتتى. ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى پاراۋانلىقى ماددىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى پەقەت چاندۇرمايتتى. بەزى چاغلاردا دادىسى قۇتۇلۇق غوجا قىزىغا قىزىق ـ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بەزىدە ئالتە تارىلىق راۋابنى قولىغا ئېلىپ «قېنى، تاغ بۇلبۇلۇم، بىر سايراپ بەرمەمسەن؟» دەيتتى. كۆيپەرى دادىسىنىڭ تەلىپىنى ھەرگىز يەردە قويمايتتى. بەزى كۈنلىرى راۋابتىن چىققان يېقىملىق مۇزىكىغا جور بولۇپ ناخشىسىنى باشلايتتى. ناخشا تۈگىگەندە ئانىسى چاۋاك چېلىپ قىزىنى سۆيۈپ قوياتتى. بۇ چاۋاك ئانىلىق مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان چىن، ھەقىقىي چاۋاك بولۇپ، كۆيپەرىگە مىسلىسىز ئىلھام بېغىشلايتتى. قىسقىسى، بۇ ئائىلىدىن كۈلكە ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار خاپىلىق، غەم ـ ئەندىشىنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئەمگەك مېۋىسىدىن، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشتىن، ھاياتنىڭ بۇ بۇ تەرىقىدە ئاددىي، چىن، مەنىلىك داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. كۈندۈزى ھاۋا ئېچىلماي سۈس قار ياغدى. كۆيپەرى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇتتۇن راسلاۋاتقان ئانىسىغا:

— ئانا، مەن بېرىپ قويلارنى ئەكېلەي، — دېدى.

— ياق، بالام، قويلارنى ئەكېلىشكە ئۆزۈم بارىمەن، — دېدى ئانىسى، — سەن بىزگە ئۇخشىتىپ شىرگىرىنج (گۈرۈچ سۈتتە پىشۇرۇلۇپ، ئۈستىگە قايماق بىلەن سېرىق ماي سېلىنىدىغان تاماق) ئېتىپ بەرگىن.

— ئانا، قويلارنى ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن ئەتسەممۇ ئۈلگۈرىمەنغۇ؟

— بولمايدۇ بالام، دادىڭ سەھەر ئوتۇنغا كەتكەنىدى، كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ. دەرھال تاماق

تەييارلىمىساڭ ئۆلگۈرمەيدۇ، ــ دېدى كەسكىنلىك بىلەن ئانىسى، ــ مەن بىردەمدىلا بېرىپ قويلارنى ئەكېلىمەن.

كۆيپەرى شۇنچە توسقان بولسىمۇ، ئانىسى قەتئىي ئۇنىماي قويلارنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆزى ماڭدى . گەرچە ئانىسى بۇنداق ئىشلارغا پىششىق بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن كۆيپەرىنىڭ كۆڭلى باشقىچە ئېچىشقاندەك بولدى ـ دە، ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ۋارقىرىدى:

ــ قار يېغىپتۇ، ئانا، قويلار ئېگىزدىن چۈشمىگەن بولسا ئۇ يەرگە چىقماي قايتىپ كېلىڭ، قويلار ئۆزى كېلىدۇ !

كۆيپەرى ئۆيگە كىرىپ دەرھال ئوچاققا ئوت قالاپ، تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا دادىسى ئىككى قوتازغا ئوتۇن ئارتىپ قايتىپ كەلدى. كۆيپەرى «داداممۇ كەلدى، دادامغا تاماق بېرىپ بولۇپلا ئانامنىڭ ئالدىغا باراي» دېگەننى كۆڭلىدىن ئوتكۈزدى ـ دە، دەرھال سىرتقا چىقتى. دادىسى قوتازلارغا ئارتىلغان ئوتۇننىڭ ئارغامچىلىرىنى يېشىپ، قۇرۇق ئوتۇنلارنى ئۆيگە ئەكىرىۋاتاتتى.

ــ دادا، هارمىغايلا، ياردەملىشەيمۇ؟ ــ دېدى كۆيپەرى بىر خىل كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

ــ باركاللا قىزىم، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىلىۋەرگىن، مەن بىردەمدىلا ئەكىرىپ بولىمەن، ھە راست، ئاناڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ــ بىردىنلا سورىدى قۇتلۇق غوجا.

ــ قويلارنى ئەكېلىشكە كەتتى، مەن تاماق ئەتتىم. دادا، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟ تاماق تەييار بولدى، ــ دېدى كۆيپەرى دادىسىنىڭ كىيىمىنى قېقىۋېتىپ.

ــ رەھمەت قىزىم، مەن ئاناڭنىڭ ئالدىغا باراي، تاماقنى ئاناڭ بىلەن بىللە يەيمىز، ــ دېدى قۇتلۇق غوجا سىرتقا مېڭىپ.

— دادا، سىز ھېرىپ قالدىڭىز، مەن باراي.

— قىزىم، سەن تاماقنى ئوبدان تەييارلا، مەن بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن، تاماقنى ھەممىمىز بىللە يېسەك تەمى باشقىچە تاتلىق تېتىيدۇ، — دېدى قۇتلۇق غوجا.

كۆيپەرى تامىقىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ياخشى كۆرىدىغان قاتلىما، ئانىسى ياخشى كۆرىدىغان قايماق چاينىمۇ تەييارلاپ داستىخاننى راسلىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كۆيپەرىنى بىر خىل ئەنسىرەش تۇيغۇسى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، يەنە ئۆيگە كىرىپ پەقەت تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاللىقانداق بىر تەشۋىش ئىچىدە سىقىلاتتى. ئاخىر بولماي «قېنى مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارايچۇ !» دەپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ تېخى ھېچقانچە ماڭمايلا بىر تاۋۇتنى كۆتۈرگىنىچە كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەمگە ئۇچرىدى. كىشىلەر ئارىسىدا دادىسى ئۈن قويۇپ يىغلىماقتا ئىدى. كۆيپەرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى، دادىسىنىڭ كىمگە ھازا ئېچىۋاتقانلىقىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاڭغىچە ئۈچ ـ تۆت ئايال كېلىپ كۆيپەرىنى ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئاچىلار، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا دېسەڭلارچۇ؟ — دەپ نىدا قىلدى.

— قىزىم، سەۋر قىلغىن، ئانىڭىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدۇق، ئۇ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. بۇ تەقدىرنىڭ ئىشى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى ئاياللار. كۆيپەرى چۈشەندى، ئىش ئايان بولدى، دادىسى بىكارغا ھازا ئاچماپتۇ، ئەسلىدە ئانىسى...

تاجىمەلىك قويلارنى ئەكېلىش ئۈچۈن قىر جىلغىغا بارغاندا قويلار يۈز مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئوتلاۋاتقانىدى. دۆڭگە چىقىپ

قويلارنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقاندا، يېڭى ياغقان قاردا تويۇقسىز تېيىلىپ كېتىپ، ئۈچ ئارغامچا بويى كېلىدىغان ئېگىزلىكتىن قورام تاشلىق جىلغىغا چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلغانىدى.

كۆيپەرنىڭ يېشى يامغۇردەك تۆكۈلدى، يۈزىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتتى، چېچىنى يۇلدى، ھېلىدىن بېرى كۆلكە ياڭراۋاتقان بۇ ئۆينى مانا ئەمدى مۇسىبەتنىڭ قارا تۇمانى — يىغا - زار باستى. كۆيپەرى سۆيگەن ئايرىلغان بىلىقتەك ھالسىزلاندى. پەلەك چاقى تەتۈر ئايلانغاندەك، ئەمدىلا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىنى بەرگىدىن ئايرىۋەتكەندەك ئىش بولدى. كۆيپەرنىڭ يىغا - نالىسى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈم ھىدايەتنى تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. كۆيپەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆيپەرگە قانداق تەسەللى بېرىشنى، بۇ ئېغىر كۆڭۈلدە ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

قۇتلۇق غوجا ئۇزاق يىللىق قەدىناسىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن تۈگمىشىپلا كەتكەنىدى. بېلىگە كۆك ياغلىق باغلاپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ قان يىغلايتتى. ئۇنىڭ جېنى چىقىپ تېنى قالغاندەك، ئەقلى - ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. بۇ تاغ خەلقىدە تارىختىن بۇيان ئۆلۈمنى پۈتۈن يۇرتنىڭ مۇسىبىتى ھېسابىدا بىللە ئۆتكۈزىدىغان ئادەت شەكىللەنگەنىدى. كىشىلەر مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسىدەك ھەممە ئىشنى جاي - جايىدا پۈتكۈزەتتى. كەم نەرسىلەرنى ئۆيلىرىدىن ئەكېلىپ تولۇقلىشاتتى. بۇ يەردە ئۆلۈمنى ئۇزىتىش ئادەتلىرى مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قائىدىلىك ئورۇنلىناتتى. مېيىت يۇيۇش، ھازا تۇتۇش، تەلقىن ئېيتىش، مېيىت نامىزى، مېيىت ئۇزىتىش، يەرلىككە قويۇش، قەبرە ياساش، چىراغ ياندۇرۇش،

قارلىق ئۇشتۇش، نەزىر بېرىش، ناس تۇتۇش (هازىدارلارغا كۆڭۈل ئېيتىش) قاتارلىق قائىدىلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى ۋە تاجىكلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئۆلۈم - يېتىم قائىدىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇ قائىدىلەردە باي - نامراتلىق، يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى ئايرىلمايدۇ. ئۆلۈمنى يۇرت ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا ھەممە ئۆلۈم ئوخشاش قائىدە بويىچە ئۆزىتىلاتتى.

ئاياللار تاجىمەلىكنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ بولۇپ، چوڭ ئۆيدىكى چوڭ تۆرنىڭ باش تەرىپىگە تەييارلىغان كەشەگە ئېچىگە قويۇپ، باش تەرىپىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزدى. ئاندىن ئاياغ ۋە باش تەرەپتە چىراغ ياندۇرۇپ قويدى. ئايالار قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بېشىغا ئاق كۆك ياغلىق ئارتىپ، ئۆي ئىچىدىكى تۆرلەردە لىق ئولتۇرۇپ، يىغلاشقىنىچە تەلقىن ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىپادىلەيتتى. ئايالار ئىچىدە بىرەيلەن ئۆلگۈچىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ مۇسىبەتلىك قوشاقلارنى ئوقۇيتتى. باشقىلار يىغلىشىپ ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. ئەرلەر بېلىگە كۆك ياغلىق باغلاپ پەگاھتا قاتار تۇرۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى بىلدۈرەتتى. تاجىمەلىكنىڭ ئۆلۈمى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە قائىدىلىك، رەتلىك ئۆزىدى. لېكىن، بولغۇلۇق كۆيپەرىگە بولدى، ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ھىدايەت ئۇنىڭ ھالىغا بەك ئېچىندى. كۈندە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ تەسەللى بېرەتتى.

— كۆيپەرى، ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمە، غەيرەت قىل، بېشىغا ئۆلۈم كەلمەيدىغان كىم بار دەيسەن؟ بۇ بىر تەقدىر، يىغا، داد - پەرياد بىلەن كۈننى ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. يەنىلا ياشىشىڭ

كىرەك، مەن پۈتۈن جىنىم بىلەن ھالىڭدىن خەۋەر ئالىمەن، — دەيتتى ئۇ.

ھەقىقەتەن ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كۆيۈپەرنىڭمۇ كەيپىياتى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى ھىدايەتكە باغلىدى.

— «پىلىك ھېيتى» مۇ كېلەي دەپ قالدى، قىزىم، — دېدى بىر كۈنى قۇتلۇق غوجا، — ئەمدى ھېيت تەييارلىقىنى قىلايلى، مەن بېرىپ قورا ئەكېلىۋالاي، سەن داكا ياكى پاختا، سېرىق ماي قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ تۇرغىن، — دېدى.

«پىلىك ھېيتى» تاجىكلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ھېيتى بولۇپ، بارات ئېيىدا ناھايىتى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، «ئۆي پىلىكى» دە بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار چوڭلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ھېيتلىق تائاملارغا ئېغىز تەگكەچ، پىلىك نۇكچىلەرنى كۆيدۈرۈپ، خۇدادىن بەخت - سائادەت تىلىشەتتى. ئۆزئارا ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە سالامەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈر تىلىشەتتى.

«قەبرە پىلىكى» دە قەبرىستانلىققا چىقىپ، پىلىك نۇكچىلەرنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئالەمدىن ئۆتكەن ئەجدادلار روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشاتتى. ئەجدادلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى تۆھپە، ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەش، قالدۇرغان ۋەسىيەت، ئۈمىدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋەدە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلاتتى.

— پىلىكلەرنى تەييارلاپ بولدۇڭمۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى قۇتلۇق غوجا.

— شۇنداق دادا، ھەممىنى تەييارلىدىم. ماۋۇ تۇرغىنى بۈگۈن كەچ ئۆيدە كۆيدۈرىدىغان پىلىكلەر، ماۋۇ تۇرغىنى ئەتە

قەبرىستانلىقتا كۆيدۈرۈلىدىغىنى، — دېدى كۈيپەرى تەييارلىغان پىلىكلەرنى دادىسىغا بىرمۇبىر كۆرسىتىپ.
قۇتلۇق غوجا پىلىكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۇھ تارتقىنىچە دېدى:
— قىزىم، قەبرە پىلىكى ئاز بولۇپ قاپتۇ، يەنە يەتتە جۈپ تەييارلىغىن، «زۇۋۇلتاش»قىمۇ چىقىپ، پىلىك كۆيدۈرىمىز، — دېدى.
— «زۇۋۇلتاش» تىمۇ زاراتگاھلىق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى كۈيپەرى ھەيران بولغان ھالدا.
— شۇنداق، قىزىم، ئۇ يەردىمۇ ئانا تەرەپ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەبرىسى بار. بۇ ھەقتە ئاناڭ رەھمەتلىك ساڭا بىر نەرسە دېمىگەنمىدى؟ — سورىدى قۇتلۇق غوجا قىزىغا قاراپ.
— ياق دادا، ئانام ماڭا ھېچنېمە دېمىگەن.
— ئۇنداقتا بىلىپ قال، قىزىم، — دېدى قۇتلۇق غوجا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — بوۋامنىڭ دەپ بېرىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا بۇ يەردە پەقەتلا يەتتە ئۆيلۈك كىشى ئىككى ئۇلۇس بويىچە ياشايدىكەن. بىر ئۇلۇستا نەۋرۇزباي ئىسىملىك بىر ئوۋچى يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ھەر خىل ئىلىم، ئايەت - دۇئالارنى ۋە جىن - شاياتۇنلارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش، بويسۇندۇرۇش قاتارلىق سېھىر - كارامەتلەرنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنلىرى تاغ - جىلغىلاردا ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ تاغلار ئارىسىدا بىرنەچچە كۈن مېڭىپتۇ. ئىنسان ئايىغى بېسىلمىغان بىر تاغنىڭ ئارىسىغا كىرسە، يىراقتىن ھەيۋەتلىك بىر چوڭ ئۆڭكۈرنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قىزىقىپ شۇ ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى، ئۆڭكۈر ئىچىدىن ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكىلار ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ «ئادەمزاتى يوق بۇنداق يەردە،

مۇزىكىنى كىم چىلىۋاتقاندۇ ؟ يا خاتا ئاڭلاۋاتامدىمەن؟» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ قايتا ـ قايتا ئاڭلاپتۇ، قىلچە خاتاسى يوق، يېقىملىق مۇزىكا ئىكەن، ئۆڭكۈر ئىچىدىن سۆڭەك نەي بىلەن داپنىڭ ئاۋازى ۋە توي بولۇۋاتقاندەك شاۋقۇن ـ سۈرەن چىقىپتۇ. ئۇ «بۇ يەردە ئادەمزات يوق ئىدى. بۇلار چوقۇم پەرىزاتلار» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە، سۈرە ـ ئايەتلەرنى ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ ئىتىنىڭ قاۋاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بېشىغا خالتا كىيدۈرۈپ، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى، شەپە چىقارماي ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا بىر توپ «پەرىزات» لار ھە دەپ نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقۇدەك، ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە گۈزەل رۇخسارلىق بىر ساھىبجامال قىز تويلۇق كىيىمنى كىيىپ، يىگىتى بىلەن تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. نەۋرۇزباينىڭ كۆزى شۇ ساھىبجامالغا چۈشۈشى بىلەن، يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قاپتۇ ـ دە، ئاشىق ـ بىقارار بوپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە تەپسىلىي قارىغانىكەن، ئۇلار ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ھە دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقۇدەك. بىر پەرىزات گۆش قايناۋاتقان چوڭ قازاندىن شورپىلارنى ئۇسسۇپ مۇلازىملىق قىلىۋېتىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە نەۋرۇزباي ئوۋ ئىتىنى كۆتۈرۈپ، ئوقتەك يۈگۈرگەن پېتى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. «پەرىزات»لار دەرھال كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى ساھىبجامال «پەرىزات» توققۇز قات توي كىيىمى كىيگەچكە ۋە چېچىغا چاچتەڭگە، چاچباغ ئېسىپ قويغاچقا، دەرھال كەپتەرگە ئايلىنىپ كېتەلمەپتۇ. ئاڭغىچە نەۋرۇزباي ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، ئوۋ ئىتىنىڭ قۇلىقىنى كېسىپ، قېنىنى ئۇنىڭغا چېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزات كەپتەرگە ئايلىنالماي ئۇچۇپ كېتەلمەپتۇ. نەۋرۇزباي ئوچاققا قارىغانىكەن، قازاننىڭ كىچىكلەۋاتقانلىقىنى

ھېس قىپتۇ. ئۇ ئوچاقنىڭ يېنىغا بارغۇچە قازان كىچىكلەپ بىر جامغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدا ئىككى يۇتۇملا شورپا قالغانىكەن. نەۋرۇزباي دەرھال جامنى ئېلىپ، شورپىنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئىچىپتۇ، يېرىمىنى پەرىزاتقا مەجبۇرىي ئىچۈرۈپتۇ. نەۋرۇزباي پەرىزاتنىڭ ھۆسن - جامالىغا قارىغانسېرى چوڭ ئۇستىگە چۈشكەن سېرىق مايدەك ئېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇ پەرىزات ئاپپاق يۈزىدە قىپقىزىل ھېقىقەتتەك مەڭزى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، قاپقارا يوغان كۆزلىرى بۇلاقتەك چاقناپ تۇرىدىغان، قويۇق ھەم ئۇزۇن چاچلىرى ئالتۇندەك پارقىراق، ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكى يېپىلىپ - ئېچىلىشتا كۈن - تۈننىڭ ئالمىشىشىنى ئەسلىتىدىغان، ئېلىپتەك قاڭشىرى ئاستىدىكى چىلاندەك لەۋلىرى ئۆزىگە شۇنچىلىك ياراشقان تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن، ھاي، ھاي... پەرىزاتنىڭ رۇخسارى ئالدىدا كۈنمۇ رەشك تارتىپ ئۆزىنى مىڭ پارە قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، نەۋرۇزباي ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلىپ، دېمىگەن گەپلىرى قالماپتۇ. بىراق، پەرىزات لام - جىم دېمەي ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ جىمجىتلا ئولتۇرۇپتۇ. نەۋرۇزباي ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ چاپچىپ تۇرغان ھېسسىياتىنى تەستە بېسىپ، پەرىزاتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپتۇ.

ئۇ پەرىزات بىلەن بولۇپ كېتىپ كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزمەي قالغانىكەن. نەۋرۇزباي كەلگەن يولنىڭ يىراق، خەتەرلىكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇ ئۆڭكۈردە كەچلەپ قېلىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. ئۇ ئوۋ ئىتىنى ئۆڭكۈر ئاغزىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى پەرىزات بىلەن ئۆڭكۈردە تۈنەپتۇ.

ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ پەرىزاتنى زۇۋانغا كەلتۈرەلمەپتۇ. ئۇ پەرىزاتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن كىرپىك قاقماي تاڭ

ئاتقۇزۇپتۇ. ئۇيۇق سۇزۇلۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۆچۈشكە باشلىغاندا پەرىزاتنى يۇدۇپ، ئۇۋ ئىتىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ. نەۋرۇزباينىڭ بىر پەرىزاتنى قولغا چۈشۈرگەنلىك خەۋىرى بىردەمدىلا ھەممە يەرگە پۇر كېتىپتۇ. چوڭلار ئۇنىڭدىن قاچان توي قىلىدىغانلىقىنى سوراپتىكەن، نەۋرۇزباي:

— ئۇنى قاچان زۇۋانغا كەلتۈرەلىسەم، شۇ چاغدا توي قىلىمەن ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نەۋرۇزباينىڭ كۆڭلى پەرىزاتنى تەسىرلەندۈرۈش بىلەن ئۆتۈپتۇ. لېكىن، پەرىزات پەقەت ئېغىز ئاچماپتۇ. بۇنىڭدىن نەۋرۇزباينىڭ دىمى سىقىلىپ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. بىر كۈنى نەۋرۇزباينىڭ كۆزى پەرىزاتلاردىن قېلىپ قالغان جامغا چۈشۈپتۇ - دە، دەرھال بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ پەرىزاتنىڭ كۆزىچە قۇرۇق جامنى ئوت ئۈستىگە قويۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن پەرىزات جامغا چىدىماي، «جام كۆيدى» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزات زۇۋانغا كېلىپ نەۋرۇزباي بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. نەۋرۇزباي خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى شېرىن سۆزلەر بىلەن ئىزھار قىپتۇ. پەرىزاتمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالدىن ئۇنى تولۇق خەۋەرلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭمۇ نەۋرۇزباينى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. نەۋرۇزباي ئاخۇن - موللىلارنى چاقىرىپ پەرىزاتنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. يەتتە كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ يۇرتىدىكىلەرنىڭ قەلبىنى شادلاندۇرۇپتۇ. يىراق - يېقىندىكى ھەممە ئۇلۇسلاردا پاشايدىغان چوڭ - كىچىك مېھمانلار كېلىپ پەرىزاتنى تاماشا قىپتۇ. پەرىزاتنىڭ گۈزەل جامالىدىن ھەممە كىشى ھەيرەتتە قاپتۇ. «دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ چىرايلىق قىز بولىدىكەن - ھە؟ !» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ.

نەۋرۇزباي گويا ئاسماندىن ئۆيگە يۇلتۇز چۈشكەندەك،

پەرىزاتنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن ئۆي ئىچى يورۇپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ. پەرىزات چوڭقۇر مېھرى بىلەن نەۋرۇزبايغا قاراپ:

— مېنىڭ ئىسمىم قارىيەخان، سىزگە ئىككى تۇرلۇك شەرتىم بار. بىرىنچىسى، مەن تاماق ئېتىدىغان، نان پىشۇرىدىغان ۋاقتىمدا ماڭا قارىمايسىز. ئىككىنچىسى، چېچىمنى تارىغاندا مېنى مارىمايسىز، — دەپتۇ.

نەۋرۇزباي خۇشاللىق بىلەن بۇ ئىككى شەرتنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇلار ئاجايىپ باياشات، كۆڭۈللۈك، خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. يىللاسېرى بايلىقى كۆپىيىپ، ھەممە نەرسىسى تەل چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ. لېكىن، كۈن، ئاي، يىل ئۆتكەنسېرى پەرىزات شەرت قىلغان ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكى نەۋرۇزباينى بىئارام قىپتۇ. ئاخىر ئۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئايالى قارىيەخاننى مەخپىي كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى نەۋرۇزباي سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالى قارىيەخانغا :

— مەن ناھايىتى يىراق بىر يەرگە ئوۋغا بارىمەن. ئالاھازەل بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، — دەپ، ئوۋ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. لېكىن، ئۇ مېڭىپ ئانچە يىراققا بارمايلا ئۆزىنى پىنھانغا ئاپتۇ. ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمگەن بىر كۈنى، ئۇ شەپە چىقارماي ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن ئايالىنى ماراپتۇ. ئۇ شۇنداق دىققەت قىلىپ قارىسا، ئايالى تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئۇننى ئېلىشقا چېچى قاردەك ئاقارغان بىر خىزىر ئانا پەيدا بولۇپ، تاماقنى، ناننى بىردەمدىلا پىشۇرۇپ، تەييارلاپ بېرىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايالى قارىيەخان ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ، ئالتۇن تارغاق بىلەن چېچىنى تارايدىكەن. ئۇنىڭ چېچى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن نەۋرۇزباي ھەيرانلىق ئىچىدە بىر ھازا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. نەۋرۇزباي ئايالىغا سەزدۇرۇپ

قويماسلىق ئۈچۈن سىرتتا ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە كەلگەندە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك، پەقەت چاندۇرماپتۇ. ئايالىدىنمۇ بۇ ئىشلارنى سوراشقا پېتىنالماپتۇ. بىر كۈنى نەۋرۇزباي قارىيەخان بىلەن داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقاندا قارىيەخان ئۇنىڭغا قاراپ:

— سىز ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلماي مېنى يوشۇرۇن مارىدىڭىز، ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، ئەمدى ئىشلەپ تاپقاننى يەپ كۈن كەچۈرىمىز، — دەپتۇ.

نەۋرۇزباي ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغىنىغا ئىنتايىن ئۆكۈنۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئادەتتىكىدەك غورىگىل ئۆتۈپتۇ. كېيىن پەرىزات قارىيەخان بىر قىز تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭغا «سۇلتانىم» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. قىزى سۇلتانىم ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى پەرىزات قارىيەخان يەنە قورساق كۆتۈرۈپتۇ. قورسىقىدىكى بوۋاق يەتتە ئايلىق بولغاندا ئېرى نەۋرۇزباي ۋاپات بوپتۇ. پەرىزات قارىيەخان بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇ ئېرىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئوغلىغا «نەۋرۇزباي» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. قارىيەخان پەرزەنتلىرىنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ تەربىيەلەپتۇ. باللىرىمۇ ئوبدانلا ئەقىل كىرىپتۇ. ئۇلار ئانىسىغا ياردەملىشىدىكەن، كۆيۈنىدىكەن، دائىم جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ بېرىدىكەن.

بىر كۈنى قارىيەخان باللىرىغا:

— باللىرىم، سىلەر كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلارنى ماڭا ھەرگىز دېگۈچى بولماڭلار، — دەپتۇ. باللارمۇ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى دېمەسلىك ھەققىدە ئانىسىغا ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەدە ـ ئىنى قىزىلقۇرۇم دېگەن يەرگە ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئوتۇن تېرىۋاتسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىر قارا كەپتەر ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. كەپتەردىن

«قارىيەخان ئاناڭ ئۆلدى، قارىيەخان ئاناڭ ئۆلدى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەدە ـ ئىنى ئۆيگە قايتىۋېتىپ ئۆزلىرى كۆرگەن كەپتەر، ئاڭلىغان ئاۋازنى ئانىسىغا دېيىش ـ دېمەسلىك ھەققىدە تالىشىپتۇ.

سۇلتانىم: «بۈگۈن كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى ئانىمىزغا دېمەيلى، بىز شۇنداق ۋەدە بەرگەن» دەپتۇ ئىنىسىغا. ئىنىسى نەۋرۇزباي: «مەن چوقۇم ئانامغا دەيمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلسە، ئانىسى خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپتىكەن. نەۋرۇزباي كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئانىسىغا دېمەكچى بولغاندا، ھەدىسى سۇلتانىم ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قارىيەخان: «بولدى قىزىم، ئۇنى توسما، ئۇ ئېيتىشقا نىيەت قىلغان بولسا قېنى دېسۇن» دەپتۇ. قارىيەخان ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن، قارا كەپتەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق مەيۇسلەنگەن ھالدا قىگراقنى قولىغا ئېلىپ: «ئىلاھىم، ئوغۇل ئەۋلادى بەرىكەت تاپمىسۇن، قىز ئەۋلادى كۆكلەپ ياشنىسۇن» دەپ ۋارقىراپلا ئالدىدىكى يۇغۇرۇلغان خېمىرنى قىگراق بىلەن ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، خېمىر ئىچىگە كىرىسىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ چىچىنىڭ ئۇچى سىرتتا قاپتۇ. شۇ ئان بۇ خېمىر يوغان بىر تاشقا ئايلىنىپتۇ. شۇڭا، ئۇ تاشنى «زۇۋۇلتاش» دەپ ئاتىشىدىكەن، — دېدى قۇتلۇق غوجا ۋە گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇپ — قىزىم، بىزلەر ئەنە شۇ نەۋرۇزباي بىلەن قارىيەخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنمىز، — دېدى.

— ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى كۈيپەرى، — شۇڭا ئانام پىلىك كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئاتايىن بېرىپ تۇرغانىكەن ـ دە؟!

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ھىدايەت ئانىسى ئاپتاپ بىلەن چىرايلىق داستىخان راسلاپ، قۇتلۇق غوجا بىلەن قىزى كۈيپەرىنىڭ قارىسىنى ئوشتۇپ قويۇش ئۈچۈن

ئۆلارنىڭكىگە كەلدى. قۇتلۇق غوجا، كۇيپەرى ئۆلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ كۇتۇۋالدى. ئاپتاپ قۇتلۇق غوجىنىڭ ئالدىغا چىرايلىق تاشلانغان تۇماق، بىر ئۇزۇن بەقەسەم چاپان قويدى. كۇيپەرىنىڭ بېشىدىكى قارلىق كۇلتىسىنى (قىزلار كىيىدىغان باش كىيىم) ئېلىۋېتىپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۇدەك گۈل چەككەن كۇلتىنى كىيدۇردى. چىرايلىق تىكىلگەن قىزىل تاۋار كۆڭلەكنى ئالدىغا قويدى.

— ئۆلۈم ھەممىزنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، بۇ بىر تەقدىر. ھايات قالغانلار قارىلىق ئىچىدە ياشىساق بولمايدۇ، ئاينىڭ قاراڭغۇسى بىلەن يورۇقى قېرىنداش، ھاياتنىڭ قايغۇسى بىلەن خۇشلۇقى ئارىلاش دېگەندەك، ھاياتنىڭ ئاچچىق كۈنلىرىمۇ، خۇشال كۈنلىرىمۇ بېشىمىزغا كېلىپ تۇرىدۇ. ئەمدى سەۋر قىلىپ هازىدارلىق - قارىلىق كىيىمنى تاشلاپ قەددىڭلارنى رۇسلاڭلار، — دېدى ئاپتاپ قۇتلۇق غوجىنىڭ قولىغا، كۇيپەرىنىڭ كۆزلىرىگە ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت سىڭلىم، — دېدى قۇتلۇق غوجا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— تاغا، بىزگە خەۋەر بېرىپ تۇرغايسەن. قانداق ئىشلار بولسا ماڭا «ھايت» دېسەڭ مەن تەييار! — دېدى ھىدايەتمۇ سەممىيلىك بىلەن.

## توققۇزىنچى باب

# دەھشەتلىك قىرغىن

1798 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن تۇرلۇك گۈل ـ گىياھلارنىڭ بەرگىنى سارغايتقان بولۇپ، تاغدۇمبۇش يايلىقى مەمۇرلۇق، توقلۇقنى نامايان قىلىدىغان ئالتۇندەك سېرىق لىباسىنى كىيگەنىدى . ھاۋانىڭ ياخشى بولۇپ بېرىشى بىلەن كەچ كۈزنىڭ سوغۇق ئېقىمى تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. ھاۋانىڭ ياخشىلىقىدىن، ئوت ـ چۆپنىڭ موللىقىدىن چارۋىچىلار يازلىق يايلاقتا ئۆزاقراق تۇرۇشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشۈپ، تېخى كۈزلۈك يايلاققا كۆچمىگەنىدى. بىرقانچە يىلدىن بېرى بۇ يايلاققا ئامەت نۇرى چۈشكەندەك، ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ، رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، بەئەينى تاجىك قىزلارنىڭ چېۋەر قولىدا كەشتىلەنگەن جىلۋىدار كەشتىلەردەك ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. يىللارنىڭ ياخشى كېلىشى، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى، بۆلاڭ ـ تالاڭنىڭ ئازىيىشى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرى كۆپىيىپ، ھال ـ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، پامىرنىڭ بايلىرىغا ئايلانغانىدى . تاغدۇمبۇش يايلىقى «داڭباش قوينىڭ كانى» دېگەن

نام بىلەن تونۇلدى. بۇ يەردىكى داڭىباش قويى ئىنتايىن ئېسىل قوي نەسلى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇركۈتنىڭكىدەك ئەگمە تۇمشۇقى، نازىنىن قىزنىڭ يېڭىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن قۇلىقى، تۇلپار ئاتنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن بويىنى، پامىر ئارقارىنىڭ پۇتىدەك ئۇزۇن پۇتى، مىس قازاندەك چوڭ قۇيرۇقى، قوتازدەك يوغان گەۋدىسى ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. بۇ داڭىباش قويى چاقناپ تۇرغان گۆھەردەك كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، يېقىن ـ يىراقتىكىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ سېتىۋالىدىغان سورتىغا ئايلانغانىدى. بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ، بەختىيار كۆڭۈللەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ۋۇجۇدىدىن ئادىمىيلىكنىڭ زىياسى ئۆچكەن، خەلقنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان نايىب باشچىلىقىدىكى بۇلاڭچى باندىتلار بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ رەزىل پىلانىنى تۈزۈپ، جىددىي تەييارلىق قىلماقتا ئىدى.

نايىب قوقەن خانى مەدەلخاننىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان سەركەردىسى يۈسۈپنىڭ يېقىن چوماقچىسى بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق قىلىش، بىگۇناھ چارۋىچىلارنى قىرغىن قىلىپ، چارۋا ماللىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئىشىغا ئايلانغانىدى. ئۇ بۇلىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يۈسۈپكە ۋە يۈسۈپ ئارقىلىق خانغا ھەدىيە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇشتۇمزورلۇق قىلىشى ئۈچۈن زور ئارقا تىرەككە ئېرىشكەنىدى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، كۆزنىڭ تىنىق ئاسمىنىدىكى قۇياش ئۆزىنىڭ دەستە ـ دەستە نۇرلىرى بىلەن پۈتكۈل پامىرنىڭ تاغ ـ يايلاقلىرىنى سۆيۈپ تۇراتتى. نايىب كەيپى خۇش ھالدا، يۈسۈپنىڭ تۇرالغۇسىدىن چىقىپ، دەرۋازا

ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ھەمراھلىرى بىلەن ئۇدۇل ئۆزىنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى سەل جىددىيلەشكەندەك ئالدىراش كۆرسىتىپ، ھەمراھلىرىنى ئۆيگىمۇ تەكلىپ قىلماي، ئىشىك ئالدىدىلا ئۇلارغا جىددىي ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياقا چاپتۇردى. ئۆزىمۇ ئۆيگە كىرمەي ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئۇششىرتقىنىچە ئىشىك ئالدىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بۇلاقنىڭ بېشىغا كەلدى. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى شۇنچە سۈزۈك ئىدىكى، سۇ ئاستىدىكى ئوت ـ چۆپنىڭ يىلتىزلىرىدىن تارتىپ ياشاش ئۈچۈن مىدىرلاۋاتقان كىچىك جانىۋارلىرىغىچە ھەممىسىنى شۇنچە ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

نايىب بىر خىل قىزسىقىش بىلەن بۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئاڭغىچە نەدىن پەيدا بولدىكىن، بىر توپ يىلقا چاپقىنىچە بۇلاق ئېقىنىغا دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى لاي ـ لاتقىغا ئايلاندى. سۇ ئىچىدىكى جانىۋارلار تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. نايىب لېيىغان بۇلاق سۈيىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئەتراپقا سەپسالدى. بۇلۇتسىز ئاسماندىكى ھارارەتلىك قۇياش يايلاق، يول، داۋان، چوققىلاردىكى قارلارنى ئېرىتىپ، مۇز قاتلىمىغا يەتكۈزگەندى. بۇ كۈنلەردا قار بىلەن قاپلىنىدىغان تاغ ـ داۋانلارمۇ يازنىڭكىدەك يالىڭاچ ئىدى، ھەممە يەر سېرىق ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتىدىغان كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىمۇ يازنىڭكىدەك ئىللىق ئىدى.

— نېمىدېگەن ياخشى ھاۋا بۇ، — دېدى نايىب ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇنىڭ ئورا كۆزى ئانچە يىراق بولمىغان ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان پاقلانلارغا چۈشتى، — نېمىدېگەن سېمىز قويلار بۇ؟ ھە راست، چارۋىنىڭ سەمرىگەن پەسلى بۇ، — دېدى ئاستا

پىچىرلاپ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇلاڭچىلىقنىڭ بېسىقماس، قۇتراتقۇ
ھەۋەسلىرى ئوت بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. شۇملۇقتا تولغان
كاللىسىدا باشقا ئاۋۇللارغا تاجاۋۇز قىلىپ، چارۋا ماللارنى
خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنىڭ رەزىل پىلانى تۈزۈلۈشكە
باشلىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېگەن ئاۋاز بىلەن نايىب ئۆزىگە
كېلىپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا گۇرگىك
ھىجىيىپ تۇراتتى. گۇرگىكنى كۆرگەن نايىبنىڭ گۇلقەقەلىرى
ئېچىلىپ، غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى .

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، ئىنىم، — دېدى نايىب
گۇرگىكنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —
مەن سېنىڭ مەلۇماتىڭغىلا قاراپ قالغانىدىم. بولمىسا ئاللىقاچان
ئۇ تەرەپكە ئۆتكەن بولاتتىم، — دېدى. ئۇ گۇرگىكنىڭ مۇرىسىگە
بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟ يول
ئەھۋالىچۇ؟ تاپان ھەققى چىققۇدەك مال، ئوقەتلەر بارمىكەن؟

— ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولنى بىلگەندەك بىلىپ
كەلدىم — دېدى گۇرگىك ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، —
تاغدۇمبۇشنىڭ يايلىقى بەك گۈزەل، ئادەملىرى باي - باياشات،
چارۋا ماللىرى قانچىلىك ئالساڭ بىز تەييار دېگەندەك كۆپ
ئىكەن. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك چوڭ - چوڭ قوچقارلار،
چۇپۇرى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرغان زور ئۆچكىلەر، «ئۇپۇراڭ
بۇقىسى» دەيدىغان ئاجايىپ يوغان قوتازلار بار ئىكەن. مەن
ئۆمرۈمدە بۇنداق كۆپ سورتلۇق چارۋىنى كۆرمەپتىمەن ...

نايىب ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قالدى. بايلىق
ۋەسۋەسىسى ئۇنىڭ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ۋۇجۇدىنى
پاراسلىتىپ كۆيدۈرەتتى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى نەچچە مىڭ، ھەتتا

نەچچە تۇمەن چارۋا مالنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— ئۇ تەرەپتىكى چارۋىلارنى ئەكېلىدىغان ۋاقىت بولدى، — دېدى نايىب كەسكىنلىك بىلەن. گۈرگىك پەرمانىڭغا بەردارمەن دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

بۈگۈن ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، تاغدۇمبۇشىنىڭ گۈلگۈن چېھرىنى بىر خىل سوغۇق قارا تۇمان قاپلاشقا باشلىدى. دەسلەپتە قىبلە تەرەپتىن پەيدا بولغان قارا بۇلۇت ئاستا شەرققە سۈرۈلۈپ، بىر دەمدىلا پۈتۈن ئاسمانغا قارا كىگىز تارتقاندەك ھەممە يەرنى قاپلىدى. مەغرۇر مويسىپىتتەك تۇرغان ئاق باش تاغلارمۇ قارا تۇمان ئىچىدە غايىب بولدى. بىر خىل سوغۇق شامال ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان تاغگۈللىرىنىڭ بەرگىگە زەرب بىلەن تەگمەكتە. يايلاقتا ئارامبەخش ساپ ھاۋادىن ئەسەر قالمىغانىدى. بۇ ھال كىشىلەرگە كۈز بىراقلا قىشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك تەسىرات بېرەتتى.

دەۋلەتشاھ ھاۋا رايىنىڭ بۇ ئۆزگىرىشىدىن ھەيران قېلىپ «بۇ ئەمدى قانداق ھاۋا بولدى؟» دېگىنىچە پات ـ پات ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن سىرتقا قارايتتى. ئۇ قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسماندىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. نەۋرىسىدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتقان كۈيمېھرى موماي تالاغا چىقماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىشىغا قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلگەن شىددەتلىك بوران ئۇنى بىرقەدەممۇ ئالغا ماڭدۇرماي، ئىشىكنى دەرھال يېپىشقا مەجبۇر قىلدى. موماي ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغان ھالدا ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يادەك ئېگىلگەن قامىتى، ئاپپاق قاردەك ئاقارغان چېچى، سۇيى تارتىلغان بۇلاقتەك پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى، تەرەپ ـ تەرەپكە تارتىلغان چوڭقۇر قورۇقلىرى دەۋلەتشاھنىڭ يۈرىكىنى تۇز سەپكەن ياردەك

ئىچشتۇرۇۋەتتى. بىردىن كۆز ئالدىدىن ئانىسىنىڭ يايلاقتا «ماڭىمەن» دەپ تۇرۇۋالغان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولدى.

دەۋلەتشاھ ئايالى ئاپتاپ، ئوغلى ھىدايەت بىلەن تاغدۇمبۇش يايلىقىدا تۇرۇپ چارۋا باقاتتى. ياشانغان دادىسى ئاريىانى بىلەن ئانىسى كۈيمىھرى ئىنىسى دارىبشاھنىڭ يېنىدا كەنتتە تۇراتتى. كەنت بىلەن يايلاقنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، دائىم كۆرۈشۈپ تۇرۇش تەسكە چۈشەتتى. بىر ئاي نەۋرىسىنى كۆرمىگەن موماي «نەۋرەمنىڭ قېشىغا بارىمەن» دەپ مەھكەم تۇرۇۋالدى. دەۋلەتشاھ:

— ئانا، ياشىنىپ قالدىڭ، ئۇ يەرگە بېرىشقا سالامەتلىكىڭ يار بەرمەيدۇ، مەن بېرىپلا ھىدايەتنى ئەكېلىمەن، — دېدى.

— ياق، بالام، ھىدايەت بۇ يەرگە قايتىپ كەلسىلا چارۋىلارنى بېقىشقا يېتىشەلمەي قالىسىلەر. مەن ھېچنېمە بولمايمەن، بارىمەن دېدىمۇ چوقۇم بارىمەن. ئەگەر سەن مېنى ئەكەتمىسەڭ، دارىبشاھ بالام مېنى ئاپىرىپ قويىدۇ.

مومايىنىڭ تەرسالىقىنى بىلگەن دەۋلەتشاھ ئامالسىز ئۇنى يايلاققا ئېلىپ ماڭدى.

توقسان سەككىز ياشقا كىرگەن ئاريىانى بوۋايمۇ ئورنىدىن ئاران مىدىرلايتتى. دەۋلەتشاھ ئىنىسى دارىبشاھقا بوۋايغا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ، كۈيمىھرى مومايىنى ئېلىپ يايلاققا ماڭدى. كۈيمىھرى موماي يايلاققا كەلگەندىن كېيىن، نەۋرىسىنى كۆرۈپ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى. لېكىن، بۇگۈنكى ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى دەۋلەتشاھنى ئانىسىدىن ئەنسىرەتكۈزدى.

— ئانا! ئۆزۈڭنى جىددىيلەشتۈرمە، ھىدايەتكە ھېچ ئىش بولمايدۇ، ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى دەۋلەتشاھ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

بوران ـ چاپقۇننىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ چارۋىلارمۇ

يايلاقلاردىن بۇرۇنلا قايتىپ كەلدى. پادا بېقىشقا كەتكەن بالىلارمۇ قېلىپ قالغان چارۋىلارنى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى. سوغۇق دەستىدىن ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

— بۇ قانداق ھاۋا بولدى؟ ھەش - پەش دېگۈچە چىللە كىرگەندەك بولدىغۇ؟ — دېدى ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن سىرتقا قاراۋاتقان دەۋلەتشاھ.

— قاتتىق بوران چىقىۋاتىدۇ، چارۋىلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كەلدى، بىزمۇ يۇگۈرگىنىمىزچە ئاران ئۆيگە كېلىۋالدۇق، — دېدى ھىدايەت دادىسىغا قاراپ.

ھىدايەتنىڭ كاللىسىدىن «كۆيپەرى قانداق قىلغاندۇ؟ ئۆيىگە بارالىغانمىدۇ؟ سوغۇقتا قالغانمىدۇ؟...» دېگەنلەر كەچتى.

سوغۇق دەستىدىن ھېچكىم ئۆيدىن چىقمىدى. قوتازلار، قويلارمۇ يىراققا كەتمەي، قورۇ ئەتراپىنى چۆرگۈلەپ يۈردى. ھەممە كىشى ئۆيدىن چىقمىغاچقا بۇ يەردە بىر خىل غەيرىي جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز «پاك - پۇك !» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممە ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن داڭ قېتىپ قېلىشتى. ئۈچ يۈزگە يېقىن ئاتلىق بۇلاڭچىلار تۇيۇقسىز قويلارغا ئېتىلغان ئاچ بۆرىدەك كۆرگەنلا ئادەمگە قىلىچ ئۇراتتى، ئۇلار قانخورلۇقتا چېكىگە شۇنداق يەتكەنىدىكى، ئاياللار، بالىلارمۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى. يىراقتىكىلەرنى ئوققا تۇتاتتى، يېقىندىكىلەرگە قىلىچ ئۇراتتى، نەيزە سانجىيتتى. پۈتۈن يايلاقنى قىيامەت ۋەھىمىسى ئىلكىگە ئېلىپ، بىردەمدىلا قىيا - چىيا قاپلاپ، قان سەلدەك ئاقتى.

بىر بوۋاينىڭ: «ھاي، ئۇنداق قىلماڭلار، بىز ھەممىمىز ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان، چارۋا ماللىرىمىزنى، ۋەج - ئوقەتلىرىمىزنى خالىغانچە ئېلىڭلار، قان تۆكمەڭلار، ئادەم

ئۆلتۈرمەڭلار !» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاينىڭ يەنە دەيدىغان گەپلىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بىراق ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىر قانخور بىر قىلىچ بىلەن بوۋاينىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

بۇلاڭچىلارنىڭ ئاتامانى نايىب كۆرەڭلىكتە چېكىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان، ئادەم سۇرەتلىك ئالۋاستىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئۇچرىغانلا ئادەمنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن:

— بىرمۇ جان تىرىك قالمىسۇن، ئولجىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مال ئىگىلىرىنى تەلتۆكۈس كۆزىمىزدىن يوقىتىشىمىز كېرەك ! — دەپ ۋارقىرايتتى.

تەييارلىقسىز تۇرغان چارۋىچىلار بۇ دەھشەت قىرغىنچىلىقتىن ئەس - هوشىنى يوقاتقانىدى. ئانا - بالىلارنىڭ نالىسىمۇ بۇ بۇلاڭچىلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتالمىدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ مەخلۇقلارنىڭ كۆزىگە بۇ يەردىكى ئادەملەر چىۋىنچىلىكمۇ كۆرۈنمەيتتى. دەۋلەتشاھقا بۇ يەردە زامان ئاخىر بولىغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالدى.

— بالام ھىدايەت، سەن دەرھال بېرىپ قوشنىلارغا يەتكۈز، بۇلاڭچىلار بىلەن ئېلىشايلى، — دېدى دەۋلەتشاھ غەزەپكە تولۇپ.

— بولىدۇ دادا، — دېگىنىچە ھىدايەت ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

— بالام، سەن چىقما، ئۇلار بىلەن ئېتىشىپ بولالمايسەن، ئۇلار سېنى ساق قويمايدۇ. ماللىرىمىزنى ئەكەتسە مەيلى، — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ دەۋلەتشاھنىڭ پېشىگە ئېسىلدى كۈيمېھرى موماي.

— ئانا، بۇ يەردە تۇرساممۇ ئۇلار بەربىر كېلىپ بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسەم يۈزۈم يورۇق بولىدۇ. مېنى توسما، سىلەرنى قوغداپ قالالمىساممۇ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۆلسەم مەن رازى. ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسەم روھىم ئۇ دۇنيادىمۇ قورۇنمايدۇ.

— بوپتۇ بالام، خۇدايىم ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن. ھىدايەتنى قوغدا! ئۇ تېخى گۆدەك، ئېپىي كەلسە ئۇنى قاچۇرۇۋەت، ئۇنىڭغا خېيىم ـ خەتەر يەتمىسۇن، — دېدى كۈيمېھرى موماي. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى.

دەۋلەتشاھنىڭ غەزىپى تېشىپ، نەيزە، ئوقياسىنى ئېلىپ، باتۇر بۈركۈتتەك دۈشمەنگە ئېتىلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرقانچە چارۋىچىلارمۇ جەڭگە كىردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە قارىماي دۈشمەن بىلەن شۇنداق قاتتىق ئېلىشتىكى، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىدىن تاغلارمۇ جاي ـ جايىدا قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. دەۋلەتشاھ بىرقانچە بۇلاڭچىنى يەر چىشلەتكەن بولسىمۇ، كەينى تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئون نەچچە بۇلاڭچى ئۇنى نەگلا ئوققا تۇتتى. دەۋلەتشاھ كەينىچىلەپ ئاستا يەرگە يىقىلدى. بۇ ھال خۇددى بىر قارلىق تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك، مۇزتاغدىكى بىر چوڭ قارىغاي غاراسلاپ يىقىلغاندەك كۆرۈندى. ھەمراھلىرىمۇ بۇلاڭچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ھەممىسى باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

ئاپتاپ ئېرىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ چوڭ بىر شام (قوي قىرقىيدىغان قايچا) نى ئېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ بىر بۇلاڭچىنىڭ يۈرىكىگە تىقتى. بۇلاڭچى «ۋايجان!» دېگىنىچە گۈپپىدە

يىقىلدى. ئۈچ ـ تۆت بۆلاكچى بىراقلا ئاپتاپقا كەينى تەرەپتىن ئوق ئاتتى. مەيدىسى قىپقىزىل قانغا بويالغان ئاپتاپ كەينىچىلەپ بېرىپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى دەۋلەتشاھنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. ھېچقانداق قارشىلىقى يوق ئايالار ـ باللارمۇ بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالمىدى.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئايالار ـ باللارنىڭ دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ھىدايەت ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ يېشى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭغا جاھان بىراقلا قاراڭغۇلۇققا پېتىپ كەتكەندەك، ئادەم سۈرەتلىك يىرتقۇچ ھايۋانلار پەيدا بولۇپ يايلاقتىكىلەرنى بىراقلا يەپ تۈگەتكەندەك بىلىندى. ئۇ غەزىپى تاشقان شىر بالىسىدەك ئۇياق ـ بۇياققا چاپاتتى. قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېلىپ بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئاتاتتى.

ئۇ بىر بۆلاكچى بىلەن تۇتۇشۇۋاتقاندا بەش ـ ئالتە بۆلاكچى يۇپۇرۇپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ھەرقانچە تېپىرلىغان بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدىن بوشىنالمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كۇيمېھرى موماي «نەۋرەمنى قويۇۋېتىڭلار !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇلار تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. موماي بىر يىقىلىپ، بىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى. مومىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھىدايەت بار كۈچى بىلەن: «موما، بۇ تەرەپكە كەلمە ! بۇ قانخورلار سىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ !» دەپ ۋارقىرىدى. موماي ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭقىرالمايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھىدايەتتە قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شاپتۇل شۆپىكىدەك نېپىزلەپ كەتكەن لەۋلىرى: « بالام ھىدايەت !» دەپ پىچىرلايتتى. ھىدايەتنى تۇتقان قوللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، ئۇلار ھىدايەتنى ئەمەس، مومايىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى. ئاخىر موماي كۈچكە

كەلدى. ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خىرقىراپ چىقىۋاتقان ئاۋازى بىلەن: «ھەي، ئاللا ياراتقان ئىنسان بولساڭلار، بۇ گۆدەك بالىنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭ ئورنىدا مىنى ئۆلتۈرەمسىلەر، چاپامسىلەر، مەن رازى ! ــ دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

مومايىنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرى بۇلاڭچىلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇلار ھىدايەتنى چەمبەرچاس باغلىغاندىن كېيىن، مومايغا قاراپ ئېتىلدى. مومايىنىڭ ئۇلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى مىتمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغان قىياپىتى ئاق باش تاغقا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق چاچلىرى مۇزتاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇيىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر ئۇلۇغ ئانىغا خاس جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇلاڭچىلارنىڭ قىلىچى ئاخىر مومايىنىڭ بويىنىغا ئۇرۇلدى. ھەيۋەتلىك تاغ ئۇستىدىكى قار پەسكە سىيرىلغاندەك مومايىنىڭ بېشىمۇ قارلىق دالاغا دومىلاپ چۈشتى. مانا بۇ ئۇلۇغ ئانا ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئالدىدا تىك تۇرۇپ، مەردلەرچە قۇربان بولدى.

كۈيپەرنىڭ ئۆيى بۇ يايلاقتىن خېلى پەس تەرەپتە بولۇپ، بۇ يەردىن بىرەر چاقىرىمچە كېلەتتى. بۇگۈنكى قىرغىنچىلىقنى يىراقتىن كۆرگەن كۈيپەرنىڭ دادىسى قۇتلۇق غوجا ئۆلۈش ـ تىرىلىشكە قارىماي ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كۆزىگە يولنىڭ ئوي ـ دۆڭى كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ، ھاسىرىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ ھودۇققان ھالدا:

ــ قىزىم، تېز بول ! بۇلاڭچىلار ھازىر يېتىپ كېلىدۇ، يايلاقتا زامان ئاخىر بولدى . بۇلاڭچىلار قېرى ـ ياش، ئايال ـ

بالا دېمەي ھەممىنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. بىز دەرھال جىنىمىزنى ئېلىپ قاچايلى، — دېدى.

ئوچاققا ئوت قالاۋاتقان كۈيپەرى قولىدىكى ئوتۇننى تۇتقان پېتى خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. جىددىيلەشكەن قۇتلۇق غوجا:

— قىزىم، تېز بولمامسەن؟ — دەپ قولىدىن تارتقاندا، كۈيپەرى ئۆزىگە كېلىپ:

— دادا، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ئەندىشە بىلەن.

— قىزىم، بۇلاڭچىلار كېلىپ يايلاقتىكى ھەممەيلەننى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — ئۇلار بۇ يەرگىمۇ ھازىر يېتىپ كېلىدۇ. بىز دەرھال جىنىمىزنى ئېلىپ قاچايلى !

كۈيپەرى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم كۆڭۈل بېغىغا تۇيۇقسىز ئۇششۇك تەگكەندەك ئىچى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ تىت - تىت بولۇپ ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە سورىدى :

— دادا، نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىۋالامدۇق؟

— ياق، قىزىم، ئۆلگۈرمەيمىز، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، ئاۋۋال جىنىمىزنى ئېلىپ قاچايلى !

كۈيپەرى ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشەندى.

— ماقۇل دادا، مانا ماڭدىم، — دەپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ، مورا بېشىدىن ھېلىقى سۆڭەك نەينى ئېلىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ يۈگۈردى.

— دادا، نەگە بارىمىز؟

— بالام، ئالدى بىلەن بۇ يەردىن بىرەر كۈنلۈك يىراققا بېرىپ جىنىمىزنى دالدىغا ئالايلى، ئاندىن نەگە

بارىدىغانلىقىمىزنى ئويلىشارمىز.

— دادا، دەۋلەتشاھ تاغاملار قانداق بولغاندۇ؟ ھىدايەتچۇ؟ — ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

— قىزىم، ھازىر بىز ھېچنېمىنى بىلمەيمىز، ئۇلارنىمۇ خۇدايىم پاناھىدا ساقلار، كېيىن ئامان قالغانلاردىن ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلارمىز.

ئاسمان غەزەپتىن يېرىلغاندەك شامال ئارىلاش قار چۇشۇشكە باشلىدى. پۈتۈن يايلاق ماتەم تۇتقاندەك سۈكۈتكە پاتتى. تاغلاردىن ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شامال، نەي بىلەن ئورۇنلانغان مۇسىبەت مۇزىكىسىنى ئەسلىتىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزەتتى. مۇزتاغ چوققىسى، ئافراسىياپ چوققىسى، تاغدۇمبۇش چوققىلىرىنى بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، ئاق رومال ئارتقان ھازىدار ئايالدەك مەيۇس كۆرۈنەتتى.

بۇلاڭچىلار بۇ يەرنى گۆرستانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇلىغان بارلىق مال - مۈلۈكنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ، بارلىق چارۋىلارنى ھەيدەپ ماڭدى. تۆت - بەش بۇلاڭچى ھىدايەتنىڭ قولىنى باغلاپ سۆرىگىنىچە ئاتامانى نايىبنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— بۇ شۇمتەك بەك يامان ئىكەن، ھالىغا باقماي بىز بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشتى. تەستە تۇتۇپ كەلدۇق، ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇق؟

نايىب ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ھىدايەتكە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن:

— ئۇنىڭ لازىمى بار، ئۇنى ئات ئۈستىدىكى ئېگەرگە مەھكەم باغلاڭلار، قېچىپ كەتمىسۇن! كۆزىنى قارا لاتا بىلەن چىڭ باغلاڭلار، يولنى كۆرۈۋالمىسۇن، — دېدى.

ھىدايەت ئۇلارنىڭ ئۆزىنى نەگە ئەكېتىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبى قاتتىق ئۆچمەنلىككە تولغان

بولۇپ، ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى.

«بۇ ئەبلەخلەر ئاتا - ئانامنى مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى، مومامنىمۇ تىرىك قويماي چېپىۋەتتى، يۇرتداشلارنى قىرىۋەتتى. ئەمدى مېنى نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟ ئەگەر تىرىكلا قالسام چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن، قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن» دەيتتى ھىدايەت ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

بۇلاڭچىلار ھىدايەتنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەنىدى. تاغدۇمبۇش يايلىقىدىكى بۇ پاجىئەلىك بۇلاڭ - تالاڭنىڭ خەۋىرى پۈتۈن سەرىكۆينى تەۋرىتىۋەتتى. سەرىكۆي خەلقى ماتەملىك كىيىم كىيىپ ئۆلگەنلەرگە نەزىر - چىراغ قىلىشتى. تاجاۋۇزچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشتى. يۇرتتىكىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسى كېلىپ ئارىيانى بوۋاينى يوقلاپ كۆرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. دارىبشاھنىڭ كۆزلىرىدىن دەريادەك ياش ئاقسىمۇ، دادىسى ئارىيانىنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئامال قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى ياشانغان دادىسىغا بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشتى. لېكىن، ئارىيانى بوۋاي خىزىردەك ئادەم بولغاچقا، ھەممىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. بىر كۈنى ئۇ دارىبشاھنى چاقىردى.

— خوش، دادا، مەن كەلدىم، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ — دېدى دارىبشاھ دادىسىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ئارىيانى بوۋاي ئاران خىرقىراپ چىققان ئاۋازى بىلەن :

— بالام، مېنىڭ ھېچقانچە ۋاقتىم قالمىدى. پەرزىمچە تاجاۋۇزچى بۇلاڭچىلار تاغدۇمبۇشنى گۆرىستانغا ئايلاندۇرغان ئوخشايدۇ. بىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مۇشۇ زېمىندا ياشاپ

كەلدۇق، ئىزچىل تاجاۋۇزچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدۇق ھەم ئۇلار بىلەن قان تۆكۈپ ئېلىشتۇق. ۋەتەننى قوغداش مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ھەربىر جاننىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى. تاجاۋۇزچىلارغا ھەرگىز بىخەستەلىك ۋە رەھىمدىللىك قىلماڭلار. ھىدايەت نەۋرەم ھاياتلا بولىدىكەن، مۇشۇ ئىنتىقامنى ئېلىشىغا ئىشىنىمەن — ... بوۋاي سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا تىنىقى توختىدى. لېكىن، ئۇ ئەۋلادلارغا ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغانىدى.

## ئونىنچى باب

# ئالتۇن تاج

بىلگىنىكى، تاجىكىم زاتىڭ ئارىيان،
تارىختا تاجدار، دەپ نامىڭ ئاتالغان.
تاج بولۇپ ياشىدىڭ دۇنيادا ئىبىل،
روھىڭدىن گۈللەرگە پۈركەندى جاھان.

دارىبىشاھ قاتتىق مۇسىبەت ئىچىدە قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، تاغدۇمبۇشتىن ئانىسى، ئاكىسى ۋە يەڭگىسىنىڭ مېيىتىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆز جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقىدا يەرلىككە قويدى. كىشىلەرنىڭ ئايىغى بۇ قەبرىستانلىقتىن پەقەت ئۈزۈلمىدى. كىشىلەر بۇلارنى ۋەتەن ۋە يۇرتداشلار ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلغان ئەزىمەتلەر، دەپ قارايتتى. دىمىسىمۇ ئارىيان جەمەتى نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى مۇشۇ زېمىندا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشاپ كەلدى. تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز ئاپەتلىك يىللىرىدا بۇ زېمىندىن مېھرىنى ئۈزمەي، بەرداشلىق بېرىپ، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇردى. تاجاۋۇزچىلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كىشىلەرنى قىرغىن قىلغان ۋاقىتلاردا، بۇ زېمىننى تاشلاپ قاچماي، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بېرىپ ئانا يۇرتنى قوغداپ كەلدى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسمان سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇراتتى. شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان شەپەق سەرىكۆي تاغلىرىنىڭ ھۆسنىدە ئاق نۇر ھالقىلارنى پەيدا قىلىپ پارقىراپ تۇراتتى. سۈبھىنىڭ غۇبارسىز ئاق نۇرى سەرىكۆي يايلاقلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يورۇتماقتا ئىدى. كۆز پەسلىنىڭ سەھىرى شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، ئانچە ـ مۇنچە ئۇلار ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى. تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ شارقىراپ ئاقىدىغان دەريا سۈيىمۇ تارتىلىپ، ئەينەك پارچىسىدەك ئۇيەر ـ بۇيەردە پارقىراپ تۇراتتى. كىشىلەر، شۇنداقلا پۈتۈن سەرىكۆي جىمجىت ئۇيقۇدا ئىدى. دارىبشاھ شەرقتىن شەپەق جامال ئېچىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى. دارىبشاھ مىجەزى تۈز، كىچىك پېئىل، ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ ئاساسەن دادىسىغا ۋە ئاكىسى دەۋلەتشاھقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. كۆڭلى يۇمشاقلىقىدىنمۇ، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا زىيانلا تارتىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئاكىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. قولىقى يۇمشاق، ئۇلارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى.

دارىبشاھ بۇ جىمجىت سەھەردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە ئىسرىق سېلىش ئۈچۈن ئىسرىق خۇرۇچىنى ئېلىپ قەبرىستانلىققا بارىدىغان چىغىر يولغا چۈشتى. ئۇ قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ «دەرياب» ئالغاندىن كېيىن، ئوتۇن پارچىلىرىنى يىغىپ ئىسرىق سالىدىغان تاش ئۇستىگە قويۇپ چاقماقتاش بىلەن ئوت ياقتى. ئۇ ئوت ئۇستىگە ئىسرىق سېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى، ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلىدى: «دادا، خاتىرجەم ياتقىن، دېگەنلىرىڭنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن،

بۇ زېمىننى جان پىدالىق بىلەن قوغداپ چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن !» دېدى دارىبشاھ دادىسىنىڭ قەبرىسىگە يۈزىنى يېقىپ.

بىردىنلا دادىسىنىڭ دەۋلەتشاھ ۋە ئۆزىنى چاقىرىپ دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ قالدى:

بىر كۈنى ئارىيانى بوۋاي ئوغلى دەۋلەتشاھ بىلەن دارىبشاھنى ئۆيىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى قەدىمكى قازناققا چاقىردى. باللار قازناق ئۆيگە كىرىپ:

— خوش، دادا، — دەپ ئارىيانىنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

— باللىرىم، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئارىيانى بوۋاي ئۇلارنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — خوش، باللىرىم، يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. شۇڭا، سىلەرگە دەيدىغان ئازراق گەپ - سۆزلىرىم بار، ئاڭلاپ ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلاڭلار.

— دادا، قانداق گەپ - سۆز بولسا ئاڭلايمىز، — دېدى ئۇلار تەڭلا.

— باللىرىم، بىزنىڭ بۇ يەر دۇنيانىڭ بېشى، ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولۇپ يارالغان سىرلىق زېمىن. ئەجدادلىرىمىز بۇ زېمىندا نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ياشاش ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ئېتىقادىغا سادىق بولۇپ ياشاپ كەلدى. بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىز قۇياشقا يېقىن بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز دەسلەپتە قۇياش ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىپ ئاۋىستانى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىقىن قەبرىستانلىقىدا شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرى بار. ھازىرمۇ بىز قەبرە بېشىدا پىلىك كۆيدۈرىمىز. بۇ شۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ھازىرغىچە بىزدە ساقلىنىپ كەلگەن سارقىندىسى، — دېدى ئارىيانى بوۋاي باللىرىغا بىر

قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، — بۇ گەپلەرنى سىلەرگە دېيىشمەدىكى مەقسەت، بىزنىڭ بۇ زېمىن ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى. تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. ئەلمىساقتىن ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلدى. مۇشۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈش، قوغداش ئۈچۈن مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىز جېنىدىن ئايرىلدى، نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى. بۇ زېمىندا نۇرغۇن دىنىي ئېتىقادلار، نۇرغۇن پادىشاھلىقلار بارلىققا كېلىپ ئۆتتى. ھاياتلىق ئۇزۇلمەي تەرەققىي قىلىپ، مۇشۇ دەۋرگە يېتىپ كەلدۇق. تارىخنى ئۇنتۇماي، ھازىرقىنى قەدىرلەپ بۇ زېمىننى كۆز قارىچۇقۇڭلاردەك ئاسراڭلار، — دېدى ئاريىانى بالىلىرىغا زوز ئۈمىد بىلەن قاراپ.

— دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ تۇپراقنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ قېنىمىز بىلەن قوغدايمىز، — دېيىشتى ئۇلار.

ئاريىانى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تامدىكى تەكچىدىن سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقنى ئېلىپ پەسكە قويدى. ئاندىن بالىلىرىنى يېقىن كېلىشكە ئىشارەت قىلىپ، قويىنىدىن قوتاز چۇپۇرىدا ئېشىلگەن ئىنچىكە شوينىغا باغلاقلىق بىر جۈپ ئاچقۇچنى ئالدى. ھەممىنىڭ دىققىتى ساندۇققا مەركەزلەشتى. ئاريىانى ئۇزۇن تونىنىڭ پېشى بىلەن ساندۇق ئۈستىگە قونغان توپىلارنى سۈرۈۋېتىپ، ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئاچتى. سىپتا ئىشلەنگەن ئاق كىگىزگە يۆگەكلىك بولاقنى ئېلىپ يەشتى، ۋاللىداپ تۇرغان ئالتۇن تاج كۆرۈندى.

— بۇ قىرپاند پادىشاھلىقىدىن قالغان مىراس، — دېدى ئاريىانى ئۇنى بىر تەرەپتە قويۇپ. يەنە بىر بولاقنى ئاچتى، چىرايلىق قاتلاقلىق تۇرغان ئارقار تېرىسىگە كۆچۈرۈلگەن ئىرماش - چىرماش خەتلەر كۆرۈندى.

— بالىلىرىم، بۇ ئەجدادلىرىمىز قوياش ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلغان زاماندىكى ئاۋىستا كىتابىنىڭ ئارقار تېرىسىگە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى، — دېدى ئارىيانى، — بۇ نەرسىلەر ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ساقلاپ كەلگەن قىممەتلىك مىراس. بىز يەنە بۇنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. بۇ خەلقىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، — دېدى ئارىيانى بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا.

— بەكمۇ ئېسىل نەرسىلەر ئىكەن، — دېدى دەۋلەتشاھ ئالتۇن تاجنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ.

— تاج مىللىتىمىزنىڭ بىر خىل سىمۋولى، مىللىتىمىزنىڭ نامى تاجدىن كەلگەنىمىش، شۇ دەۋرلەردە «تاجىدارلار» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن تاجىك نامى بىلەن ئاتالغانىمىش، — دېدى ئارىيانى چۈشەندۈرۈپ، — بالىلىرىم، بۇ ئىككى تەۋەررۈكنى ئەمدى سىلەرگە تاپشۇردۇم، بۇنى چىڭ ساقلاڭلار، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماڭلار ! بۇنى ئىككىڭلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، — دېدى ئارىيانى قايتا - قايتا تاپىلاپ.

— بولىدۇ، دادا، بۇنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۇق، ھەرگىز ياتلارغا تارتتۇرۇپ قويمايمىز! — دېدى دەۋلەتشاھ بىلەن دارىبشاھ تەڭلا.

— بالىلىرىم، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بۇ نەرسىلەرنى دەپ تالاي قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ خەلقىمىزنى نۇرغۇن تالاپەتكە ئۇچراتقان. مىڭلىغان ئەزىمەتلىرىمىز جېنىنى قۇربان قىلغان. بوۋىلىرىمىز بۇلارنى تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە يوشۇرۇپ ساقلاپ بىزگىچە يەتكۈزدى. مەن يېقىندا بۇلارنى يوشۇرۇلغان ئۆڭكۈردىن ئېلىپ كەلدىم، بۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئانچە ئاسان ئەمەس.

بۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراسەت، چىدام ـ غەيرەت، قورقماسلىق ـ باتۇرلۇق كېرەك. ئەمدى بۇنى ساقلاش سىلەرگە قالدى. بۇنى ئۆزۈڭلاردىن باشقا ئىنس ـ جىن بىلمەيدىغان بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇپ ساقلاڭلار، ــــ دېدى ئارىيانى...

دارىبشاھ چۆچۈپ ئەسلىمىدىن ئۆزىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، بىردىنلا قارا تەرگە چۆمدى.

ــــ ئاپىلا، ئۇ نەرسىنى تېخى يوشۇرغۇدەك ئۆڭكۈر تاپالمىغاندۇق، ئاكام تۇگەپ كەتتى، مەن ئۇ نەرسىلەرنى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىم كېرەك، ــــ دېدى دارىبشاھ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ ۋە ئىت قوغلىغاندەك يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە قايتتى.

بۈگۈن دارىبشاھنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى: «بۇ نەرسىلەرنى نەگە قويسام بولار؟ بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ؟ ئەگەر ئۆيدىلا تۇرسا، ئۇلار كېلىپ ئۆينى ئاختۇرسا قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرەر»؟ ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردىن چۆچۈپ كەتتى. «ياق، بۇنى دەرھال ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇشۇم كېرەك. ئۇ ھەرگىز باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، بولمىسا ئاتا ـ ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن! ھەي، شۇ ھىدايەت بولغان بولسىمۇ بىشىم مۇنچە قاتماس ئىدى، ئۇ بالا چوقۇم مەن بىلەن بىللە باراتتى. دېگەنبىلەن ھىدايەت خېلى يەم ـ پاراسەتلىك چوڭ بولغانىدى، ئۇ بىچارە بالام نەدىدۇ؟ تىرىكمىدۇ يا ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟» دارىبشاھنىڭ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى.

دارىبشاھ تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، يىغىندىن قوتاز چۈپۈرىدا توقۇلغان تاغارنىڭ يېرىمىغا سامان قاچىلاپ،

ئوتتۇرىسىغا ساندۇقنى تىقىپ، يەنە ئۈستىگە لىقلاپ سامان قاچىلىدى. ئېغىزىنى شوينا بىلەن مەھكەم تىراپ چىگىتتى. ئاندىن ئۇنى قوتازغا ئارتىپ بولغاندىن كېيىن ئايالى نۇسرەتخاننى چاقىردى. نۇسرەتخان ئۆيدىن چىقىپ، ئېرىنىڭ بىر تاغار سامانني قوتازغا ئارتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ سەھەردە ساماننى نەگە ئاپىرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئوۋغا بارىمەن. ئۆتەر يول بولغاندىكىن بۇ ساماننى قىشلىق يايلاقتا تاشلاپ قوياي، كېيىن لازىم بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئايالىغا، — تېز بول، ماڭا ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك نان تەييارلاپ بەر، — دېدى دارىبشاھ بىر خىل ئالدىراشلىق بىلەن.

نۇسرەتخان ئارتۇق گەپ قىلمايلا دەرھال ئۆيگە كىرىپ تېرە خالتىغا لىققىدە نان قاچىلاپ چىقتى.

— تاغ يولى خەتەرلىك، كۆپرەك دىققەت قىل، تېزرەك قايتىپ كېلەرسەن، — دېدى نۇسرەتخان ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن.

دارىبشاھ تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلاردا بىر كۈن مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر چوڭ تاشنىڭ يېنىدا تۈنىدى. ئەتىسى يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن نەزەرئېقىن جىلغىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېگىز تاغ باغرىدا بىر ئۆڭكۈرنى بايقاپ قالدى. ئۇ دەرھال قوتازدىن تاغارنى ئېلىپ، ساماننى بىر تۈپلۈق (سۇ كولىغان چوڭقۇر ئورەك) كە تۆكۈۋەتتى. ساندۇقنى ئېلىپ تاغقا ياماشتى. ئۆڭكۈر تاغنىڭ قاق بېلىدە بولۇپ، ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايتتى. تازا دىققەت بىلەن قارىغاندا ئاندىن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى كىچىككىنە قارا چېكىتتەك كۆرۈنەتتى. جىلغىدىن ئۆڭكۈرگىچە ئەللىك ئارغامچا بويى كېلەتتى. تاغ تىك

قىيا بولۇپ، ئۇ يەرگە چىقماق ئاسانغا چۈشمەيتتى. داربىشاھ ھەرقانچە تەس، ھەرقانچە خەتەرلىك بولسىمۇ ئۇ يەرگە چىقىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن يامىشىپ قىيىن، خەتەرلىك نۇقتىلاردىن ئۆتۈپ ئۆڭكۈرگە ئىككى غۇلاچ ئارىلىق قالغاندا ھېچ ئىلاج قىلالمىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يامىدامدا بولۇق ئۆسكەن ئارچىلارنى كۆردى. دەرھال ساندۇقنى قويۇپ، بەلدە بىلەن ۋىز(ئوۋچىلار دائىم ئېلىۋالىدىغان كىچىك پالتا بىلەن ئۆزۈن، ئىنچىكە ئارغامچا) نى ئېلىپ ئۇ يەرگە باردى. ئۇ ئۈچ غۇلاچ كەلگۈدەك تۈپتۈز ئارچا ياغىچىدىن ئىككىنى كېسىپ، ئارغامچا بىلەن شادىلارنى باغلاپ، كىچىك بىر شوتا ياسىدى. چىقالمىغان ئىككى غۇلاچ يەرگە شوتىنى قويۇپ، تەستە ئۇ يەرگە چىقتى. ئۇ ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ كۆڭلى خېلىلا تىندى. ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى كىچىك، ئىچى خېلىلا چوڭ ئىدى. داربىشاھ ساندۇقنى ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ ئوبدان جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، «ئۇھ» دەپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. ئۇ يېنىپ شوتىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئارغامچىنى يېشىۋېلىپ، ياغاچلارنى پەسكە چۆرۈۋەتتى. «چىقىشتىن چۈشمەك تەس» دېگەندەك ئۇ ناھايىتى تەستە پەسكە چۈشتى. ئۇ پەسكە چۈشكىچە ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. بۇ كەچ كۈزدە جىلغا ئىچى ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. داربىشاھ قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ تۈنۈگۈن كېچىچە كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزغان ئىدى، بۈگۈن ساندۇقنى كۆڭۈلدىكىدەك جايلاشتۇرۇۋېلىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىمۇ ياكى بەك ھېرىپ كەتكەنمۇ؟ بېشىنى بىر تاشقا قويۇپلا ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

ئەتىسى داربىشاھ ئۇلارنىڭ ۋىكىلدىغان ئاۋازى بىلەن

ئۆيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، تاڭ ئاللىقاچان ئاتقانىدى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، جىلغا ئىچىدىن ئۇزۇن بارماقچىلىك كۆرۈنىدىغان ئاسمان يېشىل دەريا ئېقىنىدەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. قۇياش نۇرى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىلىرىغىچە يەتكەن بولۇپ، جىلغا ئۈستىنى نېپىز قىزىل شەپەق قاپلىغانىدى. دارىبشاھ ئۆڭكۈرگە قارىدى، ئەمما كۆرەلمىدى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، ئۆزى چىققان يولنى بويلاپ قاراپ تەستە قارا چېكىتنى كۆردى. ئۇ كېيىنچە ساندۇقنى قويغان ئۆڭكۈرنى تاپالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىرەر بەلگە سېلىپ قويۇشنى توغرا تاپتى. ئۇ شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغقا چىقىپ بىر سۇمان (بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە تاش بىلەن تىزىلغان كىچىك مۇنار) ياساپ قويدى. دارىبشاھ ئىشلارنى پۈتكۈزۈپ خېلى مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. ئۇ چوڭ بىر ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى. بىراق، ئۆزىنى يەنە بىر بالايىئاپەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

بۈگۈن دارىبشاھ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ كالىلارغا ئوت بېرىۋاتاتتى. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى ئىتتىكلا كۆتۈردى. ئىشىك ئالدىدا ئالتە ـ يەتتىچە ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. دارىبشاھ قولىدىكى چۆپنى تاشلاپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى.

— دارىبشاھ تاغا، سىزنى يوقلاپ كەلدۇق، بۇ مېھمانلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى سىزنى تونۇيدىكەن، — دېدى شەمسىك.

دارىبشاھ بۇ مېھمانلاردىن پەقەت ئىككىلا كىشىنى تونۇيتتى. بىرسى شەمسىك، مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، ئانچە ـ مۇنچە سودا

ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنە بىرسى مىرزابەگ بولۇپ، ئافغان تەرەپتىن كېلىپ مۇشۇ يەردە يەرلىشىپ، باشقىلارنىڭ چارۋىسىنى بېقىپ يۇرۇپ خېلىلا ھاللىنىپ قالغانىدى. داربىشاھ مېھمانلارنى دەرھال ئۆيىگە باشلاپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ، چاي ـ تائام تەييارلاپ ئوبدان مېھمان قىلدى. شەمسىك گەپ باشلاپ:

— تاغا، مېھمانلارنى تونۇشتۇرماپتىمەن، ئەپۇ قىلغايسىز، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، ھازىر تونۇشساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى داربىشاھ كۈلۈپ قويۇپ.

— تاغا، بۇ ئاكىمىز تاردىن كەلگەن، ئىسمى كەلدىبەگ، شىجائەتبەگنىڭ ئوغلى.

— ھەئە، دادىسى بىلەن ئوبدان تونۇشىمەن، ياخشى ئادەم، — دېدى داربىشاھ گەپ قىستۇرۇپ.

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى زالنەزەر، ئەنگلىيەلىك تاجىك، بىزنىڭ تىلىمىزنى پۇختا بىلىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىراندى ئەنگرىز («ئىنگلىز» نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى)، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سېنگىرى ئەنگرىز، ھەممىسى چەت ئەلدىن كەلگەن، — دەپ تونۇشتۇردى شەمسىك.

— ياخشى، قارشى ئالىمىز، ئەگەر مېھمانلارنىڭ ۋاقتى بولسا قوي سويۇپ مېھمان قىلاي، — دېدى داربىشاھ تەكەللۇپ بىلەن.

— كۆپ تەشەككۈر، تاغا، بىز بىر ئىش ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كەلدۇق، ئىگىلىشىمىزچە، ئارىيانى بوۋىمىزدا قىممەتلىك بىر ئاسارئەتىقە بار ئىكەن، شۇنى بىزگە سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى زالنەزەر.

— تاغا، بۇ بىر مۇھىم پۇرسەت، بۇلار پۇتۇن سەرىكۆينى سېتىۋالغۇدەك پۇل بېرىدىكەن، — دېدى شەمسىك زالنەزەرنىڭ

گېپىگە ئۇلاپلا.

— ئىنىلىرىم، دادامدا ئۇنداق بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئاڭلىماپتىكەنمەن. دادام تاكى تىنىقى توختىغىچە بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغان، — دېدى دارىبىشاھ.

بىراندى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەپلا كەتتى. زالنەزەر ئۇنىڭ سۆزىنى تاجىك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ دېدى:

— تاغا، بۇ كىشى «ئۇ ساختىپەزلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇ چوقۇم بىلىدۇ، قانچە پۇل دېسە مەيلى، دېگىنىنى بېرىمەن، لېكىن ئۇ نەرسىلەرنى ئالماي قويمايمەن» دەۋاتىدۇ.

دارىبىشاھنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— ئۇكام، بۇلارغا چۈشەندۈرۈڭ، مەندە ئۇنداق نەرسە يوق. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، مېنى تولا ئاۋارە قىلمىسۇن.

ئۇلار دارىبىشاھتىن گەپ ئالالمايدىغىنىنى پەملەپ، ئاچچىقىدا پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىشتى.

دارىبىشاھ بۇنداق ئاۋارىچىلىككە كۆندە ئۇچرايدىغان بولدى. بىر كۈنى دارىبىشاھ پالاسقا شوينا ئېشىپ كەچرەك ياتتى. كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىشىغا ئىشىك قېقىلدى، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچقانىدى، بىر كۈچلۈك قول تاغارنى بېشىغا كىيدۈرۈپلا ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. دارىبىشاھ ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇ تاغار ئىچىدە تېپىرلاپ باقتى، قولاق تۈۋىگە تەگكەن قاتتىق مۇشت ئۇنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ بىر ۋاقىتتا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنىڭ بىر ئۆينىڭ پەگاھىدا ياتقىنىنى كۆردى. ھېلىقى ئىككى ئەنگلىيەلىك، زالنەزەر ۋە بەش ـ ئالتەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— تاغا، سىزگە بايلىق لازىممۇ ياكى جان لازىممۇ؟ نېمانداق تەرسالىق قىلىسىز؟ — دېدى زالىنەزەر.

ئاچچىقىدىن يېرىلاي دەپ قالغان دارىبشاھ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— مەندە ھېچ نەرسە بولمىسا نېمىنى سىلەرگە سېتىپ بېرىمەن؟ دادام ماڭا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغان، ئىشەنمىسەڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى!

بىراندى ئېتىلىپ بېرىپ دارىبشاھنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان تاغلىق، ھېلى قامچام سېنى زوۋانغا كىرگۈزىدۇ، — دېدى ـ دە، — ئۇنى يالىڭاچلاپ ئېسىپ قاتتىق ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

چوماقچىلار دەرھال دارىبشاھنىڭ قولىنى باغلاپ تورۇستىكى ياغاچقا ئېسىپ قويدى. ئاندىن پۇتۇن كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىپ سويغان پىيازدەكلا يالىڭاچلىدى.

— دەمسەن ـ دېمەمسەن؟ — بىراندى شۇنداق دەپ قامچا بىلەن ئىككىنى سالدى. قامچا تەگكەن يەردىن دىرىلداپ قان چىقتى. دارىبشاھ چىشىنى چىشلەپ قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىدى. «باللىرىم بۇنى قوغداش ئۈچۈن چىدام، غەيرەت، باتۇرلۇق كېرەك!» دادىسىنىڭ بۇ سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىپ جېنى چىقسىمۇ تىنماسلىققا نىيەت قىلدى.

ئۇلار ئۇنى قىيناپ نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكۈزۈپ، يەنە سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ سوراق قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى.

— ئارىيانى ئىشلىرىنى دەۋلەتشاھ بىلەن بېجىرەتتى، بەلكىم بۇنىڭغا دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى شەمسىك

زالنەزەرگە قاراپ.

ــ ئېھتىمال، بىلمىسە كېرەك، شۇنچە قىينىساقمۇ بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى، ــ دېدى زالنەزەر يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، بۇنى ئاپىرىپ ئىشكى ئالدىغا تاشلاپ قويايلى.

ئۇ ئەنگلىيەلىككە ئىنگلىز تىلىدا بىر نەرسىلەرنى دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلارمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

دارىبشاھ بىرنەچچە كۈن يېتىپ تولۇق ئەسلىگە كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى باتۇرلۇقىدىن پەخىرلەندى: «بەلكىم دادامنىڭ روھىمۇ خۇش بولغاندۇ؟» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

# ئون بىرىنچى باب

## كۈيپەرى

قۇتلۇق غوجا بىلەن قىزى كۈيپەرى تاغدۇمبۇش يايلىقىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلدى. بۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قۇتلۇق غوجىنىڭ ئىمانى مىڭ گەز ئۆرلەپ، قۇيقا تۈكى تىك تۇردى. دۇنيادا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئىنسانلارنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇلار پۈتۈن مال ـ مۈلكىدىن قۇرۇق قالغان بىلەن جېنى ئامان قالغانىدى. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەندەك، ئۇلار ئۈمىد بىلەن توختىماي يول يۈرۈپ، ئۇيەر ـ بۇيەردە ئۇچرىغان چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە قورساق تويدۇرۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەلىباي ئىسىملىك چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. «چارۋىچى چارۋىچىنىڭ قاياشى» دېگەندەك، ئەلىباي ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. قۇتلۇق غوجا كۆرگەنلىرىنى ئەلىبايغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا:

— ئۇ يەردە بىزنىڭ دۆلەتشاھ قاتارلىق ھەقەمسايىلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ شۇنى بىر ئۇقۇشۇپ ئاندىن بىر تەرەپكە كەتسەك بولاتتى، — دېدى.

ئەلىباي ئۇلارنىڭ بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ھەم ھېرىپ ـ

چارچاپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا:

— مۇشۇ يەردە بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، قەتئىي تارتىنماڭلار، بىز ھەممىمىز بىر قېرىنداش، ئۆيىمىزدە بارنى تەڭ يەيمىز. مەن شۇ يايلاقنىڭ ئېنىق خەۋىرىنى سىلەرگە ئۇقۇشۇپ بېرىمەن، — دېدى سەممىيلىك بىلەن.

قۇتلۇق غوجا بىلەن قىزى بۇ يەردە ئون كۈندەك تۇرۇپ قالدى. ئەلىباي ئاخىر ئۇلارغا ئېنىق خەۋەر ئېلىپ كەلدى. دەۋلەتشاھ، ئاپتاپلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ھىدايەتنى باغلاپ ئۇ تەرەپكە ئەكەتكەنلىكىنى بىلگىنىدە ئاتا ـ بالىنىڭ يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. كۈيپەرىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ھەسرەتلىك ياش تاشقان كۆل سۈيىدەك ئاقتى. تەقدىرنىڭ بۇنداق رەھىمسىزلىكى خۇددى غۇنچىگە چۈشكەن ئۇششۇكتەك كۈيپەرىنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. يۈرىكى زېدە بولغان ئالمىدەك زەخىملەندى. يۈزى سارغىيىپ، نۇرلۇق كۆزلىرى مېيى تۈگەي دەپ قالغان جىنچىراغتەك پىلدىرلاپ قالدى.

— دادا، ئەمدى بىز نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى كۈيپەرى.

— قىزىم، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مۇزتاغ ئاتا بىلەن پەدەرى چۈگىر چوققا باغرىلىرىدا ياشاپ كەلگەن. بوۋامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىزنىڭ بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز پەدەرى چۈگىر چوققىسىنىڭ باغرىدىكى راسكام دىيارىدا ياشايدىكەن. بىز شۇ يەرگە بارساق جېنىمىزنى بولسىمۇ باقارمىز، — دېدى قۇتلۇق غوجا قىزىغا قاراپ.

— بوپتۇ، دادا، شۇ يەرگە كەتسەك كېتەيلى. ياشاشنىڭ يولى تېپىلىپ قالار.

ھەيۋەتلىك پەدەرى چۈگىر چوققىسى تاغلارنىڭ بوۋىسىدەك، بېشىغا ئاپپاق تاج كىيگەن بولۇپ، ھەممە تاغلاردىن ھەيۋەت،

ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاسماننى تىرەپ تۇرغان مەغرۇر قامىتى، ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن قوينىدا ساقلاۋاتقان تۈگمەس بايلىقى كىشىلەرنى مەھلىيا قىلاتتى. بوستانلىقلارغا ھاياتبەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ بىر بۆلەك مەنبەسى بولغان يەكەن ـ زەرەپشان دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى پەدەرى چۇگىر چوققىسىنىڭ سۆگەت مۇزلۇق دېگەن يېرىدە بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ چوققا خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك مەردلىكى بىلەن ئىنسانىيەتنى ھاياتلىق تامچىسى بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلمەكتە ئىدى.

قۇتلۇق غوجا ئەلىباي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن قىزىنى ئېلىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ پەدەرى چۇگىر چوققىسىنىڭ باغرىدىكى راسكام دىيارىغا كەلدى. بۇ يەردىكى جىمجىتلىق، ساپ ھاۋا، گۈزەل مەنزىرە كۆيپەرىگە ئازراق تەسەللى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئاغرىق دەستىدىن چىرايىدىكى خۇشخۇي تەبەسسۇمىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بار كۈچى بىلەن يۈرىكىدىكى بۇ ئاغرىق ئازابىنى بېسىپ، ياشاش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشنى نىيەت قىلدى.

بۇ يەردە ئىنتايىن تارقاق ئورۇنلاشقان چارۋىچىلار يېڭىدىن كەلگەن بۇ مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلارغا ئۆي سېلىش، تېرىقچىلىق قىلىش، چارۋا بېقىش ئۈچۈن چوڭ بىر پارچە يەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ياردەملىشىپ، ئۆيى پۈتكۈچە ۋە زىرائەتلىرى پىشقۇچە ئىككى ئېغىز ئۆي، يەتكۈدەك ئاشلىق ھەل قىلىپ بەردى. ئاندىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ھەربىر ئائىلە ئۇلارغا بىر تۇياقتىن چارۋا بەردى. بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ شۇ قەدەر مەرد، سېخىيلىقى، زەرەپشان

دەرياسىنىڭ سۈيىدەك ئېقىپ تۇرىدىغان مېھىر - مۇھەببىتى، باشقىلارنىڭ كۆلكىسىنى كۆلۈپ، يىغىسىنى تەڭ يىغلىيالايدىغان ئادىمىيلىك پەزىلىتى، ئۆزىدىن ھالقىغان ئېسىل ئۆملۈك قارىشى قوتلۇق غوجا بىلەن كۈيپەرىگە يېڭىدىن ھاياتلىق ئۈمىدى بەخش ئەتتى. ئۇلار ئىنسان بار يەردە ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

كۈيپەرى بىلەن دادىسى بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلارنىڭ ياردىمىدە ئىگىلىكىنى قايتا تىكلىۋالدى. كۈيپەرى دادىسىغا ياردەملىشىپ چارۋىلارنى بېقىش، دېھقانچىلىق قىلىشتىن باشقا، تىككۈچىلىك ھۈنىرىنىمۇ قولىغا ئالدى. ئۇ ئانىسىدىن ئۆگەنگەن ھۈنەرنىڭ بۇ يەردە ئەسقاتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ يەردىكىلەر تۇماق تاشلاشنى، كۆلتا تىكىشنى ئۇنىڭغا بۇيرۇيتتى. ئۇنىڭ تىككەن تۇماق بىلەن كۆلتىسىنى يىگىت - قىزلار تالىشىپ ئالاتتى. ئۇنىڭ ئەمگەك ھەقىقىگە قوي، ئۆچكە بېرەتتى. كۈيپەرىنىڭ ھۈنىرى خاسىيىتىدىن ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، تۇرمۇشىمۇ ياخشىلاندى. بىراق، كۈيپەرىنىڭ يۈزىدە يەنىلا خۇشاللىققا تەۋە بولىدىغان بىرەر بەلگە — كۈلۈمسىرەشمۇ يوق ئىدى.

ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىنىپ قالغان ھىدايەتنىڭ سىيماسى سۇسلاشماستىن كۈندىن - كۈنگە روشەنلىشىپ باراتتى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدە ھىدايەتنىڭ قامىتى گەۋدىلىنەتتى. چىلاندەك لەۋلىرىدە ھىدايەتنىڭ ئىسمى پىچىرلىناتتى. ئۇنىڭغا ھەمىشە ھىدايەت ھازىرلا قايتىپ كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ دائىم بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن، ھىدايەتنىڭ ئامانلىقى، تېزرەك قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. ھىدايەتكە ئاسايىشلىق تىلەيتتى.

بىر كۈنى كۈيپەرى چۈشلۈك تاماقنى تەييار قىلىپ دادىسىنى چاقىردى:

— دادا، تاماق پىشتى.

— ماقۇل قىزىم، مانا ھازىرلا، — دېگىنىچە قۇتلۇق غوجا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كۈيپەرى تۆردە ئولتۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، تاماق ئەكەلدى. ئۆزىمۇ داستىخاندا ئولتۇرۇپ دادىسى بىلەن بىللە تاماققا ئېغىز تەگدى. ئاتا ـ بالا تاماق يېگەچ مۇڭداشتى:

— قىزىم، بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئىگىلىكىمىزنىمۇ ئوبدانلا تىكلىۋالدۇق. بىراق، بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان بىر ئىش بار. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا تويۇڭنى قىلىپ، پەرزنى ئادا قىلسام، دەيمەن. قىز سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىۋەتتىڭ. يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ھازىرغىچە ئەل ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى، قول ئىلكىدە بار ئائىلىلەردىن ئەلچىلەر كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم.

كۈيپەرىنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ، يۈزى لەپپىدە قىزاردى. پۈتۈن بەدىنى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى.

— جېنىم دادا، بىز ھىدايەت بىلەن قەسەم قىلىشقان، ناۋادا ئۇ قايتىپ كەلمىسە بىر ئۆمۈر تەنھا ئۆتىمەن. توي ھەققىدە ئەمدى ماڭا گەپ قىلمىسىلا! — كۈيپەرى تىترەك ئاۋازدا شۇنداق دەپلا ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى، يېشى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى. قىزىنىڭ بۇ ھالىدىن يۈرىكى ئېچىشقان دادىسى:

— بوپتۇ، قىزىم، ئاللا ئىگەمنىڭ رەھمى كەلسە ھىدايىتىڭنى قايتۇرۇپ بېرەر. توي ئىشىدا سېنىڭ دېگىنىڭ ھېساب بولسۇن. سېنى رەنجىتىشنى قەتئىي خالىمايمەن.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە پەقەت ئېغىز ئاچمايمەن، ــ دېدى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

چۆگىر چوققىسى باغرىدىكى راسكام دىيارى ئۆزىنىڭ پىنھان، سىرلىقلىقى بىلەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. چۆگىر چوققىسىدىكى سۆگەتمۇز مەيدانى، توققۇزبۇلاقتىكى ئالتۇن پادىشاھنىڭ ئىزلىرى، چوڭتوقايدىكى ئالتۇن تۇۋرۇك رىۋايىتى، شىڭشال ۋادىسى لەھەڭكۆلدىكى سۇغا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كېپەك ئالتۇن تېغى، كافۇرداراىدىكى دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۇ چوققىنىڭ بېشىدىن ئۇ تەرەپتىكى چوققىنىڭ بېشىغا سېلىنغان ئۇزۇن ياغاچ كۆۋرۈك، سىرلىق بايلىق جىلغىسى قاتارلىق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىزنالار كىشىنى مۆجىزە دۇنياسىغا باشلايتتى.

قۇتلۇق غوجا بىر كۈنى جاڭگالدا مال بېقىۋېتىپ بىرمۇنچە ئېشەكلەرنىڭ چېپىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى: «بۇ يوغان، سېمىز، قىيىق ئېشەكلەر كىمنىڭدۇ؟ بىرەرىنى سېتىۋالسام بولغۇدەك» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. ئۇ چارۋىلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئېشەكلەرنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ماڭدى. بىر دۆڭدىن چىقىپ قارىسا بىر توپ ئېشەكلەر ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ قورساق قىسمى قاردەك ئاپپاق، دۈمبىسى كۈل رەڭ بولۇپ، قۇلىقى قىلىچتەك تىك تۇراتتى، تۇمشۇقى بولسا قاپقارا، مويلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

ــ نېمىدېگەن ئېسىل ئېشەكلەر بۇ؟ ــ دېدى قۇتلۇق غوجا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ، ــ قېنى، بىرەرىنى تۇتۇپ چىشىنى كۆرۈپ باقاي، ــ ئۇ ئېشەكلەر تۇرغان تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئېشەكلەر ئۈركۈگەن كېيىكتەك ھەش ـ پەش دېگۈچە قۇتلۇق غوجىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. قۇتلۇق غوجا تۇرغان يېرىدە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ

قالدى. «بۇ ئەمدى قانداق ئىش؟ ئېشەكمۇ بۇ يەردە كېيىكتەك چاپىدىكەن ! » ھەيران قالغان قۇتلۇق غوجا كۆزىگە ئىشەنمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تاغا، — دېگەن ئاۋاز ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. قۇتلۇق غوجا قوشنىسى جۇرغالباينىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ دەرھال سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

— تاغا، قارىسام ماللىرىڭ جاڭگالغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ، دەرھال بېرىپ ئۇ تەرەپتىن قايتۇرۇپ كەلدىم. ئەگەر ماللار ئۇ جاڭگالغا كىرىپ كەتسە تاپماق تەس، يىلپىزغا يەم بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى جۇرغالباي.

— رەھمەت، ئىنىم، — دېدى قۇتلۇق غوجا ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — بۇ يەردە بىر توپ ئېشەكلەرنى كۆردۈم. بىرەرىنى سېتىۋالاي دېگەن نىيەتتە يېقىنراق بېرىپ قاراپ باقاي دېسەم، ئۇ جانىۋارلار بىردەمدىلا كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

— تاغا، ئۇلار دېگەن ياۋايى ئېشەك، ئۇلارنى تۇتۇش كېيىكنى تۇتۇشتىنمۇ قىيىن. زىنھار تۇتۇق بەرمەيدۇ. ئەگەر تۇتۇۋالساڭ كۆنمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ياۋا ئېشەك، ياۋا قوتازلار بەك كۆپ، — دېدى جۇرغالباي چۈشەندۈرۈپ.

— توۋا، دېدىم، بۇ يەر ئاجايىپ سىرلىق ماكان ئىكەن، — دېدى قۇتلۇق غوجا.

ئۇ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ قورۇسىغا قايتتى. ئۇ يول بويى كۆرگەن ياۋا ئېشەكلەر ۋە ئاڭلىغان نۇرغۇن سىرلىق مۆجىزىلەر ئۈستىدە ئويلاندى. «ئەجەب ئېسىل نەسىللىك ئېشەكلەر ئىكەن، ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇپ كۆندۈرگىلى بولغان بولسا ئىدى، نەچچىنى تۇتۇپ سەركۈيغا ئەكەتكەن بولاتتىم. تېخى ياۋا قوتازلارمۇ بار دەيدۇ...» قۇتلۇق غوجىنىڭ كاللىسىدا خىلمۇخىل ئويلار خۇددى

قار سوّيمەك شىددەت بىلەن تاغلارغا ئۇرۇلاتتى. ياۋا قوتاز، ياۋا كالا، ياۋا ئېشەك، قوي - ئۆچكىلەرنى خىيال قىلغانسېرى ئۆزىنىڭ بېقىۋاتقان چارۋىلىرىنىڭ بەكمۇ ئۇششاقلىقىنى ھېس قىلدى.

دادىسىنىڭ پادىلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كۆيپەرى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى - دە، قۇتلۇق غوجىدىن ئەھۋال سورىغاچ قوي - ئۆچكىلەرنى ئېغىل - قوتانلارغا جايلاشتۇردى.

— دادا، قورساقلىرى ئاچقاندۇ؟ سىلى ياخشى كۆرىدىغان شىرگىرىنج ئەتتىم، — دېدى كۆيپەرى.

— قىزىم، كۆپ رەھمەت، مەن بۈگۈن ياۋا ئېشەك كۆردۈم، ئاجايىپ ئېسىل ئىكەن، لېكىن كارامەت شاش ئىكەن، ئادەمنى يېنىغا يولاتمايدىكەن. يەنە ياۋا قوتازلارمۇ بار ئىكەن، — دېدى قۇتلۇق غوجا تامىقىنى چېكىپ.

— دادا، بۇ تاغ - جىلغىلاردا ياۋايى ھايۋانلار جىق ئىمىش، «ئات جىلغا» دېگەن يەردە ئاجايىپ ئېسىل تۇلپارلار بار ئىكەن، لېكىن ئۇلارنى تۇتۇش ئاسان ئەمەس ئىكەن. دادا، مەنمۇ ئويلىدىم، ئەگەر ھىدايەت بولغان بولسا چوقۇم شۇ تۇلپارلاردىن تۇتۇپ كۆندۈرەتتى، — دېدى كۆيپەرى بىر خىل سېغىنىش تۇيغۇسىدا.

قۇتلۇق غوجا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق قىزىم، ھىدايەت كىچىك ۋاقتىدىلا بۆرە ئوۋلاپ باققان، ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلالايتتى، — دېدى - دە، بېشىنى سالغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كۆيپەرى بۈگۈن بەك سەھەر ئورنىدىن تۇردى. ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى ئەمدىلا ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇ دەرھال ئېقىن بويىغا بېرىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن،

نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆيگە كىردى. ئۇ كىچە كۆرگەن چۈشىنى قايتا ـ قايتا ئەسلىدى:

كۆيپەرى ئاجايىپ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ ئۆيدىن چىققانىمىش، چۈشمان دىيارىنىڭ ھەممە يېرى ياپيېشىل بولۇپ، ئۇيەر ـ بۇيەردە بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرۇپتۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ ساپسېرىق گىلافگۈلى (يايلاقتا ئېچىلىدىغان سېرىقگۈل) ھۇپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، يايلاق كەپتىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرەرىمىش. پۈتۈن دىيار ھەر خىل گۈللەرگە پۈركەنگەن بولۇپ، ئەتراپتىكى تاغلار ئاپپاق رومال ئارتقان پەرىزاتتەك نازلىنىپ تۇرارىمىش. باغرىدىن سۇپسۈزۈك قار سۈيى تارام ـ تارام جىلغىلاردا خىرۇستالدەك پارقىرارىمىش. تاغلارنىڭ پەس تەرىپى يېشىل مەخمەل يايغاندەك جۇلالىنىپ تۇرارىمىش. پۈتۈن زېمىن سەبىي قىزنىڭ رۇخسارىدەك كۈلكە بىلەن جىلۋىلىنىپ تۇرارىمىش... قۇياش بۇ زېمىندىن پەقەت مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقاندەك، يېقىن يەردىن نۇرىنى سېپىپ تۇرارىمىش. كۆيپەرى بۇ مەنزىرىگە قاراپ ھۇزۇرلىنىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا يىراق بىر يەردىن ھىدايەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ بۇرىلىپ قارىسا ئاشىقى مۇزتاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى شۇ تاغ بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ بېشى بۇلۇتقا تاقاشقان بولۇپ، قىياپىتىدىن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھە دەپ كۆيپەرىنى چاقىرىپتۇ. كۆيپەرى: «مانا سېنى كۆردۇم، ھازىر بارىمەن» دەپ يۈگۈرۈپتۇ. ئاڭغىچە ئۇنىڭغا ساقىلى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ.

—— قىزىم، نەگە يۈگۈرۈۋاتىسەن؟ —— دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

—— سالام بوۋا، قولىڭىزنى بەرسىڭىز، سۆيۈپ قوياي.

بوۋاي قولىنى ئۇزىتىپتۇ. كۆيپەرى بوۋاينىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈپتۇ.

— بوۋا، مۇزتاغقا كېتىۋاتىمەن، ھىدايەت مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئۇ بوۋايغا.

— ئوبدان قىپسەن قىزىم، ئەمدى سېنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، — دەپتۇ بوۋاي، —، بېرىپ ھىدايەت بىلەن كۆرۈشكىن.

— رەھمەت، بوۋا، ئۆيگە كىرىپ ناشتا قىلامسىز؟

— رەھمەت قىزىم، مەن ئاشۇ يەردە بار، — بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە كىمۇد مازار (سۈت مازار)نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. كۈيپەرى: «بوۋا !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. جىددىيلەشكەنلىكتىن ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتمايۋاتقاندەك شىددەت بىلەن گۈپۈلدەپ سوقاتتى. «ئاپلا، بىردەم ئويغانمىسام ھىدايەت بىلەن كۆرۈشەتتىممىكىن؟» دەپ ھەسرەت چەكتى كۈيپەرى.

ئۇ چۈشىنى قايتا ـ قايتا ئەسلىدى. ئۇنىڭغا بۇ چۈش ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. كۈيپەرى ناشتىلىق تەييارلاش ئۈچۈن بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىپ، ئوتۇننى ئوچاققا سېلىپ تەخ قىلدى. «دادام ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇ ئويغانغىچە مازارغا بېرىپ ئىسرىق سېلىپ كېلەي» دەپ تالاغا ماڭدى كۈيپەرى.

ئەمدىلا تاڭ ئاتقان بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ئوچۇق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. كۈيپەرى چۈشىنى ئەسلەپ ماڭغاچقا، كىمۇد مازارغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرھال قۇرۇق ئوتۇن پارچىلىرىنى ئىسرىق سالىدىغان تاش ئۇستىگە جۇغلاپ ئوت ياقتى. ئىسرىق خۇرۇچىنى ئوت ئۇستىگە سېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. ئاللاتائالادىن ئارزۇسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى، ھىدايەتنىڭ ساق ـ سالامەت، ئامان ـ ئېسەن تۇرۇشىنى تىلىدى.

ئۇ قايتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، دادىسىمۇ ئورنىدىن

تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تالاغا چىقىپ قىزىنى ئىزدەۋاتقانىدى.

ــ قىزىم، بۈگۈن بەك سەھەر تۇرۇپسەنغۇ ؟

ــ شۇنداق، دادا، بۈگۈن مەن ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، ــ دېدى كۈيپەرى جىددىي قىياپەتتە. ئۇ كۆرگەن چۈشىنى دادىسىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

ــ دادا، سەرىكۈيغا كېتەيلى، ــ دېدى ئۇ چۈشىنى سۆزلەپ بولۇپ، ــ ئەمدى جاھان تىنچىغاندۇ؟ ئۇ يەردە تۇرمۇشىمىز غورىگىل ئۆتسىمۇ، يەنىلا ئۆز تۇپرىقىمىز بولغىنى ئۈچۈن خۇشال يۈرىدىكەنمەن. سەرىكۈينىڭ تاغۇتاشلىرىنى، ئوتلاق ـ گىياھلىرىنى بەك سېغىندىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزاقتىن بېرى ئانامنىڭ تۇپراق بېشىنىمۇ يوقلىيالمىدۇق. سەرىكۈينى بەك سېغىندىم.

قىزىنىڭ بۇ ھەقتە گەپ تەشكىنىگە خېلى چاغلار بولۇپ قالغانىدى. ئايالىنىڭ قەبرىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى قۇتلۇق غوجىنىڭ كۆڭلىنىمۇ يېرىم قىلىپ تۇراتتى.

ــ بوپتۇ، قىزىم، بۇ يەردە بەش ـ ئالتە يىل تۇرۇپتىمىز، قايتساق قايتايلى، ــ دېدى قۇتلۇق غوجا قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ.

# ئىككىنچى قىسىم

# قولچاق

# ئون ئىككىنچى باب

## قولچاق

ئەلچۇردىكى كېرەمبايىنىڭ قەلئەسى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن سېلىنغان بولۇپ، تاغلار بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەشەمەتى پۈتۈن پامىر رايونىغا پۇر كەتكەن. قەلئەنىڭ كەينى تەرەپتە ھەرە چىشىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن تاغلار، ئالدىدا تۈپتۈز كەتكەن ئوت - چۆپى بولۇق ئۆسىدىغان يايلاق بار، يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى ئېقىندا قىشمۇ ياز سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. يىراقتىن قارىغاندا ئۇزۇن بىر يىلاننىڭ تولغىنىپ مېڭىۋاتقىنىدەك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەر يىپەك يولىنىڭ بىر مۇھىم ئۆتكى بولغاچقا، بۇ يەردىن كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

كېرەمباينى باي قىلغانمۇ، تونۇتقانمۇ مۇشۇ ئۆتەڭدىكى كۆز يەتكۈسىز يايلاق ئىدى.

قوقەنىنىڭ نايىب باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلىرى تاغدۇمبۇش يايلىقىنى دەپسەندە قىلىپ، قورۇقدىغاندىن كېيىن، بارلىق چارۋا ماللارنى ھەيدەپ يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. كېرەمباي نايىبنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، دەرۋازا ئالدىدا

ئۆنى ساقلاپ تۇردى.

نايىبنىڭ چوڭ قوشۇنى قەلئە ئالدىدىكى تۆپتۈز كەتكەن يايلاقتا كېلىپ توختىدى. نايىب ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا:

— مۇشۇ تۈزلەڭلىككە چېدىر تىكىڭلار ! بۇ يەردە بىرەر كۈن ئارام ئالىمىز. نەرسە ـ كېرەكلەرنى، چارۋىلارنى ئوبدان ساقلاڭلار، بىرەر ئەھۋال چىقمىسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

چاپارمەنلەر «خاتىرجەم بولسىلا، ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بويىچە بېجىرىمىز» دېيىشتى.

— قوي ـ قوتازلارنى سويۇپ قورسىقىڭلارنى توقلاڭلار ! — دېدى نايىب چوڭچىلىق بىلەن.

بۆلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى چېدىر تىكسە، بەزىلىرى قوي سويدى. بەزىلىرى ئوت قالىسا، بەزىلىرى كاۋاپ پىشۇرۇشقا تۇتۇندى. بۇ يەر ھەش ـ پەش دېگۈچە بازارغا ئايلىنىپ كەتتى. نايىب بۇ مەنزىرىگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، بىر خىل تەكەببۇرلۇق بىلەن ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ:

— سالمان غوجا ! — دەپ توۋلىدى.

ئۈزۈنتۇرا، قاڭشارلىق، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى سېرىق تۈك باسقان بىرەيلەن يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ:

— لەببەي ! — دېگىنىچە نايىبنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

— مەن ھازىر كېرەمباي دوستۇمنىڭ ئۆيىگە قوناقتا بارىمەن. بۇ يەردىكى ئىشلارغا سەن مەسئۇل بولىسەن، ھېچقانداق ئەھۋال كۆرۈلمىسۇن، — دېدى نايىب بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— بېگىم، خاتىرجەم بارسىلا، بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەن بار، ھېچقانداق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ، — دېدى سالمان غوجا قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ.

نايىب يېقىنلىرىدىن بىرقانچە كىشىگە:

— يۈرۈڭلار، بۇرادەرلەر، بىز كېرەمبايىنىڭ ھۇزۇرىغا مېھمانغا بارىمىز، — دېدى.

— ماۋۇ بىرنېمىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بىرسى قولى بىلەن ئات ئۈستىدە باغلاقلىق تۇرغان ھىدايەتنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنىڭ كۆزىنى دەرھال يېشىڭلار! ئۇنى بايىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىمىز، — دېدى نايىب بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

ھىدايەتنىڭ كۆزىنى ئاچقاندا ئۇ بىر پەس ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يۇرۇپ كۆرۈش سەزگۈسى ئەسلىگە كەلدى. ئۇياق - بۇياققا قاراپ ئۆزىنى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. تاغلار، يايلاق، سۇ، تاشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يات كۆرۈندى. ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان تايچاقتەك يېتىمسىرەپ قالغانلىقىنى تۇنجى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئاتا - ئانام، مومام ئۆلدى. بوۋام ئارىيانى بىلەن تاغام دارىبشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتەر؟ مەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلەرمەنمۇ؟ ئۇلارنى كۆرەلەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى. گۆدەك ھىدايەتنىڭ كاللىسىدا بۇنداق سوئاللار خۇددى پورۇقلاپ قايناپ تۇۋۇقىنى كۆتۈرۈۋاتقان قازاندەك قايناپ تۇراتتى.

نايىب ھەمراھلىرى بىلەن ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېرىمبايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. كېرىمبايىنىڭ مۇلازىملىرى دەرھال ئاتلارنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئالدى. كېرەمباي ئايرىلغىنىغا ئۇزاق يىل بولغان ئاكىسى كەلگەندەك گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەندى. ئۇ ئىككى قولىنى ئۇزاتقىنىچە نايىبنىڭ ئالدىغا كەلدى. نايىب قاقاھلاپ كۈلگىنىچە كېرىمباينى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

— ئاغىنە، ھارمىغايسىز؟ — دېدى كېرىمباي، —

يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دەپ قالدى.

— مەنمۇ شۇ، ئۇ تەرەپتىكى ئىشلارنى يىغىشتۇرۇشقا ئازراق ۋاقىت كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ لەنتى يولنى دېمەمسەن؟ — دېدى نايىب كەلگەن تەرەپكە قارىۋېتىپ.

— «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دەپتىكەن، ئۇزاق يول ئادەمنى بەك چارچىتىدۇ. ئەمدى بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭارسىز.

— ئارام ئالسامغۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن خان ھەزرەتلىرى يولۇمغا قاراۋاتىدۇ، تېزرەك بارمىسام بولمايدۇ.

— سەركەردىلەرنىڭ ۋاقتى نېمانداق ئالدىراش؟ — دېدى كېرىمباي يايلاقتىكى ھەددى ـ ھېسابسىز چارۋىغا كۆز تىككەچ، — بۇ قېتىم ئۇ تەرەپتىكى دۇنيانىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرتۈپ كەلدىڭىزمۇ نېمە؟ مال ـ دۇنيا كۆپىقۇ؟

— ھەرھالدا تاپان ھەققى چىقتى، — دېدى نايىب كۆرەڭلىگىنىچە، — ئۇزاق بوپتىكەن بۇنداق ئوۋ قىلىپ باقمىغىلى. پۇخادىن بىر چىقتىم.

ھەدايەت ئات ئۈستىدە باغلاقلىق ھالدا تۇراتتى. ئۇ بۇ كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىن تېخىمۇ ھەيران بولماقتا ئىدى.

— ھە، ئاۋۇ ئات ئۈستىدىكى بالىنى ساڭا ئەكەلدىم دوستۇم، مېنى ئوبدان رازى قىلارسەن؟ — دېدى نايىب ھىجىيىپ.

كېرىمباي ئات ئۈستىدىكى ھەدايەتكە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن:

— چاتاق يوق، ماڭا مۇشۇنداق بىر بالا بەك لازىم ئىدى، ھەرھالدا مېنى خۇرسەن قىلىدىغان بولدىڭىز، — دېدى.

كېرىمباي ھەدايەتنىڭ يېنىغا بېرىپ سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى

ئولجىنىڭ ئۆزىگە ياققانلىقىنى بىلدۈرەتتى.
ــ ھاي، تولغانئاي، بۇياققا كەلگىن! ــ دەپ توۋلىدى كېرىمباي.
يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بىر قىرغىز ئايال ھاسىرىغان پېتى يېتىپ كەلدى.
ــ ماۋۇ بالىنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئىككى مۇلازىم بىلەن ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلار. ئەگەر قاچۇرۇپ قويساڭلار ياكى باشقا ئەھۋال كۆرۈلسە كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر.
ــ خوش، غوجام، دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز، ــ دېدى ئايال بىر خىل جىددىيلىك بىلەن.
ــ بېگىم، ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدۇ؟ ئۇنى نېمە ئىشقا سالىمىز؟ ــ دەپ سورىدى باينىڭ ئىش غوجىدارى.
ــ بۇ بالىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارىم يوق، يۇلغا سېتىۋالغانلىكىن ئۇ مېنىڭ قۇلۇم بولدى دېگەن گەپ. ئۆزى كىچىكلا بالا ئىكەن، «قۇلچاق» دەپ چاقىرىڭلار! ــ دېدى كېرىمباي نايىبقا «باشقا پىكرىڭىز يوقتۇ؟» دېگەندەك قاراپ قويۇپ.
ــ توغرا! «قۇلچاق» دېسە تازا باب كېلىدۇ، ــ دېدى نايىب كۈلۈپ تۇرۇپ.
ــ ياق! مېنىڭ ئىسمىم ھىدايەت! ــ دەپ توۋلىدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.
ــ ھىدايەت ـ پىدايىتىڭنى قوي، مەن سېنى سېتىۋالغاندىكىن، سېنى نېمە دەپ چاقىرسام ئىختىيارىم. ئىسمىڭ بۈگۈندىن باشلاپ قۇلچاق بولىدۇ، سەن دېگەن مېنىڭ قۇلۇم! ــ دېدى كېرىمباي كەسكىنلىك بىلەن.
شۇ كۈندىن باشلاپ ھىدايەت دېگەن ئىسىم قۇلچاققا ئۆزگەردى.

ھىدايەتنىڭ سەبىي قەلبىدە تەقدىرنىڭ بۇنداق رەھىمسىزلىكى يېشىلمەس بىر تۈگۈننى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. «نېمىدېگەن رەھىمسىز دۇنيا، نېمىدېگەن رەھىمسىز ئادەملەر بۇ؟ ئاتا ـ ئانامدىن، ۋەتىنىمدىن، سۆيگەن يارىمدىن ئايرىلغانلىقىم ئۈستىگە، بوۋام ئوڭ قۇلىقىمغا ئەزان، سول قۇلىقىمغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان ئىسمىمدىنمۇ ئايرىلدىم. بۇنداق ئازابقا قانداقمۇ چىدايمەن؟ ئاھ، خۇدا! قانداق ياشايمەن!» دەپ ئىچىدە سۆزلىگەن ھىدايەت ئۆز ـ ئۆزىگە ئەلەم بىلەن پىچىرلاپ. ئۇنىڭ يېشى تاراملاپ ئاقتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى قۇلچاققا ئۆزگەرتتى، ئۇ قۇلچاقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. «نېمىشقا مېنىڭ ئۆز ئىسمىمنى چاقىرماي مېنى قۇلچاق دەيدۇ؟ قۇلچاق دېگەن زادى نېمە؟ نېمە قىلىدىغان ئادەمنى قۇلچاق دەيدىغاندۇ؟» ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇ سوئاللار تەكرارلانماقتا ئىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى كاللىسى قالايمىقانلىشىپ ھېچنېمىنى بىلەلمىدى. باياتىن بىرسى ئۇنى بۇ ھۇجرىغا ئەكىرگەندە: «سېنىڭ يېتىپ قوپىدىغان ئورنۇڭ مۇشۇ، سەن ئەمدى قۇل بولدۇڭ، ھېچقانداق ئادەم بىلەن خالىغانچە كۆرۈشمەيسەن ھەم سۆزلەشمەيسەن. بىز سېنى نېمىگە بۇيرۇساق شۇنى قىلىسەن» دېگەندە، ھىدايەت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قاراپ تۇردى. ئۇ بۇ گەپلەرنى پەقەت چۈشەنمەيتتى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ، سەھەر تۇرۇپ كەچكىچە ئىشلەپ، كەچتە مۇشۇ ھۇجرىغا كىرىپ ياتاتتى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا بارالمايتتى، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمەيتتى. كىرىمبايىنىڭ ئىككى ئادىمى ئۇنى مەخسۇس كۆزىتىپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ھېچكىم ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىنى چاقىرىپ باقمىدى. ھەممەيلەن ئۇنى «قۇلچاق» دەپ چاقىراتتى. بارا ـ بارا بۇ ئىسىم ئۇنىڭغىمۇ

ئۆزلىشىپ قالدى. ئىنسان دېگەن ھەممىگە كۆنۈپ ياشايدۇ. ئۇمۇ بۇ ئىسىمغا ئاخىر كۆندى...

ئۇ كېچە ـ كېچىلەپ يىغلايتتى، قاقشايتتى، ئامال قانچە؟ رېئاللىققا بويسۇنماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

بۈگۈن قۇلچاق كىرىمباينىڭ ئادەملىرىدىن تاياق يەپ، بىرمۇنچە تىل ئىشىتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى غوجىدارنىڭ: «سەن دېگەن قۇل، سېنى ئۇرسا قول ياندۇرمايسەن، تىللىسا تىل ياندۇرمايسەن. بىز سېنى سېتىۋالدۇق، نېمە قىلساق بىزنىڭ ئىختىيارىمىز!» دېگەن گېپى بولدى. قۇلچاق بۇنداق خورلۇققا چىدىماي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى. ئىلاج قانچە؟ ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق، يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق. ئۇ پەقەت كۆز يېشى بىلەنلا ئىچىنى بوشىتاتتى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا قىرغىز موماي تېپىپ بەرگەن بىر تاجىكچە پۇچۇق راۋاب بار ئىدى. ئۇ ۋەتىنىنى، كۈيپەرىسىنى، يۇرتداشلىرىنى سېغىنغاندا بۇ راۋابنى چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ سەھەر تۇرۇپ قاراڭغۇ چۇشكىچە ئىشلىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى ھۇجرىسىغا ئەكىلىشتى. ئۇنىڭغا بىر پارچە ئارپا نان بىلەن ئازراق سۇ بېرىشتى. قورسىقى كولدۇرلاپ كەتكەن قۇلچاق ھاپىلا ـ شاپىلا بۇ ئارپا نېنىنى سوغۇق سۇ بىلەن سوقۇۋەتتى . بىراق، بۇ ئۇنىڭ ئاچقان يېرىگە دال بولمىدى. ئۇ ئاچ قالغان ۋاقىتلاردا «قورسىقىم ئاچتى» دېيەلمەيتتى. پەقەتلا چىداپ يۇرۇشكە مەجبۇر ئىدى. مېھمان كەلگەن چاغلاردا ئاشقان ـ تاشقاننى ئەكىرىپمۇ بېرەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قورسىقى ئاز ـ تولا ئەستەرلىنىپمۇ قالاتتى. ئاچ قالغان كۈنلەردە ئۇيقۇسى كەلمەي، تاغدۇمبۇش يايلىقىدىكى بەختلىك كۈنلىرىنى ئەسلەپ تاڭ ئاتقۇچە كۆزىنى يۇمايتتى. «بۇلبۇل نەگە بارسا چىمەن ئۈچۈن

سايرايدۇ، مۇساپىر نەگە بارسا كۆڭلى يۇرت ـ ۋەتەنگە تەلپۈنىدۇ» دېگەندەك، قولچاق بوگونمۇ ئاچلىقنىڭ دەردىنى بىسىش ئۈچۈن راۋابىنى قولغا ئېلىپ ناخشىسىنى باشلىدى. ۋەتىنىنى سېغىنىپ ئېيتقان ناخشا بىلەن، كۆزىدىن تارام ـ تارام ئاققان ياش قولىدىكى راۋابنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

تالڭ سابا كېزەرمەن دەشتۇباياۋان،
مىلڭ جاپا كۆلپەتتە كۆزلىرىم گىريان.
زالىملار قۇل قىلدى يات يۇرتتا مېنى،
قاي ۋەتەن ئوغلىدىم، تۇرىمەن قايان؟!

ۋەتەندىن ئايرىلسا قايسى بىچارە،
يات يۇرتتا مەھكۇم ئۇ بىراۋغا بەندە.
ۋەتەننىلڭ تۇپرىقى بولسا گەر نېسىپ،
يۈز يىللىق مۇردىمۇ بولۇر بىر زىندە ①.

قايتالماي يۇرتۇمغا جانانىم مانا،
بولدىغۇ يورۇق كۈن ـ تۈن ـــ زۇلمەت گويا.
شىر ـ يولۋاس نەرىسى قانچىلىك دەھشەت،
ئاھ ئۇرۇپ توۋلىسام تىترەر يەر ـ ساما.

پەلەك، كۆر، نە جاپا قىلدىلڭ سەن ماڭا،
ئالەمچە غەم سالدىلڭ مىسكىن جېنىمغا.
ئايرىدىلڭ ۋەتەندىن، سۆيۈملۈك ياردىن،
جاھاننىلڭ كۈلپىتىنى سالدىڭغۇ ماڭا.

---

① زىندە ـــ تىرىلىش.

...

...

قۇلچاقنىڭ ۋەتىنىنى سېغىنىپ تاجىكلارنىڭ يارەكىيار، رۇبائىي ئاھاڭلىرىدا ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان تولغانئاي ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يېشىنى سۈرتكىنىچە ھۇجرىغا كىردى.

— بالام، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى ئۇ.

قۇلچاق كۆز ياشلىرىنى ئىتتىك سۈرتۈۋېتىپ:

— قەدىر - ئەھۋال تۇرۇۋاتىمەن، ئانا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بالام، بۈگۈن ھەرقاچان ساڭا يېگۈدەك تۈزۈك نەرسە بەرمىدىغۇ دەيمەن، مەن ئازراق يەيدىغان نەرسە ئەكەلدىم. تېز يەۋال، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن.

— كۆپ رەھمەت، ئانا، مەن كەلگەندىن بېرى ماڭا ئانامنىڭ ئورنىدا كۆپ غەمخورلۇق قىلدىڭىز، سىز بولغاچقا كۆڭلۈم خېلى تىنىپ قالدى.

قۇلچاق بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ تولغانئاي ئانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. بۇ موماي بىرقانچە قېتىم ئۇنى ئۆلۈمدىنمۇ ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆپ قېتىملىق نەسىھەتى ئۇنى تەنتەك خىياللاردىن توسۇپ، ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

تولغانئاي دائىم ئۇنىڭغا: «بالام، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق، سەن تېخى كىچىك، باشقا خىياللاردا بولما، بايىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىنى ئوبدان قىل، ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرا. «بارا ـ بارا يېتىل، كۈندىن ـ كۈنگە تېتىل» دېگەن گەپ بار. ھازىر ھەممە جەھەتتىن يېتىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ۋاقتىڭ. غەيرىي خىياللاردا بولۇپ قاراملىق قىلساڭ، ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋالىسەن، ھەر ئىشنىڭ پەيتى كېلىدۇ» دەيتتى كۆيۈنگەن ھالدا.

تولغانئاي ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئىنتايىن تېتىك ئىدى. كىچىك ۋاقتىدىكى قىزىل ھېقىقتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مەڭزى تېخىچە ئۆزىنىڭ قىزىللىقىنى يوقاتمىغانىدى. كۆزىدىن قىرغىز قىزلىرىغا خاس جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان نۇر تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئۇنىڭ قۇلچاقتا كۆرسەتمىۋاتقان مېھرىبانلىقى ئۇنىڭ ئازار يېگەن قەلبىگە ئوبدانلا تەسەللىي بولاتتى. ئۇ قۇلچاقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا كۆيۈمچان ئانىلارنىڭ پەزىلىتىنى نامايان قىلاتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# تولغانئاي

كىرىمباينىڭ چاپىملىق ئوتلىقىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كىرىمباينىڭ ئىشلەمچىلىرى چۆپ ئورۇش، يىغىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قولچاقا بىرىلگەن ۋەزىپە ھەممىدىن كۆپ ئىدى. ئۇ كۈندە سەھەر چىقىپ كەچ قايتاتتى، جاپالىق ئەمگەك قىلىۋېرىپ پىشىپ قالدىمۇ، ھەرقانچە ئېغىر ئىش قىلسىمۇ ئۇنچە ھاردۇق ھېس قىلمايدىغان بولدى.

ئۇ بۈگۈن كىچىككىچە يۇرتىنى، كۈيپەرىسىنى ئەسلەپ تاڭ ئاتقۇزدى. «يۇرتنى كۆرۈش، كۈيپەرىنىڭ جامالىغا قېنىش ماڭا قايتا نېسىپ بولارمۇ؟ كۈيپەرى ئامان قالغانمىدۇ؟ تاغاملار قانداق بولغاندۇ؟ يۇرتتىكىلەر نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ مەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلەرمەنمۇ؟» دېگەندەك ئوي ـ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۇماچ قىلىۋەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ چاپىملىق ئوتلاقتا ھەر كۈندىكىدىن بۇرۇن كەلدى.

ئاسمانىنىڭ يىراق ئۇپۇقى ئەمدىلەتىن ئاقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، ئاي ئالتۇن ئورغاقتەك غەرب تەرەپتە ئېسىلىپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار سۇپسۈزۈك ئاسمان بوشلۇقىدا ئاجايىپ نۇرلۇق

چاقناپ، سۇبھى قىزنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆز قىسىۋاتاتتى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىمۇ تەبىئەتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇشنى خالىمىغاندەك، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. نەدىندۇر ئەمدىلا ئويغانغان قۇشقاچلارنىڭ ئاندا ـ ساندا ۋىچىرلىغان ئاۋازى، تېپتىنچ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بىر خىل رىتىملىق شاۋقۇنى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ گويا يېقىملىق بىر كۈينى ئەسلىتەتتى.

قۇلچاق ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە بولاق بېشىغا بېرىپ مۇزدەك سۇدا يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، تەرەت ئالغاندىن كېيىن نامىزىنى ئوقۇدى. سۇبھى قىز زېمىنغا ئاشىق بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق رومالىنى قىزىل رەڭگە ئۆزگەرتتى. ھۆسنى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، ئۇنىڭ نۇر دەستىلىرى سەھەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاپ، تاغلارنى، يايلاقنى، سۇلارنى ، پۈتكۈل زېمىننى ئاستا ـ ئاستا يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ نۇرلۇق چېھرىدىن ئەيمىنىپ قالغان يۇلتۇزلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى.

قۇلچاق ئېلىۋالغان كىچىك سەندەلنى قويىدىن چىقىرىپ يەرگە سانجىپ، چورۇقنىڭ قونچىدىن كىچىك بىلەينى ئېلىپ چاپقۇسىنى ئىتتىكلەتتى. ئۇ «ماڭا بۆلۈنگەن يەرنى بالدۇرراق تۈگەتسەم، تولغانئاي ئانا بىلەن مۇڭدىشىشقا ئازراق ۋاقىت چىقىپ قالار» دېگەننى ئويلاپ جىددىي ئىشقا كىرىشتى.

چاپمىلىق ئوتلاقنىڭ ئوتى بولۇق ئۆسكەچكە، چاپقۇ ئۇرۇشقا كۆپ كۈچ كېتەتتى.

قۇلچاق بار كۈچى بىلەن چاپقۇ ئۇراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر چاپقۇ ئۇرۇشىدا ئىككى مېتىر كەڭلىكتىكى چۆپ قىرىلىپ يەرگە چۈشەتتى.

ــــ بالام، ھارمىغايسەن؟

قۇلچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، تولغانئاي ئانا كەلگەنىدى. ئۇنى كۆرۈپ قۇلچاقنىڭ ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك بولدى.

— بالام، ۋاقىت چۈشتىن ئۆتۈپ كەتتى، قارىسام كەلمەيسەن، ئازراق ئۇسسۇلۇق بىلەن قاتلىما نان ئەكەلدىم. قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟

قۇلچاق ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالغانىدى.

— رەھمەت ئانا، ھەمىشە سىزنى ئاۋارە قىلىمەن. مەن تېخى بۇ يەرنىڭ چۆپىنى ئورۇپ بولۇپ بىراقلا قايتاي دېگەنىدىم، — دەپ بولۇق ئۆسكەن چۆپلۈكنى كۆرسەتتى قۇلچاق.

— بالام، ھەرقانداق ئالدىراش بولساڭمۇ غىزا يېمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى تولغانئاي چۆپلۈككە داستىخاننى سېلىپ. ئۇ بىر چاناق قېتىق، قاتلىما ناننى داستىخانغا قويدى. قۇلچاق تاماق يېگەچ تولغانئايدىن سورىدى:

— ئانا، سىز بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىسىز؟ ماڭا نېمە ئۇچۇن بۇنداق كۆيۈنىسىز؟ يۇرتىڭىز نەدە؟

قۇلچاقنىڭ سوئالى قەلبى دەرد ـ ئەلەم زېدىسىگە تولغان بۇ قىرغىز ئانىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. تولغانئاينىڭ يىغىسىنى كۆرگەن قۇلچاق ئۆزىنىڭ سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان سوئالنى سوراپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ بەكمۇ پۇشايمان قىلدى.

— ئانا، مېنى كەچۈرۈڭ، كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويدۇم، — دېدى قۇلچاق ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ.

— ياق بالام، سەندىن رەنجىمىدىم، كەچمىشلىرىمگە يىغلايمەن.

تولغانئاي ئورنىدىن تۇرۇپ، بىشىدىكى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يىشىنى سۈرتۈپ تېز - تېز ماڭغىنىچە بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى. شەرققە قاراپ ئۇھ تارتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. قۇلچاقمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلدى.

— بالام، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي، — دېدى تولغانئاي شەرق تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— ئانا، كۆڭلىڭىز بىئارام بولىدىغان ئىش بولسا دېمەيلا قويۇڭ، — دېدى قۇلچاق ئەنسىرەش تەلەپپۇزىدا.

— ياق بالام، ھەممىنى دەپ بېرەي، ئەمدى ساڭا تولۇق سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى. دەردىمنى سۆزلىۋالسام ھېچ بولمىسا ئىچىم بوشاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار دۆڭدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ يانمۇيان ئولتۇردى.

— بالام، — دەپ سۆزىنى باشلىدى تولغانئاي، — مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمغا قىرىق يىلدىن ئاشتى. قىرىق يىل بۇرۇن مېنىڭ ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى. مەن ئائىلىدە بىرلا قىز بولغىنىم ئۈچۈن، دادام - ئانامىلار مېنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئائىلىمىزنىڭ چارۋا - ئوقەتلىرى كۆپ ئىدى. يۇرت ئىچىدە كاتتا باي ئائىلە ھېسابلىناتتۇق. بىزنىڭ يۇرتىمىز گۈزەل، تۇرمۇشىمىز پاراۋان، شاد - خۇرام ياشايتتۇق، — تولغانئاي سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى، — شۇ لەنىتى كۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا چىقسام قۇياش تاغدىن نەيزە بويى ئۆرلەپ، پۈتۈن زېمىننى نۇر دەستىسىگە تولدۇرۇپتۇ. قۇياش نۇرىدا تاغلار، يايلاق ماڭا شۇنداق گۈزەل كۆرۈندى. ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. يايلاق قۇياش نۇرىدا ياپېيشىل زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ،

شارقىراتمىدىكى سۇلار ئۇستىدە ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولغان، ھەر خىل رەڭلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. مال ـ ۋارانلار ئاق بۇلۇتتەك ئەركىن سورۇلۇپ يايلاپ، تايچاق، موزايلار ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈشەتتى. يىراقتىن بولسا ئۇلار، كەكلىكلەرنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىناتتى. يايلاقتىكى بۇنداق ئۆزگىچە مەنزىرە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قەۋەتلا كۆتۈرەتتى. مەن يايلاقنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىگە قارىغانسېرى كۆڭلۈم شۇنداق ئېچىلىپ، يايراپ كەتتىم. ئۆيگە كىرسەم ئانام ئەتىگەنلىك ناشتىغا مەن ياخشى كۆرىدىغان تائاملارنى تەييارلاپتۇ. ئانامنىڭمۇ كەيپىياتى شۇنداق ياخشى ئىدى. خۇشاللىقىدىن چىرايى ئېچىلىپ ياش چوكانلاردەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئانا ـ بالا ئىككىمىز ئەتىگەنلىك غىزاغا ئېغىز تەگكەچ مۇڭداشتۇق.

— قىزىم، ئىشىڭىز ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈپ چوڭلارنى ئاخىر قايىل قىلدىم. ئەمدى كۆڭلىڭىز تىنغاندۇ؟ — دېدى ئانام بىر پارچە قاتلىمىغا ھەسەل سۈرتكەندىن كېيىن ئېغىزىمغا سېلىپ قويۇپ.

مەن شاققىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— ئانا، سەن نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! — دەپ ئۇنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم. قىزنىڭ قەلبىنى ئانىسىلا چۈشىنىدىكەن، ئانا قىز ئۈچۈن قۇرۇماس مېھىر دەرياسى ئىكەن. قىز خۇشال بولسىمۇ، خاپا بولسىمۇ شۇ مېھىر دەرياسىغا ئۆزىنى ئاتىدىكەن. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئانىنىڭ بۇ مېھىرلىك دەرياسى قىزى ئۈچۈن دولقۇنلىنىپ تۇرىدىكەن. ئانام ماڭا:

— قىزىم، بۈگۈن ئارزۇ ـ ئارمانىڭ ئىشقا ئاشىدىغان كۈن. سەيدىنقۇل يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر قىز سوراپ كېلىدىكەن، بىز دەرھال ئۆينى چىرايلىق يىغىشتۇرۇپ تەييارلىق قىلايلى، —

دېدى سەممىيلىك بىلەن.

سەيدىقۇلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن كۆڭلۈم باشقىچە يايراپ كەتتى. سەيدىقۇل مېنىڭ بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن يىگىتىم ئىدى. ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتىم. بۈگۈن ئەلچىلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم.

— مەن نېمىدېگەن بەختلىك؟ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىم بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم! — دەپ ئويلايتتىم. مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش ئادەم قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ۋىسالغا يېتىش تەشنالىقى بىلەن بەخت شادلىقى قوشۇلۇپ چاڭقاپ تۇرغان يۈرەكنىڭ ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇرىدۇ. بىر قىز ئۈچۈن ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. مەن خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى يوقىتاي دەپ قالغانىدىم. پۈتۈن بەدىنىم كۈلۈۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى يەردە ئەمەس، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

مەن ئاناغا ياردەملىشىپ، ئۆينى چىرايلىق رەتلىدۇق، ھەممە يەرنى پاكىز تازىلاپ، سۇ سەپتۇق. مەن ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىمنى كىيىپ، سەيدىقۇلنىڭ يولىغا تۆت كۆزۈم بىلەن تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلىدىم. ئاخىر مېھمانلار كەلدى. ئانام ماڭا: «ھۇجراڭدا ئولتۇر، مېھمانلار ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرسەڭ سەت بولىدۇ» دېدى. مەن ھۇجرامدا ئولتۇرغان بىلەن كۆڭلۈم تالادا، سەيدىقۇلنىڭ قېشىدا ئىدى. سەيدىقۇلنى بىر كۆرۈۋالسام دېگەن ئىستەك مېنى ئارامسىزلاندۇراتتى. مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى نېمىدېگەن كۈچلۈك ـ ھە؟ بۇ مىنۇتلاردا بىرسى جېنىڭنى ئالىمەن دەپ ماڭا قورال تەڭلىسىمۇ سەيدىقۇلنى كۆرۈش نىيىتىمدىن قەتئىي يانمايتتىم. مەن ھۇجرامنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ

قارىدىم. سەيدىقۇلنى كۆردۈم. يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياقا قارايتتى. بەلكىم مېنى ئىزدەۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدىم. بىر خۇشلۇقۇم مىڭ بولدى...

تۇيۇقسىز مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا قېچىشقا باشلىدى. دادام مېھمانلار بىلەن بىللە مېھمانخانا ئۆيدە ئىدى. بىر توپ كىشىلەر مىلتىق، قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۆي ئىچىدىن مىلتىق ئاۋازى، «ۋايجان! رەھىم قىلىڭلار!» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئاسماننى تۇيۇقسىز بۇلۇت قاپلاپ ھېلى كۈلۈپ تۇرغان قۇياش نەگىدۇر يوقالغاندەك ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. ئۇرۇش - چېپىش داۋام قىلماقتا ئىدى. پۈتۈن ئايماق يىغا - زارغا تولدى.

قورقىنىمدىن جان - پېنىم چىقىپ كەتتى. لېكىن، پۈتۈن ئەس - يادىم سەيدىقۇلدا ئىدى. «ئۇ ئامانمىدۇ؟ ئۇنى بىر كۆرسەم بولاتتى» دېگەن خىياللار بىلەن ھۇجرامدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئۇياق - بۇياققا قاراپ بولغۇچە بۇلاڭچىلار مېنى كۆرۈپ قېلىپ تۇتۇۋالدى. نەدىن پەيدا بولدىكى، سەيدىقۇل ئېتىلىپ كېلىپ بۇلاڭچىلار بىلەن ئېلىشىپ مېنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدى. ئاڭغىچە بىر بۇلاڭچى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قىلىچنى تىقتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان بۇلاڭچىنىڭ يۈزىگە چاچرىدى. «تولغانئاي...» سەيدىقۇل ئىسمىمنى تۋۋلىغىنىچە يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ھوشۇمدىن كەتتىم...

تولغانئاي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇنىڭ كەچمىشىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان قۇلچاقنىڭمۇ كۆزى ياشقا تولدى. تولغانئاي يېشىنى سۈرتۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا شۇ لەنىتى كۈندىن باشلاپ روھى ئۆلگەن قۇرۇق تەنگە ئايلاندىم. بۇلاڭچىلار يۇرتىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرۈپ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ، پۈتۈن خەلقنى خانىۋەيران قىلدى. مېنى ئەكېلىپ مۇشۇ بايغا ساتتى. بۇ باي دەسلەپ مېنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالدى. كېيىن «تۇغمىدىڭ» دەپ مېنى تالاق قىلىپ، ئۆي خىزمەتچىسى قىلىپ ئىشلەتتى. مانا ھازىرغىچە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. مەن تارتمىغان جەبىر ـ جاپا قالمىدى. بىر قىز، بىر مەزلۇمنىڭ قولىدىن يەنە نېمە كېلىدۇ دەيسەن؟ چىشىمنى چىشلەپ چىداشتىن باشقا ئامالىم يوق. مەنمۇ چىن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پۇقراسى. يۇرتۇم تاغدۇمبۇش، پامىرنىڭ كۆكيار ئايمىقىدا ئىدى. سېنىمۇ تاغدۇمبۇشتىن بۇلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر قېرىندىشىم كەلگەندەك خۇش بولدۇم. سەندىن يۇرتۇمنىڭ ھىدىنى پۇرىدىم...

قۇلچاق تولغانئاينىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— ھۇ يالماۋۇزلار ! مۇشۇ بىر بىچارە قىزنىمۇ ئائىلىسىدىن، يۇرتىدىن، سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىپ بۇ يەردە ھايۋان ئورنىدا ئىشلەتكىنىنى قارا؟ — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

— بالام، مېنىڭ ئۆمرۈم مۇشۇ يەردە قۇلچىلىق بىلەن ئۆتتى. «ياش ئىدىم، گۈل ئىدىم، ياغلىقتا گېزەك؛ قېرىدىم، چىرىدىم، غەلۋىردە تېزەك» دېگەندەك، بىلىم يادەك ئېگىلدى. كۆز نۇرۇم ئۆچتى. يۈزلىرىم قورۇلۇپ كەتكەن ۋەداردەك (ياىلاقتا ئۆسىدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئوت، يوپۇرماقلىرى قورۇلۇپ غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ كېتىدۇ) بولۇپ كەتتى. ئەمدى ھېچ يەرگە كېتەلمەيمەن. سەن ياش، ھامىنى بىر پۇرسەت تېپىپ ئانا

ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېتەلەيسەن.

ــ رەھمەت ئانا، ھەممىنى چۈشەندىم، سىزنى ئۆز ئانامدەك كۆرىمەن. ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى چوقۇم ياندۇرىمەن. ئەگەر مەن ياندۇرالمىسام خۇدايىم سىزگە يار ـ يۆلەكتە بولغاي! ــ دېدى قۇلچاق مومايغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ.

# ئون تۆتىنچى باب

## بەيگە

بەيگە — پامىر رايونىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى چوڭ پائالىيەت بولۇپ، ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بولۇپمۇ نامدارلار، چوڭ - چوڭ بايلار بۇ پائالىيەت ئارقىلىق نامىنى چىقىرىش ئۈچۈن ھەممە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ نەتىجە قازىنىشنى ئويلايدۇ. كېرىمبايىنىڭ تەستە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ بەيگىگە تەييارلىق قىلىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇ مۇشۇ بەيگە ئارقىلىق نامىنى چىقىرىپ، پۈتۈن پامىر رايونى بويىچە تۆتىنىڭ بىرى بولۇشنى ئويلايتتى.

ئۇ كۆپ قېتىم سىناش ئارقىلىق ئات چاپتۇرۇشقا قۇلچاقنى تاللىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇلچاقنىڭ كۈنلىرى ئات چاپتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. بىراق، ئۇ ئات چاپتۇرۇشنى مەشىق قىلغان بىلەن ئات باقىدىغان يەرگە كىرەلمەيتتى. قۇلچاق ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئاتلارنى تۇتۇپ (ئاتلارنىڭ مىجەزىنى تەكشەش) قىلىۋاتقان شانىياز بوۋاي بىلەن تونۇشتى. قۇلچاق پۇرسەت تاپسىلا بوۋايغا ياردەملىشىدىغان، ئۇنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان بولدى. بوۋايمۇ قۇلچاقنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، راستچىل

يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دائىم ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى.

بۈگۈن قۇلچاق ئىشلىرىنى بالدۇرلا تۈگەتتى. ئۇنىڭ ئاتقا ئامراق مىجەزى ئۇنى ئاتخانا تەرەپكە سۆرەپ ئەكەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شانىياز بوۋا!

ئاتلارنىڭ تېزىكىنى تازىلاۋاتقان شانىياز بوۋاي دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھە بالام، سەنمىدىڭ؟ — دېگىنىچە قۇلچاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ كۆرۈشتى. قۇلچاق دەرھال بوۋاينىڭ قولىدىن فەينى(ئاتنىڭ قىغىنى تازىلايدىغان ياغاچ گۈرجەك) ئېلىپ جىددىي ئىشقا كىرىشتى. بوۋاينىڭ بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشىنى ئۇ بىر ئاش پىشىمغا قالماي قىلىپ تۈگەتتى. شانىياز بوۋاي ئۇنىڭغا بىر خىل ئامراقلىق نەزىرىدە قاراپ تۇردى. قۇلچاق ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئاتخانا ئىچىگە تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ شۇنچە ئاتلارنىڭ ئىچىدە بەش ئاتنىڭ ئايرىم تۇرغانلىقىنى، ئاتلارنىڭ ھەيۋىتى ۋە سۆلىتىگە گەپ توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆردى.

— بوۋا، ئاۋۇ ئاتلار باشقا ئاتلارغا ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن.

— بالام، ئۇلار ھەقىقىي تۇلپار ئاتلار. باي بېگىم ئۇلارنى نۇرغۇن پۇللارغا ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋادىسىدىن ئەكەلدۈرگەن. بۇ يەردىكىلەر بۇ ئاتلارنى بەدەخشان ئېتى دەپ ئاتىشىدۇ. مەن بەيگە ئۈچۈن ئۇلارغا تۇب قىلىۋاتىمەن.

— بوۋا، تۇب قىلىش دېگەن قانداق ئىش ئۇ؟

— بالام، ساڭا دېسەم، ئادەتتىكى ئاتنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ تۇب قىلساڭ تۇلپاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. تۇلپارنى ياخشى تۇب

قىلمىساڭ ئادەتتىكى ئاتقىمۇ يەتمەيدۇ، — دېدى شانىياز بوۋاي.

— بۇ ئاجايىپ ھۈنەر ئىكەن، بوۋا، ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويامسىز؟ — دېدى قۇلچاق.

— بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش بالام، توقسان كېچە ـ كۈندۈز ئاتنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ تېزىكىنىڭ ئۆزگىرىشى، سۈيدۈكىنىڭ ئۆزگىرىشى، موينىنىڭ ئۆزگىرىشى، كۆزىدىكى ئاق ـ قارىنىڭ ئۆزگىرىشى، چىش، كالپۇك، تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر، پۇت، تىز، تۇياقنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى، يالى ۋە ساغرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قۇيرۇقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئۇنىڭغا يەم ـ خەشەك، سۇغىرىش، تاسخاقلاش(ئاستا چاپتۇرۇپ قىزىتىش)، سوۋۇتۇش، تەرلىتىش، ئارام ئالدۇرۇش، ئۇخلىتىش قاتارلىق ئىنچىكە ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىنىدۇ، — دېدى شانىياز بوۋاي.

— بوۋا، مەن ئات چاپارلىققا تاللاندىم. بۇ مەن ئۈچۈن سىز دېگەن ھۈنەرنى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ماڭا ئۆگىتىپ قويسىڭىز، ھەرقانداق جاپاسىغا چىدايمەن. سىزگە ياردەملىشىپ، سىزنىڭ پۇت ـ قولىڭىزنى يېنىكلىتىمەن، — دېدى قۇلچاق.

بوۋاي ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇنلىيالىساڭ ساڭا ئۆگىتىمەن، — دېدى.

— بوۋا، خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرقانداق شەرتىڭىزنى بەجانىدىل ئورۇنلاشقا تەييارمەن، — دېدى قۇلچاق كەسكىنلىك بىلەن.

— مېنىڭ شەرتىم شۇكى، — دېدى شانىياز بوۋاي ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋېتىپ، — بۇ ئىشنى ئىككىنچى بىرسىگە تىنمايسەن. مەخپىي ئۆگىنىپ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا قەتئىي چاندۇرمايسەن. ئەگەر باي غوجامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا سېنىمۇ، مېنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

— بولىدۇ، بوۋا، ھەممىنى چۈشەندىم، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

قۇلچاق بىر تەرەپتىن ئات چاپارلىقنى مەشىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن شانىياز بوۋايدىن ئاتنى توپ قىلىش ھۈنىرىنى پىششىق ئۆگەندى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا بېكىتىلگەن بەيگە مەرىكىسىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشماقتا ئىدى. قۇلچاق مەشىق قىلىشنى چىڭ تۇتتى. ئۇ يېقىن، ئوتتۇرا ئارىلىقتىن ئات چاپتۇرۇپ مەشىق قىلدى. بەيگە ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى كېرىمباي ئۇنى ئىككى يۈز كىلومېتىرلىق ئارىلىقتىمۇ ئات چاپتۇرغۇزۇپ باقتى. لېكىن، چىدام، غەيرەتلىك قۇلچاق ھەرقانداق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى. ئۇنىڭ ئىككى يۈز كىلومېتىرلىق يەردىمۇ سولاشماي غەيرەتلىك كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كېرىمباي : «بۇ قېتىم بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىشىمىزدا ئۈمىد باردەك قىلىدۇ» دېدى يېنىدىكىلەرگە.

— بېگىم، نېمىگە ئاساسەن بۇنداق دەيلا؟ — دېدى بەگنىڭ قوغداش سەردارى زېرىپبەگ چۈشىنەلمەي.

— بەيگىگە چۈشۈشتە ئات ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ئات ئۈستىدىكى چاپارمەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئاخىرقى نەتىجە ئات ئۈستىدىكى بالىغا باغلىق بولىدۇ. ئات ئۈستىدىكى بالا ئاخىرقى نۇقتىغىچە ئاتنىڭ تىزگىنىنى باشقۇرۇپ، قامچا سالالىسا چوقۇم ئۇنىڭدا ئۈمىد بار بولىدۇ. سىلەر بىزنىڭ ئات چاپارمىنىمىز قۇلچاقنى كۆردۇڭلار، ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يولدىمۇ ھېچقانچە بوشاشماي پەللىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ غەيرىتىدىن قارىغاندا بەيگىدىمۇ ئۇتۇپ چىقىش ئېھتىمالى بار، — دېدى كېرىمباي ئىشەنچ بىلەن.

— بېگىمنىڭ ئامىتى بار، ئىنشائاللا، بىرىنچىلىكنى قولغا

كەلتۈرگەيمىز، ــ دېدى زېرىپبەگ تەكەللۇپ بىلەن.
كېرىمباي قۇلچاقفا :
ــ ئەمدى بېرىپ ئوبدان ئارام ئال، ئەتە بەيگىدە كارامىتىڭنى كۆرسەت. ئەگەر بىرىنچى بولۇپ كېلەلىسەڭ ساڭا ئالاھىدە ئىلتىپاتىم بار، ــ دېدى.
ــ بېگىم، خاتىرجەم بولسىلا، مەندىن قەتئىي سەۋەنلىك كۆرۈلمەيدۇ، ــ دېدى قۇلچاق ئېگىلىپ تۇرۇپ.
قۇلچاق ھوجرىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا كېرىمباينىڭ دېگەنلىرى تەكرارلانماقتا ئىدى.
«ئەگەر ئۇتۇپ چىقالمىسام ئۇ چوقۇم مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەننى ئويلاپ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. بۇ بەيگە ئۇنىڭغا ئۆلۈم سىنىقىدەك بىلىنىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ: « ھەممە ئىش ئاللانىڭ ئىلكىدە، پېشانەمدە نېمە بولسا شۇنى كۆرەرمەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.
ئەلچۇردىكى بەيگە مەيدانى كەڭ كەتكەن بىر يايلاق ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، كۈزنىڭ ئاپتىپى قويننىڭ قايمىقىدەك ئادەمگە ياقاتتى. پۈتۈن يايلاقنى كۈزنىڭ مەمۇرچىلىقى قاپلىغان، كۈزنىڭ مەيىن شامىلىدا ئۆي ـ ئۆيدىن سېرىق ماينىڭ پۇرىقى كېلىپ ئادەمنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلاتتى.
بۇ قېتىمقى ئات بەيگىسى پۈتۈن پامىر ۋادىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. كېرىمباي بۇنى نام چىقىرىدىغان پۇرسەت دەپ بىلىپ، بار كۈچى بىلەن ھەممە تەييارلىقنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزگەندى... ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بەيگە مەيدانىغا ئەمەلدارلار، نامى چىققان چوڭ ـ چوڭ بايلار، چەۋەندازلاردىن بولۇپ بەش پامىرنىڭ ھەممىسىدىن مېھمانلار كەلگەندى. ھەممىنىڭ ئېغىزىدا: «كىمنىڭ ئېتى بىرىنچى بولۇپ كېلەر؟» دېگەن سوئال تەكرارلىناتتى. نام ـ شۆھرەت قوغلاشقۇچىلار،

ئەمەلدارلار، بايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەيگىگە تەييارلىغان ئاتلىرى بار ئىدى.

بەيگە باشلاندى. ئاتلار بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىرلىق ئارىلىقتىن چاپتۇرۇلدى. كىشىلەر ئاتلار يېتىپ كېلىدىغان ئاخىرقى نۇقتىغا يىغىلغانىدى.

— ئەنە، ئاتلار كېلىۋاتىدۇ! — دېگەن ئاۋاز بىلەن پۈتۈن مەيدان تەۋرەپ كەتتى. ئەتراپنى قىيقاس - چۇقان قاپلىدى.

— ئەنە، بىر ئات ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتىدۇ !

— كىمنىڭ ئېتىدۇ؟

— ئۇ قالتىس ئات ئىكەن !

— ئۈستىدىكى بالىچۇ؟ بەكمۇ چىدامىلىق ئىكەن، قارا، ئات ئۈستىدە يەنە شۇنداق تېتىك ئولتۇرمامدۇ؟

— قارا، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنىمۇ قويۇپ بەرمەپتۇ، يەنە قامچا سىلىۋاتىدۇ.

كىشىلەر ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئات ئۈستىدىكى بۇ بالىغا ھەممىسى ئۆزىنىڭ قايىللىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى.

قۇلچاقنىڭ ئۆپكىسى گېلىغا قاپلىنىپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ ئېچىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جان - جەھلى بىلەن بەرداشلىق بېرىپ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى.

— ئەنە بىرىنچى ئات سىزىقتىن ئۆتتى !

— ۋاي بۇ كېرىمباينىڭ ئېتى ئىكەنغۇ؟ ! — دەپ توۋلاشتى كىشىلەر.

— ئاھ خۇدايىم ! مېنىڭ ئېتىم بىرىنچى بولدى ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە توپ ئىچىدىن كېرىمباي سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئېتىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بۇنداق خۇشال بولۇپ

باقمىغانىدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزى يوغىناپ، دۇنيانى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغاندەك، بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار، بايلار ئۇنىڭغا قول قوۋۇشتۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم قۇلچاققا :

— يارايسەن قۇلۇم ! — دېدى

بۇ قېتىمقى بەيگە بىلەن كىرىمبايىنىڭ نامى پۈتۈن پامىر رايونىغا تارالدى. قۇلچاقنىڭمۇ كىرىمباي ئالدىدا بىر قۇلچىلىك ئىناۋىتى بولدى. بەيگىدىن كېيىن كىرىمبايىنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ھەمىشە مۇز ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان قاپاقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. مۇلازىملارغا بولغان پوزىتسىيەسىمۇ باشقىچىلا يۇمشاپ قالغانىدى. بىراق، قۇلچاقنىڭ ئورنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ ئېرىشكىنى پەقەتلا «يارايسەن قۇلۇم !» دېگەن بىر ئېغىزلا گەپ بولدى، خالاس.

ۋاقىت ئېقىۋاتقان سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. قۇلچاق يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بولۇپ ۋەتەن ئىشقى، كۈيپەرىنىڭ سەۋداسى ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. بىراق، كىرىمبايمۇ ئۇنى بوش قويماي قاتتىق ئىشلەتكەندىن باشقا ئۇنى كۆزىتىدىغان ئادەم سانىنى كۆپەيتتى.

ئون بەشىنچى باب

# قىلتاق

قولچاقنىڭ ئۆمۈر سائىتى يىگىرمە بەشكە داڭ ئۇردى. ئۇ ئىنتايىن تىمەن، سالاپەتلىك چوڭ بولدى. ئىبغىر ئەمگەك، ئازابلىق تۇرمۇش ئۇنى پولاتتەك تاۋلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدە مۇھەببەت ـ نەپرەت ئوتى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشكەن ئىزلار ھاياتىدىكى ھەربىر ئازابلىق كەچمىشىنىڭ شاھىتى ئىدى.

قولچاق گەپ ـ سۆزلەردە ئىنتايىن مۇلايىم، چىقىشقاق، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىدىغان، بۇيرۇلغان ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تۈگىتىدىغان، ئىشچان، راستچىل، كىچىك پېئىل يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ئۇ يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئاسىق خەلپىدىن ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى پىششىق ئۆگىنىۋالدى. ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ بەش ۋاخ نامازنى قەتئىي قازا قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ماختايدىغان تېمىسىغا ئايلانغانىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى بىر ئىستەك، بىر ئارزۇ ئۇنى دائىم بىئارام قىلىپ تۇراتتى. تاغۇتاشلارغا، ئېقىن سۇلارغا، بولدۇقلاپ ئاقىدىغان بۇلاقلارغا، يايلاقلارغا ھەربىر كۆز

تىككىنىدە، ئۇنىڭ قويۇق قېشى ئوتتۇرىسىدا قاڭشىرىنى بويلاپ تىك سىزىقچە پەيدا بولۇپ، قەلب ئېكرانىدا ۋەتەنىنىڭ گۈزەل ھۆسنى نامايان بولاتتى. بۇ يەردىكى ھايات غۇۋالىشىپ ئۆزىنى ۋەتەن قوينىدا ئەللەيلىنىپ تۇرغان بوۋاقتەك ھېس قىلاتتى. قۇلچاقنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى يولۇقىدىغان ئاۋارىچىلىكمۇ كۆپىيىپ باردى. كېرىمباينىڭ ئادەملىرىمۇ ئۇنى ناھايىتى قاتتىق كۆزىتىدىغان بولدى. كېرىمباي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەممە يەرگە ئۆزىگە ئىشلەمچى قىلىپ ئاپىرىدىغان بولدى. بولۇپمۇ كېرىمباينىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ھەسەلبانۇ ئۇنى كۈندە ئۆزىنىڭ ئىشىغا سالاتتى. ئۇنىڭ غىلجىڭ خۇيىدىن قۇلچاق ھەرقانچە زېرىككەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلالماي چىشىنى چىشلەپ ئىشىنى قىلىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى قۇلچاق لاي ئېتىپ، جىددىي كېسەك قۇيۇۋاتاتتى، ھەسەلبانۇنىڭ خاس خىزمەتچىسى كېلىپ:

— ھەي قۇل! خېنىمنىڭ ئىشى بار ئىكەن، سېنى دەرھال كەلسۇن، — دېدى، قۇلچاق گەپ قىلماي، ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغانلارغا قارىدى، ئۇلاردىن بىرەيلەن:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ دەرھال بېرىپ خېنىمنىڭ ئىشىنى تۈگەت! ئاندىن كېلىپ يەنە خىش قۇيۇشنى داۋاملاشتۇر، كەچ بولسىمۇ بۈگۈنكى ۋەزىپىنى تۈگىتىسەن، — دېدى ھەيۋە بىلەن.

قۇلچاق ھەسەلبانۇنىڭ ئىشىنى ئەمدى تۈگىتىپ چىقىشىغا، ئۆلمەكىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، قوغداش سەركەردىسى زېرىپبەگ زەردە بىلەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— بېگىمنىڭ قىزىغا يېقىن يولىما، ئەگەر ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغىنىڭنى يەنە كۆرۈپ قالسام كاللاڭنى قوشقاچنىڭ

كاللىسىنى ئۈزگەندەك ئۆزۈۋېتىمەن ! — دەپ تەھدىت سالدى.

نېمىدېگەن تەتۈر زامان بۇ؟ باينىڭ قىزى ئۆزى چاقىرسا قۇلنىڭ بارماسلىقىغا ھەددىمۇ؟ بارسا قوغداش سەركەردىسى جېنىڭنى ئالىمەن دەيدۇ. قۇلچاقنى قىيناۋاتقان بۇنداق ئىشلار كۈندە يۈز بېرەتتى.

كۈن ئەمدىلا غەربكە قىيسايغان، شەپەق نۇرىدا ئاسماننىڭ غەرب تەرىپىدىكى بۇلۇتلار رەڭلىنىپ قىزىل رەڭگە كىرگەندى. كېرىمباي ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىغا كىرىپ، تۆردىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان قېلىن كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئىككى يېنىغا ئامراق ئىككى توقىلى كېلىپ چۆكۈشتى. چاكارلار داستىخان سېلىپ، داستىخاننى ھەر خىل تائاملار بىلەن توشتۇردى. ھەر خىل پىشۇرۇلغان گۆشلەر، ئىرىمچىك، نان، ئەرزىق، شىرگىرىنج، تەرىت تائاملارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. كېرىمباي كۆلگىنىچە بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مۇلازىم ! — دەپ توۋلىدى.

— لەببەي، — دېگىنىچە ئىشىكتىن مۇلازىم كىرىپ كەلدى.

— سەن دەرھال ئىشباشلارنى، قوغداشقا مەسئۇل سەردارنى، تۇبچى بوۋاي شانىيازنى ۋە قۇلچاقنى چاقىرىپ كىر ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

مۇلازىم «باش ئۈستىگە» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. ھايال بولماي ئوندەك ئادەم كىرىپ كەلدى. باي ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قۇلچاق قېنى؟ — دەپ سورىدى كېرىمباي.

— لەببەي ! — دېگىنىچە قۇلچاقمۇ كىرىپ، پەگاھتا ئېگىلىپ سالام بەردى.

— قىنى ئاۋۇ پەس تەرەپكە بېرىپ ئولتۇر، — دېدى كېرىمباي سەپنىڭ ئايغىنى كۆرسىتىپ.

قولچاق «خوش بېگىم» دەپ ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، پەس تەرەپكە بېرىپ ئولتۇردى.

ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىپ بولغاندىن كېيىن كېرىمباي «ئامىن !» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قولىنى كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇئەكبەر» دېيىشتى.

كېرىمباي ھەممىسىگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن:

— بۇرادەرلەر، بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى تاماققا چاقىردىم. بىللە غىزالانغاچ بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دېدى بىر خىل ھەييارلىق بىلەن.

ھەممەيلەن تەڭلا « بولىدۇ بېگىم، قولىمىز كۆكسىمىزدە» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— قېنى، ئالدى بىلەن تاماققا ئېغىز تېگىڭلار.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن كېرىمباي جىددىي تۈسكە كىردى.

— بىزنىڭ كىچىك قولچىقىمىز چوڭلا ئادەم بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنى چۆپ ئورۇدىغان، پادا باقىدىغان كىچىك ئىشلارغا سالساق ئىسراپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئوبدانراق ھۈنەرنى ئۆگەتمىكىمىز لازىم. زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىمىز.

ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ كېرىمباينىڭ ئېغىزىغا قاراپ قالدى.

كېرىمباي قوغداش سەردارى زېرىپبەگكە قاراپ:

— سەن بۈگۈندىن باشلاپ قولچاقنى تەربىيەلەيسەن. ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلىش، چېرىكلەرنى باشقۇرۇش ۋە دۈشمەنگە تاقابىل

تۇرۇشتەك ھەر خىل ماھارەتلەرنى ئۆگەت. ئەڭ قىيىن ماھارەتلەرنى ئۆگەنسۇن. قاتتىق قوللۇق بىلەن تەلەپ قوي، ھەرگىز رەھىم قىلما! — دېدى.

— باش ئۈستىگە، بېگىم! — دېدى زېرىپبەگ بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ.

— قۇلچاق، سەن پادىچىلىق قىلدىڭ، ئات چاپار بولدۇڭ، ھەممە ئىشتا مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقتىڭ. ئەمدى جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇختا مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق بۇيرۇققا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك. كاللا كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بۇيرۇق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بىلدىڭمۇ؟

— بىلدىم، بېگىم.

قۇلچاق يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاۋاتقان ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ھەرقانداق جەبىر - جاپاغا چىداپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىشكە بەل باغلىغانىدى. ئۇ ئانا ۋەتىنى، ئەزىز سۆيگۈنىنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. ۋەتەنگە تەلپۈنگەن ئوتتەك قەلبىدە تاجاۋۇزچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئوتى لاۋۇلداپ تۇردى. جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى. «ئەمدى بۇ ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى قۇلچاق.

قوغداش سەردارى زېرىپبەگ بولسا كۆڭلىدە باشقىچە چوت سوقۇۋاتاتتى. «ئەمدى قولۇمغا چۈشتۇڭ، قېنى سېنىڭ ھەسەلبانۇنىڭ قېشىغا بارغىنىڭنى بىر كۆرەي» دېگەننى ئويلىدى - دە، يۈزىدە بىر خىل سىرلىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

كېرىمباي شانىياز بوۋايغا قاراپ:

— سەن ئاتلارغا ئوبدان قارا! بەدەخشان ئاتلىرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان تەكشەپ قوي، غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلمىسۇن،

ئۇقتۇڭمۇ؟! ـــ دېدى.
ـ بولـدۇ، بېگـم، كـېچە ـ كـۈنـدۈز ئاتلارنـىڭ قېشـىـدا تۇرۇۋاتىمەن، ئاتلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى شانىياز بوۋاي.
ـــ ياخشى، ھە راست، بۇ قېتىمقى بەيگىدە بىرىنچى بولـۇپ كەلـگـەن ئاتنـى ئـايرىـم بـېقـىپ تـۇر، ئـۇنى كـۆرۈش ئـۇچـۇن كـېلىدىغانلار كۆپ، مـېنىڭ رۇخـسـىتىـمسىز ئـاتنىڭ قـېشىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمە، بـىـلدىڭمـۇ؟ ـــ دېدى كېرىـمباي بۇيـرۇق تەلەپپۇزىدا.
ـــ چۈشـەندىم، چوقـۇم دېگەنلـىرىدەك قىلىمەن، ـــ دېـدى شانىياز بوۋاي.
ـــ ھەممىڭـلار قايتىـپ تۇرۇڭلار، ـــ دېدى كىرىمبـاي، ـــ زېرىپىبەگ سەن بىردەم قال. ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار.
ئۇ يېنىدىكى خوتۇنلارغىمۇ چىقىپ كېتىش ھەققىدە ئىشارەت قىلدى. ھەممـەيلەن چىقىپ كەتكەندىن كـېيىـن، كـېرىـمـباي زېرىپىبەگنىڭ قولىقىغا نېمىنىـدۇر پىچىرلىدى. زېرىسپىبەگمۇ كالپۇكلىرىنى شۈمشەيتىپ: « بـولىدۇ، بېگـىم» دېگـەنلىرىدەك بېجىرىمەن، دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.
قۇلچاق ئۆزىنىڭ بېشىدا قانداق ئوتىنىڭ كۆيـۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇگۈنمۇ كەچكىچە مەشىق بىلەن بولۇپ، ھۇجرىسىغا كەلدى. كېچە بولغان بىلەن تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. قۇلچاق راۋابىنى ئېلىپ ئاستا تالاغا چىقتى. ئاسمان بوشلۇقىدا تولـۇن ئاي يوغان غەلۋىردەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ھەركىم زېھنىنى يىغىپ ئاي تاماشىسى قىلىۋاتقاندەك ھەممە يەر شۈنچىلىك جىمجىت ئىدى. پەقەت تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ رىتىملىق ئاۋازى ھـاياتنىڭ مـەڭگۈ ئـويغاق تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تومۇز بولغان بىلەن كەچتىكى ئاي يورۇقى ياپلاقنىڭ

سالقىن شامىلىنى پۇۋلەۋاتقاندەك يەڭگىل ئىسسەتتى. يايلاقنىڭ مۇزدەك كەچكى ھاۋاسى ئادەمنى سەگەكلەشتۈرەتتى. قۇلچاق بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئاستا يوغان ئارچا دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئانا ۋەتىنىنى، سۆيۈملۈك كۆيپەرىسىنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. كۆيپەرى كېچىسى چۈشىدە، كۈندۈزى خىيالىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. ئۇ تالاي قېتىم ۋەتىنىنى، كۆيپەرىنى سېغىنغانىدا راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتىپ تاڭ ئاتقۇزغانىدى. كۈندۈزى ئىشلەپ شۇنچە ھېرىپ كەتسىمۇ يەنىلا كۆيپەرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا ئاتىغان ناخشىلىرىنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويمىغانىدى. ئۇنىڭغا كۆيپەرى ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، يولىغا تۆت كۆزى بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۈگۈن شۇنداق ئايدىڭ، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. «ئاي شۇنداق چىرايلىق تولۇپتۇ، كۆيپەرىمۇ مۇشۇ ئايدەك تولغاندۇ؟ بەلكىم شۇ تاپتا كۆيپەرىمۇ مۇشۇ ئايغا قاراپ مېنى ئەسلەۋاتقاندۇ. تولۇن ئاي ئارقىلىق بولسىمۇ كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ تۇرسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە !» دەپ پىچىرلىدى ئۆز ـ ئۆزىگە قۇلچاق.

ئۇ راۋابىنى ئېلىپ ئارچا دەرىخىنىڭ ئۇچۇق تۇرغان يىلتىزىغا كېلىپ ئولتۇردى، سېغىنىشقا تولغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ناخشىسىنى تولۇن ئايغا ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدى:

يىراقتا بولسامۇ، بولغىن يار ئامان،
قەسىمىمنى بۇزمايمەن كەتسىمۇ بۇ جان.
قول بەردۇق بۇزرۇكۋار مۇزتاغ ئالدىدا،
چىدايمەن دەھشەتلىك بولسىمۇ ھىجران.

كۆزۈم تۆت، يولۇڭغا بولدۇم ئىنتىزار،
گۈلىستان گۈللىرى نەزىرىمدە خار.
ھەممە گۈل پۇرىماس سەنچە خۇش ھىدلىق،
دۇنيانى كەزسەممۇ يوق سەندەك دىلدار.

كەرەشمە نازىڭدىن سەدپارە بۇ جان،
تىلىندى بۇ دىلىم، چېكىمەن پىغان.
قۇل بولۇپ يات ئەلدە يۈرگىنىم بىلەن
سەن ئۈچۈنلا يارالغان تېنىمدىكى جان.
...
...

قۇلچاقنىڭ ناخشىسى تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا جىمجىت تىڭشاۋاتقان تاغلارغا، مۈزىكىسىغا تەڭكەش بولۇپ شىۋىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا، قىشۇياز رەڭ ئۆڭمەي ياپيېشىل تۇرىدىغان قارىغايلارغا سىڭمەكتە ئىدى.

— قۇلچاق، ئەمدى ھۇجراڭغا كىرىپ كەت، ئەتە يەنە ۋەزىپە بار، — دەپ ۋارقىراشتى ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانلار.

ئەتىگەندە قوغداش سەردارى زېرىپبەگ قوغداش خادىملىرىدىن سەككىز كىشىنى قۇلچاق بىلەن بىللە چاقىرتتى.

زېرىپبەگ:

— بۇگۈن بىز بېگىمنىڭ قېچىپ كەتكەن قوتازلىرىنى تېپىپ كېلىمىز، ھازىرلا يولغا چىقىمىز، مەندىن باشقا ھېچكىم قورال ئالمىسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

گەرچە 6 ـ ئاي كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. ئاسمان ھازىرلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك تۇتۇق

ئىدى. بىر خىل سوغۇق شامال ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىدىن مەغرۇرلىنىپ تۇرىدىغان تاغلارمۇ مامۇقتەك ئاپپاق تۇمان ئىچىگە ئۆزىنى يوشۇرغانىدى.

زىرىپبەگ باشلاپ ماڭغان بۇ سەككىز كىشى بىر ـ بىرىگە گەپمۇ قىلماي، ئات ئۈستىدە مۈگدەپ لىڭشىپ ماڭاتتى. قۇلچاق «قوتازلارنى ئىزدەشكە مۇنداق جىق ئادەمنى ئاۋارە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ماڭىلا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا تېپىپ ئەكېلەتتىم» دەپ ئويلىدى .

ئۇلار يېرىم كۈندىن ئارتۇق يول يۇرۇپ بىر تار جىلغىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى. بۇ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، جىلغا ئىچىنىڭ كەڭلىكى ئاران ئۈچ ـ تۆت غۇلاچچە كېلەتتى. بۇ جىلغىغا قارىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى .

زىرىپبەگ:

— بەلكىم قوتازلار مۇشۇ جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇشى مۇمكىن، مەن تۆتەيلەن بىلەن مۇشۇ يەردە ساقلايمەن. قۇلچاق، سەن جىلغىغا كىرىپ، جىلغا ئىچىنى ئىزدەپ باق. ماۋۇ ئىككىڭلار تاغنىڭ ئۇ تەرىپىنى ئىزدەڭلار. سەن ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۇ تەرەپىنى ئىزدەپ كۆر. سىلەرگە ئۈچ ئاش پىشىم ۋاقىت بېرىمەن، ۋاقتىدا قايتىپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

قۇلچاق جىلغا ئىچىدە ئات ماڭالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى شۇ يەردە تىك تۇرغان بىر تاشقا باغلاپ قويۇپ، پىيادە جىلغا ئىچىگە ماڭدى. زىرىپبەگ قوينىدىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، ئالىقىنىغا ناستىن كىچىككىنە تۆكۈپ ئاستا تىلىنىڭ ئاستىغا سالدى. جىلغىغا قاراپ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ:

«قېنى سەن قۇلنىڭ ئېيىقلارغا يەم بولماي قايتىپ

چىقىنىڭنى مەن بىر كۆرەي !» دېدى پىچىرلاپ.

قولچاق جىلغا ئىچىگە كىرىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، جىلغىنىڭ تۆرىدىن بىر قاڭسىق پۇراق كەلدى. قولچاق «بۇ نېمىنىڭ پۇرىقىدۇ؟» دەپ سەگەكلەشتى. دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان پىچىقىنى چورۇقىنىڭ قونچىدىن قولىغا ئېلىپ، دىققەت بىلەن ھەممە يەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ ماڭدى. «بۇ جىلغىدا قوتاز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇ يەردە ئىزدەپ بىكاردىن ئاۋارە بولىدىغان گەپ، تېزرەك بېرىپ، تېزرەك قايتاي» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قولچاق. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن يوغان بىر ئېيىق ھۆركىرىگىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئېتىلىپ كەلدى. قولچاقنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە «باشقا تەرەپلەرگە قاچىدىغان يەر يوق، كەينىمگە قاچسام مۇشۇ يەردىلا مېنى يەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئېلىشماقتىن باشقا ئامال يوق» دېگەن ئوي كەلدى ـ دە، دەرھال ئېلىشىشقا تەييارلاندى. ئېيىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۆزىنىڭ ئۆۋىسى يېنىغا كېلىپ قالغان بۇ ئولجىغا بار كۈچى بىلەن ئېتىلدى. ئۇ سەكرەپ ئېتىلغاندا قولچاق چەبدەسلىك بىلەن بېشىنى ئېلىپ قاچتى. لېكىن، ئالدى پۇتى قولچاقنىڭ سول مۈرىسىگە تېگىپ تىرنىقى كىيىمىنى يىرتىپ، مۈرىسىنى قانىتىۋەتتى. قايتا ئېتىلىپ ئىككى پۇتىنى قولچاقنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ بېشىنى چىشلىمەكچى بولدى. ئۇنىڭ پۇتۇن ئېغىرلىقى قولچاقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ ئېيىقنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلغان بولسا ئىش چاتاق ئىدى. قولچاق بارلىق كۈچى بىلەن ئېيىقنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئەپچىللىك بىلەن بېشىنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن قاچۇرۇپ، كۆكرىكىگە يوشۇردى.

ئېيىقنىڭ قولچاقنىڭ بېشىنى چىشلەشكە ئېغىزى يەتمەي

مۇرىسىگە ھە دەپ چىشىنى پاتۇردى. قۇلچاق دەرھال ئېيىقنىڭ يۇرىكىنى ئۇدۇللاپ پۇتۇن كۈچى بىلەن پىچاق ئۇردى. ئېيىقنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان قۇلچاقنى پۈتۈنلەي قانغا بويىدى. ئېيىق ئايانچلىق ھۆركىرەپ پۇتلىرىنى تارتماقچى بولدى ـ يۇ، قۇلچاقنىڭ بېلىدىن مەھكەم تۇتقان قولى ئۇنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويىدى. قۇلچاق زادىلا ھوشىنى يوقاتماي پىچىقنى ئېيىقنىڭ بەدىنىگە قايتا ـ قايتا تىقىپ، ئۇياق ـ بۇياققا قوچۇدى. ئېيىق بارغانسېرى بوشاپ، ئاخىر بوشقىنا چىرقىراپلا پەسكە سىيرىلدى. قۇلچاق ئېيىقنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مۇرىسىنىڭ ئاغرىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ پۇتۇن كىيىمى قانغا بويالغان بولۇپ، خۇددى قان دېڭىزىدىن ئۈزۈپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. قۇلچاق توپاقتەك كېلىدىغان ئېيىقنىڭ ئۆلۈكىنى پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە كەينىگە ياندى.

جىلغا ئېغىزىغا قۇلچاقتىن باشقا ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغانىدى. چېرىكلەر زېرىپبەگدىن:

— قۇلچاق ئېيىققا يەم بولۇپ بولدى. ئەمدى قايتامدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— يەنە ئازراق ساقلاپ تۇرايلى، ئېيىق ئۇنى تەلتۆكۈس يەپ كەتسۇن، ئاندىن ماڭايلى، — دېدى زېرىپبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەنە، ئۇ كېلىۋاتىدۇ! — دەپ توۋلىدى بىرەيلەن. زېرىپبەگ جىلغا تەرەپكە قاراپلا داڭ قېتىپ قالدى. قۇلچاق قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا چوڭ بىر ئېيىقنى پۇتىدىن سۆرەپ كېلىۋاتاتتى.

— بۇ نېمە كارامەت؟ بۇ ئادەم ئەمەس، قويۇچتىن يارالغان ئوخشىمامدۇ! ياپىر دەستىگىر، — دېدى زېرىپبەگ ئۆز ـ ئۆزىگە.

قۇلچاقنىڭ ئېيىق جىلغىسىدا ئېيىق ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن يايلاققا تارالدى. قۇلچاققا قويۇلغان قىلتاق ئۇنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىپ ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

# ئون ئالتىنچى باب

## قېچىش

قولچاق ئېيىق ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆنى تېخىمۇ تەسلەشتى. ئۇنى ھەربىي مەشىقتىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئېغىر ئىشلارغا سالىدىغان بولدى. كۆزىتىدىغانلار ئۇنىڭغا كىچىككىنە پۇرسەتمۇ بەرمەيدىغان بولدى. پەقەتلا تولغانئاي موماي ھۆجرىسىغا كىرىپ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

كېرىمباينىڭ مېھمانخانىسى ۋاسا جۇپ قىلىپ يېپىلغان، ياغاچلار ئىنتايىن خىللانغان بولۇپ، ياغاچلاردىكى نەقىش ئويمىلار ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. تۆرگە ئىراندا توقۇلغان گىلەملەردىن ئۇستە - ئۇستىلەپ تۆت - بەش پارچە سېلىنغان بولۇپ، تاملارغا ھەر خىل نۇسخىلاردىكى گىلەملەر تارتىلغانىدى. تۆردىكى گىلەم ئۈستىگە گۈللۈك يېپەك رەختلەردە تىكىلگەن كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. بۈگۈن كېرىمباي بۇ مېھمانخانا ئۆيىگە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى بولغان ئىش بېشى ئەلەمقۇل بىلەن قوغداشقا مەسئۇل سەردار زېرىپبەگنى چاقىرتقانىدى.

كېرىمباي ئىككى ئادىمىگە سەپسېلىپ ئازراق تۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا گېپىنى باشلىدى:

— سىلەر بىلەن مۇھىم بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىمەن، — دېدى ئۇ، — سىلەرمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ قۇلنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى. ھازىر ئۆزىنى بىلمەي قېلىۋاتىدۇ. يايلاقتا ھەممىنىڭ ئېغىزىدا شۇ قۇلنىڭ گېپى. يىلقىچى، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ گېپىنى قىلىپ، شۇنىڭ راۋابىنى چېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر قۇل ئىكەنلىكى ئۇنتۇلۇۋاتىدۇ. يىلاننىڭ بېشىنى ۋاقتىدا يانجىۋەتمىسەك كېيىن ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولىدىغان ئوخشايدۇ، — كېرىمباي گېلىنى قىرىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەندە ساڭا ماھارەت ئۆگەت دېگىنىم، ئۇنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنىم ئىدى. سەنمۇ دېگەن يېرىمدىن چىقالمىدىڭ، — دېدى ئاچچىقى بىلەن زېرىپبەگكە قاراپ .

— ئۇ نېمىنى ئاجايىپ خەتەرلىك ئىشلارغا بۇيرۇدۇم بولمىسا، بېگىم، ھەتتا ئۇنى ئېيىق جىلغىسىغىمۇ كىرگۈزۈپ باقتىم. ئۇ يەردىن ھازىرغىچە ھېچكىم ساق چىقىپ باقمىغان. باشقا ئادەم بولغان بولسا ئاللىقاچان ئېيىققا بىر ۋاخ مەززىلىك تائام بولغان بولاتتى. بۇ قۇل بەك يامان ئىكەن، شۇ يەردىنمۇ ساق يېنىپ كەلدى، — دېدى زېرىپبەگ بېشىنى قاشلاپ.

— بېگىم، ئۇنى ھۇجرىسىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك بولمىدىمۇ؟ — دېدى ئەلەمقۇل.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ قۇلنىڭ نامى ھەممە يەرگە تارالدى. مۇشۇ پامىرنىڭ ھەممە بەگ، بايلىرى ئوبدان تونۇيدۇ. ئۇنى مەندىن سېتىۋالىمەن دەپ تالاشقانلارمۇ بار. ئۇنى شۇنداقلا ئۆلتۈرۈۋەتسەك خەقكە نېمە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟ ئەمەلدار، بەگلەر بىر قۇلنى باشقۇرالماي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ گەپ تارقاتسا مەن يۈزۈمنى نەدە قويىمەن؟ شۇڭا ئوبدانراق چارە تېپىشىمىز كېرەك، — دېدى كېرىمباي.

ھەممىسى چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت قاپلىدى.

— مەن بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئەلەمقۇل بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كېرىمبايغا يېقىن ئەكېلىپ، — يېقىندا دادىمىزنىڭ بىر يىللىق نەزىرىسى بولىدۇ. بۇنى چوڭ ئۆتكۈزىمەن دېدىلە. شۇ خۇسۇستا چوڭ بەيگە ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ قۇلچاقنى بەيگىدە بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئاتقا پەتە قىلىپ (مۇكاپات) بەرسەك، ئۇ شۇنىڭ بىلەن كۆزىمىزدىن يوقىلىدۇ ھەم پۈتۈن جاھانغا كېرىمباي بەيگىدە ئادەم پەتە بېرىپتۇ، دەپ ناملىرى تارىلىدۇ.

كېرىمباينىڭ بىردىنلا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— بۇ ياخشى چارە ئىكەن، ئاشۇنداق قىلىپ ئۇنى كۆزىمىزدىن يوقىتايلى. بۇ ئىشنى مۇشۇ ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن! — دېدى كېرىمباي خۇشاللىق بىلەن.

قۇلچاق ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، شۇ يەردىلا پېشىن نامازىنى ئوقۇپ بولۇپ بالدۇرلا ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە ئىدى، نېمىشقىلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. رايى ھېچنېمىگە تارتمايتتى. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ، ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ تۇرۇشىغا ئىشىك جىددىي قېقىلدى.

— كىمدۇ مۇشۇنداق چاغدا ئىشىك قېقىۋاتقان؟ — دېگىنىچە خالار - خالىماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. تولغانئاي خۇددى ئىت قوغلىغاندەك ئالاقزەدىلىك بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.

— بالام، ئىشىكنى دەرھال تاقىۋەت، مۇھىم گەپ بار، — دېدى تولغانئاي ھاسىراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇنداق جىددىيلەشكىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن قۇلچاق ئورنىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە خېلى تەستە:

— ئانا، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى .

— بالام، بۇ قانخورلار سېنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن، سېنى ئات بەيگىسىدە نەرسە ئورنىدا پەتە(مۇكاپات) بەرمەكچى بولدى.

قۇلچاقنىڭ كۆز ئالدىدىن بەيگە مەيدانى، چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلار، قىيقاس سېلىۋاتقان ئادەملەر، مۇكاپاتقا بېرىش ئۈچۈن ماددىي نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يىگىتلەر، ئۆزىنىڭمۇ مۇكاپات بۇيۇمى قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. كېرىمباي ئۇنى قۇل قىلدى، مانا ئەمدى ئۇنى بىر ماددىي نەرسە قاتارىدا بەيگىدە ئۇتقانلارغا مۇكاپات قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئادەم بالىسىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق بولمىسا كېرەك. قۇلچاق بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ئانا، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— بالام، جىددىيلەشمە، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن ئۆتكەندە ساڭا يول ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدىم . سەن ئۇنى بىرقەيىڭ (تاغدا ئۆسىدىغان بىرخىل دەرەخ، قوۋزىقى قەغەزدەك چىقىدۇ) قوۋزىقىغا كۆمۈر بىلەن تەپسىلىي سىزىپ قويغانىدىڭ. قېنى ئۇنى ئال، — دېدى تولغانىئاي سەۋرچانلىق بىلەن.

— دۇرۇس ! مەن ئۇنى نۇرغۇن قېتىم كۆرۈپ، كۆزۈمنى پىشۇرۇپ بىر يەرگە تىقىپ قويغانىدىم، — دېدى قۇلچاق، ئاندىن ئۇيەر - بۇيەرلەرنى سىنچىلاپ ئاختۇرۇپ ئاخىر ياتىدىغان پاخالنىڭ تېگىدىن ئۇ قوۋزاقنى تاپتى.

— ئانا، مانا تاپتىم، — دېدى قۇلچاق چوڭ بىر قىيىق قوۋزاقنى قولىغا ئېلىپ.

— بەك ياخشى بولدى، بالام، ئەكەل، يەنە بىر قېتىم يولنى

ساڭا كۆرستىپ بېرەي. قاچقاندا ئېزىپ قالمىغىن، — دېدى تولغانئاي قۇلچاقنىڭ قولىدىن قوۋزاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەپسىلىي قارىغىنىچە، — بۇنىڭغا قارا، ماۋۇ جىلغىلارنىڭ ئېغىزىغا بارغاندا كۆپرەك دىققەت قىل، ئادەم ئاسان ئېزىپ قالىدۇ. سىرىۋي داۋىنىغا چىقتىڭ — قۇتۇلغىنىڭ شۇ، ئاندىن ئۇ تەرەپنى تولۇق بىلىسەنغۇ؟ — دېدى تولغانئاي قۇلچاققا قاراپ.

— ئۇ تەرەپنى كۆزۈمنى يۇمساممۇ تېپىپ ماڭالايمەن. شۇ يەرگە بارالىسام ئۆزۈمنى يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىمەن، — دېدى قۇلچاق.

— بەللى! بۇ قىيىق قوۋزاقنى قوينۇڭغا سال، ھەربىر جىلغا ئېغىزى، داۋان، يايلاقلارغا بارغاندا ئۇنىڭغا قاراپ توغرا يۆنىلىشنى تاپ. بۈگۈن كەچ چوقۇم قاچ! بولمىسا ئىشنىڭ چاتاق، سەن باينىڭ ئەڭ ياخشى ئېتىنى پەملەپ قولغا كەلتۈرگىن، مەن يول ئوزۇقۇڭنى تەييارلاپ ھېلىقى دۆڭنىڭ كەينىدىكى چوڭ تاشنىڭ يېنىدا قويۇپ قويىمەن. لېكىن، قەتئىي چاندۇرما، بولمىسا تۈگىشىمىز، — دېدى تولغانئاي.

— ئانا، مەن قېچىپ كەتسەم باي سىزنى بوش قويمايدۇ، سىزنىمۇ ئەكېتەي، — دېدى قۇلچاق تولغانئايغا.

— ساڭا كۆپ رەھمەت بالام، مېنىڭ پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاپ، تۆت كۈنلۈكۈملا قالدى. ئەمدى ھېچ يەرگە بارالمايمەن. مېنىڭ غېمىمنى يېمەي ئۆز بېشىڭنىڭ غېمىنى قىل. سەن بولساڭمۇ ئانا ۋەتەن باغرىغا قايتىپ كەت!

— رەھمەت ئانا، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، — دېدى قۇلچاق تولغانئايغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ.

— بۇ يەردە ئۇزاق تۇرسام بولمايدۇ، بالام، مەن بېرىپ يول ئوزۇقۇڭنى تەييارلاي، ھازىر بەيگە ئاتلىرىنى سوۋۇتۇۋاتىدۇ،

ئامال قىلىپ ئەڭ ياخشىسىنى قولغا چۈشۈر، ــ دېدى تولغانغاي ئىشىككە مېڭىۋېتىپ.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، مەن ھازىر جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، قاچالمىسام بۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسەممۇ مەيلى، ــ دېدى قۇلچاق غەزەپ بىلەن.

بۇ 1827 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. كېرىمباينىڭ قەلئەسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بىرقانچە كۈندىن بېرى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇۋاتاتتى، كۈندە ئادەملەرنىڭ كۆرىدىغىنى كۆيدۈرگۈدەك ئاپتاپ نۇرى، كۆپكۆك ئاسمان، ساپسېرىق يايلاق بولۇپ، بۇلۇتلۇق كۈنلەرنى ئاساسەن ئۇنتۇغانىدى. كېرىمباي دادىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەرىكە ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ مەرىكىنى ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم پۇرسەت دەپ بىلىپ پۈتۈن پامىر رايونى بويىچە مېھمان چاقىردى. مەرىكىگە ھېسابسىز قوي - ئۆچكە، قوتازلار سويۇلدى. قەلئە ئالدىدىكى تۈزلەڭلىكتە مېھمانلار ئۈچۈن بەش يۈزدىن ئارتۇق چېدىر تىكىلدى. چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. كېرىمباينىڭ ئادەملىرى مېھمانلاردىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قۇلچاقنى كۆزىتىدىغانلارغىمۇ نۇرغۇن ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قۇلچاق بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى.

قۇياشنىڭ تاغ كەينىگە ئۆتۈشىگە بىر ئارغامچا بويى قالغان چاغ ئىدى. قۇلچاق ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، قەلئە ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈردى. كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن، ئىش كىيىمى بىلەن قولىغا

گۆرجەك، سوپۇرگە ئېلىپ، ئۇيەر ـ بۇيەرلەرنى تازىلىغاچ ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ئۇ نىشانلىغان ئاتنى بىر بالا ئالدىرىماي سوۋۇتۇۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپنى تەپسىلىي كۆزىتىپ باقتى. ھەممە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايۋاتاتتى. قۇياشمۇ ئاستا تاغنىڭ كەينىگە ئۆزىنى ئاتتى. ھاۋا تىنچىق بولۇپ، شامالمۇ توختىغانىدى. كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەتراپنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغانىدى. باينىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى مېھمانلارنىڭ يېنىدىن پەقەت ئايرىلمايتتى. قۇلچاق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاستاغىنا ھېلىقى ئەڭ ياخشى تۇلپارنى سوۋۇتۇۋاتقان بالىغا يېقىنلاشتى.

— قوزام، ئاتنى ئوبدان سوۋۇتۇپسەن، ھېرىپ قالدىڭمۇ؟ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ — دەپ ئەركىلىتىپ سورىدى ئۇ.

— ياق، ئاكا، مۇشۇ ئاتتىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ئۇنى تازا سوۋۇتسام بولدى، — دېدى ئۇ بالا چۈچۈك ئاۋازى بىلەن.

— بەك ياخشى ئىكەنسەن، بىردەم ساڭا ياردەملىشىپ ئاتنى سوۋۇتاي، سەن بېرىپ تامىقىڭنى يەۋالغىن، — دېدى قۇلچاق ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە.

— بولمايدۇ ئاكا، بېگىمنىڭ بۇيرۇقى بولمىغىچە ئاتنى ھېچكىمگە بەرمەيسەن، دەپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ ئات بەيگىدە بىرىنچى بولۇپ كېلىدىكەن، كېچىچە مەن بىلەن تاغام بۇنىڭ يېنىدا ياتىدىكەنمىز، — دېدى ئۇ بالا.

— توغرا دەيسەن، بۇ ئات ئىنتايىن مۇھىم. مېنى كېرىمباي ئەۋەتتى. سىلەرنى كېچىچە ئاتنىڭ يېنىدا ياتىدۇ، شۇڭا ھازىر كېلىپ تاماق يەۋالسۇن، — دېدى.

— بوپتۇ، ئاكا، ئەمىسە مەن باراي. ئاتنىڭ چىققان تەرى ئاساسەن سوۋۇدى. ئەمدى ئارغامچىدىن تۇتۇپ، بىردەم يېتىلەپ

ئايلاندۇرساڭ سىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىجەزى تەڭشىلىدۇ، — دېدى بالا قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ تۇرۇپ.

ئۇ ئاتىنىڭ باشبېغىنى قۇلچاققا بېرىۋېتىپ، كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. قۇلچاق دەرھال ئاتنىڭ ئېگەر ـ تارتقۇلىرىنى چىگىتىپ، ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن سەل ـ پەل يىراقلاشقىچە ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى، ئاندىن شاپىيدە مىنىپلا تولغانئاي ئوزۇقلۇق قويماقچى بولغان دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتتى.

قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى ئەڭ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا سېرىق چېكىتتەك بىردەم كۆرۈنۈپلا يىتتى. قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدىن قالغان قىزىل شەپەق ئاستا ـ ئاستا سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ تاغلارنىڭ بەستىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇلايلار ئۆزلىرىنىڭ يەتۇقى (كېچىدە ياتىدىغان ئۆڭكۈر) غا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، يايلاقلاردىن ۋىكىلدىغىنىچە ئۇچۇپ كەتمەكتە ئىدى. قاغىلار بەكلا ھېرىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، توپ ـ توپ بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ياتىدىغان يېرىگە خۇشياقمىغاندەك ئاستا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. تاغلار گۆگۈم قوينىغا كىرىشكە تەييارلانغاندەك چوقچىيىپ تۇراتتى. تاغلار، ئۆيلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ ئاخىر قارا كۆلەڭگىگە ئۆزگەردى.

قۇلچاق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە دۆڭنىڭ كەينىدىكى چوڭ تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئەتراپقا ئىنچىكە قاراپ جىمجىتلىقنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئاتتىن چۈشتى. تولغانئاي خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىگە يول ئوزۇقنى، بىركۆزىگە ئاتقا يەملىك ئۈچۈن تاغ ئارپىسى قاچىلاپ، شۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغانىكەن. قۇلچاق خۇرجۇننى ئېلىپلا ئات ئۈستىدىكى ئېگەرگە تاشلىدى. ئۇ سەپەرنىڭ بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن قىسقىلا

دۈئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، شەرققە قاراپ ئۆچقاندەك چېپىپ كەتتى.

ئات سوۋۇتىدىغان بالا ئاشۇ چاغدا ئۇدۇل تاغىسىنىڭ قېشىغا بارغانىدى. تاغىسى ئۇنى كۆرۈپلا ھەيران بولغان ھالدا:

ـــ ئات قېنى؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بىر ئاكاش كېلىپ «سەن بېرىپ تاماق يە، ئاتنى مەن سوۋۇتىمەن، دېدى. مەن بەرمەي تۇرسام، كېرىمباي مېنى ئەۋەتتى، سەن بېرىپ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن كىچىچە تاغاڭ بىلەن ئاتنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەنسىلەر» دەپ ئاتنى مەندىن ئېلىۋالدى، ـــ دېدى.

بالىنىڭ تاغىسى قاتتىق ئەنسىرەپ:

ـــ ئۇ ھازىر نەدە؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

بالا «ئەنە ئاشۇ يەردە ئىدى» دەپ ئاتنى بەرگەن يەرنى كۆرسەتتى.

ـــ بالام، يۈر، قاراپ باقايلى، خۇدايىم، بىر ئىش چىقمىغىيدى ئەمدى، ـــ دېدى بالىنىڭ تاغىسى ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا.

ئۇلار بوراندەك ئۇچۇپ بېرىپ ئۇ يەرگە قارىغانىدى، ئاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئات ئىزىغا قاراپ ئۇلارنىڭ شەرق تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار دەرھال كېلىپ ئەھۋالنى زېرىپبەگكە مەلۇم قىلدى.

زېرىپبەگ ئاچچىقى بىلەن بالىدىن ئىشنىڭ جەريانىنى قايتا سورىدى.

ـــ ئاتنى قولۇڭدىن ئالغىنىغا قانچە ۋاقىت بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

ـــ باياتىنلا مەندىن ئاتنى سوۋۇتىمەن دەپ ئالدى، تېخى

ھېچقانچىلىك ۋاقىت ئۆتمىدى، — دېدى بالا يىغلامسىراپ.
زېرىپبەگ قولچاقنىڭ قاچقانلىقىنى جەزملەشتۈردى:
— ئۇ كاساپەت قاچقان ئوخشايدۇ، قېنى نەگە بارالايدىكىن؟ — دېدى زېرىپبەگ زەردە بىلەن. ئۇ جىددىيلىشىپ يوگۇرگەن پېتى كېرىمباينىڭ قېشىغا ماڭدى.
كېرىمباينىڭ ئۆي ـ مېھمانخانىلىرى يۈز نەچچە ئېغىزدىن ئاشاتتى. ھەشەمەتلىك سېلىنغان چوڭ ئۆيدە بىراقلا ئۈچ ـ تۆت يۈز مېھماننى كۈتكىلى بولاتتى. چوڭ ئۆينىڭ ھەممە تۆرىدە مېھمانلار لىقمۇلىق ئولتۇرغانىدى. كېرىمباي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆرنىڭ باش تەرەپتىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان بولۇپ، مېھمانلارغا بۇ قېتىمقى بەيگە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا ئىدى.
— بۇ قېتىم مەن بەيگىدە بىرىنچى كەلگەن ئاتقا قولچاقنى پەتە(مۇكاپات) قىلىپ بېرىمەن. قولچاق قاۋۇل، ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ، بەش ـ ئالتە ئادەمنىڭ ئىشىنى ئۆزى يالغۇز بىمالال قىلالايدۇ...
— بېگىم، ھېلىقى ئېيىق جىلغىسىدا ئېيىق ئۆلتۈرگەن يىگىت شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان بەدەخشانلىق مېھمان بوم ئاۋاز بىلەن.
— شۇنداق، بېگىم، دەل ئۆزى شۇ. ئۇنى پەقەت قولدىن چىقارغۇم يوق ئىدى. بۇ قېتىمقى بەيگىنى ئىنتايىن چوڭ ئورۇنلاشتۇردۇم. باشقا ماددىي پەتىلەرگە مېھمانلار رازى بولمايدۇ. شۇڭا، قولچاقنى پەتە قىلىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم... — كېرىمباي مېھمانلارغا ئۆزىنى ھە دەپ ماختاۋاتقاندا زېرىپبەگ ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا مېھمانلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇدۇل كېرىمباينىڭ

قېشىغا كەلدى ـ دە، تولىمۇ جىددىيلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. كېرىمبايىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، بۇرۇتى يۈزى بىلەن قوشۇلۇپ لىكىلداپ كەتتى. ئۇ ھەممە مېھمانلارنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى سەل ـ پەل بېسىۋالدى. دەقىقە ئويلانغاندىن كېيىن يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ مېھمانلارغا:

— سىلەر ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋېرىڭلار. مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى. ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپلا كىرىمەن، — دېدى ـ دە، زېرىپبەگ بىلەن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئۇلار تالاغا چىققاندىن كېيىن زېرىپبەگ :

— ئۇ لەنىتى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئېتىمىزنى مىنىپ قېچىپتۇ. لېكىن، بېگىم، ئەنسىرىمىسىلە ، ئۇ يولنى بىلمەيدۇ. بۇ يەردىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن يەتتە ـ سەككىز كۈن كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغرىق، داۋان، كېچىكلەر بەك كۆپ، تېخى ئادەمنى ئازدۇرىدىغان مۈرەككەپ جىلغىلار بار، ئۇ بەتبەختنىڭ يول تېپىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھېچ يەرگە بارالمايدۇ. بىز ھايال بولماي ئۇ مۇناپىقنى تۇتۇپ كېلىمىز. مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇردۇم، — دېدى كېرىمبايغا.

كېرىمباي ئىشنىڭ ئالدىدا ئەللىكتەك ئاتلىق چېرىكنىڭ تەخ بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

— ئۇ ناكەسنى چوقۇم تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، قانچىلىك بەدەل كەتسە مەيلى ! تۇتۇپ كەلسەڭلار مەن سىلەرنى كاتتا تارتۇقلايمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى كېرىمباي.

— شۇنداق، بېگىم، بۇ ئەزىمەتلەرنى ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن ! — دېدى زېرىپبەگ زور ئىشەنچ بىلەن، — ئۇ بۇ كېچىدە نەگە بارالايتتى؟ بىز ئۆزىمىز بىلىدىغان ئەڭ يېقىن يول

بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالىمىز، ــ دېدى زېرىپبەگ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا.

ــ ياخشى! ئەزىمەتلەر دەرھال ئاتلىنىڭلار! ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى كېرىمباي.

قامچا ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئاتلار يادىن ئېتىلغان ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىشتى. بىراق، قاراڭغۇلۇق ئۇلارنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ئۇلار بىرىنچى ياغرىقتىلا پالاكەتكە ئۇچرىدى، ئۇيۇل تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ياسالغان ئۇلاغ يولىدا بىر ئادەم بىر ئاتنى يېتىلەپ تەستە ئۆتكۈزەتتى. ئادەمنىڭ بەدىنى شۈركۈنىدىغان بۇ چىغىر يولدا سەل ـ پەل بىخەستەلىك قىلسىلا پەستىكى دەريا قاينىمىغا چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ. زېرىپبەگ ئادەملىرىگە ئاتلارنى يېتىلەپ ياغرىقتىن تېز ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار مىنگەن ئاتلار ئىچىدە ياغرىقتا مېڭىپ باقمىغان ئاتلارمۇ بار ئىدى، ياغرىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بىر ئاتنىڭ ئۈركۈپ چاپچىشى بىلەن ئالتە ئات يېتىلەپ ماڭغان ئادەملىرىنى سۆرەپلا دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. باشقىلار قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ جاي ـ جايىدا تۇرۇپ قالدى. زېرىپبەگ بۇ تۇيۇقسىز پېشكەللىكتىن داڭ قېتىپ قالدى.

ــ ئاكا، بۇ ياغرىقتىن ئاتلارنى بىردىن يېتىلەپ ئۆتكۈزسەك بولاتتى، بولمىسا ئاتلار بىر ـ بىرىنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن ئۈركۈپ مۇشۇنداق چاتاق چىقىرىدۇ، ــ دېدى زېرىپبەگنىڭ قولىدىن يېتىلەپ مېڭىۋاتقان يېقىن ئادىمى بەرچەغا.

ــ بىز بۇ ياغرىقتىن ئۆتكۈچە تاڭمۇ ئاتىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتە ئادىمىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئۇ مۇناپىق بۇ يەرلەردىن قانداق ئۆتكەندۇ؟ ــ دېدى زېرىپبەگ مەيۈس قىياپەتتە.

زېرىپبەگنىڭ قۇلچاقنى قوغلاپ يېتىشۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن ئاستا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇرادەرلەر، ئۇ مۇناپىق غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى قوغلىساقمۇ بىكار. ئەھۋالدىن قارىغاندا ياڭرىقتىن دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مەن بىرسىنىڭ ياڭرىقتا چۈشۈپ كەتكەن ئىزىنى كۆردۈم، ئەمدى قايتايلى، — دېدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## ئاھ ، سۆيۈملۈك ۋەتەن !

قۇلچاق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە توختىماي ماڭدى، يېرىم كېچە بولغاندا ئاينىڭ يورۇقى جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ يولىنى تېپىپ مېڭىشىنى ئاسانلاشتۇردى. ئۇ ئىككى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ماڭغاندىن كېيىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئەمدى ئۆزىگە يېتىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن ئېتىغا قامچا سېلىپ ھازىرلا ۋەتەن قوينىغا يېتىپ بارىدىغاندەك توختىماي چاپاتتى. ۋەتەنگە بولغان تەشنالىقى قەلبىنى تاغدىن چۈشكەن سەل سۈيىدەك ئۆركەشلىتەتتى. سېغىنىشتىن يۈرىكى كاۋاپ بولغانىدى. ئۇ نەچچە جىلغا، نەچچە كېچىك، نەچچە ياڭرىق، نەچچە داۋانلاردىن ئۆتۈپ تۈپتۈز كەتكەن بىر يايلاققا چىقىپ قالدى. بۇ يايلاق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جەننىتىدەك ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توپ ـ توپ بولۇپ ئارقار، قىزىل كېيىكلەر ئوتلاۋاتسا، بىر يەرلەردە ئۇلاي، بېغىرتاقلار ۋىكىلدىغىنىچە دانلاپ يۈرەتتى. خىلمۇخىل تاغ قۇشقاچلىرى توپ ـ توپ بولۇپ ئۇچۇپ ـ قونۇپ دانلايتتى. بۈركۈتلەر بۇ يەرنى كۆزەت قىلىۋاتقاندەك ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. تاغ قۇشقىچى، پىرگانزەكلار (بىر خىل تاغ قۇشقىچى) ئۇنىڭغا يېقىن يەردە بىر ـ

بىرىنى قوغلىشىپ يىقىملىق سايرايتتى.

قۇلچاق ئىنتايىن قىزىقىش بىلەن ھەممە يەرگە ئالا قويماي كۆز تىكەتتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن قىزىق كۆرۈنگىنى ئىككى پۇتى بىلەن تىك تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراۋاتقان سۇغۇرلار بولدى. بىر سۇغۇر يان تەرەپتىن چىقىپ بىر چوڭ ياپىلاق ئاق تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، ئىككى پۇتى بىلەن تىك تۇردى. ئۇ گويا بىرسىنى ساقلاۋاتقاندەك، تەقەززالىق بىلەن بىر تەرەپكىلا قارايتتى. ئاڭغىچە ئۇ قاراۋاتقان تەرەپتىن يەنە بىر سۇغۇر كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ ئۇنىڭ قېشىغا چىقتى. تاش ئۈستىدىكى سۇغۇر ئۇنىڭغا نازلىنىۋاتقاندەك، بېشىنى سەل ئېگىپ ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇردى. بۇ سۇغۇر ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ تىك تۇردى ـ دە، «خاپا بولمىغىن ئامرىقىم» دېگەندەك، ئالدىدىكى بىر پۇتىنى ئۇنىڭ بويىنغا سىلىپ بېشىنى بېشىغا يېقىن ئاپاردى.

قۇلچاق بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىر قاراشتا بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل تىك تۇرۇپ، ئوغۇل قىزنىڭ بوينىغا قولىنى سىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— « مۇھەببەتلىك سۆيۈشۈش مۇشۇ ھايۋانلاردىمۇ بولىدىكەن ـ ھە؟» دېدى قۇلچاق ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇ بىردىنلا كۈيپەرنى ئەسلىدى ـ دە، كۆزىگە لىق ياش ئالدى. « كۈيپەرى ھازىرمۇ ھاياتمىدۇ؟ تويي قىلغانمىدۇ؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئامانلا بولسا ئۇنى بىر كۆرۈۋالسىلا بولدى».

قۇلچاققا ئانچە يىراق بولمىغان بىر دۆڭدە بىر توپ كېپىنەكلەر بەخىرامان ئۇچۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز نەدىن پەيدا بولىدىكىن، بىر يىلپىز ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، كېپىنەك توپىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ، بىر كىچىكرەك ئارقارنى ئاستىغا باستى ـ دە، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. باشقا كېپىنەكلەر ھەش ـ پەش

دېگۈچە تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يىلپىز ئارقار گۆشىنى تازا ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر ئېيىق ھۆركىرىگەن پېتى كېلىپ يىلپىزنىڭ ساغرىسىغا بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى، يىلپىز غىڭشىغىنىچە قۇيرۇقىنى چاتىرىقىغا قىسىپ قېچىپ كەتتى. ئېيىق ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىپ، بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانىدەك تەييارتاپنى ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى. قۇلچاق «يائاللا، ھەممە جانىۋارلارنىڭ كۈشەندىسى بار ئىكەن» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، قۇياش تاغدىن بىر ئارغامچا بويى ئۆرلىگەنىدى. كۆزنىڭ شامىلىمۇ ھېرىپ قالغاندەك، يايلاقنىڭ يۈزىنى ئانچە ـ مۇنچىلا سىيپاپ تۇراتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، قولدىن يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ «تىرىسىڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. قۇلچاق ئىتىنىڭ سەل ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «بۇ يەر تىنچ بولغاندىكىن ئاتقا يەم بېرىپ، ئۆزۈممۇ قورساقنى تويدۇرۇپ، يول خەرىتىسىنى تەپسىلىي بىر كۆرۈپ ماڭمايمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ ئاتنىڭ غانجۇغىسىدىن تۇۋرىسىنى ئېلىپ يەمنى ئۇنىڭغا تۇشتۇردى. ئاندىن ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئېلىۋېتىپ يەم تۇشتۇرۇلغان تۇۋرىنى تۇمشۇقىغا تارتىپ قويدى. ئات غاراسلىتىپ يەم يېگىلى باشلىدى. قۇلچاق خۇرجۇندىن تولغانئاي تەييارلىغان قاتلىما بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى.

ـــ ئاھ، ھايات! ئادەم ھايات مۇساپىسىدە نېمە كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ دەيسەن؟ بۇ قۇلچاقنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل داۋامىدا تۇنجى قېتىم خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ناننىڭ تەمىنى تېتىپ قورسىقىنى تويدۇرۇشى ئىدى. قۇلچاق قاتلىمىسىنى يەپ

بولغاندىن كېيىن قوينىدىن يول خەرىتىسى سىزىلغان قوۋزاقنى ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا مىرغابقا يېقىنلاشقان ئوخشايمەن. ئۇ يەردىن كېچىسى ئۆتمىسەم، ئۇ يەردىكىلەر مېنى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئالدىرىماي مېڭىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن مىرغابتىن ئۆتۈپ كېتەي» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قۇلچاق.

ئۇ قېچىپ چىققىنى، ھۆرلۈككە قاراپ كېتىۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆزىدە قىلچىلىك ھارغىنلىق سەزمەيتتى. كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، داۋانلاردىن، تاغ قاپتاللىرىدىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك ئېقىنلارنى كېچىپ ئانا ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىغا يېقىنلاشتى. ئۇ ئاخىر ئارمان بىلەن سىرۋي داۋىنىغا چىقتى.

— ئاھ، سۆيۈملۈك ۋەتەن! ئەجەبمۇ سېغىندۇردۇڭ مېنى، ئاخىر گۈزەل ھۆسنۈڭنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ. ئۇ داۋان ئۈستىگە چىقىشىغا ۋەتەن باغرىدىن كەلگەن مەيىن شامال ئۇنىڭغا تونۇش ھىدلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاشۇ ھىد ئىچىدە سەرىكۈينىڭ، چىن يۈرىكىدىن ئاشىق بولغان كۈيپەرىسىنىڭ ھىدىمۇ بار ئىدى. ئۇ ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاجايىپ راھەتلەنگەندەك ھېس قىلدى.

— ئېھ، جانىجان ۋەتىنىم! سەن نەقەدەر ئۇلۇغ، سېنىڭ تېشىڭ مەن ئۈچۈن ئالتۇن، سېنىڭ تۇپرىقىڭ مەن ئۈچۈن تەۋەررۈك! سېنىڭ سۆيۈكۈڭ مەن ئۈچۈن ئابىھايات، قوينۇڭ مەن ئۈچۈن جەننەت! — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، يىغلاپ تۇرۇپ. ئادەمنىڭ كۆز يېشى دەرد تارتقاندىمۇ، خۇشال بولغاندىمۇ ئوخشاشلا تۆكۈلىدىكەن. قۇلچاق ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزىنى خۇددى ئانىسىدىن ئۇزاق يىللار ئايرىلغان

بالىنىڭ ئانىسىنى تېپىپ يىغلاپ تۇرۇپ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقاندەك ھېس قىلدى. قۇلچاق ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەقىقىي بەختىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ قەلبىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يۇرتىنىڭ بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ ئىچتى. يۇرتىنىڭ سېغىنىشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەتىنىنىڭ توپىسىنى تۇتىيا بىلىپ كۆزىگە سۈرتتى. قۇلچاق ئۆزىگە تونۇش يايلاقنى، تاغلارنى، بۇلاقلارنى كۆرگەندە قۇچاقلىغۇسى، قېنىپ - قېنىپ سۆيۈپ قويغۇسى، شۇ توپا - تاشقا ئايلىنىپ كەتكۇسى كەلدى. قۇلچاق تالاي كېچىلەرنى مۇشۇ يەرلەرنى ئەسلەش بىلەن تاڭ ئاتقۇزغان ئەمەسمىدى؟ مانا ھازىر بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن؟ قانداقمۇ بۇ يەرلەرگە قاراپ - قاراپ قانالىسۇن؟ !

قۇلچاق ئاخىر يۇرتى چۈشمان دىيارىغا قايتىپ كەلدى.

ئاسمان سۈپسۈزۈك بولۇپ، قۇياش يوغان ئوت شارىدەك ئافراسىياپ چوققىسى ئۈستىدە ئىپسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ نۇرىدىن مۇزتاغدىكى مۇزلار خىرۇستالدەك پارقىرايتتى. سوغۇق دەستىدىن دەريادىن ئۆرلىگەن تۇمان سۇ يۈزىدە نېپىز ئاق شايىدەك بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلغانىدى. تارقاق مەھەللىلەرنىڭ ئەتراپىدا كالا، ئۆچكە، قويلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. زېمىن پۈتۈنلەي سېرىق رەڭدە بولۇپ، تۈنجى قار تېخى ياغمىغانىدى.

قۇلچاق ھەممە تەرەپكە سېغىنىشلىق كۆزىدە قاراپ، ئېتىنىڭ چۇلۇۋىنى تارتىپ ئاستا ماڭاتتى. ئۇ «مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قازا قىلغان، كىچىك تاغام دارىبشاھنىڭ ئۆيىدىكىلەر باردۇ؟ ئالدى بىلەن شۇ مەھەللىگە باراي» دەپ، ئۇدۇل

داربىشاھنىڭ ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى. ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان بالىلار ئاتلىق كېلىۋاتقان قولچاقنى كۆرۈپلا چۇرقىرىشىپ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قولچاق ئېتىدىن چۈشۈپ ئۆيدىكىلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئاڭغىچە چوڭلار ئىشىك ئالدىغا چىقىشتى. چاچ ۋە ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان، لېكىن ئىنتايىن تىمەن كۆرۈنىدىغان داربىشاھ قولچاقنى كۆرۈپلا جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇۋۇلاپ بولۇپ قايتا قارىدى. قولچاقنى تونۇدى بولغاي:

— ۋۇي، سەن ھىدايەت بالاممۇ؟ — دېگىنىچە قولچاقنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. قولچاق «تاغا !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى تاشلاپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆزىنى داربىشاھنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ھەممەيلەن يىغا ـ زار قىلىشقىنىچە كېلىپ قولچاق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن سېغىنىشلىق ياشلار يامغۇردەك قۇيۇلماقتا ئىدى. ئۆيدىكىلەر قايتا ـ قايتىلاپ، بەزىلىرى قولچاقنىڭ پېشانىسىگە، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيسە، بەزىلىرى قوللىرىغا سۆيەتتى. بۇ تۇيۇقسىز خۇشاللىقتىن بىر ئائىلە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغانىدى.

— ھەي خوتۇن، تېز بول ! — دېدى داربىشاھ، — ئۇن ئېلىپ چىق ! بالىمىزنى مۇبارەكلەيلى !

داربىشاھنىڭ ئايالى نۇسرەتخان «مانا ھازىر» دېگىنىچە ئۆيگە يۈگۈردى. داربىشاھ چاناقنى قولىغا ئېلىپ، ئاپپاق ئۇننى قولچاقنىڭ مۈرىسىگە سېپىپ تۇرۇپ:

— بالام، خۇدايىم سېنى ئامان ـ ئېسەن بىزگە يەتكۈزدى. قايتىپ كەلگىنىڭگە يۈز مىڭ شۈكۈر بولسۇن، — دېدى.

قۇلچاق يېشىنى سۇرتۇپ، ھەممەيلەن بىلەن قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار، — دېدى دارىبشاھ، — بالىمىز ھېرىپ كەلدى. ئۇنى ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇزۇۋەرسەك بولمايدۇ. دەرھال ئۆيگە باشلاڭلار، مەن ئاتنى باغلىۋېتەي.

ئۇ ئاتنىڭ باشبېغىنى ئېلىپ ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. قۇلچاق ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە قوشنىلارمۇ كېلىپ قۇلچاق بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراشتى. قۇتلۇق غوجا ئۆيگە كىرىپ: «بالام، ئاخىر كەپسەن !» دەپ قۇلچاقنىڭ يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپ كۆرۈشتى. قۇلچاقنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلدى ـ دە، ئۆزىنى تەستە بېسىۋالدى. «كۈيپەرى نېمىشقا دادىسى بىلەن بىللە كەلمىگەندۇ؟ ئۇ نەدىدۇ؟ چوقۇم ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ ... » دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرى قالايمىقانلىشىپ، قاققان قوزۇقتەك پەگاھتا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلغان دارىبشاھ:

— بالام، تۆرگە چىقىپ ئولتۇر. قۇتلۇق غوجا ئاكىمىز بىلەن ئوبدان مۇڭدىشىۋال، سېغىنىپمۇ قالغانسەن. دىلپارە قىزىم چارۋىلارنى يايلىتىشقا ئەكەتكەنىدى. بەلكىم كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى. قۇلچاقنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى ـ دە، چىقىپ تۆردە ئولتۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ بارلىق ئوي ـ پىكرى كۈيپەرىدە بولغاچقا كۆزى ئىشىك تەرەپتە قالدى.

قۇلچاقنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان كەنتتىكىلەر بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىپ، قۇلچاق بىلەن سالاملاشتى. دارىبشاھنىڭ بەش تۈۋرۈكلۈك چوڭ ئۆيىنىڭ ھەممە يېرى ئادەملەر بىلەن لىقمۇلىق تولدى. كىشىلەر ھاياجان ئىلكىدە قۇلچاققا قارايتتى. ئۇنىڭ زەبەردەس يىگىت بولۇپ

يېتىشكەنلىكىدىن سۆيۈنەتتى. داربىشاھ بىر قوتاز توپاقنى پەگاھقا ئەكىرىپ:

— يۇرتداشلار ! بۈگۈن مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق كۈن، بالام ھىدايەت ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى، خۇددى ئاكام تىرىلگەندەك خۇش بولدۇم. ھەرقايسىڭلارغا ۋە بالام ھىدايەتكە ئاتاپ مۇشۇ موزاينى سويۇشۇمغا ياتىمە بەرگەيسىلەر، — دېدى.

قۇلچاق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— تاغا، يۇرتداشلار، مېنىڭ سىلەردىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. مېنى بۇ يەردىن تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تەرەپتىكى كېرەمباي دېگەن بايغا سېتىۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ كېرەمباي ئىسمىمنى قۇلچاققا ئۆزگەرتتى، بايغا قۇل بولۇپ كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. مەن شۇ قۇلچىلىق ھاياتىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىلەرنىڭمۇ ئاشۇ كەچمىشلىرىمنى ئېسىمگە سېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن مېنى قۇلچاق دەپ ئاتىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن ! — دېدى بېشىنى ئېگىپ.

ئۆي ئىچى بىردىنلا تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ داربىشاھقا قاراشتى. داربىشاھ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بالام، شۇنچە ئۇزاق يىل قۇلچاق دېگەن ئىسىم بىلەن ياشاپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدىڭ، يەنە شۇ ئىسىمنى داۋاملىق قوللىنىشنى توغرا كۆرۈپسەن، بوپتۇ، مەنمۇ قوشۇلدۇم، ئىسمىڭ قۇلچاق بولسا بولىۋەرسۇن، — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. ئۆيدىكىلەر:

— بارىكالللا، مۇبارەك بولسۇن ! — دەپ توۋلاشتى.

تۆر بېشىدا ئولتۇرغان ئاخۇن:

— قۇلچاق ئىنىم، قايتىپ كەلگىنىڭگە ۋە يېڭى ئىسمىڭغا مۇبارەك بولسۇن ! ئەمدى توپاقنا پاتىھە بېرەيمۇ؟ — دېدى.

— «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر» دېگەندەك، يۇرتداشلىرىم بىلەن بىر قوشۇق شورپىنى بىللە ئىچىشكە شۇنچە ئىنتىزار بولغاندىم. بۇگۈن مانا بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىپتىمەن، قېنى ئاخۇنۇم، پاتىھە بەرسىلە ! — دېدى قۇلچاق.

ئاخۇنۇمنىڭ ئۇزۇن ئوقۇغان پاتىھەسىدىن كېيىن، توپاقنى ئاچقىپ سويۇشتى. ئۆي ئىچىنى بولسا كىشىلەرنىڭ قىزىق پاراڭلىرى، كۇلكە ـ چاقچاقلىرى بىر ئالغانىدى. لېكىن، قۇلچاقنى سېغىنىش ئوتى كۆيدۇرۇپ بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر چىدىماي تالاغا چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆيپەرى پادا بېقىۋاتقان جىلغىغا قارىغىنىچە قېتىپ قالدى...

تىزناپ دىيارىنىڭ شىنگۇن جىلغىسى سۇيى ئەلۋەك، ھەر خىل ئۆسۇملۈك يېپىنچىلار قويۇق ئۆسىدىغان، ئۇستى تەرەپ يازلىق يايلاق، تۆۋەن تەرىپى ئەتىياز ـ كۇزدە چارۋا بېقىشقا ناھايىتى ئەپلىك يەر بولۇپ، چوپانلار مۇشۇ يەردە پادىلارنى يايلىتىشقا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جىلغا ئوتتۇرىسىدا تاشتىن ـ تاشقا تېگىپ شوخ ئاقىدىغان زۇمرەتتەك سۇزۇك ئېقىن سۇيى ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. ئىچسىڭىز ئادەم بەدىنىگە قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. قەدىمكىلەر بۇ سۇنى «ئابىھايات» قا ئوخشىتىپ تەرىپلىگەنىكەن. جىلغا ئىچىدىكى سىرلىق دېگەن يەردە تاغنىڭ قاپتىلىدا دۇلدۇلنىڭ تاش سۈرىتى بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ.

كۆيپەرى بۇگۈن ئىككى ئائىلىنىڭ چارۋىلىرىنى مۇشۇ جىلغىغا يايلىتىشقا ئەكەلگەنىدى. كۆيپەرىنىڭ كەيپىياتى بۇگۈن ئىنتايىن چاغ ئىدى. بۇگۈن كەچتە ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر

چۈش كۆرگەنىدى. ئۇ چۈشىنى قايتا ـ قايتا ئەسلىگەچ چارۋىلارنى ئوتلاقـقا قويۇۋېتىپ دۇلدۇل مازار ئالدىغا كېلىپ تىلاۋەت قىلىپ ھىدايەتكە ئەمىنلىك تىلىدى. ئۇ چارۋا باققاچ بىر باغلام قورۇق ئوتۇن تېرىپ يۇدۇۋالدى. ئۇ قوي ـ ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ ئاۋۇلغا قايتتى.

ئۇ ئېغىر خىياللار ئىچىدە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر زاند (تاجىكلار ئۇلۇغلايدىغان بىر خىل قۇش) نىڭ باش ئۈستىدە پەس ئۇچۇپ بىرنەچچە قېتىم ئايلانغانلىقىنى سەزدى. قۇش ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۇچقاندىن كېيىن دۇلدۇلتاغ باغرىدىكى بۇلاقنىڭ يېنىغا بېرىپ كىچىككىنە بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قوندى ـ دە، كۆيپەرگە قاراپ شەرەت قىلىۋاتقاندەك قاناتلىرىنى قېقىپ قويدى. بۇ كارامەتتىن ھەيران بولغان كۆيپەرى ئىزىدىلا تۇرۇپ قالدى.

زاند قاناتلىرىنى ئۈچ قېتىم پۇلاڭلاتقاندىن كېيىن ئۇچۇپ كەتتى. كۆيپەرى بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن: «بەلكىم بۇ مەن ئۈچۈن بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن، قېنى بۇلاق سۈيىدىن بىر ئىچىۋالاي، مۇرادىم ھاسىل بولۇپ، بەختىم ئېچىلسا ئەجەب ئەمەس» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ يۇدۇۋالغان ئوتۇننى يول بويىغا قويۇپ، بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچتى. ئىچكەنسېرى بۇ سۇ ئۇنىڭغا ھەسەلدەك تېتىپ، كۆڭلىنى قاپلىۋالغان ئاچچىق بۇس چىقىپ كەتكەندەك، پۈتۈن بەدىنى يېنىكلەپ قالغاندەك تۇيۇلدى. «نېمىدېگەن تاتلىق سۇ بۇ ـ ھە ! ئەجەبمۇ راھەتلەندىم» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. ئاڭغىچە بىر جۈپ كەكلىك ۋىژژىدە ئۇچۇپ كېلىپ بۇلاق يېنىدىكى چىملىققا قوندى. ئۇلار باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاجايىپ يېقىملىق سايرىدى. كۆيپەرى ئۇلارغا زوق بىلەن قاراپلا قالدى: «بۇ

جانىۋارلار نىمىدىكەن چىرايلىق، تۇمشۇقىنىڭ قىزىللىقى
ھىقىقەتەنمۇ جۇلالىنىپ تۇرسا، كۆزىنىڭ ئۈستىدىكى قىشى
سۇرمە تارتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئاپپاق مەيدىسىدىكى قارا
سىزىقلىق گۇلى كىشىگە باقلى (باقلى بىر خىل زىرائەت)
گۇلىنى ئەسلىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەركىن، شوخ سايرىشىغا قارا،
نىمىدىگەن ئوماق ـ ھە؟ تېخى جۈپتى بىلەن دانلىشىچۇ؟»
كۈيپەرىنىڭ خىيال تۇلپارى مۇشۇ يەرگە كېلىپلا چىپپىدە
توختىدى. ئۇ ئۆزىچە ئۇھ تارتىپ قويۇپ بېشىنى كۆتۈردى.
ئۇنىڭغا بۇگۈن بۇ يەر باشقىچە گۈزەل كۆرۈندى. ھەممە نەرسىنى
بۇگۈن تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك، ھەممە يەرگە تويماي قاراپ چىقتى.
قوي، ئۆچكىلەر بولسا ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك،
يولدا توپ ـ توپ بولۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى. كۈيپەرى ئاستا كېلىپ
ئوتۇنىنى يۈدۈپ، چارۋىلارنى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا يولغا
چۈشۈشىگە گۈلرۇخ قىزنىڭ يىراقتىن يۈگۈرگەن پېتى
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گۈلرۇخ قىز كۈيپەرىنىڭ قوشنىسى،
ئەڭ يېقىن سىردىشى، بىردىنبىر دىلكىشى بولۇپ، ئىككىسى
داۋاملىق بىللە چارۋا باقاتتى. بۇگۈن ئۇنىڭ ئۆيدە ئىشلەيدىغان
ئىشى بولغاچقا كۈيپەرى بىلەن بىللە چىقمىغانىدى. گۈلرۇخ
يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ۋارقىرىدى:

— كۈيپەرى، سۆيۈنچە بەرگىن! سەن ئەڭ خۇشال بولىدىغان
خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم!

كۈيپەرى جىددىيلەشتى. ئۇ يۈدۈۋالغان ئوتۇنىنى تاشلاپ،
گۈلرۇخقا قاراپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. گۈلرۇخ
يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى كۈيپەرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئاداش، ھىدايەت قايتىپ كەلدى! — دېدى. ئۇنىڭ
كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. كۈيپەرى قۇلاقلىرىغا

ئىشەنمىگەندەك گۈلرۇخقا تىكىلىپلا قالدى. گۈلرۇخ دوستىنىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— جېنىم ئاداش، دېگەنلىرىم راست! ئاشىقىڭ ھىدايەت قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇنداق بەستلىك، قامەتلىك يىگىت بوپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇياققا يۈگۈردۈم، — دېدى. كۈيپەرى «ئاھ، ھىدايەت!» دەپلا بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى، گۈلرۇخ چەبدەسلىك بىلەن ئۇنى يۆلىۋالدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

# سۆگەك نەي ئاخىر جۆپلەشتى

قولچاق قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ھەممە يەرگە تارالدى. پۈتۈن سەرىكۆي بويىچە ھەممە كىشى بۇنىڭدىن خۇشاللاندى. ۋەتەننى، خەلقنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلغان بۇ ئائىلىدىن بىر بالىنىڭ ساق قېلىشى، ۋەتەنگە، يۇرتىغا كېرەكلىك باتۇر يىگىت بولۇپ قايتىپ كېلىشى بۇ يەردىكىلەرنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى. يۇرتتىكىلەر قولچاقنى ئۆيمۇئۆي چاقىرىپ مېھمان قىلىشتى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلارنى ئاڭلىدى. مانا بۇ ئالدىراشچىلىقتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. قولچاقنىڭ بىردىنبىر ئالدىرايدىغىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش ئىدى. كۈيپەرى بىلەن كۆرۈشكەن شۇ مىنۇتلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن پەقەت كەتمەيتتى.

ئۇ كۈنى قولچاق كۈيپەرىنىڭ چارۋا بېقىشقا كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن سىغىنىش تەشنالىقىدا ئۆيدىمۇ ئولتۇرالماي تالادا چۆرگۈلەپ يۈردى. ئۇ پات ـ پات يۈرىكىنى تۇتاتتى: «كۈيپەرى چوڭ بولۇپ قانداق تۇسكە كىرگەندۇ، ئۇنى كۆرسەم ئۇزۇمنى تۇتالامدىم ؟ ئۇ مېنى: ‹ھەي، سەنمۇ ئوغۇل بالىمۇ؟

شۇنچە يىللاردىن بېرى مېنى تاشلاپ نەدە يۈردۈڭ؟ مېنى سېغىنمىدىڭمۇ؟، دېسىچۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ كاللىسى قايناۋاتقان قازاندەك ئۆرىتۆپە بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شىنگۈن يايلىقىنىڭ يولىدا قالغانىدى.

كۈيپەرى بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ، گۇلرۇخ بىلەن پادىلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. يولىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراۋاتقان قۇلچاق كۈيپەرىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئۇنىڭغا قاراپ:

— كۈيپەرى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈردى. قۇلچاقنى كۆرگەن كۈيپەرىمۇ يۈدۈۋالغان ئوتۇننى تاشلاپ «ئاھ، ھىدايەت!» دەپلا ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ مىنۇتلارنى كۆرۈپ تۇرغان قۇياش كۈلگەن پېتى قېتىپ قالدى. تاغلار ئېگىشىپ كۆز ياش قىلىشتى. دەريا ـ سۇلار جىممىدە توختاپ قېلىشتى. ئۇچۇۋاتقان قۇشلار جاي ـ جايىدا تۇرۇپ قېلىشتى. پۈتۈن تەبىئەت بۇ ئىككى ئىنساننىڭ چىن مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنى ئۇلارغا پاياندار قىلىپ سېلىشتى. كۈيپەرى قۇلچاقنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپلا يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇلچاقنىڭ مەيدىسىگە، يۈرىكىگە ئېقىۋاتاتتى. قۇلچاقنىڭ كۆز يېشى كۈيپەرىنىڭ قىپقىزىل مەڭزىنى يۇيۇپ ھېقىقتەك جۇلالاندۇردى. بۇ ئاشىق ـ مەشۇق ئاخىر بىر ـ بىرىنى تېپىشتى. قۇلچاق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئاھ، مۇزتاغ ئاتا! سېنىڭ مەدىتىڭ بىلەن قەسىمىمىزنى بەجا كەلتۈرۈپ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان بولدۇق! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل ئىنسانلارغا ۋە تەبىئەتكە مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر شېرىن، نەقەدەر پاك، نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنى نامايان قىلدى.

قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىدىن چىقىپ بۇ تەسىرلىك ئۇچرىشىشنى كۆرۈپ، مۇھەببەت ۋە ئادىمىيلىك

پەزىلىتىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسىگە ئايىرىن ئوقۇشتى...

بىر كۈنى قۇلچاق:

— قايتىپ كەلگىنىمگە بىر ئايدىن ئاشتى. ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ھەممە خەلق بىلىدىكەن. مۇنداق يۈرىۋەرسەك بولمايدۇ، دەرھال توي قىلساق دەيمەن، — دېدى كۈيپەرىگە.

— مەنمۇ سىز ئويلىغاندەك ئويلاۋاتىمەن، — دېدى كۈيپەرى، — ئىككىمىز نەيىنى جۈپلىگەن بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ ئىشنى چوڭلار بىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتىمىز بويىچە بېجىرىشى كېرەك. سىز تاغىڭىزغا دەپ باقسىڭىز بولماسمۇ؟ — دېدى كۈيپەرى قۇلچاققا سەمىمىيلىك بىلەن.

— مەن نەچچە قېتىم دەي دەپ، خىجىل بولۇپ ئېغىز ئاچالمىدىم. تاغاممۇ ئىشنى تولۇق بىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ چوقۇم بۇ ھەقتە ماڭا ئېغىز ئاچىدۇ، — دېدى قۇلچاق بىر خىل ئىشەنچ بىلەن.

مۇھەببەتنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئىككى يۈرەك تولغاق تۇتقان ئايالدەك تېپىچەكلەيتتى، كاكىكۇك بىلەن زەينەپتەك بىر - بىرى ئۈچۈن پەرياد ئۇرۇشاتتى، لەيلى - مەجنۇندەك تولغىناتتى، پەرھات بىلەن شىرىندەك مۇھەببەت تېغىنىڭ باغرىنى تىلغايتتى.

بىر كۈنى تاجىكچە چوڭ ئۆينىڭ ئوچاق يېنىدىكى سۇپىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغان دارىبشاھ ئېغىز ئېچىپ قالدى :

— بالام قۇلچاق، يېنىمغا كەل.

قۇلچاق «خوش، تاغا» دېگىنىچە كېلىپ دارىبشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. دارىبشاھ ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى پەملىگەندىن كېيىن:

— بالام، ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى، —

دېدى.

ــ خوش، تاغا، ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، ــ دېدى قولچاق سەمىمىيلىك بىلەن.

ــ سەن نەۋقىران يىگىت بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى داداڭنىڭ ئۆيىدىن تۇتۇن چىقارمىساڭ بولمايدۇ، بالام.

قولچاق تاغىسىنىڭ گېپىنى تولۇق چۈشەنگەن بىلەن «كىم ھەققىدە ئېغىز ئاچار» دېگەننى خىيال قىلىپ ئۆزىچە جىددىيلىشىپ قالدى. دارىبشاھ ئۇنىڭغا بىر قور سەپسالغاندىن كېيىن بىر خىل خۇشاللىق بىلەن:

ــ بالام، بىر جۈپ سۆڭەك نەينى جۈپلەپ چالىدىغان، قاشتېشىدىن بىلەزۈك، زۇمرەتتىن ئۈزۈك تاقايدىغان ۋاقىت كەلدى، ــ دېدى ـ دە، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە قولچاقنىڭ بوينىغا قولىنى سىلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. قولچاقنىڭ كۆز ئالدىدا كۈيپەرى بىلەن قەسەملەشكەن ۋاقتىدىكى ئۆزىنىڭ كۈيپەرىگە نەي سوۋغا قىلىۋاتقان، كۈيپەرىنىڭ ئۆزىگە ئوتتۇرىسىدا زۇمرەت بېكىتىلگەن قول ياغلىق بېرىۋاتقان كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. قولچاق ھاياجان بىلەن «شۇنداق، تاغا» دەپلا قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

ــ كۈيپەرى ئىشچان، باتۇر، ساپ دىل قىز. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى سىبنى ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ سىبنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى پۈتۈن سىرىكۆيلۈكلار بىلىدۇ. ئۇنىڭ ساڭا بولغان ئەقىدىسى ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈردى. دادىسى قۇتلۇق غوجىمۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاشۇ قىزى ئۈچۈن ھەرقانداق جەبىر ـ جاپاغا چىداپ تەنھا ياشاپ كەلدى. سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەرنىڭ تويۇڭلار ھەققىدە يېقىن ـ يىراقتىكى ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر قاتار رازىلىقىنى ئالدىم ھەم يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەنمۇ

مەسلىھەتلەشتىم. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە يۇرتداشلار سىلەرنىڭ تويۇڭلارغا رازىلىق بىرىشتى. مەنمۇ كۆيپەرى بىلەن توي قىلساڭ ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك پار كىلىدۇ دەپ ئويلىدىم ـــ دىدى داربىشاھ كەسكىنلىك بىلەن.

ـــ رەھمەت تاغا، سىز دادامنىڭ ئورنىدا بولغاندىكىن، ئەمرى پەدەر سۇلتان، ئەمرى پەرۋەردىگار (دادا ئوغۇل ئۇچۇن پادىشاھدۇر، دادىنىڭ ئەمرى بالا ئۇچۇن ئاللانىڭ ئەمرىدۇر). ئەلۋەتتە، سىزنىڭ دىگىنىڭىز ھىساب بولىدۇ ـ دە، ـــ دىدى قۇلچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـــ ۋۇي شەيتان ! بۇ ئىشتا مىنىڭ دىگىنىم ئەمەس، سىلەرنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل مەيلىڭلار بۇ ئىشنى رويابقا چىقىرىۋاتىدۇ، ـــ دىدى داربىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ سىنى ئۇ تەرەپكە ئەكەتكەندىن كىيىن كۆيپەرى بىرتال سۆگەك نەينى زادىلا قولىدىن چۈشۈرمىدى. قىز سوراپ كەلگەنلەرگە «مۇشۇ نەينىڭ جۈپتى تىپىلسا ئاندىن توي ئىشنى ئويلىشىمەن، بولمىسا بۇ دۇنيادىن تەنھا ئۆتىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ساڭا بولغان ھەقىقىي كۆڭلى بۇ يەردىكىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇردى. بالام، ئەمدى سۆگەك نەينى جۈپلەپ تويدا چالايلى، ـــ دىدى داربىشاھ قۇلچاقا چوڭقۇر مىھرى بىلەن بىقىپ.

قۇلچاق ئىنتايىن ھاياجانلاندى، ۋىسال ئۇچۇن سوقۇۋاتقان يۈرىكى كۆكرەك قەپىسگە پاتمايۋاتاتتى. نىكاھتىن كىيىنكى تۇنجى سۆيۈشنى ئويلىغىنىدا پۈتۈن بەدىنى شۇررىدە ئىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ تويىنىڭ تىزرەك ئۆتكۈزۈلۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. داربىشاھ قۇلچاقنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى پەملىدى بولغاي، قۇلچاقنىڭ بىشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـــ ئوغلۇم، تويىنىڭ ئالدىنقى بىر قاتار تەييارلىقلىرىنى

قىلىپ بولدۇم، بەش كۈندىن كېيىن ياغلىق چىگىش (چاي ئىچۈرۈش، ياكى قۇدا چۈشۈش) مەرىكىسىنى ئۆتكۈزىمىز، بۇنىڭدا توي ۋاقتى رەسمىي بېكىتىلىدۇ. دەرھال تەييارلىقتا تۇتۇش قىلمىساق ئۇلگۈرەلمەي قالىمىز، — دېدى دارىبشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ، ھاۋانىڭ ياخشى كېلىپ بەرگەنلىكىدىن سوغۇق ئېقىم تېخى كىرمىگەنىدى. چارۋىچىلارنىڭ بەزىلىرى تېخى يازلىق يايلاقتىن كۆچمىگەن، ئاز بىر قىسىملىرى كۈزلۈككە چۈشكەنىدى. كەنتتە بولسا جىددىي خامان ئېلىنىۋاتاتتى، خاماندىكى قىزىل بۇغداينىڭ چەشلىرى خۇددى قىزىل مارجاندەك ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. دارىبشاھ بىلەن قۇتلۇق غوجىنىڭ ئۆيلىرىدە ياغلىق چىگىش مەرىكىسىنىڭ تەييارلىقى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش بۇ زېمىندىكى خۇشاللىققا خۇشاللىق ئاتا قىلىۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ نۇرىنى ئايىماي سەپمەكتە ئىدى. دارىبشاھنىڭ ئىشىك ئالدىغا كىشىلەر سەھەردىلا يىغىلغان بولۇپ، قول ـ قولچە ھەممە تەييارلىقلارنى تەخ قىلىپ قويۇشتى. يۇرت ئاقساقىلى مەمەترېھىمبەگ، نىيازباي باشچىلىقىدىكى يۇرت كاتتىلىرى، دارىبشاھنىڭ تۇغقانلىرى بولۇپ چوڭ قوشۇن قۇتلۇق غوجىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار بىرقانچە خۇرجۇننى توشتۇرۇپ، سېمىز ئېرىكلەرنى يېتىلەپ ماڭغانىدى. دارىبشاھنىڭ ئايالى نۇسرەتخان مەرىكە كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. چۈنكى، بۈگۈن كۈيپەرى كېلىنچەك سۈپىتىدە بېشىغا ياغلىق چىگىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇسرەتخان ئۆزىنىڭ قېيىنئانا بولغانلىقىنى

خەلقئالەمگە نامايان قىلىدۇ. بىر ئانا ئۈچۈن ئىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ.

ئوغۇل تەرەپتىكىلەر قۇتلۇق غوجىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭمۇ يۇرت ئاقساقاللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. مېھمانلار ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىپ چاي - تائاملار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىكىلەر پەگاھقا چۈشۈپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى مەمەترېھىمبەگ گەپ باشلاپ:

— قىز سوراش گۇناھ بولماس، بەرمىسە ئۇرۇشقىلى بولماس، سىلەردىن بىر گۈل - غۇنچە، بىر تائام ئۈستىمىزنى تەلەپ قىلىمىز، ئۆزىمىزدىن بىر بۇلبۇل، بىر ئوتۇن يارغۇچىنى سىلەرنىڭ بوسۇغاڭلارغا دەسسەتمەكچىمىز، كېلىش بىزدىن، جاۋاب بېرىش سىلەردىن، — دېدى.

قىز تەرەپنىڭ ۋەكىلى مەردغوجا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— سىلەر بىزنىڭ قەدىمىڭلارنى ئېغىرلىتىپ كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىپسىلەر، مەن قىزنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋاكالىتەن ئۆز بالىمىزنى سىلەرنىڭ بالا قىلىۋېلىشىڭلارغا، سىلەرنىڭ بالاڭلارنى ئۆزىمىزگە بالا قىلىۋېلىشقا قوشۇلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— كۆپ رەھمەت، تەشەككۈر، مۇبارەك بولسۇن ! — دېگەن ئاۋازلار ئۆينى چاڭ كەلتۈردى. شوخ باللار بىر - بىرىگە ئۇن سېپىپ مۇبارەكلەشتى. ئاقساقاللار كېڭىشىپ خەيرلىك كۈننى توي ۋاقتى قىلىپ بېكىتتى. نۇسرەتخان ئىچكىرىكى مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرغان كۈيپەرىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ «قىزىم» دەپ باغرىغا باستى. ئانىسىدىن ئۇزاق يىل ئايرىلغان كۈيپەرى «قىزىم» دېگەن بۇ يېقىملىق چاقىرىشنى ئاڭلىغىنىدا، پۈتۈن بەدىنىگە بىر ئىللىق سېزىم تارقالدى.

ئاننىڭ ھىدىدىن مەستخۇش بولۇپ كۆزلىرىدە شادلىق يېشى ئەگىدى. نۇسرەتخان ئۆز قولى بىلەن كۈيپەرىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئالتۇن زىرە سېلىپ، بېشىغا قىپقىزىل گۈللۈك يىپەك ياغلىقنى چىگىپ تۇرۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم! — دەپ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. كۈيپەرىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ساپ مۇھەببىتىنىڭ ۋىسال تاپقانلىقىدىن ياپراقتەك تىترەيتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. لېكىن، لەۋلىرىدە يېقىملىق كۈلكە جىلۋىلىنەتتى.

«ئاھ، مۇھەببەت! ئاھ، قەسەم! ئېھ ئاللا! ساڭا مىڭ شۈكۈركى، بەختىمنى بەردىڭ، ئاخىر سۆگەك نەيلەر جۈپلەشتۈرغان بولدى» دەپ پىچىرلايتتى كۈيپەرى ئۆز ـ ئۆزىگە.

قۇلچاقىنىڭ توي خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن سەرىكۈيغا تارالدى. ئوغۇل ۋە قىز تەرەپنىڭ توي تەكلىپىنى يەتكۈزگۈچىلەر پۈتۈن يۇرتتىكىلەرنى ئۆيمۇئۆي بېرىپ تويغا تەكلىپ قىلىشتى. ھەممە ئۆيلەردە بۇ تويغا بېرىش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. ھەممىدىن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلەر چەۋەندازلار بولدى. ئۇلار بەيگە، ئوغلاق ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئاتلىرىنى تۇب قىلىشقا كىرىشتى. تويغا تېخى بىرقانچە كۈن بار بولسىمۇ، لېكىن داربىشاھ، قۇتلۇق غوجىلارنىڭ ئۆيىدىن مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، سەرىكۈينىڭ كەچ كۈز مەنزىرىسى كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. چۈشمان كەنتىنىڭ ھۆسنى كۈزنىڭ ئاپتىپىدا ھېقىقتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. توي تەييارلىقى بىلەن كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلەرنى پاك ـ

پاكىز تازىلىغان بولۇپ، كىشىلەر ياش قۇرامىغا قاراپ يېڭى تون كىيىشكەنىدى. قىز ـ جۇۋانلارنىڭ بېشىغا چىگكەن قىزىل، سېرىق ياغلىقلىرى، كىيىۋالغان گۈللۈك قىزىل ـ سېرىق كۆڭلەكلىرى، يېگىتلەرنىڭ جىيەكلىك تۇماقلىرى، قىزىل چورۇقىغا ماس كەلگەن گۈل ياقىلىق تونلىرى شۇنچە يارىشىملىق بولۇپ، يىراقتىن قارىغىنىڭىزدا قىزىل ـ سېرىقگۈللەردەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ شاھ مىرزا بىلەن شارت غوجىغا :

— بۇگۈن ھاۋا شۇنداق ياخشى، ئادەمنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دارىبشاھ ئاقساقال ئۆزى كېلىپ بىزنى تويغا تەكلىپ قىلدى، بۇگۈن بىز بېرىپ ياردەملىشىدىغان ئىشلار بارمۇ ـ يوق؟ بىر ئەھۋال سوراپ كېلەيلى، — دېدى

— توينى مۇبارەكلەپ نېمە ئاپىرىمىز؟ — دەپ سورىدى شاھ مىرزا

— ياق، سوۋغىنى توي كۈنى ئاپىرىمىز، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ ھەمراھلىرى بىلەن دارىبشاھنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، دارىبشاھ بىسيار خۇشال بولۇپ، ھاكىمبەگنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، قوي سويۇپ كاتتا مېھمان قىلدى.

— دارىبشاھ تاغا، بۇگۈن خىزمىتىڭىزدە بولۇش ئۈچۈن كەلدۇق، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — توي تەييارلىقى ئۈچۈن بىز ياردەملىشىدىغان، قىلىشىپ بېرىدىغان ئىشلار بارمۇ؟ قەلىڭ (قىز مېلى، يەنى ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان چارۋىنى «قەلىڭ» دەيدۇ، شۇ دەۋرلەردە قەلىڭ ئۈچۈن ئاپىرىدىغان چارۋىنىڭ سانى قىرىق تۇياقتىن تۆۋەن بولمىغان) ۋە تويغا ئىشلىتىدىغان چارۋىلار تولۇق تەييارلاندىمۇ؟ كەم تەرەپلىرى بولسا بىز تولۇقلايمىز، — دېدى

ھاكىمبەگ.

— ھاكىم جانابلىرى، كۆپ تەشەككۇر، بىزنىڭ بۇ تويى ئىشىمىزغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە مىڭ رەھمەت. تويىنىڭ تەييارلىقى تولۇق پۈتتى، كەم نەرسىلەر يوق. سىز تويغا كېلىپ بەرسىڭىزلا بىز كۆپ خۇرسەن بولىمىز، — دېدى دارىبىشاھ

— بىز بۇ تويغا مەيلىمىز بىلەن ئىشتىراك قىلىمىز، دەۋلەتشاھ تاغام ۋەتەنني قوغداش يولىدا قۇربان بولدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن مۇشۇ بالىلا تىرىك قالدى، بىز ھەممىمىز ئاتىدارچىلىق قىلىپ بۇ تويىنى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزىمىز. دارىبىشاھ تاغا، قانداق ئىش بولسا تارتىنماي ماڭا دېگىن، ياردەم قىلىمەن، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ، — ھە راست، قۇلچاق كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى ھاكىمبەگ ئۇياق - بۇياققا قاراپ.

— تەخسىر، ئۇنى قولداشلىرى يۇيۇندۇرۇپ تەرلىتىۋاتىدۇ، شۇڭا ئالدىڭىزغا چىقالمىدى، — دېدى دارىبىشاھ.

— ھە بوپتۇ، قولداشلىرى ئۇنى ئوبدان تەرلىتىپ ھەم ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ مىجەزىنى كاتتا تەڭشىسۇن، — دېدى ھاكىمبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھاكىم جانابلىرى، كۆپ تەشەككۇر، ھېلىمۇ كۆپ ياردەم قىلدىڭىز، ئۆزىڭىز كېلىپ تەييارلىق ئىشلىرىمىزغا ھىماتچىلىق قىلدىڭىز، مۇشۇ بىزگە يېتىدۇ، — دېدى دارىبىشاھ.

تويىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىش بىلەن پۈتۈن سەركۈينى بۇركۇت نەيىنىڭ ساداسى بىلەن بۇركۇت ئۇسسۇلى لەرزىگە كەلتۈردى. قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن تويىنىڭ ھارپىسى كىشىگە ھەممە كىشى تويىنىڭ شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېغىشلايتتى. قۇلچاقنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي قولداشلىرى ئۇنى سۆرەپ ئايرىمخانىغا ئەكىردى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ مەن ئۇسسۇل - نەغمىنى

كۆرمەمدىمەن؟ ئوغلاق تارتىشقا چۈشمەمدىمەن؟ — دېدى قۇلچاق قولداشلىرىغا نارازى بولغاندەك قاراپ.
— ئالىيلىرى، سىز ھازىر پادىشاھ (تويى بولۇۋاتقان يىگىت پادىشاھ ھىسابلىنىدۇ)، پادىشاھلىق سالاھىيىتىڭىز بويىچە ئايرىم ئولتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى قولداشلىرىدىن بىرسى.
— خانىشنى ئەكىلىش ئۈچۈن سىزنى پاك - پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق قول (مەخسۇس كان تېشىدىن يۇمشاق ئۇندەك قىرىپ ئېلىپ، ئازراق نەملەپ، چىغنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزنىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق ئاق چېكىت قوندۇرىدۇ) قوندۇرىمىز، — دېدى قولداشلىرىدىن يەنە بىرسى.
— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن جىق رەسمىيەت بۇ؟ — دېدى قۇلچاق.
— توي يىگىتى بولۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ھەممە قائىدىگە چىدىشىڭىز كېرەك، — دېدى قولداشلاردىن بىرسى.
— چۈشلۈك تائام ۋاقتى بولدى، قېنى، قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار، — دېدى ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرگەن يىگىت.
قۇلچاق قولداشلىرى بىلەن قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ پاقلان گۆشى شورپىسى كەلتۈرۈلدى.
— بۇ سىزنى تەرلىتىپ، قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس سويۇلغان قارا پاقلاننىڭ يۈرەك، بۆرەك، جىگەر ۋە تۆش گۆشىنى قىيما قىلىپ ئەتكەن شورپا. ئۇنىڭغا يەنە تاغلىرىمىزدىن چىقىدىغان چامغۇر، ياۋا زىرە، قانتىپەر، كەراشىپ (داڭسىڭ، داڭگۇي) قاتارلىق ھەر خىل دورا - دەرمەكلەر سېلىنغان. پادىشاھ ئالىيلىرى، ئېغىز تەگكۈزگەيلا! — دەپ چوڭ بىر تاۋاق

شورپىنى قۇلچاقنىڭ ئالدىغا قويىدى قولداشلاردىن بىرسى.

ئۇ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن قولداشلىرى ئۇنى يوتقانغا مەھكەم چۆمكەپ تەرلەتتى. قولداشتىن بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بەرداشلىق بېرىڭ، تەر ئارقىلىق بەدىنىڭىزدىكى ناچار خىلتلار چىقىپ كېتىپ، مىجەزىڭىز تەڭشىلىدۇ، روھىڭىز قايناپ ـ تاشىدۇ...

قۇلچاق بىرەر سائەت تەرلەنگەندىن كېيىن، قولداشلار ئۇنى يەنە بىر خانىغا ئەكىردى. ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان يوغان خاڭ (ياغاچ تەڭنە) تا ئىسسىق سۇ تەڭشەپ قويۇلغانىدى.

— ئالىيلىرى، بۇ سۇ يايلاقنىڭ گۈل ـ گىياھ ۋە دورىلىق ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلىرى سېلىنىپ تەڭشەلگەن. بۇنىڭدا يۇيۇنسىڭىز بايا تەر بىلەن چىققان خىلىتلار پاكىز يۇيۇلۇپ ئۆزىڭىزنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز، — دېدى قولداشلاردىن بىرسى.

— ئالىيلىرى، بۇلا ئەمەس، تويغا پاك ـ پاكىز تەييارلانغاندا ھەرقانداق پېشكەللىكتىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. ئوقۇلغان نىكاھمۇ ۋاجىپ بولىدۇ. غۇبارسىز قەلب بىلەن غۇبارسىز تەن بىرلىشىپ مەشۇقىنىڭ ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ساقلاپ كەلگەن قىزلىق ئىپپىتىنىڭ مەھكەم ئېتىلگەن قۇلۇپىنى ئاچقاندا نۇرغۇن ساۋابلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

قۇلچاق يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، پەدەرخان سەربەرى ئاخۇن ئۆزى پاتىھەسىدىن ئۆتكۈزگەن پايپاقتىن ـ تەلپەككىچە، چورۇقتىن ـ تۇماقىقىچە يېپيېڭى ئۇستىباشلارنى ئەكىردى. ئۇ قۇلچاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم، سىزدەك باتۇرغا نىكاھ ئاتىسى بولغانلىقىمدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، — دېدى.

— كۆپ تەشەككۇر، — دېدى قۇلچاق پەدەرخان سەربەرىنىڭ قولىغا سۆيۈپ.

پەدەرخان سەربەرى بېلىگە يوغان قىزىل مۇيۇند باغلىغان بولۇپ، كەنى (تويى بولغان يىگىت) نىڭ بارلىق ئىشىغا ئاتا ـ ئانىسى ئورنىدا مەسئۇل بولاتتى. پەدەرخان، مادەرخان ئىككىسى قۇلچاق بىلەن كۈيپەرىنىڭ نىكاھ ئاتا ـ ئانىسى ئىدى. ئۇلار تويى بولغان قىز ـ يىگىتكە مەڭگۈ مەسئۇلىيەتچان، مېھرىبان ئاتا ـ ئانا بولۇپ ئۆتىدۇ. پەدەرخان سەربەرى قۇلچاقنىڭ توي كىيىمىنى تولۇق كىيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۇمىقىغا قىزىل، ئاق شايىدىن سەللە يۆگەپ ئۇچىنى سول تەرەپكە ساڭگىلىتىپ قويدى. قۇلچاققا قاراپ:

— قان بىلەن سۈتتەك بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ ياشاڭلار، سەللىنىڭ بىر ئۇچىنى سول تەرەپكە ساڭگىلىتىپ قويغىنىم چىن يۈرەكتىن بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، تاكى گۆرگە كىرگۈچە ھەمراھ بولۇڭلار، دېگىنىمدۇر، — دېدى. ئۇ يەنە قىزىل، ئاق شايى قول ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى ئۆتكۈزۈلگەن ئۈزۈكنى قۇلچاقنىڭ ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا سېلىۋېتىپ:

— بالام، بۇ توي ئۈزۈكى، نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئالماشتۇرىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم بىر ـ بىرىڭلارغا قول بەرگىنىڭلار بولىدۇ، — دېدى.

شۇ چاغدا:

— ھەي، تەييارلىقىڭلار پۈتتىمۇ؟ — دېگىنىچە داربىشاھ كىرىپ كەلدى. ئۇ قۇلچاقنى كۆرۈپ، «توي كىيىمى ساڭا بەك يارىشىپتۇ، لاۋۇلدىغان ئوتنىڭ ئۆزى بوپسەن، — دېدى ئۇنىڭغا پەخىرلىنىش ئىلكىدە قاراپ.

— ئاكا، ھەممە تەييارلىق پۈتتى، ئەمدى يولغا چىقساق

بولىۋېرىدۇ، — دېدى پەدەرخان سەربەرى.

قۇلچاق ئالاھىدە ياساپ جابدۇنغان تۇلپارغا مىنىدى. قولداشلار، پەدەرخان، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىن قىزنى يۆتكەشكە بارىدىغان يەڭگىسى، داربىشاھنىڭ ئۆيىدىكىلەر ۋە تويغا كەلگەن يۈزلۈك مېھمانلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ قۇتلۇق غوجىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار قۇتلۇق غوجىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىمۇ داپ ۋە سۆڭەك نەينىڭ تەڭكىشىدە ئۇسسۇل تازا قىزىغانىدى. كەنى كەلگەندىن كېيىن، ناخشىچى، سازچىلار پەدىنى «شاھ مۇبارەك باد» دېگەن ناخشىغا يۆتكىدى.

شاھ مۇبارەك باد، پادىشاھ مۇبارەك باد،
شاھقا مۇبارەك بولسۇن، پادىشاھقا مۇبارەك بولسۇن.
شاھ يېرى ئېگىز مۇنبەر، ئولتۇرۇشى تەختى — زەر،
بىز ساڭا غۇلام نۆكەر، قولۇڭغا كەلدى بىر گۆھەر.
...

ناخشا، نەي، داپنىڭ ساداسى ئىچىدە قۇلچاق ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر تاجىكچە چوڭ ئۆيگە باشلاندى. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇلچاق بىلەن كۈيپەرى ئۆيىنىڭ چوڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا قىز - ئوغۇل قولداشلىرى، يەڭگىسى، پەدەرخان، مادەرخانلار ئولتۇردى. باشقا تۆرلەردىمۇ ئەر - ئاياللار، قىز - يىگىتلەر ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ياش قۇرامىغا قاراپ ئورۇن ئالغانىدى. كۈيپەرى يۈزىگە چۈمبەل تارتقان بولۇپ، قەلب كۆزى بىلەن قۇلچاقنىڭ تويلۇق كىيىمىنى كىيىپ يېنىدا ئولتۇرغان مەغرۇر قىياپىتىنى تولۇق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە دۈپۈلدەپ سوقاتتى. كۈيپەرى چېچىنى تۆت جۈپ ئۆرۈپ مەرۋايىت سەدەپنى قاتار

بىكىتتىكەن، گۈللۈك كۆلتىسى (قىزلارنىڭ باش كىيىمى) نى قاملاشتۇرۇپ كىيگەن، ئۈستىگە قىزىل شايى ياغلىق سالغان، قۇلىقىغا ئالتۇن زىرە تاقىغان، قۇلىقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كۈمۈش گىكۈر، بويىنىغا قوش دىۋەرەك، مەيدىسىگە كۈمۈش چەسكا (قىزلارنىڭ توي ۋاقتىدا ئاسىدىغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى) قاتارلىقلارنى ئاسقانىدى. بۇ كىيىملەر، زىننەت بۇيۇملىرى كۆيپەرگە شۇنداق ياراشقانىدىكى، ئۇنى پەرىزاتتەك جۇلالاندۇرغانىدى. قۇلچاق بىلەن كۆيپەرى يانمۇيان ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل مەيلى ئالىلىقاچان ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەنىدى.

قۇلچاق ئاستا كۆيپەرنىڭ قولىنى تۇتتى، بىر ئىللىق سېزىم كۆيپەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارىلىپ، ئۇنى بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلەتتىۋاتقاندەك بولدى. قۇلچاق قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ كۆيپەرنىڭ بارمىقىغا سالدى، كۆيپەرىمۇ قولىدىكى ئۈزۈكنى قۇلچاقنىڭ بارمىقىغا سالدى. ئۇلار ئۈزۈك ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، توي ئەھلى:

— مۇبارەك بولسۇن ! — دەپ توۋلاشتى.

قىزنىڭ ئۆيدىكى تويلۇق تائاملار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇرت كاتتىلىرى دۇئا بەردى، ئاندىن ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەنلەر جۇشقۇن ناخشا، مۇزىكا بىلەن قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭدى. قۇلچاق مىنىپ كەلگەن ياسىداق ئاتقا قۇلچاق بىلەن كۆيپەرى بىللە مىندى. باشقىلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ چۇقان ـ سۈرەن بىلەن قۇلچاقنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

دارىبشاھنىڭ تولۇق تەييارلىق قىلىشى بىلەن قۇلچاقنىڭ توي مۇراسىمى ناھايىتى دەبدەبىلىك ئۆتتى. بىر چاغدا كۆيپەرى قۇلچاقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ :

— ئېسىڭدىمۇ؟ بىز ۋەدىلەشكەن كۈنى سەن چوڭقۇر مېھىر ـ

مۇھەببەت بىلەن ماڭا قاراپ: «بىزگە دەبدەبىلىك توي نېسىپ بولارمۇ؟ ئىككى نەينى جۇپلەپ چالىدىغان ۋاقىت كېلەرمۇ؟» دېگەنىدىڭ. مانا قان بىلەن سۇتتەك يۇغۇرۇلغان مۇھەببىتىمىز ئاخىر ۋىسال تاپتى. تويىنىڭ پادىشاھلىق ئورنى ساڭا، خانىشلىق ئورنى ماڭا نېسىپ بولدى، — دېدى.

— توغرا دەيسەن، مۇراد ـ مەقسىتىمىز ھاسىل بولدى. ئاھ، ھايات! سەن نېمىدېگەن گۈزەل! — دېدى قۇلچاق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مېھىر بىلەن بېقىپ.

قۇلچاق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۆز ئۆيىنىڭ مورىسىدىن تۇنجى قېتىم تۇتۇن چىقىرىپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## لەشكەر بولۇش

بۇگۈن ھاۋا شۇنداق سۈزۈك، قۇياشقا يېقىن بۇ ماكان باشقىچە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سەرىكۆي دەرياسى ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقان قىزلاردەك ئاۋاز چىقىرىپ شوخ ئاقماقتا ئىدى. دارىبشاھ يۈزگە يېقىن قوينى ھەيدەپ، سەرىكۆي دەرياسى بويىغا كەلدى، دەريا بويىدىكى ئوتى بولۇق ئۆسكەن يايلاقتا قويلارنى قويۇپ بېرىپ، سۈپسۈزۈك ئېقىۋاتقان دەريا قىرغىقىغا كېلىپ يۈز - كۆزىنى يۇدى. مۇزدەك تاغ سۈيى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلىدى. ئۇ قويلارنىڭ دەريا بويىدىكى ئوتلارنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىردىنلا ھەيۋەتلىك بىر ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «بۇ كىمدۇر؟» دېدى دارىبشاھ يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتلىقنى تونۇيالماي. ئاتلىق يېقىنلاشقاندا دارىبشاھ ئۇنى ئاخىر تونۇۋالدى.

— ھوي، سەن قۇلچاقمۇ؟ خۇددى سەركەردىلەردەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتىڭغۇ ماڭا؟ — دېدى.

قۇلچاق كۈلۈپ تۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى يېتىلىگىنىچە تاغىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھە بالام، بۈگۈن ئالاھىدە جابدۇنۇپ كەپسەنغۇ؟

— تاغا، سىنى ئىزدەپ ئۆيگە بارسام قويلارنى مۇشۇ تەرەپكە يايلىتىشقا كەتكەن، — دېدى. مەن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلدىم.

— ھە، مېنى مۇنچە ئىزدىگۈدەك بىرەر جىددىي ئىش بارمىدى بالام؟ — دېدى داربىشاھ.

— مەن ھاكىمبەگ ئوردىسىغا بېرىپ چېرىك بولايمىكىن دەيمەن.

— قانداقسىغا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭ بالام؟

— تاغا، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىرتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇلاڭچىلار يەنە كېلىشى مۇمكىن. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن چېرىك بولۇش نىيىتىگە كەلدىم.

— قۇتلۇق غوجا قۇدام بىلەن كېلىنىمىز كۈيپەرى قوشۇلدىمۇ؟ كېلىنىمىز ئېغىر بوي تۇرسا.

— شۇنداق تاغا، كۈيپەرىڭىزمۇ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى. بوۋام ئارىيانىنى تىرىلدۈرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ۋۇي، سەن تېخى بالاڭغا دادامنىڭ ئىسمىنى قويۇشنىمۇ ئويلاپ بوپسەن - دە؟ — دېدى داربىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ ياخشى ئىش، خۇدايىم كۈيپەرىڭگە ئاسانلىق بەرگەي. خوش، بالام، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتىڭمۇ؟

— ئۇلار بىلەن تەپسىلىي سۆزلەشتىم، ئۇلار مېنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— بوپتۇ بالام، ئۆي - ئوچاقلىقمۇ بولدۇڭ. يۇرتداشلارنىڭمۇ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدى ناھايىتى زور. بوۋاڭ، داداڭ مۇشۇ زېمىننى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلغان. سەنمۇ ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋەتىنىڭ تۇپرىقىنى قوغداپ ئۇلارنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلساڭ، بىز ھەممىمىز پەخىرلىنىمىز. بالام، ئەتە مەنمۇ سەن بىلەن بىللە

بارمەن، ـــ دېدى داربىشاھمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ.

قۇلچاق بىلەن تاغىسى داربىشاھ تاشقەلئە دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك باقارلار ئۇلارنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن:

ـــ ئاكىلار، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىپ خەۋەر قىلاي، ـــ دېدى.

ـــ بولىدۇ، بالام، تېز خەۋەر يەتكۈزۈڭ. بىزنىڭ ھاكىمبەگ بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىمىز بار.

ھايال بولماي خەۋەر يەتكۈزگەن ئىشىك باقار بىلەن شاھ مىرزا چىقتى.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، داربىشاھ تاغا، ـــ دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى شاھ مىرزا.

داربىشاھمۇ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:

ـــ بۇ ئاكامنىڭ ئوغلى قۇلچاق بولىدۇ، ـــ دەپ ئۇنى تونۇشتۇردى.

ـــ بىز ئاڭلىدۇق. قۇلچاق بىر باتۇر پالۋان بولۇپ قايتىپ كەپتۇ، ـــ دېدى شاھ مىرزا قۇلچاق بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

ـــ رەھمەت ئۇكام، ـــ دېدى داربىشاھ.

ـــ مەمەشاھ ھاكىمبەگ قوبۇلخانىدا سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ، قېنى قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار، ـــ دېدى شاھ مىرزا ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ.

مەمەشاھ بەشىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا چىڭ ھۆكۈمىتى سەرىكۆي رايونىدا بەشىنچى دەرىجىلىك بەگلىك تەسىس قىلغان بولۇپ، مەمەشاھنى شۇ دەرىجە بويىچە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەندى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئېگىز بوي ئادەم بولۇپ، قويۇق قېشى، كەڭ ئۆستۈرگەن

بۇرۇتى، ئۇزۇن بۇرنى، يوغان قارا كۆزى، مەڭزىدىن تەپچىپ تۇرغان قىزىللىق ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇ داربىشاھ ۋە قۇلچاق بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— قۇلچاق ئىنىم، جىق رىيازەت چەكتىڭ، سىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇق، ھەرھالدا بۇ يەردە ئارىيانى بوۋىمىزنىڭ تۇتۇنى ئۆچمەيدىغان بولدى، — دېدى.

قۇلچاق ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ھاكىمبەگ جانابلىرىغا كۆپ تەشەككۇر، مىڭ تەستە يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم، ۋەتەنىمنىڭ قەدرى ۋەتەندىن ئايرىلغاندا بىلىنىدىكەن. مەن يات يۇرتتا خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك نىمجان بولۇپ ياشىدىم. بۇ يەرنىڭ توپىسىنى شۇنداق سېغىندىمكى، مىڭ قېتىم كۆزۈمگە سۈرتسەممۇ تەشنالىقىم قانمايدۇ، بۇ يەرنىڭ ھەربىر چىمدىم توپىسىنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراشنى نىيەت قىلدىم، ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىشىنى، تەربىيەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— بەللى، گېپىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، ئاندىن داربىشاھقا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خوش تاغا، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ساڭا چېرىك بولاي دەپ كەلدىم، — دېدى داربىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشىغۇ، ھەممەيلەندە مۇشۇنداق ۋەتەنپەرۋەر روھ بولسا تاجاۋۇزچىلار بۇ يەرگە كېلىشكە ئەمەس، ھەتتا قاراپ بېقىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا! ... — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ.

شاھ مىرزا ۋە باشقا ياردەمچىلىرىمۇ قاقاھلاپ كۈلدى، ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، دارىبشاھ بىلەن قۇلچاقنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر خىل سۆيۈنۈش ئىپادىلىرى پەيدا بولدى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ بېشىغا يېڭى تىكىلگەن تاجىكچە تۇماق، ئۈشنىسىگە چېكەن ياقىلىق ئۇزۇن تون كىيگەن بولۇپ، بېلىنى گۈل چېكىلگەن بەلياغلىق بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ كىيىنىشى بىر - بىرگە پار كېلىپ ئۇنى خېلىلا سۆلەتلىك كۆرسەتتى. دارىبشاھ ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى پەملەپ:

— ھۆرمەتلىك ھاكىمبە جانابلىرى، بالام قۇلچاقنى ساڭا چېرىكلىككە بېرەي، دەپ ئەكەلدىم. قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ — دېدى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ قۇلچاققا بىر قۇر سەپسالدى - دە، يۇرت ئاقساقىلى نىياز باي بىلەن شاھ مىرزىغا قارىدى. ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى پەملىگەن نىياز باي ئاقساقال بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— ۋەتەن باتۇر ئوغلانلارغا موھتاج. بىزدە قۇلچاققا ئوخشاش باتۇر ئەزىمەتلەر پاسىلنى قوغداشقا كۆپرەك كۈچ چىقارغان بولسا تاجاۋۇزچىلار بۇ يەرگە دەسسەشكە پېتىنالمىغان بولاتتى، — دېدى قايىللىق نەزىرى بىلەن بېقىپ.

— مەن بۇ يىگىتنىڭ قەيسەر، باتۇرلۇقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى شاھ مىرزىمۇ جاۋابەن.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:

— يىگىت، سېنى ئېلىپ قالدىم. بۈگۈندىن باشلاپ چېرىكلەر قاتارىغا كىرىپ، پۇختا مەشىق قىل. ئۇرۇش ماھارىتىنى تولۇق ئۆگەن، داداڭدەك باتۇر ئادەم بول ! — دەپ

ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن شاھ مىرزىغا قاراپ:

— قۇلچاقنى سەركەردە شارتىغوجىنىڭ ئالدىغا ئاپار. ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ چېرىكلىككە قوبۇل قىلىندى، ئۇنىڭ ياتاق، تاماقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوبدان تەربىيەلەپ چېنىقتۇرسۇن، — دېدى.

— خوپ، ھاكىمبەگ، — دېدى شاھ مىرزا. قۇلچاق ھاكىمغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە بېقىپ، پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— رەھمەت ھاكىمبەگ، ئوبدان مەشىق قىلىپ يارامىلىق ئادەم بولىمەن، مەندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى يەردە قويمايمەن.

قۇلچاق چېرىك بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئۇ ئۆزىدە مەسئۇلىيەت، غۇرۇر، ۋىجدان بۇرچىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ — قۇلچاقنىڭ قەلبىدە مومىسى، ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن، يۇرتداشلىرى ئۈچۈن، يۇرت، ۋەتەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش يولىدا لاۋۇلدىغان ئوت ئىدى. شۇڭا، ئۇ چېرىك بولغان كۈندىن باشلاپ بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى ھەر خىل ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ئۇ ھەمىشە «دادام - ئانامىلارنى ئۆلتۈرگەن شۇ بۇلاڭچىلار ئەمدى كەلسە، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىر تونۇتۇپ قويسام» دېگەننى ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاساسى ياخشى بولغاچقا، ھەربىي ماھارەتلەرنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىدى. ئۇ جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق تېزلىكتە قارىغا ئېتىش، نەيزىۋازلىق، ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىش ۋە ھەر خىل قىيىن ماھارەتلەرنى ئىگىلەپ، سەركەردە - چەۋەندازلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاسمان سۈزۈك ئەينەكتەك

پارقىراپ تۇراتتى. يايلاق مەنزىرىسى قۇياش نۇرىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. تاشقەلئەنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغقا قورۇلغان مەشىق مەيدانى بۈگۈن باشقىچە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بەش يۈزدىن ئارتۇق چېرىك مەشىق مەيداندا سەپ تۈزۈپ قارىغايدەك تۈپتۈز تۇراتتى. چېرىكلەر سەردارى شارتغوجا «دىققەت !» دېگەن بۇيرۇقنى چۇشۇرگەندىن كېيىن قوشۇنغا باشتىن ـ ئاخىر بىر قۇر سەپسالدى. ئاندىن «ئىختىيار بولسۇن !» دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپ، ھەممىسىگە بىر قاتار قارىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

ـــ بۈگۈنكى مەشىقىمىز ئالاھىدە بولىدۇ. ھاكىمبەگ مەشىق ئەھۋالىمىزنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئايرىم قىيىن تۈرلەر بويىچە بەسلىشىش، ماھارەت كۆرسىتىش بولىدۇ. بەسلىشىشتە نەتىجىسى ئەلا بولغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ. قانداق، تەييارلىقىڭلار بارمۇ !؟

چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى «بار!» دەپ تووۋلاشتى.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى تاغلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. تاغ ئۈستىدىكى ئۈلاي، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەرلەر بۇ ئاۋازدىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ ھەمراھلىرى بىلەن مەشىق مەيدانىغا كىرگەندە، چېرىكلەر گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن قارشى ئالدى. چېرىكلەر سەردارى شارتغوجىنىڭ «دىققەت !» دېگەن كاماندىسى بىلەن تەڭ بارلىق چېرىكلەر قاتارىنى تۈزلەپ ھاكىمبەگكە سالام بېرىشتى. ھاكىمبەگمۇ ئۇلارغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپكە راسلىغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

چېرىكلەر سەردارى شارتغوجا: «ماھارەت كۆرسىتىش باشلانسۇن ! » دەپ بۇيرۇق بېرىشى بىلەن تەڭ، چېرىكلەر خۇددى

جەڭگە كىرگەندەك جىددىي مەشىققە كىرىشتى. ئاتلىق قىلىچ ئويىنتىپ كېلىۋاتقانلار، چەبدەسلىك بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىۋاتقانلار، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قورال ئېتىۋاتقانلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. قۇلچاقنىڭ ھەربىكىتى ھەممىدىن چاققان ۋە تېز بولۇپ، چېرىكلەر ئىچىدە ئايرىم كۆزگە تاشلىناتتى. قىلىچۋازلىق، ئات ئۈستىدىكى ماھارەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قىلىچى بىلەن چىغدا ياسالغان «ئادەم» دىن نەچچىنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن، ئات بىلەن چېپىپ كېتىۋېتىپ، يەردىن مىلتىقنى ئېلىپ ئاتتى. چەبدەسلىك بىلەن ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلىق چېرىكنى بىر پەشۋا بىلەن يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، ئۆز ئېتىدىن ھېلىقى چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا مىنىۋالدى. مەشىق ئەھۋالىنى ناھايىتى بېرىلىپ كۆرۈۋاتقان ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئىختىيارسىزلا «ياپىر!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يارايسەن ئەزىمەت! — دەپ ئاپىرىن ئېيتتى.

ماھارەت كۆرسىتىش ئىنتايىن قىزىدى. قۇلچاق پۈتۈن تۇرلەر بويىچە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. چېرىكلەر سەردارى شارتغوجىنىڭ «سەپكە تىزىلىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ھەممىسى رەت ـ رەت تىزىلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشتى.

— ئەمدى تاغقا چىقىش، قىيىن قاپتاللاردىن ئۆتۈشتە بەسلىشىش باشلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭ خەتىرى زور، دىققەت قىلمىساڭلار غۇلاپ چۈشۈپ كېتىشىڭلار مۇمكىن. مۇھىمى بىز مەشىقتە بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالىساق كېيىن رەسمىي جەڭگە كىرگەندە بۇنداق ئەھۋال ئۇچرىسا ھودۇقمايمىز، — دېدى شارتغوجا.

تاغ تىك ئىدى، بىر تەرىپى چوڭقۇر جىلغا، تەسكەي تەرىپى قارلىق بولۇپ، سوزلۇك چوقچىيىپ تۇراتتى. مەشىق تۇرىدە چوڭقۇر جىلغا تەرەپتىن چىقىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن قار بار تەسكەي تەرەپتىن چۈشۈش تەلەپ قىلىناتتى. شۇڭا، بۇ تۇرنى ئورۇنلاش ناھايىتى قىيىن ئىدى.

بۇيرۇقتا ئاساسەن تاللانغان چېرىكلەر ئاتلاندى. ئۇلار دەسلەپتە خېلى تېز ئىلگىرىلىدى. بىراق، ماڭغانسېرى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرىلاپ، خەتەرلىكلىكى تېخىمۇ ئاشتى. چېرىكلەرنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ ئىلگىرىلەش تەسكە چۈشتى. يول بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، ماڭالماي قايتقانلار كۆپەيدى. قۇلچاق ھەرگىز ئارقىغا يانماي، ئۈچ چېرىك بىلەن تاغقا يامىشىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىلگىرىلىدى. بىر قاپتالغا كەلگەندە قالغان ئىككىسىمۇ زادىلا ئامال قىلالماي قالدى. پەسكە قارىسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. ئاخىر ئۇلارمۇ نائىلاج ئاستا كەينىگە يانماقچى بولدى. بىراق، قۇلچاق ھەمراھلىرىنى كۆز قىرىدا ئۇزىتىپ قويۇپ، يۇقىرىسىغا يامىشىپ مېڭىۋەردى.

ـــ مەن دېگەن جەڭچى، غۇلاپ كەتسەممۇ ھەرگىز كەينىمگە يانمايمەن !

قۇلچاق مىڭبىر جاپادا بەلگىلەنگەن نۇقتىغا چىقىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.

بۇ قېتىمقى ماھارەت كۆرسىتىشتە قۇلچاق ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. قىيىن تۇرلەردە بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ ھاكىمبەگنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئۇنىڭدىن ئالاھىدە رازى بولۇپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

## يىگىرمىنچى باب

# ۋەزىيە

1829 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. ياپلاقلار يېشىل رەڭگە كىرگەن، چارۋىچىلار ئومۇمىيۈزلۈك يازلىق ياپلاقلارغا چىقىپ ئورۇنلاشقانىدى. تاغدۇمبۇش يايلىقى گۈللۈك يېشىل دۇخاۋىدىن تون كىيگەن نازىنىن قىزدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. شىلدىرلاپ ئاققان سۈپسۈزۈك سۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە خۇددى گۈللۈك گىلەم يايغاندەك ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، ئوت ــ چۆپلەر ھەر يىلقىدىن بولۇق ئۆسكەنىدى. چارۋىلار تېز سەمرىپ، سۈت ــ قايماق مولللاشقانىدى. چارۋىچىلار تەبىئەتنىڭ بۇ مول ھىممىتىدىن شادلىنىپ، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندا، سىرتتىن كىرگەن بۇلاڭچىلار ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزدى. سىرتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بۇلاڭچىلار ئۆيمۇئۆي بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ، قولىدا يىغىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان چارۋىچىلارنى زار ــ زار قاقشاتتى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ تاغدۇمبۇشتىن كەلگەن بۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، يېنىدىكى ئەلەمدار ــ قەلەمدارلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇلخانىغا جىددىي كېڭەشكە چاقىردى. ھايال ئۆتمەي چېرىكلەر سەردارى شارتغوجا، شاھ مىرزا، مەلىك ئاقساقال، قازى قاتارلىق كاتتىلاردىن بولۇپ

يىگىرمىگە يېقىن كىشى قوبۇلخانىغا كىرىپ ئورۇن ئىگىلىشتى. هاكىمبەگنىڭ قوشۇمىسى تورۇلگەن بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن:

— ھازىر تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتقا قارىغاندا سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار تاغدۇمبۇش يايلىقىغا كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ئوخشايدۇ. كىشىلەرنى زار - زار قاقشىتىپ، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى، مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ. بىز ھايالسىز قوشۇن ئەۋەتىپ، تاجاۋۇزچىلارنى يوقاتمىساق، خەلققە ئاراملىق بولمايدۇ. سىلەرنىڭ قانداق تەدبىرىڭلار بار؟ — دەپ ئولتۇرغانلارغا جىددىي قارىدى ھاكىمبەگ.

يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى دەرھال قوشۇن تارتىپ بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ ئەلنى ئەمىن قىلىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىشتى. كىمنى باش قىلىپ ئەۋەتىش، قانچىلىك چېرىك چىقىرىش ئۈستىدە بىردەم غۇلغۇلا قىلىنغاندىن كېيىن، ھاكىمبەگ مەمەشاھ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:

— قۇلچاق قىرىق ئادەمنى باشلاپ بېرىپ تاجاۋۇزچىلارنى يوقاتسۇن! — دېدى. ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئادەمنى ئاز ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاۋۇل، باتۇر ئەزىمەتلەرنى جەڭگە سالىمىز. قۇلچاقنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ، ئۇنىڭ جەڭگە ماھىرلىقىنى ئۆتكەنكى كۆرەكتە كۆرگەنىدىم، بۇ قېتىملىق جەڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىناق بولسۇن، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى شاھ مىرزا گەپ قىستۇرۇپ، — قۇلچاق مەشقلەردە ئۆز كارامىتىنى بەك كۆرسىتىۋاتىدۇ، قېنى، ئەمەلىي جەڭدىكى ئىپادىسىنى بىر كۆرەيلى، — دېدى.

ھەممىسىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىققاچقا كېڭەش

بىردەمدىلا قارار تاپتى. ھاكىمبەگ چېرىكلەر سەركەردىسى شارتغوجىغا:

— سىز دەرھال قۇلچاقنى باش قىلىپ خىللانغان قىرىق چېرىكنى تەييارلاڭ، ئۇلار ھەر ۋاقىت جەڭ بۇيرۇقىنى كۈتسۇن، — دېدى. شارتغوجا:

— دەرھال ئورۇنلاشتۇرىمەن، ھاكىمبەگ جانابلىرى، — دەپ چىقىپ كەتتى.

تاڭ سەھەر، قۇياش نۇرى ئەمدىلا ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىلىرىنى يورۇتۇشقا باشلىغان بولۇپ، چوققىلاردىكى ئاپپاق قارلار قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى. تاشقەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىشتى. قۇلچاق قىرىق ئاتلىققا باش بولۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇ قېتىمقى جەڭگە ماڭغان چېرىكلەرنىڭ ئۆيدىكىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يۇرتداشلار بولۇپ خېلى كۆپ ئادەم ئۇلارنى ئۇزىتىشقا كەلگەنىدى. ھەممىسىنىڭ قولىدا چېرىكلەرگە تەييارلىغان ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەر بار ئىدى. توپ ئىچىدە قۇلچاقنىڭ كۈيپەرىسىمۇ بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ قۇلچاققا نۇرغۇن يېمەكلىك تەييارلىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىشىنىش، ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ تەييارلىغان نەرسىلەرنى قۇلچاققا بېرىۋېتىپ:

— خوش باتۇرۇم، ئاقىۋول تىلەيمەن! ئەينى ۋاقىتتا بىز ئۇچرىغان بولاڭ - تالاڭغا ئۇلارمۇ يەنە ئۇچراپتۇ. زۇلمەتتە قالغان قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى بىزنىڭ بۇ پاك زېمىندىن سۈپۈرۈپ تاشلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى كۈيپەرى قۇلچاققا ئىشەنچ بىلەن بېقىپ.

— خاتىرجەم بولغىن ھەمخاكىم (گۆرگە كىرگۈچە

ھەمراھىم)، ئۇلار بىلەن ئىپلىششىش پۇرسىتى كەلگىنىگە بەك خۇشمەن. ۋەتىنىم، خەلقىمگە بارلىقىمنى ئاتىدىم ! ــــ دېدى قۇلچاق قەتئىي ئىرادە بىلەن.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ ھەمراھلىرى بىلەن تاشقەلئە دەرۋازىسىدىن چىقتى. قۇلچاق سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھاكىمبەگكە سالام بەردى. ھاكىمبەگ قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى. قۇلچاق:

ــــ ھۆرمەتلىك ھاكىمبەگ جانابلىرى، جەڭ تەييارلىقىمىز پۈتتى. بۇيرۇق بەرگەيلا ! ــــ دېدى ھۆرمەتتە تۇرۇپ. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ھەممەيلەنگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن:

ــــ ئەزىمەتلىرىم ! باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، تاجاۋۇزچىلارنى پاك زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار ! تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار ! ــــ دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئاتلىقلار «ئاتلىنايلى !» دېگىنىچە قۇلچاقنىڭ كەينىدىن چاڭ توزۇتۇپ چېپىپ كەتتى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسمان تەرىنى تۇرگەن يولۋاسقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. سوغۇق بىلەن ئىسسىق ھاۋا بىر ـ بىرىدىن ئەيمەنگەندەك ھېچقايسىسى شەپە چىقارمايتتى. تاغلارمۇ بىر ئىشقا بېشى قېتىۋاتقاندەك ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالغانىدى. شاماللارمۇ چىپپىدە توختىغانىدى.

ئاقىۋى باشچىلىقىدىكى بۇلاڭچىلار تاغدۇمبۇشتىكى چارۋىچىلارنى بۇلاپ، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، بولغان چارۋىلارنى ھەيدەپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ كەينىگە ياندى. ئۇلار چادىرتاش دېگەن يەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپى تىك كەتكەن يايلاق، ئوتتۇرىسى تۈپتۈز يەر ئىكەنلىكىنى، سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ دولقۇنلىرىدا گۈل ـ گىياھلار ئويناپ تۇرغانلىقىنى، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك

ھۆپپىدە ئېچىلغان تاغگۈللىرىنى كۆرۈپ توختاشتى. بۇ يەردە چېدىرغا ئوخشايدىغان بىر چوڭ تاش بولغاچقا، كىشىلەر مۇشۇ تاشقا ئاساسەن بۇ يەرنىڭ ئىسمى «چادىرتاش» دەپ ئاتالغانىدى. بۇلاقچىلار كاتتىبېشى ئاقىبى:

— بۇ يەر بەك چىرايلىق، ئىنتايىن تىنچ ئىكەن. بىز بۇ يەردە ئولجىلارنى تەقسىم قىلىپ ئاندىن ماڭىمىز، — دېدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ھەممىسى خۇشاللىق بىلەن ئۇلاغلاردىن نەرسە - كېرەكلەرنى چۈشۈرۈش، بۇلاپ كەلگەن قوي، قوتاز، ئۆچكىلەرنى بىر يەرگە يىغىشقا باشلىدى.

قۇلچاقنىڭ باتۇر چەۋەندازلىرى ئىنتايىن تېز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەگرى - بۈگرى ئۇلاغ يولىدا قاتار مېڭىۋاتقان قوشۇن قۇلچاقنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن چىپپىدە توختاشتى. ئالدى تەرەپتىن ئىككى ئادەم يۈگۈرگەن پېتى كېلىۋاتاتتى. قۇلچاق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلارنىڭ تاغدۇمبۇشتىن كەلگەن چارۋىچىلار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ ئۇچرىغان تالاپەت ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ قۇلچاققا سۆزلەپ بەردى:

— بۇلاڭچىلار پۈتۈن چارۋا ماللىرىمىزنى ئەكەتتى، ئۆيلىرىمىزنى قۇرۇقداپ قويدى. ئۇلار بىلەن تىركەشكەنلەرنى، توسقانلارنى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىۋەتتى، بەزى ئۆيلەرگە ئوت قويدى. بىز پۇرسەت تېپىپ ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇق.

— ئۇلار قانچە ئادەم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى قۇلچاق.

— ئىككى يۈزدىن ئاشىدۇ.

— ھازىر ئۇلار قايسى يەرگە يېتىپ بارغاندۇ؟

— بىز ئالدىمىزدىكى دۆڭدە تۇرۇپ قارىساق، ئۇلار چادىرتاش دېگەن يەرگە چۈشكۈن قىلىشىپتۇ.

قۇلچاق ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇرۇش پىلانىنى كاللىسىدا پىشۇردى. قۇلچاق بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى تولۇق بىلگەچكە قانداق مېڭىش ھەققىدە كاللىسىدا تېزلا ئېنىق پىلان شەكىللەندى. مېڭىۋاتقان تار يولنىڭ پەس تەرىپىدە چوڭقۇر بىر جىلغا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ ئاقاتتى. شۇ جىلغا بىلەن ماڭغاندا بىرىنچىدىن، يولنى قىسقارتقىلى، ئىككىنچىدىن، يوشۇرۇنۇپ ماڭغىلى، ئۈچىنچىدىن، سۇنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپكە ماڭغان شەپىنى بىلىندۈرمىگىلى بولاتتى. قۇلچاق بۇلاڭچىلارنىڭ ئورنىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن دەرھال يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، تار جىلغا بىلەن ماڭدى. ئۇ ئادەملىرىگە زىنھار شەپە چىقارماي، تېز ـ تېز يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

— بۇ جىلغا بۇلاڭچىلار تۇرغان چادىرتاشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆتىدىكەن. جىلغا بىلەن شەپە چىقارماي ئىلگىرىلىسەك، ئۇلارنىڭ يېنىدىنلا چىقىمىز. ئۇلار بىزنى كۆرمەيدۇ، — دېدى قۇلچاق يېنىدىكىلەرگە پەس ئاۋاز بىلەن.

قۇلچاق ئادەملىرىنى باشلاپ نىشانغا يېقىنلاشتى، ئۇ دۆڭدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ، بۇلاڭچىلارنىڭ بەخىرامان ھالدا ھە دەپ ئولجىنى تەقسىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇلچاق ئادەملىرىگە:

— ئۇلارنىڭ ئادىمى بىزدىن بەش ھەسسە كۆپ. لېكىن، ئۇلار ھازىر بىخۇد تۇرۇۋاتىدۇ. بىز چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلار ھوشىنى تاپقۇچە بىراقلا يىغىشتۇرمىساق بولمايدۇ. بىپەرۋالىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ! — دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

— دېگىنىڭدەك قىلىمىز، — دېدى ھەممىسى پەس ئاۋازدا.

— قانداق، تەييارلىقىڭلار پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى

قولچاق.

— بىز تولۇق تەييارلاندۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ھەممىسى.

قولچاق ئادەملىرىگە «ئاتلىنايلى !» دەپ بۇيرۇق بىرىپ ئۆزى ئالدىدا ئىتىنى چاپتۇرۇپ ماڭدى. غەزەپ ئىلكىدە توۋلانغان جەڭ ساداسىنىڭ ياڭرىشى بىلەن تەڭ قولچاقنىڭ ئادەملىرى ئات ئۈستىدە قىلىچلارنى ئوينىتىپ، بۆلاڭچىلارنىڭ ئۈستىگە سايە بولۇپ تاشلاندى. ئىشتىن بىخەۋەر تۇرغان بۆلاڭچىلار نىمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدى. قولچاقنىڭ ماھارىتى يۇقىرى بولغاچقا، چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ قولىغا قورال ئالغانلىكى بۆلاڭچىلارنىڭ بىشىنى تىنىدىن جۇدا قىلدى. جەڭ ناھايىتى جىددىي، كەسكىن داۋاملاشتى. بۆلاڭچىلار بىردەمدىلا يۈز نەچچە ئادىمىدىن ئايرىلدى. ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى سەزگەن بۆلاڭچىلار كاتتىبىشى ئاقىبى ئادەملىرىگە ئولجىنى تاشلاپ جىنىنى ئىلىپ قىچىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۆلاڭچىلار ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچتى. قولچاقنىڭ ئادەملىرى شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىلدى. بۆلاڭچىلارنى قوغلاۋاتقان قولچاق تۇيۇقسىز يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئۇلارنى داۋاملىق قوغلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى يىگىرمە نەچچە چىرىكنى باشلاپ باشقا يول بىلەن تاغ قاپتاللىرىدىن ئىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتجايلۇ دىگەن يايلاقتا چۈشتى. قولچاق ئەپلىك يەرنى تاللاپ مۆكۈنۈپ، بۆلاڭچىلارنىڭ كىلىشىنى كۈتتى. يۈرىكى چىقىپ كەتكەن بۆلاڭچىلار كۆزى كەينىدە، ھە دەپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ قىچىپ كىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قولچاق ئادەملىرى بىلەن نەرە تارتىپ ئات سىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئالدى ـ كەينىدىن قىسماقتا چۈشكەن بۆلاڭچىلارنىڭ دەرمانى قۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ قۇربى يەتمەي، ئاتلىرىدىن

ئۆزىنى تاشلاپ تەسلىم بولۇپ قوللىرىنى كۆتۈردى. قۇلچاق ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن:

— باشلىقىڭلار كىم؟ — دەپ سورىدى. ھەممىسى گەپ قىلماي تىترەپ تۇرۇشتى. قۇلچاق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بېشى قازاندەك يوغان، بوينى ئىنچىكە، كۆزى گازىردەك، بۇرنى پاناق، قولىنى كۆتۈرۈپ دىر - دىر تىترەۋاتقان بىرەيلەننى كۆزىدە ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇلچاق:

— ھە، بۇلاڭچىلارنىڭ باشلىقى سەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ بەتبەشىرە تەلەتىگە قارىغان قۇلچاقنى كۈلكە قىستىدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

قۇلچاقتا تىك قاراشقا پېتىنالمايۋاتقان بۇ مەخلۇق يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— ئىسمىم ئاقبى، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! — دېدى پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ يالۋۇرۇپ.

— سەن بېرىپ قوقەن پادىشاھىغا ئېيت. ئىككىنچى بۇ تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن. مەن قۇلچاقلا بولىدىكەنمەن، بۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ ئايىغىنى دەسسەتمەيمەن!

— شۇنداق بېگىم، بىز پوق يەپتىمىز. جېنىمىزنى ئامان قويۇڭ، بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمىز! — دەپ ھەممىسى پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بوپتۇ، سىلەرنى بىر قېتىم رەھىم قىلدىم. يەنە كۆرۈپ قالسام رەھىم قىلمايمەن. دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىش! — دېدى قۇلچاق ئاچچىقى بىلەن.

قۇلچاق ئۇلارنى چېگرادىن ئۇ تەرەپكە قوغلىۋېتىپ، ئاندىن قايتتى.

قۇلچاقنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىپ، بۇلانغان چارۋا مال، نەرسە - كېرەكلەرنى قايتۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكتە تاغدۇمبۇش يايلىقىغا تارالدى. بۇلاڭچىلاردىن قاچقان، يوشۇرۇنغانلارنىڭ ھەممىسى چادىرتاش يايلىقىغا يىغىلدى. قۇلچاق ئادەملىرى بىلەن بۇلانغان نەرسىلەرنى چادىرتاش يايلىقىغا ئەكىلىپ، ئىگىلىرىگە تولۇق قايتۇرۇپ بەردى. چارۋىچىلار قۇلچاقنىڭ قولىنى سۆيۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ تەشەككۇرىنى بىلدۈرۈشتى. قۇلچاق چېرىكلىرى بىلەن ئولجا ئالغان مىلتىق، قىلىچ، نەيزە ۋە ھەربىي لاۋازىمەتلەرنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ قايتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# تۆھمەت

قـۇلچاقنىـڭ تاغدۇمىبۇشتىـكى غەلـىبىسى پۈتۈن سەرىكۆي رايونىنى تەۋرىتىۋەتتى. بۈگۈن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقان ئوغلانىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن سەرىكۆي خەلقى ئۆزلۈكىدىن ۋەرشىدې دىيارىنىڭ جامائەتخانا ئالدىغا يىغىلغانىدى. كىشىلەرنىڭ يىغىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھاكىمبەگ مەمەشاھمۇ ھەمراھلىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ يىغىلىشقا قاتناشتى. كىشىلەرنىڭ قۇلچاق ھەققىدىكى ماختاشلىرى، ئېھتىرام، ھۆرمەتلىرى پەلەككە يەتكەنىدى. جامائەتخانا ئالدىدىن تاشقەلئەنىڭ ھەيۋەتلىك تاملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇلچاق ئۆزىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئولجا ئالغان قورال - ياراغلارنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ يېتىپ كەلدى. پۈتۈن مەيداندىكى خەلقلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. بوۋاي - مومايلار قۇلچاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈشسە، تەڭ دېمەتلىكلەر قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا مەدھىيەلەر ئوقۇپ، تەرىپىنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشتى. قۇلچاق كىشىلەر توپىدىن تەستە چىقىپ، ھاكىمبەگ تۇرغان يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئالىقاچان كېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. خەلقنىڭ قۇلچاققا

كۆرستىۋاتقان ھۆرمەت، تەۋەززۇلىرى ھەمىشە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، خۇشامەتچىلەرنىڭ ماختاش ـ ئۇچۇرۇشلىرىغا كۆنۈپ قالغان ھاكىمبەگنىڭ كۆڭلىگە كەلگەندى. خەلقنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولماي قۇلچاقتا قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ رەشك ئوتىدا پۇچىلانغان ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئادەملىرىنى باشلاپ جىممىدە كېتىپ قالغاندى.

ھاۋا بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ، سۈپسۈزۈك ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. قۇياش نۇرىدا ئاق قاشتېشىدەك چاقناپ تۇرغان قارلىق چوققىلار بۇلۇتلار ئىچىدە غايىب بولدى. كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرگەن يېقىشلىق قۇياش نۇرى قاتمۇقات بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ ئۆزىنىڭ پارقىراقلىقىنى يوقاتتى. بىر خىل سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ئوچۇق، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈۋاتقان تاشقەلئەنىڭ ئۈستىنى تۇمان قاپلىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك تاملىرى تۇمان ئىچىدە غۇۋالاشتى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ ئوسال ئىدى. ئۇنىڭ نېمىگە خۇيلىنىپ، باتناپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە ھېچكىم يېتەلمىدى. شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇرغان مەيداندىن يىراقلاپ، ئۆيىگە قايرىلىدىغان يول ئېغىزىغا كەلگەندە ھاكىمبەگ ئاستا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى. ھەممىسى مېڭىشتىن توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى. ھاكىمبەگ بەكمۇ مەيۈس كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر ئىشتىن قاتتىق رەنجىگەندەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇ خۇشياقمىغان ھالدا:

— سەل تاۋىم يوق تۇرىدۇ، مەن بۈگۈن ئۇدۇللا ئۆيۈمگە قايتاي، سىلەر تاشقەلئەگە بېرىۋېرىڭلار، — دېدى ـ دە، ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپلا ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. شاھ مىرزا ھەمراھلىرىغا:

— مەن ۋە شارتغوجا ھاكىمبەگكە ھەمراھ بولۇپ ماڭايلى، سىلەر تاشقەلئەگە بېرىۋېرىڭلار، — دېدى ـ دە، ئېتىنىڭ

بېشىنى بۇراپلا ھاكىمبەگكە ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار يولدا بىر ـ بىرى بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدى. شاھ مىرزا ئۇنى ـ بۇنى سوراي دەپ ئېغىزىنى ئۇمەللىدى ـ يۇ، ھاكىمبەگنىڭ قەھرىتاندەك سوغۇق چىرايىنى كۆرۈپ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان بولۇپ، پۈتۈن ياغاچلارغا نەقىشلىك گۈل چېكىلگەنىدى. تۆردە قوتاز چۈپۈرىدىن توقۇلغان پالاس ئۈستىدە ئۈست ـ ئۈستىلەپ ئۈچ قات گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدە چىرايلىق ئەيلەپ تاشلانغان يىلپىز تېرىسى كۆرپە ئورنىدا سېلىنغانىدى.

ھاكىمبەگ شاھ مىرزا بىلەن شارتغوجىنى بۇ مېھمانخانىسىغا باشلىدى. ئۆزى تۆر بېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. يېنىدا شاھ مىرزا، شارتغوجىلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.

ھاكىمبەگ يۈزىگە سۈنئىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— ئاپلا، ئىككىڭلار ماڭا مېھمان بولغاندىكىن، خۇش ئامەدى دېمەيتىمەن، كەچۈرگەيسىلەر، — دېدى. ھاكىمبەگنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن شاھ مىرزا بىلەن شارتغوجا يىراق يەردىن كەلگەن ئىگىسىگە كۈچۈكلىنىۋاتقان ئىتتەك دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— يوقسۇ بېگىم، سىزنىڭ ئۆيىڭىز ھەممىمىزنىڭ ئۆيى، بىزنى يات كۆرمەڭ، — دەپ قەددىنى پۈكۈشتى.

— بولدى، تۇزۇت قىلماي ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ھاكىمبەگ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ. ئۆي خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەرگەندىن كېيىن، دەرھال داستىخان سېلىپ، پاقلان گۆشى، ئۇلاي گۆشى، ئىرىمچىك، خەكس، قاتلىما، تەرىت قاتارلىق تائاملار بىلەن تولدۇردى. ھاكىمبەگ:

— بۈگۈن تۈزۈك بىر نەرسە يېمىدۇق، قېنى تائامغا قول تەگكۈزۈڭلار، — دەپلا ئۆزى بىر پارچە پاقلان گۆشىنى ئېلىپ يېگىلى تۇردى. شاھ مىرزا بىلەن شارتخوجىمۇ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن يېگەچ ھاكىمبەگنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتى. ئارىلىقتا بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، شاھ مىرزا گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— توۋا دېمەن بۇ خەلققە، ئاۋۇ قولچاقنىڭ بىرقانچە بولاڭچىنى يوقاتقىنىغا تاپىنىغا سۆيۈپ يۈرىدۇيا؟ — دېدى.

— شۇنى دېمەمسەن؟ ھاكىمبەگ ئۇ يەردە تۇرسا قولچاقنىڭ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىنى قارا؟ ! ھاكىمبەگ ئۇنى ئەۋەتمىسە ئۇ بولاڭچىلارنى يوقىتالامتى؟ تېخى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى قارا ! — دېدى شارتخوجا شاھ مىرزىنىڭ دېيىشىغا تەڭكەش قىلىپ.

— دۇرۇس، ھاكىمبەگ يۇرتنىڭ تۈۋرۈكى تۇرسا، بۇ قېتىمقى بولاڭچىلارنى يوقىتىشنىڭ باش سەركەردىسى ھاكىمبەگ تۇرسا، ھۆرمەت ھاكىمبەگكە بولۇشى لازىمغۇ ! ھاكىمبەگنىڭ دانا تەدبىرى بولغاچقىلا قولچاق غەلىبە قىلغان ـ دە. ئەلۋەتتە، بۇ تۆھپە ھاكىمبەگنىڭ بولۇشى كېرەك. قولچاق دېگەن ئەبلەخ بىرەر ئېغىزمۇ «بۇ تۆھپە ھاكىمبەگكە مەنسۇپ» دېمەي گىدىيىپ تۇرىدۇيا؟ ! — دېدى شاھ مىرزا.

شاھ مىرزا بىلەن شارتخوجىنىڭ سۆزلىرى ھاكىمبەگنىڭ مۇزدەك قېتىپ قالغان كۆڭلىنى سەل ـ پەل ئېرىتتى، ئۇنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان قېشى بىلەن ساڭگىلاپ قالغان قاپىقى ئۆز ھالىتىگە قايتتى. تۈرۈلگەن پېشانە قورۇقلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى سەل ـ پەل ئەسلىگە كېلىپ، نەپىسى قىسىلىپ خارت ـ خارت قىلغان ئاۋازىمۇ پەسلىدى. ئۇ

ئېغىر بىر خورسىنىپ پېشانىسىدىكى شەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان تەرنى ئاستا سۈرتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ شاھ مىرزا بىلەن شارتغوجىغا قاراپ قويۇپ، بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى. ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن چىرايى سەل - پەل ئېچىلغان ھالدا:

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇ ئەبلەخنى كۆزدىن يوقاتمىساق كېيىنچە بېشىمىزغا بالا بولغۇدەك، — دېدى ئۇلارغا جىددىيلىك بىلەن قاراپ.

— بۇگۈن كېچىلا ئۇنى بىر تەرەپ قىلايمۇ؟ — سورىدى چېرىكلەر سەردارى شارتغوجا گارت - گۇرت كېكىرگىنىچە.

— ياق، ئۇنداق قىلساق پۈتۈن خەلق بىزگە قارشى چىقىدۇ! — دېدى ھاكىمبەگ قولىنى سىلكىپ، — مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم. ئەمدى گەپ بىزنىڭ شاھ مىرزىنىڭ قەلىمىدە قالدى. ئۇنى قانۇن يولى بىلەن بۇ يەردىن كەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ھاكىمبەگنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن شاھ مىرزا بىلەن شارتغوجا ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. ئۇلارنىڭ چۈشەنمەي تۇرۇۋاتقىنىنى پەملىگەن ھاكىمبەگ ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇچەيلەن بېشىنى بىر يەرگە ئەكەلدى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئۇلارغا:

— بىز يەكەن ئامبىلىغا ئۇنى قولغا ئېلىش خۇسۇسىدا مەكتۇپ ئەۋەتىمىز. ئۇنىڭغا «تاجاۋۇزچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى، بۇ يەرنى قوقەن خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىش كېرەك، دېگەننى تەرغىب قىلدى. خانلىقىمىزنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. خەقلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى» دېگەن جىنايەتلەرنى ئارتىمىز. قالغىنىنى

شاھ مىرزا ئىنىمىز قاتۇرۇپ يازسا، بۇ ئىش پۈتىدۇ. بۇ مەكتۇپقا مەھكىمىنىڭ مۆھرىنى بېسىپ ئەۋەتىمىز، مەنمۇ ئۆز نامىمدا بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنى بۇ يەردىن دەرھال ئەكېتىشنى تەلەپ قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئەكېتىدۇ. ئۇ يەرگە ئاپىرىپلا قاماقق ئالىدۇ. بۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ. بۇنىڭدا خەلق بىزدىن گۇمان قىلمايدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈردى. ھاكىمبەگنىڭ بۇ پىلانىنى ئاڭلىغان شاھ مىرزا بىلەن شارتغوجا چوڭ بارماقلىرىنى چىقىرىشىپ:

ــ دانا پىكىر ! دانا پىكىر ! ئاپىرىن ! ــ دەپ ماختاشتى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئۆزىنىڭ بۇنداق دانالىقىدىن پەخىرلەندى بولغاي، كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ بىز ئىشنى مۇشۇنداق پەم بىلەن قىلىمىز، ــ دېدى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، ــ يەنە بىر ئىشمۇ بار ئىدى، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى. يۇقىرالارنىڭ نامىدىنمۇ بىر ئەرز تەييارلايمىز. بۇ ئەرزدە يۇقىرالار ئۇنىڭ نۇرغۇن «جىنايەت» لىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى دەرھال سەرىكۆيدىن ئەكېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەرزگە يۇقىرالارنىڭ قولىنى بېسىپ، قوشۇپ ئەۋەتسەك، تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ. يۇقىرالارنىڭ نامىدا تەييارلىنىدىغان ئەرزنى ئاۋۇ يارگالدىكى غۇلاممەمەتكە ئورۇنلاشتۇرساق، ئۇ ئۆلگەن ــ تىرىك بولۇپ ئوتتۇز ــ قىرىق ئادەمنىڭ قولىنى باستۇرۇپ تەييارلاپ ئەكېلىدۇ، ــ دېدى.

ــ توغرا دېدىلە، غۇلاممەمەت دېگەن تۆھمەت چاپلاپ ئەرز قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بىر نېمە. ئىتنىڭ ئېغىزىغا سۆڭەك تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ ئېغىزىغىمۇ كىچىككىنە نەرسە تاشلىساقلا، ئۇ ئىشنى پۈتكۈزۈپ كېلىدۇ، ــ دېدى شارتغوجا.

ــ ئەمىسە بۇ ئىشنى دەرھال پۈتكۈزۈپ مۇشۇ 6 ــ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئامبالغا يەتكۈزۈپ بولمىقىمىز زۆرۈر. لېكىن، بۇ

ئىشىنىڭ ئىس - بۇسى سىرتقا چىقمىسۇن ! ـــ دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ، ـــ قېنى تائامغا بېقىڭلار.

ئۇلار خۇشاللىقىدىن داستىخاندىكى تائاملارنى ئۇچمە غازىكىنى يەۋاتقان پىلە قۇرتىدەك شاپىلداپ يېگىلى تۇردى.

قۇلچاق يۇرتداشلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن مەدەت - ئىلھاملىرىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئولجىلارنى ئېلىپ تاشقىلىقە بەلىك بىلەن ئولجىلارنى بارلىق ئولجىلارنى ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە قايتقانلىقىنى بىلىپ، بارلىق ئولجىلارنى مەسئۇل خەزىنىچىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىمۇ ئۆيىگە قايتتى. تاغىسى داربىشاھ ئۇنىڭ ئۇچۇن پاقلان سويۇپ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى. قۇلچاق ئۆيگە كىرىشىگە ھەممىيلەن ئۇنىڭغا ئۇن چېچىپ مۇبارەكلىدى. داربىشاھ:

ـــ بالام، بۈگۈن بىز تىرىكلەرلا خۇشال بولماي، بىزدىن ئايرىلغان ئاتا - ئاناڭلارمۇ خۇشال بولدى. پۈتۈن سەرىكۆي خەلقى ساڭا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاتا - ئاناڭنىڭ، ئەجدادلىرىڭنىڭ، پۈتۈن سەرىكۆي خەلقىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىڭ، ـــ دېدى قۇلچاقتىن سۆيۈنگىنىچە.

كۆيپەرى بۇ باتۇر ئېرىنى بۈگۈن قايتىدىن كۆرگەندەك، چاي تۇتقاچ چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇنىڭ قەلبى بىر خىل تاتلىق سېزىم بىلەن غىدىقلىنىپ، ئاجايىپ شېرىن، نازۇك تۇيغۇلار پۈتۈن بەدىنىگە تارىلىپ، قىزىل مارجاندەك سۈپسۈزۈك لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. قۇلچاقمۇ كۆيپەرىنى بىرقانچە كۈن كۆرمىگەچكە سېغىنىشىنى ئاران بېسىۋاتاتتى. ئۇنى قوچاقلىغۇسى، لەۋلىرىگە قانغۇدەك سۆيگۈسى كەلدى - يۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتتى. ھىجراندا قاغجىراپ قالغان سۆيگۈگە تەشنا نەپسىنى تەستە بېسىپ، ئۆيدىكىلەردىن تىنچ - ئامانلىق سورىدى. كۆزلىرى ئايلىنىپ كېلىپ يەنە كۆيپەرىدە توختىدى.

— بالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى قۇلچاق.

— ياخشى، كۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئىشتىھاسىمۇ ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى كۈيپەرى.

— ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق بوۋىسىنى دورايدىغان ئوخشايدۇ. ھېلىتىن بەك ئوماقلىشىپ كەتتى. بىزنىڭ ئاريانچاق، — دېدى داربىشاھ.

ئۆيگە بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ قوشنىلارمۇ يىغىلدى. ھەممىسى قۇلچاقنى تەبرىكلەشتى. قۇلچاقتىن بۇلاڭچىلارنى قانداق يوقاتقانلىقىنى سورايتتى. قۇلچاق ئېرىنمەي ئۇلارغا تولۇق سۆزلەپ بېرەتتى. ئۆي ئىچى شاد - خۇراملىققا تولغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ يۈزىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. قۇلچاقمۇ بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى.

ئەتىسى ھاكىمبەگ مەمەشاھ قۇلچاقنى تاشقەلئەگە چاقىرتىپ ئۇنىڭغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلغان قىياپەتتە:

— ئىنىم! بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدىڭ، مەن سەندىن رازى بولدۇم. ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ ئارام ئېلىپ تۇرغىن. قىشتا يەنە ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرىمىز، — دېدى.

— رەھمەت، ھاكىمبەگ جانابلىرى، — دېدى قۇلچاق خۇشاللىق بىلەن.

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. سەرىكۆي رايونىدا قار كۆپ ياغقاچقا، بۇ يىلقى قىش بالدۇرلا كىرگەنىدى. تاغ - يايلاقلار، دالالار، ھەتتا چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ ئاپپاق قاردىن لىباس كىيگەنىدى. ھاۋا تۇتۇق، نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن سۇس نۇرىنى سېپىپ تۇراتتى. يەكەن ئامبىلى ئەۋەتكەن ئون ئىككى يايى سەرىكۆي لەشكەربېگى

شارتغوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قۇلچاقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. لەشكەربېگى ئىشىكنى قاتتىق قېقىپ:

— قۇلچاق ! — دەپ توۋلىدى.

قۇلچاق چاقماق تېزلىكىدە ئۆيدىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئامبالنىڭ يايىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا شارتغوجىغا قارىدى. شارتغوجا بىر خىل قورۇنۇش بىلەن كۆزىنى ئەپقېچىپ تۇرۇپ:

— يەكەن ئامبىلى سېنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ يايىلارنى ئەۋەتىپتۇ. بۇلار ئەھۋالنى ھاكىمبەگكە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ھاكىمبەگمۇ «يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىساق بولمايدۇ، قۇلچاق توغرا چۈشەنسۇن» دېدى.

ئامبال ئەۋەتكەن يايىلارنىڭ باشلىقى:

— قۇلچاق، بىز يەكەن ئامبىلىنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشقا چىقتۇق. سېنى قولغا ئېلىپ يەكەنگە ئەكېتىمىز، — دېدى سوغۇق تەلەپپۇزدا. قۇلچاق تېخىمۇ ھەيران قالغان ھالدا:

— مەن ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم، سىلەر خاتالىشىۋاتىسىلەر ! — دېدى ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— بىز ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى، گۇناھىڭنىڭ بار - يوقلۇقىنى، نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگىنىڭنى يەكەنگە بارغاندا ئامبالدىن سورىساڭ بولىدۇ، — دېدى يايىلارنىڭ باشلىقى.

قۇلچاقنىڭ ئۆيدىكىلەر ئىشىك ئالدىغا چىقتى. كۆيپەرى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئېرىم گۇناھسىز، سىلەر خاتالىشىپ ئادەم تۇتۇۋاتىسى-لەر ! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىپ-تىنچ ياتقان سەرىكۆينى تىترىتىۋەتتى؛ بۇ ئاۋازدىن ھەيران قال-غان تاغلار پەسكە ئېگىلدى؛ پۈتۈن جان - جانىۋارلار جاي - جا-يىدا تۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتى؛ زەرەپشان، سەرىكۆي دەريالىرى-

نىڭ شوخ دولقۇنلىرى بىلەن ياڭرىتىۋاتقان يېقىملىق كۈيى يىغا ئاۋازىغا ئالماشتى. كۈيپەرىنىڭ نالە ـ پەريادى مۇزتاغنىڭ ئاپپاق ھۆسنىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى مۇزتاغ مەلىكىسىنىڭ يېشىدەك ئېقىپ مۇزلىماقتا ئىدى.

— ئېھ خۇدا، تەقدىر نېمىشقا بىزگە بۇنداق تەتۈرلۈك قىلىدۇ؟ — دەيتتى ئۇ.

ئاڭغىچە قوشنىلارمۇ ھەر تەرەپتىن يىغىلدى. تېز ـ تېز كېلىۋاتقان دارىبشاھنى كۆرگەن كۈيپەرى يىغلىغىنىچە ئالدىغا بېرىپ:

— جېنىم دادا، ھاكىمبەگكە دەپ قۇلچاقنى قۇتقۇزۇۋې-لىڭ، — دېدى.

— بولدى، يىغلىما قىزىم، ھاكىمبەگنىڭ قېشىغا بېرىپ شۇ يەردىن كېلىشىم. «ئوغرى ئوغرىلىق قىلسا پادىشاھ سورار، پادىشاھ ئوغرىلىق قىلسا كىم سورار؟» دېگەن گەپ بار. بۇ ئىشنى بۇ يەردە ھەل قىلغىلى بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ كۈيپەرىگە قاراپ. ساقىلى ئاپپاق ئاقارغان بىر بوۋاي:

— قۇلچاق گۇناھسىز، ئەگەر قولغا ئالىمەن دېسەڭلار بىز سەرىكۆي خەلقىنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىڭلار! — دېدى غەزەپ بىلەن. ھەر تەرەپتىن ۋارقىراۋاتقان ئاۋازلار كۆز يېشى بىلەن قوشۇلۇپ زور كەلكۈن ھاسىل قىلماقتا ئىدى. ئالاقزەدە بولغان سەرىكۆي لەشكەر بېگى شارتغوجا ياپىلار باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىدى. يەكەندىن چىققان ياپىلار باشلىقى:

— قۇلچاق، بىزنىڭ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشىمىزغا ماسلاشىشىقىڭ كېرەك، ئادەملەر توپلىشىپ چاتاق چىقارسا، گۇناھىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، — دېدى.

قۇلچاق بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك، كۈيپەرىگە، يۇرتداشلىرىغا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن:

— بولدى قىلىڭلار، «ئاسمانغا تاش ئاتساڭ بېشىڭغا چۈشىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن كېتەي، ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ئامبالغا چۈشەندۈرەي. مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن! — دېدى - دە، ئۇدۇل يايىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: — قېنى، مېنى ئېلىپ مېڭىڭلار! — دېدى مەردانە قىياپەتتە.

يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلىغان بولۇپ، ئەگەر قۇلچاق ئۇلارنى توسمىغان بولسا ئۇلارنىڭ قۇلچاقنى ئەكېتىشىگە قەتئىي يول قويغۇسى يوق ئىدى. قۇلچاق ئۇلارغا يېنىش - يېنىشلاپ: «بولدى قىلىڭلار، مەن گۇناھسىز بولغاندىكىن، تېزلا قايتىپ كېلىمەن» دەپ ئۇلارنى توستى. كۆپچىلىك ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاپ كەتتى. يىغلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلدى. بۇ مەنزىرىگە يەكەندىن چىققان يايىلارمۇ ھەيران قالدى.

قۇلچاق يەنە بىر قېتىم ئەزىزانە يۇرتىدىن، سۆيۈملۈك كۆپچىلىكتىن ئايرىلدى. قۇلچاقنىڭ «مەن گۇناھسىز» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن تاغلار تەسىرلىنىپ، ئەكس سادا قايتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئىنسانلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئاۋامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قۇلچاقنى گۇناھسىز دېگەن ئۆتۈنۈشلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. داربىشاھنىڭ: «بالام، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ، سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭغا مۇزتاغ ئاتا گۇۋاھ! پۈتۈن سەرىكۆي خەلقى سېنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، سەرىكۆي خەلقى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان باتۇر ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ. ئەھۋالىڭنى ئامبال جانابلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۆزۈڭنى ئاقلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن گېپى يول بويى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ياڭراپ تۇردى.

يول ئۇزۇن بولۇپ، سەرىكۆيدىن يەكەنگە ئون كۈندە چۈشكىلى بولاتتى. يولدا قۇلچاق يايىلارنىڭ ئاتلىرىنى بېقىش، توقۇشتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا «بۇ ئىشلارنى ماڭا

تاپشۇرۇڭلار، مەن قىلىپ بېرەي» دېدى سەممىيلىك بىلەن.

يايىلار باشلىقى:

ـــ بۇ يىگىت ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئۇنداق قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىكەن، ـــ دېدى ھەمراھلىرىغا.

ـــ شۇنداق، بۇگۇن مانا ئىككى كۈن بولدى، مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋالنى سەزمىدىم، ـــ دېدى يەنە بىر يايى.

ـــ ئۇ ئۆزىنى گۇناھسىز دەيدۇ، چوقۇم ئامبالغا ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى دەيمەن. مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمغا چوقۇم ئىشىنىدۇ، دەيدۇ. ئۇ ئامبالغا بەك ئىشىنىدىكەن، ـــ دېدى يېشى سەل چوڭراق بىر يايى.

ـــ قېنى ئۇنىڭ قول - پۇتىنى يېشىۋېتەيلى، بىزگە ئاتلارنى بېقىپ، جابدۇپ بەرسۇن.

ـــ ئۇنىڭ خېلى ئېپى باردەك قىلىدۇ، ـــ دېدى يايىلار باشلىقى.

ئۇلار قۇلچاقنىڭ پۇت - قولىنى يېشىپ، ئاتلارغا كەچتە ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بېرىش، ئەتىگىنى توقۇپ جابدۇش ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. قۇلچاق نۇرغۇن قازاندا پىشىپ چىققان بولغاچقا، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئاسان چۈشتى. قۇلچاق يەنە ئۇلارنى ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ قاپتىلىدىكى قىيىن ياغرىقلاردىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزدى. قۇلچاقنىڭ يول بويى يايىلارغا قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. قۇلچاقنىڭ كاللىسىدا: «مېنى نېمىشقا تۇتۇپ ئەكېتىشىدۇ؟ مەن ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن تۇرسام، كۈيپەرى، تاغاملار ئەمدى قانداق قىلار؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ ئاھ! ئەمدىلا جاھانغا كۆز ئېچىپ، كىشىگە كۆلۈپ قارايدىغان كىچىك ئارىيانچۇ؟! ئامبال گۇناھسىزلىقىمغا ئىشىنەرمۇ؟...» دېگەن خىياللار ئەگىپ

يۇرەتتى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسلەش بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، كاللىسىدىكى مۇشۇ ئوي ـ خىياللار بىلەن يەكەنگە قانداق بارغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى.

دەل شۇ تاپتا، ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ ئۆيىدە باشقىچە سورۇن تۈزۈلگەنىدى. بۇ سورۇنغا ئىشكىبېگى ئارباببەگ، شاھ مىرزا ۋە يۇرتنىڭ ئاقساقىلى، قازى ئاخۇنلارنىڭ ھەممىسى چاقىرىلغانىدى. ھەتتا يىراق يۇرتتىكى تۆك دىياردىن مەمەترېھىم، بۇرۇمسالدىن شابانبەگ، قوغۇشلۇقتىن مەمەتئاتابەگ قاتارلىقلارنىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ تويۇقسىز مېھماندارچىلىقتىن ھەيران قالغان مېھمانلار: «بەلكىم ھاكىمبەگنىڭ بىرەر ئىشى بولۇپ، مەسلىھەتكە چاقىرغان بولۇشى مۇمكىن» دەپمۇ ئويلاشتى. لېكىن، ئويلىغانلىرىغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمىدى. ھەممەيلەن ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە بۇنداق تويۇقسىز مېھمان چاقىرىشىدىن شۈبھىلەندى.

ھاكىمبەگنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى. ئۇ مېھمانلارغا شۇنداق مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى. مېھمانلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئىككى پاقلان سويدى. داستىخاننى ئىنتايىن مول قىلدى. ھاكىمبەگ مېھمانلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى، تويۇقسىز شارتغوجا ئاۋازىنى يۇقىرىراق قىلىپ:

— بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ ئارىسىدا بۇرادىرىمىز قۇلچاق بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ — دېدى كۆڭلى يېرىم بولغاندەك قىياپەتتە. سورۇن بىردىنلا سۈكۈتكە پاتتى. تۆك بېگى مەمەترېھىمبەگ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ :

— بۇ ئىشقا بىز بەك ھەيران قالدۇق. قۇلچاقنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنى تۇتۇپ كېتىدۇ؟ — دېدى ھاكىمبەگكە قاراپ، — يا ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى ھەققىدە ئامبالغا دەرھال مەكتۇپ يېزىپ ئادەم ماڭدۇرامدۇق؟

تۆردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھاكىمبەگكە قارىدى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ بىر خىل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە:

— مەن بۇ ئىش ئۈچۈن بەك كۆپ باش قاتۇردۇم. ئۇنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئامبالنىڭ ئادەملىرى بىلەن كۆپ ئېلىشتىم. «ئۇ گۇناھسىز، ئۇنى تۇتۇپ ئەكېتىشىڭلارغا قەتئىي يول قويمايمەن» دەپ چىڭ تۇردۇم. ئاخىر ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى ماڭا دېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قولچاقنى ئېلىپ قېلىشقا ئامالسىز قالدىم، — دېدى ھاكىمبەگ ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر سەپسېلىپ. كىشىلەر «قانداق ئەھۋالدۇ؟» دەپ ھەممىسى دىققەت بىلەن ھاكىمبەگنىڭ ئېغىزىغا قاراشتى. ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىۋاتقانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن، ئاۋازىنى باشقىچە چىقىرىپ:

— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، قولچاقنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى يۇقىرىدىن خان ئالىيلىرى چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىكەن. ئۇ تەرەپتە تۇرغان ۋاقتىدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئوخشايدۇ. شۇڭا، بىز ئامالسىز قالدۇق.

— ھە، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن ـ دە؟ ھاكىمبەگكە كۆپ تەشەككۈر! كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەكەن ئامبىلىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى يوق ـ دە! — دېدى شاھ مىرزا. سورۇندىكىلەر بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك ھەممىسى جىمجىت بولۇپ يەسكويغا چۈشۈپ قېلىشتى.

تۆڭ بېگى مەمەتىرېھىمبەگ ھەيران قالغان ھالدا ھاكىمبەگ مەمەشاھقا قاراپ دېدى:

— بۇ ئىشقا ھېچ ئەقلىم يەتمىدى، شۇنداق بىر ۋەتەنپەرۋەر، خەلق سۆيەر بىر باتۇر يىگىتىمىز بىكاردىن ـ بىكار گۇندىخانىغا كىرىپ كەتسە بىز قاراپ تۇرساق بولماس. ھېچبولمىغاندا يۇرت

خەلقى نامىدىن يەكەن ئامبىلىدىن بىر گۇناھىنى تىلەپ كۆرسەك بولماسمۇ ؟

ــ باياتىن دېگەنلىرىمنى ئاڭقىرالماي قالغان ئوخشايسىز، خانىنىڭ يارلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ ــ دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ مەمەترېھىمبەگكە دوق قىلىپ. باشقىلارمۇ: «خانىنىڭ يارلىقى بولسا ئۇنىڭغا ئامال يوق ئىكەن» دەپ غۇدۇراپ جىمىدى.

قۇلچاق قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن سەرىكۇيدا ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالدى. خەلقنىڭ نەزىرىدە ھاكىمبەگنىڭ ئوبرازى خىرەلىشىشكە باشلىغانىدى. شۇڭا، ھاكىمبەگ، شاھ مىرزا، شارتغوجىلار باش قاتۇرۇپ بۇگۇنكى سورۇننى ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇگۇنكى مېھماندارچىلىقتا يالغاننى راستتەك سۆزلەپ، بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىپ ئاۋامنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئېغىزىنى تۇۋاقلاش ئىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئايرىلىش دېغى

قۇلچاقنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، كۇيپەرىنىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم مۇجۇلدى. يىگىرمە نەچچە يىللىق ئازاب بۇلۇتى بېشىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندى. يەنە ئايرىلىش دېغى بىلەن يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ، ئازابلىق كۈنلەر قايتا باشلاندى. ھاياتنىڭ بۇ ئازابلىق كۈنلىرى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ، گۈلدەك چىرايى سولاشتى، ئۆزىنى ئېغىر تاغ ئاستىدا قالغاندەك ھېس قىلدى، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتى. ئۇنىڭ ئاھۇزارىدىن تاغۇتاشلار لەرزىگە كەلدى، ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن مۇزتاغ ئۇستىگە بىر قەۋەت مۇز قاتتى. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيا شۇنداق تار كۆرۈندىكى، ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق. ھاياتنىڭ بۇ قاتتىق سىنىقى ئۇنى يەنە قايتىدىن يالقۇنلۇق مەشكە تاشلىدى. مانا بۇ ئازابلىق كۈنلەردە ئۇنىڭغا تەسەللى بولۇۋاتقىنى قۇچىقىدىكى ئوغلى ئارىيانى ئىدى.

تىزناپ دىيارىنىڭ چۈشمان كەنتىدىكى قۇلچاقنىڭ تاجىكچە سېلىنغان چوڭ ئۆيى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ ئوچاقتا ئوت كۆيمەكتە ئىدى. كۇيپەرى ئوچاقتىكى ئوتنىڭ پەسلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ قىزىل

بوغداي ئۇندا قوي سۈتى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ، ئاشتاختىدا قەغەزدەك تەنۇك (نېپىز) يېيىپ، قات ـ قېتىغا يېگى قايماق سۈرتۈپ قاتلىما تەييارلىدى. ئۇنى داڭقانغا سېلىپ ئوچاقتىكى خەمىكس (چوغ) كە كۆمۈپ قويدى. ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك تۆرگە كىگىز سېلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرپە تاشلانغان بولۇپ، كۆرپىدە دارىبشاھ ئولتۇراتتى. كۈيپەرى ھۇجرىسىغا كىرىپ كىچىك ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ دارىبشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. كۈيپەرى بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتقان، ئۇچىسىغا يېشىل كۆڭلەك، ئۈستىگە قوي تېرىسىدە تاشلانغان چاپان كىيگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرقى ھازىدار ئايالغا ئوخشايتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

ــ قىزىم يىغلىما، كەلگۈلۈك كەلدى، چىدىشىمىز كېرەك. قولچاق گۇناھسىز، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، ــ دېدى دارىبشاھ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

ــ دادا، مەن بەك تەلەيسىز ئىكەنمەن. قولچاقتىن ئايرىلىپ يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئاران كۆرۈشكەنىدە يەنە ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم. مەن نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن؟ تەقدىر نېمىشقا مەن بىلەنلا قېرىشىدۇ؟ ئاھ، خۇدا! ماڭا رەھىم قىلىڭ، قولچاقنى قايتا كۆرۈشۈمگە نېسىپ قىلىڭ!

كۈيپەرىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. دارىبشاھنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى. دارىبشاھ «كۈيپەرىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماي» دەپ، ئۆزىنى دەرھال توختىتىپ يېشىنى سۈرتتى.

ــ قىزىم، يىغلاش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بىز ياششىمىز كېرەك. قارا بۇلۇت قۇياش نۇرىنى مەڭگۈ توسۇپ تۇرالمايدۇ. قارا بۇلۇتنىڭمۇ سۈرۈلۈپ كېتىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ساختا نەرسىلەر

بىر دەملىك چاقنىغان بىلەن ھەقىقىي ساپ نەرسىدەك مەڭگۈ چاقنىمايدۇ. تۆھمەت پەردىسى ھەرقانچە قېلىن بولسىمۇ ھامىنى يىرتىپ تاشلىنىدۇ. قۇلچاق چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى.

كۈيپەرى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ قۇچىقىدىكى ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ داربىشاھقا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قاراپ :

— دادا، سىزگە كۆپ رەھمەت، ماڭا تەسەللى بېرىۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئالدىمىزدىكى بۇ رېئاللىقتا نېمە ئامالىمىز بار دەيسىز؟ ھېلىھەم سىز بار ئىكەنسىز، بولمىسا مەن بىلەن بۇ ئارىيانچىقىمىز قانداق قىلاتتۇق؟ — دېدى، كۈيپەرى ئوغلىغا لەپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دادا، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، بىز يەنە بىر يۇرتىمىز بولغان تۇلۇڭ دىيارىغا كەتسەك، ئۇ يەردە تۇغقانلىرىمىز، قەدەمگاھ جايلىرىمىز بار. بۇ يەردە پەقەت تۇرغۇم يوق. بۇ مەمەشاھ ساختىپەز ئادەم، ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرمىساق بىزنى يەنە بىر بالاغا يولۇقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ ياخشى ئادەملەر ئەمەس. ئۆزۈمدىن، ئوغلۇمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى كۈيپەرى ياش تۆكۈپ.

— بۇ ئىشنى مەنمۇ ئويلىدىم، قىزىم، بىراق ساڭا دېيەلمىگەن. بۇگۈن مانا ئۆزۈڭ دېدىڭ، مەنمۇ قوشۇلىمەن، — دېدى داربىشاھ.

— ئاپام نۇسرەتخان قوشۇلارمۇ ـ ھە؟ — دېدى كۈيپەرى داربىشاھقا قاراپ.

— ئۇنىڭ ئاكا ـ سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسى تۇلۇڭ دىيارىدا، ئۇ خېلى بۇرۇنلا كېتىمىز، دەۋاتقانىدى، ئەلۋەتتە قوشۇلىدۇ، — دېدى داربىشاھ.

— ئەمدى ياخشى بولدى، دادا، بىز تېزرەك سەپەر

تەييارلىقنى قىلىپ، جىمجىتلا كەتمىسەك، ئۇ ساختىپەز ئاڭلاپ قالسا بىزگە يەنە ئاۋارىچىلىك تاپىدۇ.

— بولىدۇ، قىزىم، دەرھال تەييارلىق قىلىپ ئەتىلا يولغا چىقىپ كېتەيلى ئەمىسە.

تۆك دىيارىنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسىدا كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان تارام بار ئىدى. تارامنىڭ ئىككى تەرىپى بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئۆيلەر سېلىنغان كۆجۈم مەھەللە، تاغلارنىڭ يۇقىرى تەرىپى ياپيېشىل يايلاق، ھەم بېغى ھەم تېغى، كۆز يەتكۈسىز يايلىقى بار گۈزەل يۇرت ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ بوش ـ بىكار يەرلىرى تەبىئىي ئورمان ۋە مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، يازدا ھەر خىل مېۋىلەر تاتلىقلىقىدىن ئادەمنىڭ تىلىنى يارىدۇ. بېغى شەربەت، تېغى زۇمرەت، يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ئارامبەخش بۇ يۇرتنىڭ «غايىۋى جەننەت» دېگەن نامى بار. يەنە بىر ئالاھىدىلىكى: ئىككى تەرەپتە ئۇچار قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئېگىز تاغلار، باش تەرەپتە دېڭىز يۈزىدىن ئالتە مىڭ بەش يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى كاھاندار داۋىنى، پەس تەرەپتە ھەيۋەتلىك زەرەپشان دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ تەبىئىي مۇداپىئە بۇ يۇرتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

دارىبشاھ، كۈيپەرىلەر سەركۈينىڭ چۈشمان دىيارىدىن جىمجىتقىنا ئايرىلىپ تۆك دىيارىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرۈپ تۆك دىيارىنىڭ دىرباغ مەھەللىسىگە تىنچ ـ ئامان يېتىپ كەلدى. دارىبشاھلار تۆك دىيارىنىڭ دىرباغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەر باشقىچە ئاۋاتلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىن

كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. كۆيپەرى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىپ كۆڭلى بىر ئاز تىنچىدى. لېكىن، ئايرىلىش دېگەن ئۇنى قاتتىق قىيىنىماقتا ئىدى. قۇلچاقسىز ھايات ئۇنىڭغا تولىمۇ مەنىسىزدەك بىلىنەتتى. ئۇ: «ئۆزۈمنى تاشلىۋەتسەم بولمايدۇ، ماھارەت ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنى چېنىقتۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە بېرىپ قۇلچاقنى تېپىپ كېلىمەن» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

ھايات ئۆزىنىڭ رەھىمسىز سىناقلىرى بىلەن ئىنسانىنى سىنايدۇ. ھاياتنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن بىلىنىدىغان مۇساپىسىدە ئىنسانىنىڭ يولۇقىدىغان قىسمەتلىرى ھەر خىل بولىدۇ. تېپتىنچ تۇرمۇش، مۇكەممەل بولغان ھايات ئىنسانغا دائىم نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. بىراق، ھايات مەنزىلىدە مۇكەممەللىككە يېتىش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىدىغانلارلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جازىبىدارلىقىنى نامايان قىلالايدۇ. ھايات گويا تاۋلىنىپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق مەش. بۇ مەشتە كىرەكسىزلەر كۆلگە ئايلىنىپ شاللىنىپ كېتىدۇ. قىممەتلىك بارلار تاۋلانغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، چولپاندەك پارقىراپ نۇر چاچىدۇ.

كۆيپەرى ئېسىل پەزىلىتى، ساپ ۋىجدانى، چىن مۇھەببىتى، مۇستەھكەم ئىرادىسى، قەيسەرلىك مۇجەسسەملەشكەن روھى بىلەن ھاياتنىڭ ئاچچىق چاقچاقلىرى ئالدىدا قىلچە تەمتىرەپ قالمىدى. ئۇ ھاياتقا ئۈمىدۋار قاراپ، ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ ھەر خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلىدى. ئۇ كۈنلەپ - كۈنلەپ ئات چاپتۇرۇش، ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق مەشىقلەرگە كىرىشىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەر خىل ماھارەتلەرنى تولۇق ئىگىلەپ، قۇلچاققا يار - يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئىستەك لاۋۇلداپ ياناتتى. ئۇ بەش ۋاخ نامىزىدا قۇلچاققا ئامانلىق

تىلەيتتى.

دارىبشاھمۇ كۆندە مەشىق مەيدانىغا بېرىپ مەشىقلەندۈرۈۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. مەشغاۋۇل دارىبشاھنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— خۇش چىراي تاغا، ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭ، بۈگۈن مەشىقلەندۈرۈلۈۋاتقانلار قىلىچۋازلىق، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. سىنىڭ يىتەكچىلىك قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

— بولدى، ئۆزۈڭلارنىڭ پىلانىڭلار بويىچە باشلاۋېرىڭلار، مەن بىر چەتتە تۇرۇپ كۆرسەملا بولدى، — دېدى دارىبشاھ.

ئۇ تۇردىباي باشچىلىقىدىكى بىرقانچە يىگىتنىڭ مىلتىق ئېتىش ماھارىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇلار مىلتىق ئېتىشتا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. يىگىتلەرنىڭ نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىقتىمۇ خېلىلا يېتىشكەنلىكىنى كۆرگەن دارىبشاھ مەمنۇن بولدى. ئاڭغىچە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىش باشلاندى. تاغ باغرىدىكى ئېگىز تېرەكلەرگە نىشانلار قويۇلغان بولۇپ، ماھارەت كۆرسەتكىدىغانلار ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ نىشانلارغا ئوقيا ئاتاتتى. يادىن چىققان ئوقلار نىشانغا ناھايىتى ئاز تېگەتتى. بىر چاغدا كۆيپەرى ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئوقيا ئېتىپ ھەممە نىشاننى بىراقلا تېرەكلەردىن چۈشۈرۈۋەتتى. ھەممەيلەن «بارىكاللا !» دەپ ۋارقىراشتى.

بىر كۈنى دارىبشاھ، كۆيپەرى مەشىقلەندۈرۈۋاتقان يىگىتلەردىن تۇردىباي، پازىلباي قاتارلىق تۆتەيلەننى ئېلىپ، خىللانغان ئاتلارغا مىنىپ، ئوقيا، قىلىچ، مىلتىقلار بىلەن جابدۇنۇپ بايلىق يوشۇرۇنغان سىرلىق جىلغىغا قاراپ يولغا

چىقتى. ئۇلار ئۇۋ ئىستىدىنىمۇ ئۇچنى ئەگەشتۈرگەنىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىن چوشقەن بىر جىلغىنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلاشتى.

— سىرلىق جىلغا ئېغىزىغا كەلدۇق، — دېدى دارىبشاھ كۆيپەرىگە قاراپ. كۆيپەرى جىلغا ئېغىزىغا قارىدى، ئۇ يەردە كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان، ئوتى بولۇق ئۆسكەن بىر ئوتلاقنى، پەس تەرەپتىكى ئېقىندا قار سۈيىنىڭ تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

دارىبشاھ جىلغىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا مۇشۇ جىلغا شۇ. مەن بوۋامدىن بۇرۇنقى زاماندا بۇ جىلغا ئىچىگە تۆت يۈز تۆگىلىك ئالتۇن يوشۇرۇلغانىكەن، كېيىن بۇنى جىنلار ئىگىلىۋېلىپ ئادەملەرنى يېقىن يولاتماپتۇ، دېگەننى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى. كۆيپەرى جىلغا ئىچىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن:

— دادا، ئاتلارنى مۇشۇ يەردە باغلاپ قويامدۇق؟ جىلغا ئىچىدە ئات ماڭالمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق قىلىمىز، ئەمدى ئات - ئۇلاغ ماڭالمايدۇ، پىيادە مېڭىپ جىلغىغا كىرىمىز، — دېدى دارىبشاھ.

ئۇلار ئاتلارنى سۆگەتلەرگە باغلاپ، ئوقيا، نەيزە، مىلتىقلىرىنى ئېلىپ، ئۇۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جىلغىغا كىرىشكە تەييارلاندى.

— قېنى ئەمىسە، جىلغىغا كىرىمىز، — دېدى كۆيپەرى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىۋېتىپ. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە ئىتلار غىڭشىغىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى، ئۇلار شۇنچە تىركىشىپ باقتى، ئىتلارنى توختىتالمىدى. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن غەيرىيلىك ھېس قىلىشتى.

ھاۋا شۇنداق ئوچۇق بولۇپ، ئاپتاپ جىلغا ئىچىگە تولۇق

چۈشكەندى . ھەممە يەرنى، ھەرقانداق نەرسىنى ئۇچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

ــــ ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار، ــــ دېدى دارىبشاھ. ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، خۇددى بىرسى مىڭشۇۋاتقاندەك ئۇتلار بىرسىلىپ يەنە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى پەقەت يىرىم ئارغامچا بويى كەلسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. كۈيپەرى چەبدەسلىك بىلەن ئوقيانى ئېلىپ شۇ يەرنى چەنلەپ ئاتقانىدى، ئوقيا ئوقى نىشاندىن چەتنەپ ۋىژژىدە ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى. كۈيپەرى چاققانلىق بىلەن ئارقىمۇئارقا بىرقانچە ئوقنى ئۈزگەندى، ئوقى ئۇدۇل ماڭماي ھەممىسى ھەر تەرەپكە قېيىپ كەتتى. ئاڭغىچە ئوقيا ياغىچى تانىدىن ئاجراپ ئېتىلماس بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق ھەپىلىشىپ باقتى، ھېچ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

ــــ بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ ــــ دېدى كۈيپەرى دارىبشاھقا قاراپ.

دارىبشاھ ھەمراھلىرىغا «ھەممىڭلار ئېتىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، ھېچكىمنىڭ مىلتىقى ئېتىلمىدى. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئوت يېگەچ تۇرسۇن دەپ ئۈزۈنراق باغلاپ قويغانىدى. بىراق، ئاتلار ئوت يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەنسىز كىشنەپ، پۇتلىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ تېپچەكلەشكە باشلىدى. ئاتلارنىڭ پۇتۇن بەدىنىدىن قارا يامغۇردەك تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇلار قۇلىقىنى دىڭگايتىپ، خۇددى ھازىرلا بىرى كېلىپ جېنىنى ئالىدىغاندەك تېپىرلاپ كېتىشتى. ھەممە يەر ئوپئوچۇق، لېكىن ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

ــــ دادا، يەنە ئازراق ماڭامدۇق؟ ــــ سورىدى كۈيپەرى دارىبشاھقا قاراپ. دارىبشاھ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا كىچىك بىر تاش ئۇچۇپ كېلىپ مۇرىسىگە تەگدى. شۇنىڭ بىلەن

تاش ئۇلارغا يامغۇردەك يېغىپ كەتتى. لېكىن، تاشلار ھەممەيلەننىڭ ئەتراپىغا چۈشتى ـ يۇ، ھېچكىمگە تەگمىدى. ئۇلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدى. ئاڭغىچە تۆگىدەك چوڭ ـ چوڭ تاشلار ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشكىلى تۇردى. كۆيپەرى تاش كېلىۋاتقان تەرەپكە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن قارىدى، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ پەقەتلا تۆگىدەك چوڭ تاشلارنىڭ جىلغا ئىچىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىلا كۆردى. كۆيپەرى:

ــ دادا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ــ دېيىشىگە ئۆيدىنمۇ يوغان بىر تاش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئايرىۋەتتى، بىر ـ بىرىدىن ئەنسىرەپ قالغان كۆيپەرى بىلەن دارىبشاھ تاشنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ چىرقىرىشىپ كەتتى. دارىبشاھ:

ــ يەنە ماڭمىز دېسەك تۆگىشىدىغان ئوخشايمىز، دەرھال قايتايلى! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ ماقۇل، قايتايلى، ــ دېدى كۆيپەرى كەينىگە بۇرۇلۇپ.

ئۇلار ھەش ـ پەش دېگۈچە كەينىگە يېنىپ، ئاتلىرىنى ئاران مىنىشكە ئۈلگۈردى، ئاتلار خۇددى بىرى قوغلىغاندەك ئوقتەك چاپتى، ئات ئۈستىدىكىلەر تىزگىننى باشقۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالدى. ئاتلار ئالاھازەل جىلغا بويلاپ تۆت ـ بەش دوقمۇشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يۇرىكى جايىغا چۈشكەندەك سەل تىنچلاندى.

كۆيپەرى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىغاندى، ھەممەيلەن ئاتلارنى توختاتتى. كۆيپەرى ئوقياسىنىڭ جايىغا كەلگەنلىكىنى، ئاتقان ئوقىنىڭ ھەممىسى ئوقداندا تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ دارىبشاھقا قاراپ:

ــ دادا، قاراڭ، ئوقيايىم جايىغا كەپتۇ، ــ دېيىشىگە بىر

توپ كەكلىك ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ ئوق ئۇزدى، كۈيپەرىنىڭ ئاتقان ئوقى «ۋىژژىدە» ئۇچۇپ بېرىپ ئاسماندىن بىر كەكلىكنى موللاق ئاتقۇزۇپ يەرگە چۈشۈردى.

— قىزىق ئىش، بايا نېمىشقا نىشانغا تەگمىدى؟ هازىر بىر ئوبدان تېگىۋاتامدۇ؟ — دېدى كۈيپەرى.

— قېنى بىزمۇ مىلتىقلىرىمىزنى بىر سىناپ باقامدۇق؟ — دېدى داربىشاھ، ھەممەيلەن مىلتىقلىرىنى ئاتقاندى، گەپ يوق ئېتىلدى.

— توۋا، ئاجايىپ قىزىق ئىش ئىكەن بۇ، — دېدى كۈيپەرى ياقىسىنى تۇتۇپ.

— بۇ يەردە ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن يەرلەر كۆپ، نۇرغۇن سىرلىق ئىشلار ئادەمگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ، پەدەرى چۈگىر چوققىسى بىزگە رەھىم ـ شەپقەت ئاتا قىلىدۇ، بىزنى ئاللاتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، — دېدى داربىشاھ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئالتۇن پادىشاھنىڭ تاغ بېسىۋالغان ئوردىسى شىڭشال جىلغىسىدا بولۇپ، ئۇ يەرمۇ ئىنسان قەدەم باسمايدىغان سىرلىق جايغا ئايلانغان، هازىرغىچە ئۇ يەرگىمۇ هېچكىم بېرىپ باقمىدى. ئالتۇن پادىشاھنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن بۇ زېمىنىنىڭ قاچاندىن تارتىپ باياۋانغا ئايلانغانلىق سىرىنى هازىرغىچە هېچكىم ئاچالمىدى، — دېدى.

كۈيپەرى بۇگۈن بەك سەھەر ئورنىدىن تۇردى. تېخى ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى ئەمدىلا ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ ئەتراپ يەنىلا قاراڭغۇ تۇراتتى. ئۇ دەرھال سۇ بويىغا بېرىپ، تەرەت ئېلىپ نامىزىنى ئوقۇدى. تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئوقيانى ئېلىپ ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقتى. بېشىغا كۇلتا كىيىپ، ئۈستىگە ئاق شايىدىن رومال ئارتقان، كۆك كۆڭلەك ئۈستىگە

ئاق بۇركۇت تېرىسىدە تاشلانغان جىلىتكە كىيگەن، پۇتىغا چىرايلىق چەملەنگەن، قىزىل قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىغان كۈيپەرى جەڭگە ماڭغان باتۇر تاجىك قىزىنىڭ سىيماسىنى نامايان قىلاتتى. ئۇ ئات چاپتۇرۇپ خۇددى ئېگىزگە ئۆرلىگەن بۇركۇتتەك دۆڭلەرگە چىقاتتى، ئات چاپتۇرۇۋېتىپ ئوقيا ئاتاتتى. چېپىۋاتقان ئاتنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆزىنى تاشلاپلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قورساق تەرەپتىن ئايلىنىپ ئىگەرگە چىقىۋالاتتى. ئۇ بىرقانچە دۆڭ ـ ئويمانلىقتىن ئۆتۈپ بىر جىلغىغا كىردى. جىلغا ئىچى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كۈيپەرى ماڭغانسېرى ئالدىدىن بىر قورام تاشلىق دۆڭ كۆرۈندى. ئات چوڭ قورام تاشلار ئارىسىدا ماڭالماي قالدى، كۈيپەرى ئاتنى ئالدىغا دېۋىتىشىغا ئات ئۇنىماي كەينىگە قايتتى. ئۇ ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ تاغ قاپتىلىدا بىر توپ تاغ تېكىسىنى كۆردى. كۈيپەرى دەرھال ئوقيانى ئېلىپ چەنلەپ ئاتتى، تاغ تېكىسى تىك سەكرەپلا دومىلاپ چۈشتى. ئۆزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىدىن مەمنۇن بولغان كۈيپەرى ئولجىسىنى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا ئارتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك ئالدىدا دارىبشاھ ئارىيانچاق بىلەن ساقلاپ تۇرغانىدى.

ــ ھە قىزىم، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ بەك سەھەر چىقىپ كېتىپتىكەنسەن، خېلىلا ئەنسىرىدۇق، ــ دېدى ئۇ.

ــ دادا، تاغقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ، بىر تاغ تېكىسىنى ئېتىپ كەلدىم، ــ دېدى كۈيپەرى خۇشال بولغان ھالدا.

ــ ئاپىرىن، قىزىم! ئوقيا ئېتىشتا كامالەتكە يېتىپسەن، ــ دېدى دارىبشاھ ھەمدە تېز بېرىپ ئاتتىن تاغ تېكىسىنى چۈشۈرۈۋالدى.

ــ كاساپەت بەك سېمىز ئىكەن، تېكە گۆشىنى تازا

سىغمىسىپ تۇراتتۇق، ئىشتىها بىلەن يەيدىغان بولدۇق، — دېدى دارىبشاھ تېكىنى پەسكە قويۇپ.

بوۋىسى ئاتتىن چۈشۈرگەن تاغ تېكىسىنى كۆرگەن ئارىيانى:

— ئاپا، مېنىمۇ ئاپىرىڭچۇ، مەنمۇ كېيىك ئاتاي، — دېدى ئانىسىغا ئەركىلەپ.

— جېنىم قوزام، ھەممە ئىشىم سەن بىلەن روياپقا چىقىدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن نەگە بارسام سېنى بىللە ئېلىپ بارىمەن، — دەپ مەڭزىگە چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى.

كۆرۈنۈشتە كۆيپەرى خۇشال، روھلۇق كۆرۈنگەن بىلەن، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئايرىلىش دېغى، ھىجراننىڭ شەپقەتسىزلىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھەر ۋاقىت مۇجۇپ تۇراتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئارىيانىچاقنىڭ پاراستى

ھاكىمبەگ مەمەشاھ بۈگۈن ۋاقچە ئورنىدىن تۇردى، ئاخشام مېھماندارچىلىقتىن بەك كەچ يانغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بولۇپ، بىر تۈگمەن تېشى يۇدۇۋالغاندەك ئۆزىنى ئېغىر ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدىلا ناشتىغا تۇتۇش قىلىشىغا شارتغوجا ھاسىرىغان پېتى كىرىپ كەلدى. ھاكىمبەگ شارتغوجىنىڭ بەكمۇ جىددىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ بەكلا پاراكەندە كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى. شارتغوجا ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىپ:

— داربىشاھ ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ تۇڭ دىيارىغا قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— قاچان؟

— بۈگۈن ئۇلارنىڭ قاچقىنىغا ئۈچ كۈن بوپتۇ، ئۇلارنىڭ تۇڭ دىيارىغا يېتىپ بېرىشىغا يەتتە كۈن كېتىدۇ، پەمىمچە ئۇلار ھېلىمۇ يول ئۈستىدە. چېرىك ماڭدۇرۇپ قايتۇرۇپ كېلەمدۇق؟ — دېدى شارتغوجا جىددىيلىك بىلەن.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن:

— ياق، هازىرچە ئۇلارغا تېگىشكە بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلارغا تېگىپ قويساق خەقلەرنىڭ قۇلچاق ھەققىدىكى گۇمانىنى يەنە قوزغاپ قويىمىز. مەمەتربەممۇ ھازىر تۇڭدا، ئەگەر بىز ھازىر قول سالساق مەمەتربەمنىڭ گۇمانى يەنە كۈچىيىپ كېتىدۇ. ھازىرچە ئۇلار قېچىپ تۇرسۇن، كېيىنچە ئوبدانراق بىر ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى.

دارىبشاھ، كۆيپەرىلەر تۇڭ دىيارىغا كەلگەندىن كېيىن كىچىك ئارىيانىدىن خېلى خاتىرجەم بولدى. كۆيپەرى ماھارەت ئۆگىنىش مەشقىگە قاتتىق كىرىشىپ كەتكەن بىلەن ئوغلىنىڭ تەربىيەسىگىمۇ سەل قارىمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى ئوغلىدا ئىدى. ئوغلىنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى ئۇنىڭغا ئىلھام، تەسەللى، مەدەت بولاتتى.

كىچىك ئارىيانى بوۋىسى دارىبشاھ بىلەن ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ناھايىتى ئەقىللىك، ساغلام چوڭ بولۇۋاتاتتى. سەككىز ياشقا كىرگەن ئارىيانى ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىدىغان، ئانىسىدىن سوراپ يۈرۈپ خېلى جىق ئىشلارنى بىلىدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ زېھنى ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، گەپلىرى شۇنچە ۋەزىنلىك، تىلى شۇنچە راۋان ئىدى. كىچىك تۇرۇپ شۇنچە ئەدەپلىك، ئىللىق چىراي ئىدى. باللار بىلەن ئوينىغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە زىنھار ئازار بەرمەيتتى، باللارمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۆدەكلەرچە تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ ئازابلىنىۋاتقان كۆڭلىگە ئوبدانلا تەسەللى بولۇۋاتاتتى. بۈگۈن ئارىيانى ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپلا:

— ئانا، بۈگۈن مەن باللار بىلەن بۈركۈت بالىسىنى

تۇتقىلى بارىمەن، ۋاقتىدا كىلەلمىسەم مەندىن ئەنسىرىمەڭ، بولامدۇ؟ — دېدى ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ.

— ۋۇي بالام، نېمە دەيدىغانسەن؟ بۈركۈت بالىسىنى تۇتۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇ تاغ قاپتىلىنىڭ ئادەم چىقالمايدىغان يېرىگە ئۇۋا ياسايدۇ، ئۇ يەرگە چىقىش خەتەرلىك، جېنىم بالام، ئۇنداق يەرگە بارما! — دېدى كۆيپەرى.

— ئانا، مەن باللار بىلەن ھەر كۈنى شۇ يەردە ئوينايمەن، بىر بۈركۈت بالىسىنى تۇتۇپ كۆندۈرگۈم بار. ئەزىمەت تاغام بىر بۈركۈتنى كۆندۈرۈپتىكەن، تۈنۈگۈن بىز ئۇنىڭ بىلەن جاڭگالغا باردۇق، ئۇ بۈركۈتنى شۇنداق ئۇچۇرغانىدى، ھەش - پەش دېگۈچە جاڭگالدىن بىر تۈلكىنى تۇتۇپ ئەكىلىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا تاشلىدى، بەك قىزىق بولىدىكەن، — دېدى كىچىك ئارىيانى.

— بالام، سېنىڭ تەنتەك مىجەزىڭنى بىلىمەن، بارما دېسەم ئۇنىمايسەن، مەيلى بارساڭ بارغىن، لېكىن يىراق كەتمەي، تىك تاغلارغا ياماشماي، باللار بىلەن چىرايلىق ئويناپ ۋاقتىدا قايتىپ كەل، — دېدى كۆيپەرى.

— بولىدۇ ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ! — ئارىيانى دىك - دىك سەكرىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كىچىك ئارىيانى قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايتتى، ئۇ باللار بىلەن كۈندە تاغ قاپتىلىغا بېرىپ، تىك چوققىلارغا يامىشىپ يۈرۈپ ئاخىر بىر بۈركۈت بالىسىنى تۇتۇۋالدى. بۇ ئۇنىڭ باللىق ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق ئىشتىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ بۈركۈت بالىسىنى ئاۋايلاپ چاپىنىغا يۆگىدى، ئۇنىڭ بېشىنى ئوچۇق قويۇپ ئاستا كۆتۈرۈۋالدى، بۈركۈت بالىسى بۇ تۇيۇقسىز غەمخورلۇقتىن ھەيران قالغاندەك يوغان كۆزلىرىنى ئارىيانىنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۈزمەي قارايتتى. باللار

چۈرقىرىشىپ، ئارىيانىنىڭ قولىدىكى بۈركۈت بالىسىغا ئېگىشىپ قاراپ:
— قارا، كۆزلىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەن...
— تۇمشۇقىنى قارىمامسەن، ئەجەبمۇ ئۈچلۈق ئىكەن...
— ۋۇي، پۇتىغا قارا، خۇددى تۇمشۇقىدەك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بار ئىكەن... — دېيىشەتتى. ئارىيانى گۆھەر تېپىۋالغاندەك تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ باللارغا:
— يۇرۇڭلار! ئۆيگە بېرىپ بۇنىڭغا چىرايلىق ئۇۋا ياسايمىز، — دېدى. باللار ھەممىسى ئارىيانىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئارىيانىنىڭ قولىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. بۈركۈتنىڭ بېشى سەل - پەل مىدىرلىسىلا باللار ۋارقىرىشىپ كېتەتتى. ئارىيانى بۈركۈت بالىسىنى ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۈركۈت بالىسىغا تال چىۋىقلارنى تىزىپ، ئاستىغا يۇمشاق پاخاللارنى سېلىپ، ئۈستىنى مەھكەم يېپىپ ئورۇن راسلىدى. ئۇنىڭغا قۇشقاچ، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى. ئۇ بۇ بۈركۈت بالىسىغا شۇنداق ئامراق بولدىكى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. بىردەم ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق بەرسە، بىردەم ئۇنىڭغا سۇ ئىچۈرەتتى. ئۇنىڭغا ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئۆگىتىپ ئوينايتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بەرسە ئۇ تاماق ئىچىدىكى گۆشلەرنى تېرىپ كىچىك بۈركۈتىگە بېرەتتى.
ئارىيانى بۈركۈتچاق بىلەن بولۇپ كېتىپ كۈننىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى. بۈركۈتمۇ ئۇنىڭغا خېلىلا مېھرى بىلەن كۆنۈپ قالدى. ئارىيانىنىڭ جان كۆيدۈرۈپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن بۇ بۈركۈت بالىسى تېمەن چوڭ بولۇپ، بۇ كىچىك ئىگىسىگە ئامراق بولۇپ قالدى.
بىر كۈنى ئارىيانى بۈركۈتىنى ئېلىپ باللار بىلەن

ئـوينىغـىلى باردى. ئـارىيانى بـۆركۈتنى قـويۇپ بەردى، بۈركـۈت ئۆلارنىڭ يېنىـدىكى بىر دەرەخ شېخىغا قوندى.

— كېلىڭلار بالىـلار، بىز ئـويۇنىمـىزنى ئويناۋېرەيلـى، — دېدى ئارىيانى بـالىـلارغا قـاراپ. بالىـلار دەرهـال ئىككـى بۆلەككـە بۆلۈنۈپ چەكەلەك (بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى كىچىك ياغـاچ مـۇتەكنى ئـېگىز تـاشلاپ كالتـەك بىلەن ئۇرىدۇ، قارشى تـەرەپ تۇتالىسا ئۆلارغا نومۇر هېسابلىنىدۇ. تۇتالمـىسا ئاتـقان تەرەپكـە نومۇر هېسابلىنىدۇ) ئويناشقا كىرىـشتى. بالـىلار ئىچىـدە يېشـى سەل چوڭراق تەمبەل ئۆسكەن زەرۈك كالتەكنى قولىغا ئېلىپ:

— مېنىڭ ئۇرغان مۇتىكىمنى هېچكىم تۇتالـمايدۇ، ئۆلارنـى يېڭىـشىمـىزدە گەپ يوق، — دېدى ئـۆز ئادەملـىرىگە ۋە قـارشى تەرەپكە قاراپ، — تەييارلاندىڭلارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— تـەييـار بـولـدۇق، — دەپ ۋارقـىـراشـتـى قـارشـى تەرەپتىكىلەر.

زەرۈك مـۇتەكنى ئـېگىــز تـاشلاپ زەرب بىـلـەن ئۇرغانــدى، ئارىيانى ئېگىز قاڭقىغان مۇتەككە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنـى تـۇتـۇۋالدى. بالـىـلار «بارىـكـالـلا ! » دەپ ۋارقىـراشـتـى. زەرۈك تېرىككەك، ئويۇندا چىدىماسلىق قىلىش ئادىتى بار بالا بولغاچقـا دائىم بالىلار بىـلەن ئۇرۇشاتـتى. بۇ قېتـىمـمۇ ئۇ ئارىيـانىنـىـڭ مۇتەكنى تۇتۇۋالغانلىقىغا چىدىماي قالدى. ئـۇ ئاچچـىقى بىلـەن ئۈچ ـ تۆت قېتىم چەكەلەك ئۇرغانىدى، ئارىيـانى تەرەپتـىكىلـەر ھەممىسىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ تېخىمـۇ ئاچچىـقى كەلدى ـ يـۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئەمدى ئۆلار ئۇرسۇن، بىز تۇتايـلى، — دەپ ۋارقىرىـدى. ئەمدى ئارىيانى تەرەپتىكىلەر مۇتەكنى ئۇرىدىغان بولدى. ئارىيانى مۇتـەكنى ئېگىز تاشـلاپ كۈچەپ ئـۇرغـانىدى، مـۇتـەك يىراقـقـا قاڭقىپ كەتتى. زەرۈك شۇنچە يـۈگۈرگەن بولـسىمۇ تـۇتالمىـدى.

ئارىيانى يەنە بىر ئۇرغانىدى، «مۇتەكنى تۇتۇۋالىمەن » دەپ يۈگۈرگەن زەرۈك پۇتلىشىپ يىقىلدى. بالىلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ۋارقىراشتى. زەرۈكنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئارىياننىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئارىيانى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇلقۇنۇپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ قولى گېلىنى مەھكەم سىقىۋالغانىدى. ئارىيانى تېپىرلاپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئارىياننىڭ بوركۇتى ئۇچۇپ كېلىپلا زەرۈكنىڭ قولىقىنى چوقۇدى، زەرۈك «ۋايجان !» دېگىنىچە ئارىياننىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى. «يارايسەن بوركۇتۇم ! » دەپ توۋلىدى ئارىيانى خۇشاللىقىدىن دىك ـ دىك سەكرەپ. بالىلارنىڭ ھەممىسى بۇ كارامەتتىن ھەيران قېلىپ چۇرقىراشتى.

ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ كەيپىياتى بۈگۈن سەل بۇزۇلغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ئىتى كېيىك قوغلاپ تاغدىن غۇلاپ ئۆلگەنىدى. شارتغوجا ھاكىمبەگنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن شاھ مىرزا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دەرھال رازىقنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىق ئورۇنلاشتۇردى. رازىقنىڭ ئايالى سايرەگۈل چىرايلىق چوكانلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ تولغان كۆكسى، بۇلاقتەك قايناپ تۇرغان كۆزلىرى، ئۈزۈن ئەگمە كىرپىكى، شېشىدەك سۈزۈك چېھرى، تاتلىق، شېرىن سۆزلىرى ھەرقانداق ئەرنىڭ يۈرىكىنى ئوۋلايتتى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئۇزاقتىن بېرى بۇ چوكاننىڭ ناز ـ قىلىقلىرىغا، گۈزەل ھۆسنىگە، شېرىن سۆزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كەلگەنىدى. شارتغوجا:

— ھاكىمبەگ جانابلىرى، رازىق بىزنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ، بارامدۇق؟ — دېدى ئاستاغىنا. ھاكىمبەگنىڭ تۇتۇلغان چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ:

— ئەلۋەتتە، بارىمىز، «چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان

يەرگە بارما» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ئەلدە؟ — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا هازىرلا ماڭامدۇق؟ — دېدى شارتغوجا.

— سەل تۇرۇپ ماڭايلى، شاھ مىرزىنى چاقىر، ئۈچىمىز مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار، — دېدى هاكىمبەگ مەمەشاھ.

ئۇ قۇلچاقتا تۆھمەت قىلىپ يەكەنگە يولغا سالغاندىن كېيىن، مەمەترېھىمبەگ بىلەن داربىشاھتىن بىر كۈنمۇ خاتىرجەم بولالماي ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇن كۆزەتتى. ئۇ كېيىنكى ئىشلاردا پايدىسى بولىدۇ، دەپ كۆڭلىدە بىر رەزىل پىلاننى تۈزگەنىدى.

هاكىمبەگ مەمەشاھ شاھ مىرزا بىلەن شارتغوجىغا بېشىنى يېقىن قىلىپ بىر نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ، «دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى. مەمەشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار، ئىنس - جىن ئۇقمىسۇن، بولمىسا ھەممىمىز بالادا قالىمىز، — دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، مۇتلەق ئىشەنچلىك، ھەرقانداق ئىشنى پاكىز بىر تەرەپ قىلىدىغانلاردىن ئەۋەتىمەن، — دېدى شارتغوجا.

— ئەۋەتىدىغان ئادىمىڭلار ئۈچتىن ئاشمىسۇن، جىق ئادەم بارسىمۇ چېنىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن پىنھان بولسۇن، — دەپ قايتا - قايتا تاپىلىدى مەمەشاھ.

كېچىچە ياغقان يامغۇر ئەتىگەندىمۇ ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. تالاغا چىقالماي تىت - تىت بولۇۋاتقان ئارىيانى تالادىكى شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىدىن تېخىمۇ بىئارام

بولـۇۋاتاتتى. يـامغۇرنـىڭ كاساپـىـتـىدىـن سـىرتقـا چـىقالـمـاي، بۇركۈتـىگە بـىـر نەرسە ئەكـىـرەلـمەيـۋاتقانلـىقـىدىـن كۆڭلـى تـۈز سەپكەن ياردەك ئېچىشـىۋاتاتتى. «بۇ يامغۇر ئەجەب توختىمىدى» دەيتتى ئارىيانى ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇراپ، «ئەگەر ئازراقلا توختىسا بۇركۈتۈمگە بېلىق تۇتۇپ كېلەتتىم».

ئارىيانىنىڭ بارلىق ئوي ـ پىكرى بۇركۈتـىگە بـىـرەر بېلىـق تۇتۇپ ئەكېلىشكە مەركەزلـەشكەنـىدى. «توختـىمايدىـغان يامغـۇر، كۆيمەيدىغان ئوتۇن يوق» دېگەندەك ئاخىر يامغۇر توختاپ، ئاسمان غەرب تەرەپتىن سەل ـ پەل ئېچىلىشقا، غەربكە قىيسايغان قۇياش بۇلۇت ئارىسىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئارىيانى دەرھـال بېلىـق تۇتىدىغان ئۇزۇن دەستىلىك كىچىك تورنى ئېلىپلا تالاغا ئۆزىنى ئـاتتى. ئاپىسـىنـىڭ «نەگە بـارىسەن قوزام ؟ » دېـگەن ئاۋازىـمـۇ جاۋابسىز قالدى.

ئارىيانى تۆگمەنسۇ جىلغىسىغا بېرىپ كىچىكرەك بىر كۆلگـە ئېغىشتى، ياغاچ ئۇچىدىكى تۇماقچىلىك كېلىدىغان تورنى سۇغـا تىقىـپ، ئۇياق ـ بـۇياققا مـاڭدۇرۇپ باقتـى. تورغا ھېـچ بېلـىـق چىقمىغاندەك ئەمەس.

— بالام، بېلىق تۇتۇۋاتامـسەن؟ — دېگەن ئـاۋاز بىلەن تـەڭ بېشىنى كۆتۈردى ئـارىيانى، ئـالدىدا ئۈچ كـىشى ئۇنىڭغا قـاراپ تۇراتتى.

— ئەسسالام تـاغىلار ! بېـلـىق تۇتـۇۋاتىمەن، — دەپ جـاۋاب بەردى ئارىيانى.

— بۇ يەردە بـېـلـىق يـوقـتەك قىـلـىدۇ، بـىـز يـۇقـىـرىـدىـن كېلىۋېتىپ ئاۋۇ تاغ دوقمۇشىنىڭ نېرى تەرىپىدە بـىـر كـۆلنىـڭ بارلـىقـىـنـى كۆردۇق. سۇيـىمۇ ئانچـە چوڭقـۇر ئـەمەس ئـىكـەن، قـارىساق شۇنـداق جىق بېلـىقلار ئـۈزۈپ يۈرۈپتۇ، سەكـرىشـىـپ يۈرگـەن ھـەر چوڭ بېـلـىقـلارنـى كـۆرۈپ تۇتـقـىـمـىز كـەلـدى،

قىزىقچىلىقتا بەش ـ ئوننى تۇتقانمۇ بولدۇق. بىراق، بىز يولۇچى بولغاندىن كېيىن ئۇنى كۆتۈرۈپ نەگە ئاپىرارمىز؟ دەپ شۇ كۆل بويىغا تاشلاپ قويدۇق، — دېدى بىرەيلەن. ئۇلارنىڭ گېپىگە قىزىققان ئارىيانى:

— مېنىڭ بىر بۇركۇتۇم بار، بۇگۇن يامغۇر يېغىپ ئۇنىڭغا بېلىق تۇتۇپ بېرەلمىدىم، بۇ يەرگە تېخى ئەمدى كېلىشىم، — دېدى.

— بېلىق يوق يەردە سۇنى مالتىلاپ يۈرگۈچە تەييار بېلىقلارنى ئەكەلسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— شۇنداق قىلايمىكىن يا؟ — دېدى ئارىيانى ئۇلارغا ئىشەنچ بىلەن بېقىپ.

ئۇلار بالىنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى:

— بولمىسا بىز بىللە بېرىپ ھېلىقى بېلىقلارنى ئەكېلەمدۇق؟ — دېدى ئاردىن بىرسى، — شۇنداق يوغان، سېمىز، كارامەت بېلىقلار ئىدى ـ دە؟ ئەتتىگىنەي، كۆل بويىدا سېسىپ كېتىدىغان بولدى.

ئارىيانى ئۇ يەردە ھەقىقەتەن بېلىق كۆپ ئوخشايدۇ، دېگەننى ئويلاپ دەرھال ماقۇل بولدى. ئۇلار بىللە يولغا چۈشتى. كىچىك ئارىيانىنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى بۈركۈتىگە بېلىق تۇتۇپ بېرىشتە بولغاچقا بېلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېرى ـ بېرىسىنى ئويلىمايلا ئۇلارغا ئەگەشكەنىدى. ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە ئىنسانىنىڭ سىيماسى ئەڭ گۈزەل بولۇپ نەقىشلەنگەنىدى. ئۇ ئادەملەردىن گۇمانلىنىشنى بىلمەيتتى، ئادەملەرنى ئەڭ مېھرىبان دەپ قارايتتى. ئادەم بار يەردە ئەمىنلىك بولىدۇ، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ بىلەتتى. شۇڭىمۇ ئۇ ئۆزىنى باشلاپ ماڭغانلاردىن قىلچىلىك

خەۋپسىرىمىدى. ئۇلارنىڭ ئىنسان سۈرىتىدە تۇرۇپ نېمە يامانلىقلارنى قىلمىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىمىدى. ئۇلار بىر دوقمۇشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئارىيانى سۇدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— تاغىلار، بىلىقلار نەدىرەك؟ — دەپ سورىدى. بويى ئېگىزرەك بىرەيلەن ھەمراھلىرىغا كۆز قىسىپ تۇرۇپ:

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە، ئاز قالدۇق، ھازىرلا يېتىپ بارىمىز، — دېدى ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ. ئارىيانىڭ كۆزى سۇدا بولغاچقا بۇ ئۇچەيلەننىڭ كۆز قىسىشىپ قىلىۋاتقان ئىشارەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار ئارىيانىڭ گۈدەكلىكىدىن پايدىلىنىپ ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇنى گوللاپ ئادەم يوق يەرگە ئاپاردى.

— تاغىلار، سىلەرنىمۇ ئاۋارە قىلدىم، ئەمدى قايتايلى، ئۆيگە قايتىپ بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دېدى ئارىيانى ئەتراپتا بېلىق بار كۆلنىڭ يوقلۇقىغا ئەمدىلەتىن دىققەت قىلىپ.

ئارىيانىڭ گېپى تۈگىشىگە ئىككىيلەن شاپىدە ئۇنى ئىككى تەرەپتىن تۇتۇۋالدى.

— ئەمدى ياۋاشلىق بىلەن ماڭ! ئەگەر قاچىمەن دېسەڭ ياكى ماڭماي كاجلىق قىلساڭ شۇ يەردىلا قارنىڭنى يېرىپ تاشلايمىز! — دېدى بىرسى ھەيۋە قىلىپ. ئارىيانىڭ ئوماق چىرايى بىردەمدىلا ئۆزگەردى، ئۇنىڭ سەبىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بۇ كىشىلەرگە ھەيران بولغىنىچە تىكىلگەنىدى. ئۇلار ئارىيانىڭ كۆزىگە ئادەم ئەمەس، بەتبەشىرە ھايۋان بولۇپ كۆرۈندى. «توۋا، بۇلار ئىنسان ئىدىغۇ؟ بىردەمدىلا ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالدى دېسە؟ ئادەملەر شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە مېھرىبان ئىدىغۇ؟ بۇلار نېمە ئۇچۇن ماڭا بۇنداق رەھىمسىزلىك

قىلىدۇ؟» ئارىيانىنىڭ سەبىي قەلبىدە بۇ سوئاللار تەكرارلىناتتى. ئۇ يەنە گۆدەكلەرچە ئۈمىد بىلەن:

— تاغىلار، مېنى نېمە ئۈچۈن تۇتۇۋالىسىلەر؟ مەن يا ئەسكى ئىش قىلمىسام، يا سىلەرنىڭ ئاچچىقىڭلارنى كەلتۈرمىسەم، مېنى كەتكىلى قويۇڭلار، ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دېدى يالۋۇرۇپ.

— ئېغىزىڭنى يۇم شۇمتەك! تولا كاپشىماي چاپسان ماڭ! — دېدى ئۇزۇنتۇرا بىرسى. ئۇ يەنە ھەمراھلىرىغا:

— تېز بولۇڭلار، بۇنىڭ ئاياغ، پايپاق، چاپان، تەلپىكىنى سالدۇرۇپ سۇ بويىغا ئاپىرىپ تاشلاڭلار، ئىزدەپ كەلگەنلەر سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ، دەپ بىلىشىدۇ، بىزدىن قەتئىي گۇمانلانمايدۇ، — دېدى.

— بارىكاللا ئەقلىڭگە. شۇنداق قىلساق قوغلاپ كېلىدىغانلاردىن ئەنسىرىمەي ماڭىدىكەنمىز، — دېدى يەنە بىرەيلەن ئارىياننىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىپ.

ئارىيانىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلاپ باقتى، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە يۇمران بەدىنىنى ئۇلارنىڭ دىۋىدەك چاڭگىلىدىن بوشىتالمىدى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ قەتئىي ماڭغىلى ئۇنىماي پۇتىنى تىرەجەپ تۇرغانىدى، «پاققىدە» قىلىپ بىر تەستەك يۈزىگە تېگىپ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

— ھۇ شۇمتەك، يەنە ماڭمايدىغان بولساڭ مۇشۇ يەردىلا جېنىڭنى ئالىمىز! — دېدى بىرەيلەن. ئارىيانىنىڭ يېشى يېپىدىن ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى...

كۈيپەرى ئوغلىنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن

كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ پۈتۈن بەدىنىگە ئەنسىرەشتىن پەيدا بولغان تىترەك ئولاشتى. يولغا قاراپ كۆزى تالدى. كەچ بولغانسېرى يۈرىكى ئېغىپ، يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ سۈرۈشتۈردى، ئارىيانىنى كۆرگەن ئادەم چىقمىدى. «جېنىم بالام، نەدە سەن؟ قانداق پېشكەللىككە ئۇچرىدىڭ؟» دەپ يۈزىنى تاتىلاپ يىغلايتتى كۈيپەرى.

دارىبشاھ خۇددى بىرسى يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرغاندەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، ئۇ ئۆزىنى زەنجىرلەنگەن شىردەك ئۇياق - بۇياققا ئۇراتتى. پۈتۈن تۇلۇق دىيارى تەۋرەپ كەتتى. بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پېشكەللىكتىن ھەممە ئادەم ھەيران قېلىشتى. پۈتۈن دىيار بويىچە چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئىزدەشكە ئاتلاندى. ئاخىر تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا سۇ بويىدىن ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تېپىپ كېلىشتى. كۈيپەرى ئوغلىنىڭ كىيىملىرىنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتتى. ھەممىسى داڭ قېتىپ قېلىشتى.

ھەممە جانلىق نەپەسىدىن توختىغاندەك، پۈتۈن تەبىئەت قېتىپ قالغاندەك تىمتاس بولۇپ كەتكەندى. پەقەتلا ئارىيانىنىڭ بۆركۈتى ۋىكىلداپ ھە دەپ ئۆزىنى قەپەسنىڭ يان ياغىچىغا ئۇراتتى، تىلى بولسا بىر نەرسىنى دەيدىغاندەك قاناتلىرىنى قېقىپ، بېشىنى قەپەسنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىرىپ ۋىكىلدايتتى. دارىبشاھ بۆركۈتنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنى قويۇۋەتتى، بۆركۈت ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ بېشىنى يۇقىرى تەرەپكە قىلىپ كىشىلەرگە بىر نەرسە دەيدىغاندەك بىردەم ۋىكىلداپ، ئاندىن يۇقىرىغا قاراپ ئۇچتى. بۆركۈتنىڭ ھەرىكىتىدىن غەيرىيلىك ھېس قىلغان دارىبشاھ دەرھال مەشىقلەندۈرۈلگەن يىگىتلەردىن ئون نەچچىسىنى بۆركۈتكە

ئەگىشىپ مىڭىشقا بۇيرۇدى. دارىبىشاھ:

— سىلەر مەرۋاننىڭ باشچىلىقىدا ئاشۇ بۇركۇتكە ئەگىشىپ مىڭىڭلار، ھەرىكىتىڭلار ئىنتايىن چاققان بولسۇن، ئۇبدان كۆزىتىڭلار، قېنى ئۇ نەگە ئۇچۇپ بارىدىكىن؟ بۇركۇتنى ھەرگىز كۆزۈڭلاردىن يىتتۇرمەڭلار، — دېدى. يىگىتلەر تەڭلا:

— بىز تەييار، چوقۇم دېگىنىڭدەك قىلىمىز! — دەپ جاۋاب بېرىشتى. دارىبىشاھ يەنە مەرۋانغا:

— ئەگەر بىرەر ئەھۋال بولسا بىزگە دەرھال خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، — دەپ تاپىلىدى. يىگىتلەر بۇركۇت ئۇچقان تەرەپكە ئوقتەك چىپىپ كەتتى.

ئارىيانىنى تۇتۇپ كەتكەنلەر ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بىرەيلەن تۇتۇپ ئالدىدا، يەنە بىر ئۇچىنى بىرەيلەن تۇتۇپ كەينىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇنتۇرا كەلگەن بىرەيلەن ئالدى ـ كەينىگە قاراپ مېڭىۋاتاتتى.

— كېچىچە ماڭدۇق، ھازىر چۈشمۇ بولاي دەپ قالدى، ئەمدى ھېچكىم بىزگە يېتىشەلمەيدۇ، قورساقمۇ كولدۇرلاپ قالدى، بىر پارچىدىن نان يەۋالامدۇق؟ — دېدى ئالدىدا مېڭىۋاتقىنى.

— توغرا دەيسەن، ماۋۇ شۇمتەككىمۇ بىر توغرام نان بېرەيلى، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسا بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، — دېدى ئۇزۇنتۇرا.

ئۇلار توختاپ ئۇزۇنتۇرا يۈدۈۋالغان خۇرجۇننى ئەمدىلا يەرگە قويۇشىغا خۇددى تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك قاتتىق بىر غارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ئاسمانغا قارىشىغا شىددەت بىلەن كەلگەن بۇركۇت ئۇلارغا ئېتىلدى. «ۋايجان!» دەپ بىرسى يۈزىنى تۇتۇۋاتقان، «ۋايىيەي!» دەپ يەنە بىرسى كۆزىنى تۇتۇۋاتقان، «ۋايجان!» دەپ ئۇچىنچى بىرسى بوينىنى تۇتۇۋاتقانىدى. ئۇلار جان قايغۇسىدا بۇركۇتكە قانداق تاقابىل

تۇرۇشنىمۇ بىلەلمىگەنىدى. بۇركۇت ئۇلارغا كۆزىنى ئىچىپ قاراشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى. ئۇلار بۇركۇتنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يۈز ـ كۆزلىرىنى بۇركۇتنىڭ تۇمشۇقى، ئۆتكۈر تىرنىقىدىن قاچۇرۇپ دوم يېتىۋېلىشتى.

بۇركۇتنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرگەن ئارىيانىنىڭ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش چىقىپ كەتتى. بۇ ئىنسان بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت تەپەككۇر جەھەتتە ھايۋاندىن كۆپ پەرقلىنىدىغان ئىنسانلاردا ئۇنچە كۆپ قالمىغانلىقىنى سۆزسىز ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بۇركۇتنىڭ كىچىك ئىگىسىنى قۇتقۇزۇش يولىدا كۆرسەتتۇاتقان باتۇرلۇقى بۇ دۇنيادا ھەممە جانلىقلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئايرىلماي ياشايدىغان ئۆملۈكىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

بۇركۇت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچالماس قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كېلىپ ئارىيانىنىڭ مۈرىسىگە قوندى. ئۇ بېشىنى ئارىيانىنىڭ يۈزلىرىگە سۈركەپ، بىردەم ۋىكىلدىغاندىن كېيىن، پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ قولىنى باغلىغان ئارغامچىنى چوقۇشقا باشلىدى. ئاشۇغىچە بىرەيلەن بېشىنى كۆتۈرگەنىدى بۇركۇت ۋىژژىدە ئۇچۇپ بېرىپ شىددەت بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى چوقۇپ ئۇنى يەنە دوم ياتقۇزدى.

— يارايسەن بۇركۇتۇم، بۇ ئادەم سىياقىغا كىرگەن ئالۋاستىلارنى تازا چوقۇپ ئىنتىقامىمنى ئال! — دەپ توۋلىدى ئارىيانى.

بۇركۇت ئۇلارنى چوقۇپ يۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرگۈزمىدى. ئاشۇغىچە بۇركۇتنىڭ كەينىدىن ماڭغان يىگىتلەر يېتىپ كېلىشتى، ئۇلار بۇركۇتنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. ئارىيانىنىڭ تېخى تىرىك تۇرغانلىقىنى

كۆرگەن مەرۋان خۇشاللىقىدىن «ئارىيانى ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ يەنە يىگىتلەرگە:

— ئاۋۇ ئۇچ ئەبلەخنى دەرھال تۇتۇپ باغلاڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى. يىگىتلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلارنى چەمبەرچاس باغلىدى.

— بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز، بىز ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ناباب ئىشنى قىلدۇق، بىز يوق يەپتىمىز، — دەپ يالۋۇرۇشتى ئۇلار يىغلامسىراپ.

— بولدى ! تېز تۇرۇڭلار ! سىلەرنى داربىشاھ تاغامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز، ھەرقانداق گېپىڭلار بولسا شۇ يەردە دەڭلار ! — دېدى مەرۋان .

مەرۋان ئارىيانىغا قاراپ:

— كۈيپەرى ئاچام سىزدىن بەك ئەنسىرىدى، بىز يېتىپ بارغۇچە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ، يىگىتلەردىن بىرسى تېز سۇرئەتتە بېرىپ خەۋەر يەتكۈزسۇنمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ئادەم ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئارىيانى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭ بۈركۈتۈم ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

ئارىيانى بوينىدىكى تۇمارنى بۈركۈتنىڭ بوينىغا چىگىپ قويدى. مەرۋانمۇ دەرھال ئىنچىكە چېكەن مىيۇندىنى ئېلىپ ئارىيانىغا سۇنۇپ:

— بۇنىمۇ چىگىپ قويۇڭ، داربىشاھ تاغام بىزنىڭ سىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىمىزنى بىلسۇن، — دېدى.

ئارىيانى مىيۇندىنىمۇ بۈركۈتنىڭ بوينىغا چىگىپ بولغاندىن كېيىن بۈركۈتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— بۈركۈتۈم، تېز ئۇچۇپ بېرىپ ئانامغا، بوۋامغا خەۋىرىمىزنى يەتكۈز، — دەپلا بۈركۈتنى قويۇۋەتتى. بۈركۈت

خۇددى ئۇلاينى قوغلىغاندەك شۇنداق تېز ئۇچتىكى، بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

دارىبشاھ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا بۈركۈت ئۇچۇپ كېلىپ شىپپىدە ئۇنىڭ ئالدىغا قوندى. دارىبشاھ بۈركۈتنىڭ بوينىدىكى تۇمار بىلەن مىيۇندىنى كۆرۈپلا «ئارىيانى ھايات ئىكەن» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان كۇيپەرى ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ دارىبشاھنىڭ قولىدىكى بۈركۈتنى كۆرۈپلا يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ دارىبشاھنىڭ قولىدىن بۈركۈتنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ تۇمارىنى كۆزىگە سۈرتتى. ئۇ: « ئاھ ۋاپادار جانىۋار» دەپ بۈركۈتنىڭ بوينى، كۆزلىرىگە سۆيەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى «بالام قاچان كېلەر ؟ » دەپ پىچىرلايتتى.

— قىزىم، ئەمدى ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، مەرۋانلار ئارىيانى بىللە ئىكەن، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى دارىبشاھ كۇيپەرىگە تەسەللى بېرىپ.

# ئۈچىنچى قىسىم

# بۇركۈتنىڭ قەپەستىن چىقىشى

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# « لوق گۆش » يېيىشنى چۈشەش

1830 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان ھەيۋەتلىك قوقەن خان ئوردىسىنىڭ ئىچى باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى. خان ئوردىسىدىكى قاشتېشى تۈۋرۈكلۈك، ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان، ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن خان ھەرەتلىرىنىڭ مەخسۇس مەسلىھەتخانىسى بۈگۈن بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ خانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنچىكە ھۈنەر بىلەن بېزەلگەن تام ـ تورۇسلىرى ئۇنى بەكمۇ ھەشەمەتلىك كۆرسىتەتتى. بۇ خانىنىڭ باش تەرىپىگە خان كۇرسىسى قويۇلغان، كۇرسىغا شىر تېرىسى سېلىنغان، ئىككى تەرىپىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ئوتتۇرىسىغا خىلمۇخىل زۇمرەت ـ ياقۇتلار بېكىتىلگەنىدى.

قوقەن خانى مەدەلىخان زومىگەر، قانخور، ئاچ كۆز، ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بايلىققا تويماس نەپسى ئاخىر جەنۇبىي قەشقەر ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ زېمىنغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭغا بۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىش چۈشىنى چۈشەۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ بۇ چۈشىنى

قانداق قىلغاندا ئەملگە ئاشۇرۇشنىڭ رەزىل پىلانىنى تۈزمەكچى بولدى. شۇڭا، ئۇ ھەر كۈنكى ۋاقتىدىن بىر ئاش پىشىم بۇرۇن كېلىپ كۈرسىدا ئولتۇردى. ئۇ مۇھىم ئىشلارنى مۇشۇ خانىدا قارار قىلىپ ئورۇنلاشتۇراتتى.

ئۇ قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى ئويلاۋاتقاندەك، كۈرسىقا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمدى. ئىچىنى تىڭشاپ بىر ھازا ئولتۇردى. ئاندىن ئورا كۆزىنى ئېچىپ ئۇياق ـ بۇياققا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن:

— نۆكەر! — دەپ توۋلىدى.

— لەببەي، خان ھەزرەتلىرى، — دېگىنىچە خاننىڭ خاس نۆكىرى كىرىپ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇردى.

— پەرمان! ۋەزىرلەرنى، رۇس مەسلىھەتچىسى ئاندىرېۋسكىي سكوبېۋىچنى، ئەمىرلەشكەر ئالامىننى، باش بۇغ يۇسۇپنى، ئوردا ئۆلىمالىرى ـ مىرزىلارنى ۋە ھەرقايسى لەشكەر قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنى، سۇدۇربەگ، ھوشۇربەگ، ئادىنا، سەرىبەگ، ئەسمەر، ھەسەن غوجىلارنى، مىرزىبايلارنى دەرھال چاقىر! ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە يىغىلسۇن! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— خوش، خان ھەزرەتلىرى، ھازىرلا بەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى نۆكەر ئېگىلىپ سالام بېرىۋېتىپ ۋە تېزلا چىقىپ كەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممىسى كىرىپ خاننىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۆز ئورۇنلىرىدا تەخ بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

مەدەلخان ھەممىگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن بوغۇق ئاۋازى بىلەن:

— خۇشۋاق بولغايسىلەر! — دېدى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن شاققىدە تۇرۇپ :

— خان هەزرەتلىرى ياشىغاي، ھەممىتىگە بارىكاللا ! — دەپ باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.
— بولدى ئىجازەت، ھەممەيلەن ئولتۇرۇڭلار، — دېدى خان.
ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىدىن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خان گېپىنى باشلىدى:
— ھەرقايسىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ خانلىقىمىز بۈررۈكۋار چار پادىشاھنىڭ قوللىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تەڭداشسىز قۇدرەت تاپتى. ھازىر شىمالىي تەرىپى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە، شەرقىي جەنۇب تەرىپى چىن دۆلىتىنىڭ ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى باشقۇرۇۋاتىمىز. بىز شۇنداق كۈچلۈك تۇرۇپ بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى، جۇملىدىن قەشقەر، يەكەننى تېخىچە ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئالالمىدۇق، بۇ بەكمۇ نومۇسلۇق ئىشتۇر. ئەمدى شۇ ياققا قەدەم ئېلىپ، قەدىمكى شەھەرلەرنى تەسەررۇپىمىزغا ئالمىساق بولمايدۇ. ھازىر بۇ مۇھىم ئىشنى قىلىشقا شارائىت پىشىپ يېتىلدى. ئالتە شەھەر بىر لوق گۆش، بىز شۇنداق كۈچلۈك تۇرۇپ، ئاشۇ گۆشكە ئېغىز تەگمىسەك بولماس. قېنى سەركەردىلەر، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ — دېدى ھەممىسىگە بىر قۇر قارىغىنىچە.
ھەممىسى تەڭلا :
— خاننىڭ قارارىغا پەرمانبەردارمىز ! — دەپ توۋلاشتى.
— خانىمىزنىڭ ئالتە شەھەرنى ئىستېلا قىلىش ئويى ئىنتايىن توغرا، چار پادىشاھمۇ قوللايدۇ، — دېدى مەسلىھەتچى ئاندېرۋېسكىي سىكوۋېۋىچ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاننىڭ تويماس كۆزى باشقىچە چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئولتۇرغان كۇرسىتىن سەل كۆتۈرۈپ:
— بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئالتە شەھەرگە قىلىدىغان

يۇرۇشمىزنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، ئۇ يەردە بىزنى ھېسابسىز بايلىقلار ساقلاپ تۇرماقتا. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ يەردە بىز بىلەن قارشىلاشقۇدەك ماجالى يوق. بۇ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت، بىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بۇ لوق گۆشنى ۋاقتىدا يەۋېتەيلى، — دېدى خان جىددىي تەلەپپۇزدا.

سورۇندىكىلار گۇلدۇراس ئالقىشلىرى بىلەن خاننىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى. خان ئۆزىنىڭ بۇ دانا پىلانىدىن پەخىرلەنگەندەك، پايىنەكپېشىدىكى تاجىنى ئېلىۋېتىپ، يوغان بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى شالاڭ بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى.

ۋەزىر راشىدىن :

— خانىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەممىمىزنىڭ مۇھىم بۇرچى. تەييارلىقنى ئوبدان قىلىپ يەرلىكلەرنى قۇترىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئۇ يەرلەرنى تېز قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت بەرپا قىلىمىقىمىز كېرەك. ئۇ يەرلەرنى زېمىنىمىزغا قوشۇۋېلىش خانلىقىمىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان مۇھىم پىلانىدۇر.

كەيپىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ كاللىسى قىزىپ، تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. مەدەلخان بۇ كەيپىياتتىن تېخىمۇ روھلىنىپ گويا پۈتۈن دۇنيانى قولغا كەلتۈرىدىغاندەك غادىيىپ كەتتى.

— قېنى ئەمىرلەشكەر ئالامان، بۇ قېتىمقى ئالتە شەھەرگە يۇرۇش قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ. ھەممەيلەن ئاڭلاپ باقسۇن، — دېدى مەدەلخان گېنېرال ئالامانغا قاراپ.

— بۇ قېتىم بىز نۇرغۇن تەييارلىقلارنى ئىشلىدۇق ھەم ئىشلەيمىز. باش بۇغ يۇسۇپ غوجا يىگىرمە بەش مىڭ لەشكەر بىلەن قەشقەر، يېڭىسار، يەكەننى ئىشغال قىلىدۇ، سۇدۇربەگ بەش يۈز لەشكەر بىلەن سەرىكۆينى دەرھال قولغا ئېلىپ، چوڭ قوشۇننىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىدۇ. ئالتە شەھەرگە يۈرۈش قىلىش ۋاقتى ھەققىدە خان ھەزرەتلىرى ئايرىم پەرمان چۈشۈرىدۇ، — دېدى خاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىر.

مانا بۇ قىسقا كېڭەشتە تاجاۋۇزچىلىقنىڭ رەزىل پىلانى بېكىتىلدى.

مەدەلخان رۇس مەسلىھەتچى ئاندىرېئوسكىي سىكۈيېۋىچ بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كېڭەشتىن قايتىپ، قوبۇلخانىغا كىرىپ تەختىدە كېرىلىپ ئولتۇردى. بىر تەرەپتە ۋەزىرلەر، يەنە بىر تەرەپتە رۇس مەسلىھەتچى، ئەمىرلەشكەر ـ سىپاھبەگلەر، باقاۋۇللار، مىرزا بايلار ئولتۇردى. چاقىرتىلغان يۇسۇپ غوجا بىلەن سۇدۇربەگ ئىشىكتىن كىرىپلا خانغا ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى باركىن؟ — دەپ ئېگىلىپ تۇردى.

— يۇسۇپ غوجا، سىز غوجىلار ئەۋلادىدىن بولغاندىكىن، قەشقەردىكى غوجىلارنى ئۆزىڭىزگە تارتىپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈڭ، غوجىلار سىزگە ئىشىنىدۇ. بۇ بىر پايدىلىق ئامىل، چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى خان.

— چۈشەندىم، خان ھەزرەتلىرى، — دېدى يۇسۇپ غوجا.

— سۇدۇربەگ، سەرىكۆينى ئېلىش ئۈچۈن بەدەخشان، مىرغابلاردىن ھەمكارلىشىدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەرنى تېپىڭ.

ئۇلار ئارقىلىق ئۇ تەرەپتىكى ھەممە ئەھۋالنى بەش قولدەك ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن قول سېلىش، ــ دېدى خان ئۇنىڭغا قاراپ سىرلىق جىلمىيىپ.

ــ چۈشەندىم، خان ھەزرەتلىرى، ــ دېدى سۇدۇربەگمۇ.

خاننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن سۇدۇربەگ شۇملۇقنا تولغان كاللىسىدا ھەش ـ پەش دېگىچە تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى تۈزۈپ بولدى.

يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى پامىر يايلاقلىرىدا كۆچمىنى ئانچە كۆرسىتەلمەيتتى. يازدىكى قۇياش مىرغاب جىلغىسىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ جىلغىنى ئەڭ ئۇزۇن يورۇتىدىغان مەزگىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ يولدىكى يولۇچىلار ئىسسىقتىن ئانچە ۋايساپ كەتمەيتتى. سارىقجان، خۇدايارجان، گۈلبىغە، گۈلساشە، سالامبايلارنىڭ پەرغانەدىن يولغا چىققىنىغا بۈگۈن بەش كۈن بولغانىدى. ئۇلار يول بويى تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ماڭدى. ئۇلار سورىغانلارغا: «مىرغابتا سودا ئىشلىرىمىز بار ئىدى، شۇ ياققا ماڭدۇق» دېگەندىن ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. گۈلبىغە ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىنتايىن چىرايلىق چوكان ئىدى. ئۇنىڭ ھېقىقەتەك قىپقىزىل مەڭزىگە ياراشقان پىيالىدەك يوغان قارا كۆزى، تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكى، تولغان كۆكسى، بېجىرىم بەدىنى ئۇنىڭ جازىبىدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. ئۇنىڭ يۇمىلاق ئوماق چېھرى، شوخ، ئوچۇق مىجەزى، شېكەردەك تاتلىق گەپلىرى، ئىشق قوزغايدىغان ناز ـ كەرەشمىلىرى ھەرقانداق ئادەمنى مەھلىيا قىلماي قالمايتتى. گۈلساشە يىگىرمىلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ چېچى ئالتۇندەك پارقىراپ، كۆك كۆزلىرىدە قىزلارغا خاس نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ رۇس تىلىغا ئىنتايىن پىششىق بولۇپ، رۇس مەسلىھەتچى مۇھىم ئۇچۇرلارنى

ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلدۇراتتى. ئۇ بۇ قىممەتلىك سەپەردە گۈلبىغەگە ھەمراھ بولۇش ۋەزىپىسى بىلەن ماڭغانىدى.

سارىقجان بىلەن خۇدايارجان قىرىق ياشلاردىكى ئادەملەر بولۇپ، سۇدۇربەگنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قولچوماقلىرى ئىدى. سالامبىي چوڭ سودىگەر بولۇپ، ئۇلار ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن بۇ داڭلىق سودىگەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىۋالغانىدى.

قۇياش ئەمدىلا غەرب تەرەپكە قىيسايغان بولۇپ، ئاسماندا ئۇ يەر - بۇ يەردە ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ تۇراتتى. تاغلار قۇياشقا ھەۋەس بىلەن بېقىپ تۇرغان مويسىپىتلاردەك قىياپەتتە چوقچىيىپ تۇراتتى. تاغ باغرىنى سۆيۈپ تىپتىنچ ئېقىۋاتقان سۇزۇك ئېقىننىڭ ئۈستىدە قۇياش نۇرىدىن نېپىز سېرىق شايىدەك بىر قەۋەت پەردە ھاسىل بولغان بولۇپ، سۇدىكى بېلىقلارنىڭ ئەركىن ئۈزۈپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

— بىز بۇگۈن مىرغابىتىكى گۈرگىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونىمىز. ئەتىدىن باشلاپ ئۇنىمۇ ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىمىز. ئۇنىڭ سەرىكۆيدا تۇغقانلىرى ۋە تونۇشلىرى كۆپ، — دېدى سارىقجان خۇدايارجانغا ئاستا پىچىرلاپ.

— توغرا دېدىڭ، ئىشلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە دىققەت قىلايلى. بەزى ئىشلارنى ئىككىمىزلا بىلسەك بولدى. گۈرگىك بىلەن گۈلبىغەدىن ئوبدان پايدىلىنايلى، — دېدى خۇدايارجان سارىقجانغا جاۋابەن.

بىر يولدا مېڭىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى، يېتىدىغان مەقسىتى ئوخشىمايتتى، سارىقجان بىلەن خۇدايارجاننىڭ كۆڭلىدىكىنى سالامبىي بىلەن گۈلبىغە بىلمەيتتى.

ئۇلار پەقەت سودا قىلىش، ئۇ تەرەپلەرنى كۆرۈپ تاماشا قىلىشنىلا ئويلايتتى. گۈلساشە بولسا جىقراق ئۈچۈر ئىگىلەپ

رۇس مەسلىھەتچىسىنىڭ ماختىشىغا، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى. «ئەرنىڭ قانىتى ئات» دېگەندەك، ئۇلار قىلچە ھاردۇق ھېس قىلمايلا مىرغابتىكى گۇرگىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. گۇرگىك ئۇزاق يىللار كۆرمىگەن قەدىناستەك سارىقجاننى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ كۆرۈشتى.

— يوللىرىڭغا قاراپ تۇرغىنىمغا نەۋاخ، ئەگەر يەنە كەلمىگەن بولساڭ ئالدىڭغا ئۆزۈم باراتتىم، — دېدى گۇرگىك سارىقجانغا.

— ئىشلار تۈگىمەي سەل كېچىكىپ قالدۇق، — دېدى سارىقجان.

— ئوھوي، بۇ قېتىم چوڭ سودىگەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەپسەنغۇ؟ قارىغاندا چوڭ سودا بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى گۇرگىك سالامباي بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

— يىگىرمە تۆگىلىك مال ئېلىپ كەلدىم، سەن بىلەن بىللە ئۇ تەرەپكە بېرىپ سودا قىلىمىز، — دېدى سالامباي.

— بۇ مالدا سېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئۈلۈشۈڭ بار، ئۇ تەرەپتىكى سودىنى ئوبدانراق قىلايلى، — دېدى سارىقجان گۇرگىككە كۆزلىرىنى تىكىپ.

ھەممە ئىشنى پەملىگەن گۇرگىك:

— چاتاق يوق، ئۇ تەرەپتىكى ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن. گۇلبىغە سىڭلىم بولغاندىكىن، ھەممە ئىشىمىز ئويلىغىنىمىزدەك بولىدۇ، — دېدى ئۇ گۇلبىغەگە مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى پامىر يېشىل گۈللۈك شايىدىن لىباس كىيىپ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. سەرىكۆيدا يېشىللىقتا ئاقگۈل ياراشقاندەك، ياپيېشىل يايلاق بىلەن ئاپپاق تاغلار رەڭ تالىشىپ تۇراتتى. يايلاقلار بىلەن

مۆگدىششتىن زىرىكمەيدىغان سەرىكۆي دەرياسى يازنىڭ شاپائىتىدىن تېخىمۇ كۆچلىنىپ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن تاغلارنىڭ ھىممىتىنى تامچىغا تەشنا بوستانلىقلارغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىماقتا ئىدى. ساپ ھاۋا يېشىل دالا، جىمجىت مۇھىت كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر، راھەتبەخش ئېتىپ تۇراتتى. گۈرگىنىڭ باشلاپ كەلگەن سودا كارۋىنى ئۆزىنىڭ ئەنسىز كولدۇرمىسى بىلەن جىمجىت تۇرغان سەرىكۆي زېمىنىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزدى. مىرغابتىن كەلگەن بۇ سودا كارۋىنى سەرىكۆي زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ھېچكىم ئۇچرىمىدى. بۇ يەر گويا يارىتىلغاندىكى ھالىتىنى ساقلىغاندەك، شۇنداق گۈزەل، شۇنداق جىمجىت، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ مەڭزىدەك غۇبارسىز ھالەتتە ئىدى. بۇ گۈزەل يۇرتقا تويماي قاراۋاتقان گۈلساشە ھاياجان بىلەن:

— ئاچا، بۇنداق چىرايلىق يەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. قاراڭ، مۇزتاغ ئاتا چوققىسى نېمىدېگەن ھەيۋەت! تاغارما دەرياسى جەنۇب تەرەپتىن، سەرىكۆي دەرياسى شىمال تەرەپتىن بىر – بىرىگە ئۇدۇل ئېقىپ كېلىپ، چۆشماندىكى مەشھۇر داستىخانتاش تاۋاپگاھى بىقىبىقىندا خۇددى ئاشىق – مەشۇقتەك بىر – بىرىنى قۇچاقلاپ، يۇغۇرۇلۇپ، بىر گەۋدە بولۇپ، شەرققە قاراپ ھەيۋەت بىلەن ئاقىدىكەن، — دېدى گۈلبىغەگە قاراپ.

— توغرا دەيسەن، سىڭلىم، مەن بۇ گۈزەل، سىرلىق ماكانغا قەدەم باسقاندىن كېيىن مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، پۈتۈن ھاردۇقۇم چىقىپ كەتتى. مۇشۇ يەردىكىلەردىن بىرەرسىنى تېپىپ ياتلىق بولۇۋالسامىكىن دەيمەن، — دېدى گۈلبىغە كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىپ. ئۇلار سايراۋاتقان كەكلىكلەردەك ۋىلىقلاپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ مېڭىۋاتقان گۈرگىنىڭ:

— بىقبېقىندىكى مەشھۇر تاۋاپگاھ داستىخانتاش ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، سىرلىقلىقى بىلەن مەشھۇر. بىر خىل كىچىك ئاق ـ قارا پارقىراق تاشلار بىلەن تىزىلغان بولۇپ، خۇددى بەقەسەم رەختكىلا ئوخشايدۇ، ئۇنداق تاشلار ئۇ تەرەپتە يوق، ئېھتىمال. يىراق، يەردىن ئۇلاغ بىلەن توشۇپ كەلگەندۇ، دائىرىسىمۇ بەك چوڭ، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى ئون ئارغامچا بويىدىن ئارتۇق، ئۇنىڭ قاچان تىزىلغانلىقىنى بۇ يەردىكى خەلقلەرمۇ بىلمەيدۇ. بەلكىم بىرەر مىڭ يىللار بولغاندۇ. سەل ئېگىزرەك يەردىن قارىغاندا ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق ـ يۇمىلاق بەلگىلەر، تىزىلغان تاشلاردىكى ھەر خىل شەكىللەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. خۇددى خوتەننىڭ سېرىق قەغىزىگە قارا، ئاق رەڭ بىلەن سىزغان ئەتلەس شەكلىگىلا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن، نېمە ئۈچۈن تىزىلغانلىقى بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە، — دېدى.

— بۇ يەر ئاجايىپ سىرلىق ماكان ئىكەن ـ ھە؟ بۇ يەردە كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزاتلار بەك كۆپ ئىكەن، — دېدى گۈلساشە ھاياجان بىلەن.

بۇ سودا كارۋىنى گۇرگىكنىڭ يول باشلىشى بىلەن ۋەرشىدې دىيارىدىكى خۇشمەمەتنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. خۇشمەمەت گۇرگىكنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى يېقىن شېرىكى ئىدى. مېھماندارچىلىق تۈگەپ، مېھمانلار بالدۇرلا ئارام ئالدى. ياتىدىغان چاغدا گۇرگىك خۇشمەمەتكە:

— ئەتە ئەتىگەندىكى ناشتىلىقنى سەھەررەك تەييارلاڭ، بازارنى سەھەردە ئىگىلىمىسەك بولمايدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، بېگىم. ئەتىگەنلىك تاماقنى ۋاقتىدا تەييارلايمەن، ناشتىنى چوقۇم دېگەن ۋاقىتلاردا قىلىسىلەر،

خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى خۇشمەمەت مېمانلارنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ.

ئەمدىلا تاغدىن بالقىپ چىققان قۇياش سەھەرنىڭ ئاپپاق ماتۇقتەك باغرىغا شەپەق نۇرىنى چاچتى. يېڭى بىر تاڭدىن ھەممە ياق خۇشاللىققا چۆمدى. قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ۋادىلار باشقىدىن جۇلالىنىپ، ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.

سارىقجانلار ئەتىگەنكى چېيىنى ھاپىلا - شاپىلا ئىچىپلا تاشقەلئە يېنىدىكى كىچىككىنە بازارغا كېلىپ ماللىرىنى يايدى. ماللارنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تاۋارلار كۆپ بولغاچقا، بۇ يەرلىكلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. سارىقجان بىر خېرىدار بىلەن سودىلىشىۋېتىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ يەردە ئادەملەر بەك ئازغۇ؟ ھاكىمبەگ نەدىدۇ؟

— ياز بولغاندىكىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يازلىق يايلاقلارغا كەتتى. ھاكىمبەگ جانابلىرى تاشقەلئەنىڭ ئىچىدە، — دەپ ئۇدۇللا جاۋاب بەردى خېرىدار.

— ئۇ بۇ بازارغا كېلەمدۇ؟ — دەپ كوچىلاپ سورىدى سارىقجان يەنە.

— بەلكىم بۇ يېڭى ماللارنىڭ بازارغا سېلىنغانلىقىنى ئاڭلىسا كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى خېرىدار ئالغان رەختىنى قاتلاۋېتىپ. بۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىرەيلەن:

— ئەنە، ھاكىمبەگ جانابلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تاشقەلئە تەرەپكە قاراپ. ھاكىمبەگ مەمەشاھ بەش - ئالتە

ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا بازار ئارىلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھاكىمبەگ جانابلىرى، — دېدى گۆرگىك ھاكىمبەگ مەمەشاھ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ. مەمەشاھمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارغا قول بەردى. ئۇلار سالام - سەھەت ئادەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھاكىمبەگ ماللارغا بىر قۇر سەپسالدى:

— شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ بازىرىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرۇپسىلەر، مۇشۇنداق سودىنىڭ داۋاملىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن.

گۆرگىك ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى پەملەپ، دەرھال ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇردى ھەم ماللىرىمۇ ماختاپ تونۇشتۇرۇشقا ئۈلگۈردى. ئۇ تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

— بىز بۇ قېتىم خېلى كۆپ مال بىلەن كەلدۇق، سۈپىتىمۇ ياخشى، باھاسىمۇ مۇۋاپىق، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھقا ئېگىلىپ.

سارىقچان مەمەشاھنىڭ گۆلبىغەگە بىر خىل شەھۋانىي نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە، كۆز ئىشارىتى بىلەن گۆلبىغەنى گەپ قىلىشقا بۇيرۇدى.

— ۋىيەي، ھاكىمبەگ جانابلىرى، سىلى ئاجايىپ سالاپەتلىك، مۇلايىم، چىقىشقاق، كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەنلا، تەرىپلىرىنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان بولساممۇ كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. بۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بەكمۇ ھاياجانلاندىم، — دېدى بىر خىل ناز بىلەن. ماختاشتىن ھۇزۇرلىنىپ كەتكەن ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

— سىلەر يىراقتىن كەلگەن مېھمان، قانداق ئىشلار بولسا ماڭا دەڭلار، — دېدى گۈلبىغەنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، — سىلەرنى كەچتە ئۆيۈمدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن.

— بىز ئادەتتىكى سودىگەر، سىزدەك كاتتا ئادەمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇش بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش، — دېدى سارىقجان تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ.

گۈلبىغەنىڭ كۆزلىرى ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ يۈرىكىنى ئوۋلاپ ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تولغان كۆكسى، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھۆسن ـ جامالى، زىبا ـ جازىبىدارلىقى بىلەن ئاجايىپ نازۇك جەلپكار بىر تۇرنى ئۆمۈچۈكتەك تېزلا توقۇپ مەمەشاھنىڭ شاش ئايغىردەك باشقۇرالمايۋاتقان ھېسسىيات يولىغا يايدى. نەپسى تاقىلداپ كەتكەن مەمەشاھ ئۆزىنىڭ بۇ تورغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. مەمەشاھنىڭ بۇ يەردىن — گۈلبىغەنىڭ يېنىدىن پەقەتلا كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ بىردەم بولسىمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇشنى، گۈلبىغەنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا تويغۇچە قاراشنى ئويلايتتى. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن بۇ يەردىن تەستە ئايرىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر كۆزى كەينىدە قالدى.

گۈلبىغە بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ھاكىمبەگ مەمەشاھقا ئىشق ئوتىنى ياققانىدى. ھاكىمبەگ مەمەشاھ ئۇنىڭغا شۇنداق مەپتۇن بولدىكى، بىر كۆرسەم دەيدىغان ھالەتكە يەتتى. بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغان ھاكىمبەگ مەمەشاھ بىردەم مەيدىسىنى تۇتۇپ باقتى. «ئەجەبمۇ مېھرى ئىسسىق چوكان ئىكەن ـ ھە؟ !» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

بىراق، گۈلبىغەنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە چوتلار سوقۇلماقتا

ئىدى. ئۇ سارىقجاننىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىسا ئۆزىنىڭ كاتتا بايلىققا نائىل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ هاياجانغا چۆمەتتى. بۇ تەرەپكە مېڭىش ئالدىدا سارىقجان ئۇنىڭغا: «بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىساڭ ساڭا ئالتۇن بىلەزۈك، هالقا، سىلسىلا گىگىۇر مۇكاپات بېرىمەن. ئىش ھەققىڭگە قانچە دېسەڭ شۇنچىلىك ئاقچا بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېرىشىلمەكچى بولغان مۇكاپات ۋە ئالتۇن جابدۇقلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتكەنىدەك بولدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى.

گۈلبىغەنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىدى، ئۇنىڭ ھەييار كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كىرپىكى خۇددى ئۆتكۈر نەيزىدەك مەمەشاھنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. مەمەشاھ قىلتاققا چۈشكەن كەكلىكتەك تېپىرلاپ گۈلبىغەنىڭ يېنىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. گۈلبىغە ھەش ـ پەش دېگۈچە مەمەشاھنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالدى. ئۇ مەمەشاھنىڭ قېشىغا ـــ تاشقەلئەگە خالىغانچە كىرىپ چىقىدىغان بولدى. سارىقجان بىلەن خۇدايارجان ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇلار چارۋىچىلارنىڭ يازلىق يايلاقلىرىدا ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، گۈلبىغە ئارقىلىق ھاكىمبەگدىن ئۇ يەرلەرگە بېرىپ سودا قىلىشقا ئالاھىدە ئىجازەتنامە ئالدى. ئۇلار گۈلبىغە بىلەن گۈلساشەنى سودىگەر سالامباي بىلەن بۇ يەردە قالدۇرۇپ، سودا قىلىش باھانىسى بىلەن ھەممە چېگرا ئورۇنلارغا بېرىپ يوللارنى، داۋان ـ ياغرىقلارنى، ئېقىن ـ كېچىكلەرنى، مۇداپىئە قاپتاللىرىنى، بەلگە گۈلخان ياندۇرىدىغان ئورۇنلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ خاتىرىلىۋالدى.

سالامباي ئەكەلگەن ماللارنىڭ چوڭ يېرىمىنى قالدۇرۇپ، ئاز قىسمىنى ساتتى. ساتقان پۇلىغا پامىرنىڭ بوغداي (قىزىل بوغداي) ئۇنى سېتىۋالدى. ئۇلار ئىشلىرىنى تولۇق پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قالدۇرغان بارلىق ماللارنى ئېلىپ هاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەمەشاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆيىگە باشلىدى. قوي سويۇپ چىرايلىق مېھمان قىلدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مېھمانلار «ماڭىمىز» دەپ ئىشنىڭ ئالدىغا چىققانىدى، هاكىمبەگ مەمەشاھ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي:

— يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرساڭلار بولاتتى. مەن هەرقايسىڭلارنى ئوبدانراق كۈتەلمىدىم، — دېدى.

— هېلىمۇ سىلىنى جىق كايىتتۇق، ياخشى يېرى يېقىن تۇغقانلاردەك بولۇپ قالدۇق. يەنە كېلىپ سىلىنى ئاۋارە قىلىمىز تېخى، — دېدى سارىقجان.

— بۇدا كەلگىنىمىزدە سىلەرنى تونۇمايمەن دېمەيدىغانسىز؟ — دېدى گۈلبىغە سىرلىق هىجىيىپ.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ كەلسەڭلار ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى هەرقاچان سىلەرگە ئوچۇق، — دېدى هاكىمبەگ مەمەشاھ گۈلبىغەنىڭ كۆزىگە تويماي قاراپ.

گۈلبىغە ناز ـ كەرەشمە بىلەن:

— قېنى قولىڭىزنى بېرىڭا، ئوبدانراق بىر سۆيۈۋالاي، يەنە بىر كەلگۈچە سېغىنىپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى هاكىمبەگدىن ئايرىلغۇسى يوقتەك بىر خىل قىياپەت بىلەن.

مەمەشاھ ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى ـ دە، تىلى كالۋالىشىپ تەستە:

— كۆزۈم يولىڭىزدا، تېزرەك كەلگەيسىز، — دېدى قولىنى

گۈلبىغەگە ئۈزىتىشۈپتىپ.

خۇدايارجان :

— ھاكىمبەگ جانابلىرى، بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرىغا ئېرىشتۇق. بىزگە ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم قىلدىلا. سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇنداق بولسىمۇ ئازراق كۆڭلىمىز بار، قوبۇل قىلغايلا، — دېدى خۇشامەت بىلەن ئىشىك ئالدىغا چۈشۈرگەن ماللارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق جىق مال بۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەرسەڭلار زىيان تارتماسسىلەر؟ — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ ماللارغا كۆز سالغاچ.

— سىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. دوستلار دېگەن پايدا - زىياننى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. خاتىرجەم قوبۇل قىلىۋېرىڭ، بولمىسا بىزنى سودىگەر دەپ ياراتمىغان ئوخشايدۇ دەپ كۆڭلىمىزگە كېلىدۇ، — دېدى سودىگەر سالامباي.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ بۇ سېخىي كىشىلەرنىڭ ھىممىتىدىن كۆڭلىدە خۇش بولغان بولسىمۇ ئېغىزىدا:

— ئۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ. «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن گەپ بار. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قالدۇرساڭلار سىلەرگە ئېغىر زىيان كۆرۈلۈشى مۇمكىن. سودىدا زىيان تارتساڭلار كېلەر قېتىم كەلمەي قويماڭلار يەنە، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ گۈلبىغەدىن كۆزىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا.

— ۋاي، خاتىرجەم بولۇڭ، ھاكىمبەگ جانابلىرى. بىز كېلىۋېرىپ سىزنى زېرىكتۈرۈۋېتىمۇ قويىمىز تېخى، — دېدى گۈلبىغە سىرلىق تەبەسسۇم قىلىپ.

— ئەمىسە تۈزۈت قىلمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق

چاغدا كەلسەڭلار ئۇدۇللا مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشۈڭلار، ئاددىي كۆلبەم سىلەر ئۈچۈن قونالغۇ بولسۇن، — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ.

سارىقجانلار بىكارلانغان تۆگىلەرگە سېتىۋالغان بۇغداي ئۇنلىرىنى ئارتىپ يولغا چىقىشتى. مەمەشاھ كۆڭلى ئېچىشقاندەك بولۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن گۇلبىغەنىڭ قارىسى يېتكىچە قاراپ قالدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# بۆرگۈتنىڭ قەپەستىن چىقىشى

قۇلچاق يول بويى ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئامبالغا دەپ، بۇ پالاكەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلىغانىدى. بىراق، رېئاللىق ھەمىشە كىشىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىكەن. قۇلچاقنى ئېلىپ ماڭغان يايىلار ئۇنى يەكەنگە ئەكەلگەندىن كېيىن ئۇدۇللا گۇندىخانىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇشتى. قۇلچاق گۇندىخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى بىر تار قەپەسكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئامبال بىلەن كۆرۈشۈش، ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئويى بىراقلا كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۆزى بىللە گۇندىخانىنىڭ تۆت تېمى ئىچىگە بەند بولدى. ئۇ كۈيپەرىگە: «ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ تېزلا قايتىپ چىقىمەن» دېمىگەنمىدى؟ «ئامبال، ۋاڭ جانابلار مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى نەدىن بىلسۇن؟ كىممۇ ئۇلارغا مېنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىمنى يەتكۈزەر؟» قۇلچاقنىڭ كاللىسىدىكى مۇنداق ئوي ـ پىكىرلەر قايناۋاتقان قازاندەك پورۇقلىماقتا ئىدى. ئېگىز تام، قاتتىق مۇداپىئە ! بۇ يەردىن ئۇچار قاناتمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قۇلچاق ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن قاتتىق

ئاغرىندى. ئۇنىڭ ئامبال بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بىراقلا سۇغا چىلاشتى. ئۇ مەھبۇس كىيىمىنى كىيىپ مەھبۇسلار توپىغا قوشۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گەپ ــ سۆزسىز بىر گۇناھكارغا ئايلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئىنساننىڭ تۇيتۇز خىياللىرى رېئاللىقنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى دوقمۇشلىرىدا توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ. جەمئىيەت ئىنسانلار توپىدىن تەركىب تاپقاچقا قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەنتەك ئىنتىلىشلىرى يىللار مۇساپىسىدە رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدا يۇغۇرۇلۇپ شاكىلىدىن مېغىزىنى ئايرىش تەسكە توختىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك ۋاقتىمۇ ھامان كېلىدۇ. قولچاقنىڭ شۇ تاپتا ھېچقانداق گۇناھى بولمىسىمۇ، ئۇ ئامبال، دوتەيلەرنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي مەھبۇسنىڭ ئۆزى بولغانىدى. ئۇ بۇ رېئاللىقتىن ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. شۇنداقتىمۇ گۇندىخانا ھاياتى ئۇنى باشقىدىن تاۋلىماقتا ئىدى.

ئۇ گۇندىپايلارغا بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئېيتىپ، ئامبال بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپى مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن رەت قىلىندى. «ئامبالنىڭ گۇناھكار بىلەن كۆرۈشۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق ئىش بولسا قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشىغا ھازىرلا ئىشەنگىن» دېيىشتى ئۇلار.

ـــ مەن گۇناھسىز، باشقىلارنىڭ تۆھمىتىگە ئاساسەن بۇ يەرگە قامالدىم. ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ئامبالغا دېيىشىم كېرەك، زادى ھەقىقانىيەتنى ياقىلايدىغان ئادەم چىقماسمۇ بۇ جاھاندا؟

مەھبۇس قولچاقنىڭ سەمىمىيلىكىمۇ ياكى غەيرەتلىكلىكىمۇ، بۇ گۇندىخانىدىكىلەر ئۇنىڭغا قايىل بولدى.

مەھبۇسلار ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بۇرادەردەك مۇئامىلە قىلىشاتتى:

— ئۇكام، مېنىڭ ئىسمىم مەمەتجان. مەنمۇ بەگ غوجامنىڭ تۆھمەت قىلىشى بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالدىم. بىر يىلدىن ئاشتى، گېپىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. سىنىڭ سەممىي، ئىرادىلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ گۇندىخانىغا مەسئۇل غۇلامجان دېگەن بىر يىگىت بار. خەلقپەرۋەر، ھەققانىيەتچى، گۇندىخانىدىكى مەھبۇسلارمۇ ئۇنىڭدىن بەك رازى. مېنىڭ ئەھۋالىمنىمۇ پۇرسەت تېپىپ ئامبالغا يەتكۈزىمەن، — دېدى. سەنمۇ ئەھۋالىڭنى شۇنىڭغا دېسەڭ، بەلكىم ئىشىڭ ھەل بولۇپ قالار.

— رەھمەت ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن جىقراق مۇڭدىشايلى، ماڭا يول كۆرسىتىڭ، — دېدى قۇلچاق مەمەتجانغا دوستلۇق مېھرى بىلەن قاراپ.

قۇلچاق ئىشچان، چىقىشقاق، ئەقىللىك، غەيرەتلىك بولغاچقا ئۇزاق ئۆتمەي گۇندىخانىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈندى. مەھبۇسلار ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. قۇلچاق قايسى مەھبۇس بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، ھەممىسىگە ئوخشاش ياردەم قولىنى سۇناتتى. ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلىرى بولسا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي قىلىپ بېرەتتى. ۋەزىپىنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى تەلەپ قىلىپ ئىشلەيتتى. قۇلچاق تاۋلىنىپ چىققان پولاتتەك مۇستەھكەم ئىدى. ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيتتى. گۇندىخانىدىكى كۆچتۈگكۈر ئەزىمەتلەرنى يېنىغا تارتىپ، بوش ۋاقىتلاردا ئۇلارغا ماھارەت ئۆگەتتى. گۇندىخانا باشلىقى ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ قىلىشىغا تاپشۇراتتى.

بىر قېتىم گۇندىخانا باشلىقى غۇلامجان ئۇنى چاقىرىپ:

— گۇندىخانىدىكى ئىش ـ ئەمىلىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى.

گۇندىخاننىڭ قائىدىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلدىڭ ھەم نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، بىزلەرنى قايىل قىلدىڭ. مەن مۇۋاپىق پەيتىدە يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ سۇرۇك ۋاقتىڭنى قىسقارتىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى. قۇلچاق كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— كۆپ رەھمەت غۇلامجان ئاكا، ماڭا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇۋاتىسىز، — دېدى. ئۇ يەنە ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — ماڭا ئىشىنىڭ! مەن گۇناھسىز، بۇ يەرگە ناھەق قامالدىم، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئامبال بىلەن ۋاڭغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز، سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دېدى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئەھۋالىڭدىن تولۇق خەۋەر تاپتىم، مەن پۇرسىتىنى كەلتۈرۈپ ئامبالغا ئەھۋالىڭنى دوكلات قىلىپ، قايتا تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى غۇلامجان قۇلچاقنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ. ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر خىل يېقىملىق ھارارەت قۇلچاقنىڭ بەدىنىگە تارالدى. خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇچقۇن كۆرگەندەك ئۇنىڭ كۆڭلى لەپپىدە يورۇدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۈمىد نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى.

قۇلچاقنىڭ گۇندىخانىدىكى كۈنلىرى گەرچە ئالدىراشچىلىقتا ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇ يۇرتىنى، سۆيۈملۈك كۆيۈمچىسىنى، كىچىك ئارىيانىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. سېغىنىش ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ لەختە - لەختە قىلىۋەتكەندى. ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىدا سەرىكۈينىڭ مەنزىرىسى، كۆيۈمچىسى، ئارىيانىنىڭ سىيماسى چولپاندەك چاقناپ تۇراتتى.

1830 - يىلى كۈزدە قوقەن باسمىچىلىرى يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر، يېڭىسارنى بېسىۋېلىپ،

يەكەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. قوقەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى يۇسۇپ غوجىنىڭ باشچىلىقىدا بارغانلىكى جايدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قەشقەر يېڭىسار خەلقىنى زار ـ زار قاقشاتتى. ئەسكىريي كۈچىگە تايىنىپ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرى قان ـ تەر بىلەن ياراتقان بايلىقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ھېيتگاھ بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ قىلمىشىدىن غەزەپكە كېلىپ باغرىنى چاك ـ چاك قىلىۋەتتى، تۇمەن دەرياسى ياڭراۋاتقان شادىيانە كۈيىنى مۇسىبەتلىك تەلقىنگە ئۆزگەرتتى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، يەكەنمۇ خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، قارا تۇمان يەكەننىڭ سەلتەنەتلىك ھۆسنىنى ياپقانىدى. يەكەن دەرياسى ھازىدار ئادەمدەك ھارغىن ئېقىپ مۇسىبەت كۈيىنى غىڭشىيتتى. يەكەن ئاسمىنىدا ئەركىن مۇللاق ئېتىپ پەرۋاز قىلىدىغان كەپتەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كەتكەنىدى. دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان باغباراڭلىق ھويلا ـ ئارانلاردىنمۇ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. ساماۋارخانا، ئارامگاھلاردىنمۇ دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئون ئىككى مۇقام سادالىرى ئۆچكەنىدى. دۇنيا سەييادلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، چولپاندەك چاقناپ تۇرىدىغان بۇ يۇرتنىڭ رىتمى پەسلىگەن بولۇپ، كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىغا كۆزى يەتمەي ئىچىنى تىڭشاپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك بېشىغا كەلگەندەك رۇخسارىدىن ئەندىشە بۇلۇتلىرى يېغىپ تۇراتتى.

ئامبال بېي چاڭنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، ۋەزىيەتنى قانداق قىلىپ ئوڭشاش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپ، ئامبال مەھكىمىسىنىڭ ھويلىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ۋەتەنىنىڭ دەرۋازىسىنى قوغداشتەك مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى. چوقۇم ئامال تېپىپ

تاجاۋۇزچىلارنى توسۇش كېرەك. بۇ يەردىكى خەلقنىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى شۇ ئەمەسمىدى؟ ئامبالنىڭ بېشى تازا قېتىۋاتقاندا، يەكەن ۋاڭى ئابدۇراخمان كەلدى. ئامبال بېي چاڭ ئۇنى كۆرۈپلا ئۆزىدىكى جىددىيلىكنىڭ سەل پەسەيگىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئابدۇراخمان ۋاڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن :

— ۋاڭ جانابلىرى، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، بېشىم ئۇماچ بولۇپ تۇراتتى، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ.

— ئامبال جانابلىرى، تاجاۋۇزچىلار بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى. ھەرقانداق تەدبىرنى قوللىنىپ بولسىمۇ خان لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچە يەكەننى قوغداپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

— دېگەنلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق، ھازىر بىزدە كۈچ يېتىشمەيۋاتىدۇ. ھازىر جاۋ بەگ باشچىلىقىدىكى خان لەشكەرلىرى، تۇرسۇن، ئابدۇۋايىت باشچىلىقىدىكى ئىككى چوڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر قوشۇن تەشكىللەپ جەڭگە قاتناشتۇرساق، ئاندىن ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. قوماندانلارنى چاقىرىپ قويدۇم، مەسلىھەتلىشىپ ئوبدانراق تەدبىر قوللىنايلى، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

ئاڭغىچە ئۈچ قوشۇننىڭ قوماندانلىرى جاۋ بەگ، تۇرسۇن، ئابدۇۋايىتلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار جەڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە دوكلات قىلدى:

— لەشكىرىي كۈچىمىز يېتىشمەيۋاتىدۇ، — دېدى تۇرسۇن ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، — بىز تەرەپتىكى ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي. تاجاۋۇزچىلار لەشكىرىي كۈچى كۆپ بولۇش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، لەشكەرلىرىمىز ۋەتەن، يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن جان

تىكىپ ئىلىشماقتا.

— بىز قورۇلنى چىڭ ساقلاۋاتىمىز، — دېدى ئابدۇۋايىت، — بىراق ئۇلارنىڭ ئادەم سانى بىزدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. شۇنداق بولسىمۇ بىزنىڭ قوشۇنىمىز جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، لەشكەرلەر «بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ۋەتىنىمىزنى قوغدايمىز» دەپ قەسەم قىلىشتى.

— مېنىڭ قوماندانلىقىمدىكى خان لەشكەرلىرى دۈشمەنگە قاتتىق تېگىش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى جاۋ بىڭ جەڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، — بىراق دۈشمەنىنىڭ لەشكىرىي سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قالدۇق، پەقەتلا بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ زور ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن يۆت تىرەپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئابدۇراخمان ۋاڭنىڭ ئورۇنباسارى مۇتەللىپ :

— بىز پۈتۈن ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىۋاتىمىز، لېكىن ئۇلارنى تەشكىللەپ ئورۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان ئادەم تېپىلمايۋاتىدۇ، مېنىڭمۇ بېشىم قاتتى، — دېدى.

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئامبال بېي چاڭ:

— بىز چوقۇم ئامال قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن ئارقىلىق كېلىدىغان چوڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگۈچە مۇھاسىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ماسلىشىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز يەكەن خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش. بىز ئۇلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارمىغۇچە خەلقىمىزگە ئەمىنلىك بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، خەلقنى قوزغىتىپ، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بىتچىت قىلىشىمىز، يەكەننى جان تىكىپ

قوغدىشىمىز كېرەك، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.

مۇتەللىپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ:

— ئامبال، ۋاڭ جانابلىرى، گۇندىخانا باشلىقىنىڭ دېيىشىچە، گۇندىخانىدا سەرىكۆيدىن كەلگەن قۇلچاق ئىسىملىك بىر ئەزىمەت بار ئىكەن. ئۇ ئىزچىل تۇردە ئۆزىنى گۇناھسىز، ناھەق قامالدىم دەپ كەپتۇ. تۇنۇگۇن مەن «گۇندىخانىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، جەڭگە يارايدىغانلىرى بارمىدۇ؟» دەپ تەكشۇرۇپ بارغانىدىم. گۇندىخانا باشلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قۇلچاقنى قوبۇل قىلدىم. ئۇ ئىنتايىن قاۋۇل، غەيرەتلىك ئەزىمەت ئىكەن. ئۆزىنىڭ دەپ بېرىشىچە نۇرغۇن قېتىم جەڭگە قاتنىشىپ نۇسرەت قازىنىپتىكەن. ئۇ ماڭا « مەن گۇناھسىز، سىز ئەھۋالىمنى ئامبال بىلەن ۋاڭ جانابلىرىغا يەتكۇزسىڭىز، ماڭا بىر پۇرسەت بەرسە، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ بەرسەم» دەپ ئىلتىجا قىلدى، — دېدى.

ئامبال بېي چاڭ مۇتەللىپنىڭ دېگەنلىرىگە قىزىقىپ:

— ئۇ يەنە نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قايتا ـ قايتا سورىسام، ئۇ «مەن ئامبال بىلەن ۋاڭنىڭ ئالدىدا دەيدىغىنىمنى دەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئارتۇق گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى، — دېدى مۇتەللىپ،

— ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلەشسەك بولغۇدەك، «باتۇرغا مەيدان كېرەك» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.

— بوپتۇ، بىز مۇشۇ يەردە ساقلايلى. مۇتەللىپ، سەن بېرىپ قۇلچاقنى ئېلىپ كەل، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

ئامبال بېي چاڭ، ئابدۇراخمان ۋاڭ، تىلماچ ئابدۇكېرىملەر قوبۇلخانىغا كىرىپ قاتار ئولتۇردى. مۇتەللىپ، گۇندىخانا باشلىقى غۇلامجان مەھبۇسلارغا قارايدىغان ئەزىمەتجانلار ھايال

ئۆتمەي قۇلچاقنى ئېلىپ كېلىشتى. قۇلچاق ئىشىكتىن كىرىپ، ھەممىگە ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا تىك تۇردى.

بېي چاڭ قۇلچاقنىڭ قاۋۇل گەۋدىسىنى، روھلۇق بەستىنى، يېقىملىق چىرايىنى، قويۇق قېشى ئاستىدىكى نۇرلۇق كۆزلىرىنى كۆرۈپ قەلبىدە بىر خىل ھېسداشلىق قوزغالدى.

— ئامبال بېي چاڭ، ئابدۇراخمان ۋاڭ جانابلىرى سېنىڭ تەلىپىڭنى ئاڭلىماقچى. قېنى قۇلچاق، دەيدىغان گېپىڭنى ئەمدى دېگىن، — دېدى مۇتەللىپ ئۇنى سۆزلەشكە ئۈندەپ. قۇلچاق:

— رەھمەت سىلەرگە، مېنىڭ دەردىمنى تىڭشىغۇدەك ۋاقىت چىقارغىنىڭلار ئۈچۈن يۈز مىڭ تەشەككۈر، — دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى قىسقىچە سۆزلەۋېتىپ قىرىق چېرىك بىلەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق تاجاۋۇزچى بۇلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، چېگرادىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، بۇلانغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، نۇرغۇن قورال - جابدۇق ئولجا ئېلىپ سەرىكۆي ھاكىمبېگىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى سۆزلىگەندە، ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭ ھەيرانلىقىدىن ئېغىزىنى ئاچقان پېتى ئۈنىڭغا قاراپلا قالدى.

— مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى قۇلچاق، — ماڭا پۇرسەت بەرسەڭلار، ئاڭلىسام تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەينەت تاپىنى بىزنىڭ بۇ پاك زېمىنغا تېگىپتۇ. مەن تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشاي، ئۇلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ پاك زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىراي. ئەگەر نۇسرەت قازانسام مېنى ئازاد قىلىڭلار، جەڭدە ئۆلسەم ۋەتىنىم، قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن بولسۇن! — دېدى قۇلچاق ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەپ.

ئامبال بېي چاڭ ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ تولۇق

ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەممىيلىكىگە ئىشەندى ھەمدە ئابدۇراخمان ۋاڭغا قاراپ:

— يەنە بىر قوشۇن تەشكىللىسەك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

— مەن سەرىكۈيدىن كەلگەن مەلۇماتتىن گۇمانلىنىپ قالدىم. بۇ يىگىتنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قارىغاندا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

— مەنمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندىم. ئىشلەتسەك بولغۇدەك، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭمۇ.

— بوپتۇ، تەلىپىڭگە قوشۇلدۇق، سەن گۇندىخانىدىكى مەھبۇسلاردىن ۋە سىرتتىن بولۇپ بىر قوشۇن تەييارلا. بۈگۈنلا ئىشنى پۈتكۈزۈپ يەكەننى مۇھاسىرىگە ئالغان تاجاۋۇزچىلارغا تېگىش قىل. مۇتەللىپ ساڭا ياردەملىشىدۇ، ناۋادا جەڭدە نۇسرەت قازانساڭ سېنى ئازاد قىلىمىز، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

— گۇندىخانىدىكىلەرنىڭ «جەڭگە قاتنىشىمەن» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقساڭ بولىدۇ. ئۇلارغا ئېنىق ئۇقتۇرغىن، جەڭدە غەلىبە قازانساڭلار سىلەرنى بىر يولىلا ئازاد قىلىمىز، يەنە مۇكاپاتلايمىز، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ قۇلچاققا قاراپ.

— مەن شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن، — دېدى قۇلچاق كەسكىنلىك بىلەن.

— يارايسەن ئەزىمەت! دەرھال ئىشقا كىرىش! — دېدى بېي چاڭ ئامبال زور ئىشەنچ بىلەن.

قۇلچاق قەپەستىن چىققان بۈركۈتتەك كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا تەييارلاندى. «بۇ قېتىمقى جەڭ تەقدىرىمنى بەلگىلەيدۇ، كۈيپەرى

ۋە ئوماق ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشۈشۈم ئۈچۈن چوقۇم تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىشىم كېرەك» دېگەننى ئويلايتتى قۇلچاق. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئاياللارنى، بالىلارنى قىرغىن قىلغان كۆرۈنۈشى، ئۆزىنىڭ يات يۇرتتا قۇل بولۇپ، تارتقان ھېسابسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى ـ دە، ئىنتىقام ئۆچمەنلىكى قەلبىدە يالقۇندەك لاۋۇلدىدى. مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ تاجاۋۇزچىلارنى چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى كەلدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# بۈركۈتنىڭ قۇزغۇننى سۇر ـ توقاي قىلىشى

قوقەن تاجاۋۇزچىلىرى قەشقەر، يېڭىسارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ غوجا قوشۇنى يەكەننى ئېلىش ئۈچۈن قىزىلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار قوشۇنىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، يەكەننى مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى يۇختىلاپ يەكەنگە رەسمىي ھۇجۇمنى باشلاشقا تەييارلاندى.

يۇسۇپ غوجا ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېڭىسارلىق ئوسمان غوجا بىلەن پاراڭلاشقاچ لەشكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ قېشىدا توختاپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا:

ــ باتۇرلىرىم، جەڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىڭلار، كەچلىك غىزانى يەكەن ئامبال مەھكىمىسىدە يەيمىز. ئابدۇراخمان ۋاڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەكەن نازىنىنلىرىنى سىلەرنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرىمەن، ــ دەپ قاقاھلاپ كۈلدى.

ــ غوجام بېگىم، خاتىرجەم بولسىلا، بىز تەييارلىقنى تەخ قىلىپ قويدۇق. بۇيرۇق چۈشكەن ھامان يەكەنگە تېگىش قىلىمىز، ــ دېدى ئەسكەرلەر باشلىقى بۆرەبەگ.

— ياخشى ! هازىر چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى. قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويدۇرۇڭلار ! چۈشتىن كېيىنلا ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، — دېدى قوماندان يۈسۈپ غوجا ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

يۈسۈپنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئۇدۇلدىن ھەيۋەتلىك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. قۇلچاق بېشىغا تاجىكچە تۇماق كىيگەن، چاپاننىڭ ئۈستىدىن بېلىنى مەھكەم باغلىغان، بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنى، بىر قولىدا قىلىچنى ئوينىتىپ سەپنىڭ ئالدىدا ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. يۈسۈپ غوجا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قۇلچاقنىڭ قوشۇنىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ھەزرەتلىرى، ئۇلار كېلىۋېلا دەپ قالدى، لەشكەرلىرىمىزگە بۇيرۇق بەرسىلە، — دېدى ئوسمان غوجا جىددىيلىشىپ. ئۇنىڭ گېپىدىن ئۆزىگە كەلگەن يۈسۈپ غوجا ئالمان ـ تالمان بارلىق ئاۋازى بىلەن:

— ئاتلىنىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى، كەڭرى كەتكەن ھىمىتنىڭ سېيى جەڭگاھقا ئايلاندى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنى شىددەت بىلەن كەلگەن پېتى ئالدىدىن چىققان تاجاۋۇزچى قوشۇنغا ئىتقا تاشلانغان قاپلاندەك ئېتىلدى. ئېلىشىش ئىنتايىن كەسكىن ۋە دەھشەتلىك بولۇپ، پۈتۈن يەرنى چاڭ ـ توزان قاپلىدى. نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ جاراڭشىغان ئاۋازى، «ئۇر ـ چاپ !»، «ۋايجان !» «ۋاي توۋا !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار پۈتۈن جاھاننى بىر ئالدى. قۇلچاق باشلىغان ھەربىر ئەزىمەت تاجاۋۇزچىلارنىڭ يەتتە ـ سەككىزدىن لەشكىرىگە تېتىپ ھۇجۇم قىلدى. قۇلچاقنىڭ جەڭچىلىرى بىر خىل قورقماس روھ، پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ،

ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. قۇلچاقنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرىتى، ئۇستۇن جەڭ ماھارىتى ۋە باتۇرلارچە ئېلىشىشى تاجاۋۇزچىلارنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. قۇلچاق ھەربىر قىلىچ ئۇرغاندا بىردىن باش ئۈزۈپ تاشلانغان تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپى ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. قۇلچاقنىڭ جەڭچىلىرىمۇ ئاجايىپ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىپ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىدىن يېرىمى قىرىلىپ، قالغانلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىدى. جىددىيلەشكەن يۈسۈپ غوجا:

— توختاڭلار، توختاڭلار، قاچقانلارنى ئاتمەن! — دەپ تاپانچىسىنى تەڭلەپ ھە دەپ ھەيۋە قىلىپ ۋاقىرىدى. بىراق، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان لەشكەرلىرىنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان رەپتارى يوق ئىدى. ئۇلار ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا جېنىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە قاچاتتى، پەقەت توختىمايتتى. يۈسۈپ غوجىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوسمان غوجا:

— بولدى قىلىڭ، قورقۇپ كەتكەن لەشكەر كارغا كەلمەيدۇ. ئۇلارنى توسۇغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، بىزمۇ دەرھال قاچمىساق جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز، — دېدى يۈسۈپ غوجىغا.

يۈسۈپ غوجا مۇھاسىرىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىپ كەتكەنلىكىنى، قوشۇنىنىڭ چوڭ يېرىمى قىرىلىپ، ئاز قىسمى ھەيۋەتلىك كەلكۈن ئالدىدا قېچىۋاتقان چاشقاندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنى ھېلىمۇ ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىلىۋاتاتتى. ئاچچىقىدىن تىترەپ ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغان يۈسۈپ غوجا دەرھال ئېتىغا مىنىپ كەينىگە بۇرىلىپلا تىكىۋەتتى. ئوسمان غوجا ۋە باشقا

ھەمراھلىرىمۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئاتلىرىغا مىنىپ يۇسۇپ غوجىنىڭ كەينىدىن قاچتى. قۇلچاق ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا:

— باسمىچىلارنى قوغلاپ يوقىتايلى ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنى خۇددى ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتەك شۇنداق تېز ئىلگىرىلىدىكى، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە يولدىلا قىرىپ تاشلاندى. ئازلا لەشكەر بىلەن جېنىنى ئېلىپ قاچقان يۇسۇپ غوجا يېڭىسارنىڭ ئېگىزيار دېگەن يېرىنىڭ قىزىل جىلغىسىدىكى بارگاھى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ يۈزىدە قان دىدارى قالمىغانىدى. ئاچچىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكەندەك پۇلتىيىپ كەتتى. ئۇ بۇگۈنكىدەك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنى ئۇخلىسا چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنىدى.

— نەدىن كەلگەن قوشۇن بۇ؟ ئەجەب يامان ئىكەنا؟ ! بىزنى پۇتۇنلەي تۈگەشتۈردىغۇ؟ — دېدى يۇسۇپ غوجا ئاچچىقى بىلەن ھەمراھلىرىغا گۇركىرەپ.

— بۇ قۇلچاق باشلاپ كەلگەن قوشۇن ئىكەن، ئۇنىڭغا ھېچنېمە تەڭ كېلەلمىگۇدەك، — دېدى ئوسمان غوجا يۇسۇپ غوجىغا جاۋابەن.

ئۇلاردىن سەل نېرىدا تۇرغان پەرىي غوجا قۇلچاقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا يۈگۈرگەن پېتى يۇسۇپ غوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— بېگىم، ئەگەر قۇلچاق كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالمايمىز، دەرھال جېنىمىزنى ئېلىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى.

يۇسۇپ غوجىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، غەزەپ بىلەن:

— ۋۇي ئەبلەخ ! نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — دېگىنىچە بىر قىلىچ بىلەن پەرىي غوجىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

يۈسۈپ غوجا قورقۇش، غەزەپ ۋە گاڭگىراشتىن خۇدىنى يوقاتقانىدى. ئۇ قانغا بويالغان قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بارگاھىدىكى سەركەردە ـ سەرۋازلىرىغا قاراپ:

— كىمدىكىم مۇشۇنداق پىتنە تارقىتىپ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىغا سوغۇق سۇ چاچىدىكەن، جەڭدىن قورقۇپ ئارقىغا قاچىدىكەن، ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ قانخور تەلەتى ئەتراپتىكىلەرنى يۈرەكزەدە قىلىپ، ھەممىسى لاغ ـ لاغ تىترەپ كەتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بارلىق قوشۇننى دەرھال يىغىشقا بۇيرۇق قىلدى.

پۈتۈن ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، قۇياش نۇرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىزغىرىن شامال گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ تۇراتتى. ھەممە يەر جىمجىت بولۇپ، ۋاقىت پېشىنغا ئاز قالغانىدى. يۈسۈپ غوجىنىڭ قالدۇق قوشۇنى مەيدانغا يىغىلدى. يوسۇپ غوجا، ئوسمان غوجا ۋە يۈسۈپنىڭ قول ئاستىدىكى بىرقانچە سەركەردىلەر ئاستا مېڭىپ مەيدانغا كەلدى. يۈسۈپ غوجا قول ئاستىدىكى سەركەردە باقاۋۇلغا قاراپ:

— پۈتۈن قوشۇنىمىزدىن مۇشۇنچىلىك ئادەم قالدىمۇ؟ — دېدى زەردە بىلەن.

— شۇنداق بېگىم، بۇ قېتىم بىز يېڭىسار بىلەن يەكەن مۇھاسىرىسىدە قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىدۇق. ئاساسلىق قوشۇنىمىزدىن ئايرىلدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ھازىر قولىمىزدا ئاران تۆت يۈزدەك لەشكەر قالدى. خۇداغا شۈكۈر، بۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلىشمىدى. بولمىسا ھەممىمىز تۈگىشەر ئىكەنمىز، — دېدى سەركەردە باقاۋۇل.

— قۇلچاق دېگەن ھارىمى نەدىن پەيدا بولدى؟ ئەجەب جېنىمغا تەگدىغۇ! — دەپ غۇدۇردى يۈسۈپ غوجا. ئوسمان غوجا جىددىيلەشكەن ھالدا:

— بېگىم، قوشۇنىمىزدا ئادەم بەك ئاز قاپتۇ، بۇنچىلىك لەشكەر بىلەن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قانداق قىلاتتىم، دەرھال يۇرتۇمغا قايتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى يۇسۇپ غوجا.

— بېگىم، مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنىمۇ ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئەكېتەمسىز؟ — دېدى ئوسمان غوجا ئەنسىرەپ.

— سېنىڭ يۇرتۇڭ مۇشۇ يەر بولغاندىكىن، مۇشۇ يەردە قالىسەن. ئۇ يەردە سېنىڭ لازىمىڭ يوق، — دېدى يۇسۇپ غوجا ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

— بېگىم، مەن سىزگە ئەگىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردىم. ئالتۇن - كۈمۈش توپلىشىڭىزغا ياردەملەشتىم، نۇرغۇنلىغان يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ خېيىم - خەتەردىن ساقلاپ قالدىم، ئەمدى مېنى بۇ يەردە تاشلاپ قويسىڭىز ئۇلار مېنى تىرىك قويمايدۇ، — دېدى ئوسمان غوجا غال - غال تىترىگىنىچە.

— تولا بېشىمنى ئاغرىتما، بولمىسا ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن! — دەپ ھۆركىرىدى يۇسۇپ غوجا قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ.

ئوسمان غوجىنىڭ جان - پېنى چىقىپ، لاغ - لاغ تىترەپ تۇرۇپ «ۋۇ پەسكەش!» دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. يۇسۇپ غوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى لەشكەر كېلىپ ئۇنى سۆرەپ بىر ئازگالغا تاشلاپ، ئۈستىگە بىر باغلام پاخال تاشلىدى. يۇسۇپ غوجا تولىمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا سەركەردە باقاۋۇلغا:

— قوشۇن يولغا چىقىشقا جىددىي تەييارلىق قىلسۇن! يولغا يارايدىغان بارلىق نەرسىلەرنى تۆگە، ئات، قوتاز، ئېشەكلەرگە ئارتىپ يولغا چىقسۇن! قولچاق دېگەن بىرنېمە ئەتە ئەتىگەندە بۇ

يەرگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ يىغقان بايلىقنى ساق ـ سالامەت ئەكەتسەكمۇ خاننى رازى قىلالايمىز، ـــ دېدى. سەركەردە باقاۋۇل:

ـــ خاتىرجەم بولسىلا بېگىم، جان ئامان قالىدىغان ئىش بولسا ھەممىنى جاي ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرىمەن.

يۇسۇپ غوجا ئېشىپ قالغان تۆت يۈز لەشكەر بىلەن بارلىق بۇلىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قىزىل جىلغا بىلەن قاچتى.

قۇلچاقنىڭ قوغلاۋاتقان قوشۇنى قىزىل جىلغا ئېغىزىغا يېرىم كۇنلۇك يول قالغاندا، قۇلچاق: «يەنە ئۇلارنى قوغلىساق قىزىل جىلغا ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان گەپ، بۇ ھەقتە ئامبالنىڭ بۇيرۇقىنى ئالمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقىت كەچكە ئاز قالدى. قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ بىزگە تالاپەت كەلتۈرمىسۇن» دېگەننى ئويلاپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. قوشۇنغا مۇشۇ يەردە توختاشقا بۇيرۇق بەردى. قۇلچاق دەرھال قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مىڭ كىشىلىك قوشۇنىدىن سەككىز يۈز ئادەم قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ قوشۇننى مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ، ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆز سەپلىرىنى توغرىلاپ، بۇيرۇق كۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ـــ ئالاقىچى ئابدۇكېرىم! ـــ دەپ چاقىردى قۇلچاق. بېشىغا چىرايلىق بادام دوپپا كىيگەن، قارامتۇل، ياشقىنا بىر يىگىت «لەببەي» دېگىنىچە قۇلچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن لەشكەرگە خاس باتۇرلۇقى بىلەن تىك تۇردى.

ـــ سەن دەرھال بېرىپ جەڭ ئەھۋالىنى ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭغا مەلۇم قىل! يەكەن مۇھاسىرىسىنى ئومۇميۈزلۈك بىتچىت قىلدۇق، يېڭىساردىكى تاجاۋۇزچىلارنى تارىلىدۇق. تاجاۋۇزچى يۇسۇپ غوجا بۇلىغان نەرسىلىرىنى

ئېلىپ، قالدۇق قوشۇن بىلەن قىزىل جىلغا ئارقىلىق قاچتى. بىز قانداق قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كۈتۈپ توختىدۇق، — دېگىن.

— خوپ سەركەردە، ھازىر، مانا ھازىرلا، — دېدى ئابدۇكېرىم ۋە ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مېڭىپ كەتتى.

ئامبال بېي چاڭ يەكەن ۋاڭى ئابدۇراخمان، مۇتەللىپ قاتارلىق ئون نەچچە كىشى مەھكىمە ئالدىدا جەڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار جەڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تىت ـ تىت بولۇپ خانىسىغىمۇ كىرمىگەنىدى. بىر ئاتلىقنىڭ ئۈچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇتەللىپ:

— ئەنە بىر ئاتلىق كەلدى. چوقۇم بىزگە خەۋەر ئەكەلدىغۇ دەيمەن، — دېدى. ھەممىسى شۇ تەرەپكە قاراشتى. ئابدۇراخمان ۋاڭ:

— ئىنشائاللا، ئەزىمەتلىرىمىز ئۇ باسمىچىلارنى سۈر ـ توقاي قىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى پەرەز بىلەن. ئاڭغىچە ئاتلىق ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ئاتتىن چۈشتى.

— ھۆرمەتلىك ئامبال، ۋاڭ جانابلىرى ! — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى كەلگەن ئاتلىق، — مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇكېرىم، مېنى قۇلچاق ئەۋەتتى.

— خۇش ئۇكام، جەڭ ئەھۋالى قانداق؟ قۇلچاق نېمە دېدى؟ — ئالدىراپ سورىدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.

— تاجاۋۇزچىلارنىڭ يەكەن مۇھاسىرىسىنى تەلتۆكۈس بىتچىت قىلدۇق. يېڭىساردىكى تاجاۋۇزچىلارنى ئومۇميۈزلۈك تازىلىدۇق. ئاز قىسىم قالدۇق باسمىچىلار يۇسۇپ غوجىنىڭ باشچىلىقىدا قىزىل جىلغا ئارقىلىق قاچتى. بىز ھازىر قانداق قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كۈتۈۋاتىمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم.

ھەممىسى ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئامبال بېي چاڭ

جىددىيلىشىپ تېز ـ تېز مېڭىپ بېرىپ ئابدۇكېرىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ قېنى يىگىت، يەنە باشتىن بىر سۆزلىگىنە ! ــ دېدى هاياجانلىنىپ. ئۇلار بۇ گەپنى ئابدۇكېرىمنىڭ ئېغىزىدىن بىرقانچە قېتىم ئاڭلىدى. خۇشاللىقتىن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ كېتىشتى. ئامبال بېي چاڭ :

ــ بىز دەرهال بەزى زۆرۈر ئىشلارنى مەسلىهەتلىشەيلى، ــ دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭغا قاراپ.

يەكەن ئامبال مەهكىمىسىنىڭ مەسلىهەتخانىسىغا ئامبال بېي چاڭ، ئابدۇراخمان ۋاڭ ۋە يەكەن، يېڭىسارنىڭ بەگ ـ قازىلىرى بولۇپ يىگىرمىدەك كىشى يىغىلدى. هەممىسىنىڭ يۈزلىرىدە بىر خىل خۇشاللىق نۇرلىرى جىلۋە قىلماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى جەڭ غەلىبىسىدىن هەممىسى شادلانغانىدى. ئاپەت يوقىتىلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەنىدى. ئامبال بېي چاڭ هەممىسىگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن:

ــ بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ نەتىجىسىنى هەممىڭلار ئاڭلىدىڭلار، تاجاۋۇزچىلار تارمار قىلىندى. خەلق قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. بىراق، يۈسۈپ غوجا باشچىلىقىدىكى قالدۇق باسمىچىلار خەلقنىڭ نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ئەكەتتى. هازىر مۇهىمى تاجاۋۇزچىلار بۇلاپ ئەكەتكەن خەلقنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قانداق قايتۇرۇپ كېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىمىز.

ــ پامىر بۈركۈتى قۇلچاق ئەزىمەتلىرىمىز بىلەن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، خەلقىمىزنى زار ـ زار قاقشاتقان، يۇرتىمىزغا بالايىئاپەت ياغدۇرغان بۇ باسقۇنچىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇلچاق باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلىرىمىزگە مىڭلارچە رەهمەت ئېيتىمىز. لېكىن، خەلقنىڭ بايلىقىنى قايتۇرۇپ

ئەكەلمىسەك خەلقىمىزگە يۈز كېلەلمەيمىز، ـــ دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ. ھەممەيلەن قىزغىن پىكىر قاتناشتۇرۇپ غۇلغۇلا قىلىشتى، ھەممىنىڭ گېپى قۇلچاقنى ماختاش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاخىردا ئامبال بېي چاڭ:

ـــ مەن بۇ قېتىمقى جەڭ ئەھۋالىنى ئىلى جياڭجۈنى ئارقىلىق بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىمەن. بىز تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ قۇلچاق قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ جەڭ نەتىجىسىنى تەبرىكلەيمىز ھەم بارلىق مەھبۇسلارنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىمىز. ئۇلارغا تارتۇق ـ مۇكاپات بېرىمىز، ـــ دېدى.

ـــ توغرا دەيلا، بېرىپ لەشكەرلىرىمىزگە مەدەت بېرەيلى، ـــ دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ ۋە مۇتەللىپكە قاراپ، ـــ دەرھال تۆۋەندىكى خوجىلىق مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ، پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ قوي گۆشى، تۇخۇم، نان، چەلپەك پىشۇرۇپ كېچىچە جەڭچىلەرگە يەتكۈزسۇن. بىز بارغۇچە بۇ نەرسىلەرمۇ يەتكۈزۈلۈپ بولۇنسۇن!

ـــ خوپ، ۋاڭ جانابلىرى، خەلقىمىز بەك خۇشال، لەشكەرلەرگە ھېلىغۇ يېمەك ـ ئىچمەك ئىكەن، جېنىنى دېسىمۇ قۇربان قىلالايدۇ. مەن هازىرلا ھەممە ئىشنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرىمەن، ـــ دېدى ئورۇنباسار مۇتەللىپ.

قىزىل جىلغا ئېغىزىدىكى قۇلچاق قوشۇنىنىڭ بارگاھى يېڭى بىر تاڭنى كۈتۈۋالدى. ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، سەھەردىكى قۇياش ئۆزىنىڭ زۇمرەت نۇرىنى بۇ باياۋانغا ئايىماي سەپمەكتە ئىدى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنلىرى مەيداندا سەپ ـ سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇراتتى. قۇلچاق جەڭگاھ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاق ئېتىغا مىندى. بېلىگە قىلىچ ئېسىپ، قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان ھالدا جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىنتايىن روھلۇق

كۆرۈنەتتى. جەڭچىلىرىمۇ بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئاجايىپ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قايىل بولغانىدى. قۇلچاق قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇرۇۋاتقاندا خەۋەرچى ئىتىنى چاپتۇرغىنىچە قۇلچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

جىلغا ئىچكىرىسىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك قارلىق تاغلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، خۇددى باتۇر ئوغلانلىرىغا تەبەسسۇم قىلىۋاتقان مويسىپىتتەك كۈلۈمسىرەيتتى. ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان بۇلۇتسىز ئاسماندا قۇياش كىشىلەرنىڭ شادلىقىغا ھەمدەم بولۇۋاتقاندەك يېقىن يەردىن كۈلۈپ نۇر چاچاتتى. خەۋەرچى:

— مەلۇمات! — دەپ قۇلچاققا ئېگىلىپ سالام بەردى ـ دە، — ئىجازەت بېرىلىڭ سەركەردە، — دەپ ھۆرمەتتە تىك تۇردى.

— ئىجازەت، قېنى سۆزلە! — دېدى قۇلچاق ئۇنىڭغا ئىللىق قاراپ.

— يەكەن، يېڭىسار خەلقى بەگ ـ قازىلارنىڭ باشچىلىقىدا سىلەردىن ھال سوراپ باتۇرلىرىمىزغا يېمەكلىك، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— بەك بەلەن بوپتۇ! — دېدى قۇلچاق خۇشاللىق بىلەن، — بىز تاجاۋۇزچىلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارساق، خەلق بىزنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

ھال سوراشقا كەلگەن يەكەن، يېڭىسار خەلقى داپ ـ راۋاب، سۇنايلىرىنى ياڭرىتىپ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن بۇ يەرنى قىزغىن مەرىكە تۇسىگە كىرگۈزگەنىدى. قۇلچاق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەكەن، يېڭىسار خەلقىگە ئېگىلىپ سالام بېرىپ ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئۇلار ئەكەلگەن ماددىي بۇيۇملارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، نەق مەيداندىلا لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى.

ئامبال بېي چاڭ، ئابدۇراخمان ۋاڭ قاتارلىقلار يېتىپ كەلگەندە، مەيدان تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر، تاجىك خەلقلىرىنىڭ جەڭگاھتىكى بۇ كۆرۈنۈشى ھەرقانداق ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى. ئامبال، ۋاڭ، بەگلەردىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقراغىچە ھەممىسى تاجاۋۇزچىلارنىڭ يوقىتىلغانلىقىدىن چەكسىز شادلانغانىدى. ئامبال بېي چاڭ، ئابدۇراخمان ۋاڭ، بەگ ـ قازىلار يېتىپ كېلىپ ئاۋامغا سالام بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى. كىشىلەر توپى بىر تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇلارغا سالام بېرىپ قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار كىشىلەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. قۇلچاق قول ئاستىدىكى چەۋەندازلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ئامبال جانابلىرى! ئابدۇراخمان ۋاڭ جانابلىرى! سىلەرنىڭ ئالدىنقى سەپكە كېلىپ بىزنى يوقلىغىنىڭلارغا مىڭ تەشەككۇر. بۇ بىزگە زور مەدەت بولدى. مەن جىمى لەشكەرلەرگە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن! — دېدى قۇلچاق ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— بىز پۈتۈن يەكەن، يېڭىسار خەلقىگە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز. سىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارغىنىڭلارغا كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمىز! — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ گۈرۈلدەپ تۇرغان بوم ئاۋازى بىلەن. پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. داپ، سۇناي، ناغرىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەيداننى چاڭ كەلتۈردى. ئابدۇراخمان ۋاڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— يۇرتداشلار! ساز ـ ناۋانى بىردەم توختىتىڭلار، — دەپ خىتاب قىلدى. كىشىلەر توپى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك تىمتاس بولۇشتى.

— ھازىر ئامبال بېي چاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن

سۆز قىلىدۇ، ھەممەيلەن قارشى ئالايلى.

— يۇرتداشلار، قېرىنداشلار! مەن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتەن يەكەن، يېڭىسار خەلقلىرىنىڭ، باتۇر ئوغلانىمىز قۇلچاق باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى تۆپىرىقىمىزدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن! مۇشۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭگە قاتناشقان بارلىق مەھبۇسلار گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ ھەم ئۇلار ماددىي نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراپ، قۇلچاقنىڭ لەشكەرلىرى تەنتەنە بىلەن قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى. مەھبۇسلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كىشىلەر توپى خۇددى ئىككى جىلغىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە قوشۇلغىنىدەك، ھەيۋەتلىك بىر دەريا ئېقىنىنى پەيدا قىلدى. كىشىلەر بۇ مىنۇتلاردا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، باي - نامراتلىق، تۆۋەن - يۇقىرىلىقنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇلارنىڭ قەلبى شۇنداق پاكلانغان ئىدىكى، ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئادىمىيلىكتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## يېڭى ۋەزىپە

يىگىسارنىڭ ئېگىزيارىكى ئەمەت قازىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۈگۈن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا سېلىنغان كاتتا ئۆيلەر ئىدى. تاملىرىغا گۈللەر نەقىشلەنگەن، ۋاسا جۈپ قېلىپ ياپقان مېھمانخانا ئۆينىڭ سۇپىلىرىغا ئوتقاشتەك چىرايلىق خوتەن گىلىمى سېلىنغانىدى. گىلەم ئۈستىدە تامنى ياقىلاپ گۈللۈك كۆرپىلەر سېلىنغان، تۆر بېشىدا ئابدۇراخمان ۋاڭ، ئۇنىڭ يېنىدا ئامبال بېي چاڭ ۋە بەگ ـ قازىلار ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. ساھىبخان مېھماندوست ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە داستىخاننى قەنت ـ گېزەك، مېۋە ـ چىۋىلەر بىلەن لىق تولدۇرۇپ، مەززىلىك تائاملارنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلىپ چىقتى. ساھىبخان ئەمەت قازى مېھمانلارغا: «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ تۇردى. مۇلازىملار قىزىق ـ قىزىق چايلارنى قۇيۇپ، خىلمۇخىل تائاملارنى داستىخانغا ئۈزۈلدۈرمەي ئاچىقاتتى.

— نېمىدېگەن مېھماندوست خەلق بۇ؟ نېمىدېگەن يېيىشلىك، تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان تائاملار بۇ ـ ھە ! — دېدى ئامبال بېي چاڭ بېھى بېسىلغان، ئوخشىغان پولۇدىن بىر

كاپامنى چاينىغىنىچە.
— تاماق تۈرى كۆپ، ئەڭ تەملىك، تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، يېيىشلىكلىرى تېخى كەينى - كەينىدىن چىقىدۇ، كېيىنكىگىمۇ قورساقتىن ئازراق بوش ئورۇن قويۇڭ، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ بېي چاڭ ئامبالغا چاقچاق قىلىپ.
— رەھمەت ! ئەمەت قازى ئوبدان تەييارلىق قىپتۇ. مەن مېھمانلارغا ۋاكالىتەن ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى ئامبال بېي چاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن ئۇلار قۇلچاققا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇش ھەققىدە كېڭەش قىلدى.
ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭ دېيىشىپ قويغان بويىچە قۇلچاقنى ئامبال مەھكىمىسىگە جىددىي چاقىرتتى. قۇلچاق ھايال بولماي ئىشىكتىن كىرىپ قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە ئۇلارغا سالام بەردى. ئابدۇراخمان ۋاڭ:
— بولدى جىددىيلەشمە، قېنى ئولتۇرغىن، — دېدى قۇلچاققا.
— كۆپ تەشەككۈر ۋاڭ جانابلىرى ! — دېدى قۇلچاق ئەدەپ بىلەن ۋە ۋاڭ كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى.
— سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىڭ ھەممىمىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇڭا، ساڭا يەنە يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمەن، — دەپ گەپ باشلىدى ئامبال بېي چاڭ.
— ھەرقانداق ۋەزىپىنى جان - دىلىم بىلەن ئورۇنلايمەن ! — دېدى قۇلچاق قەتئىيلىك بىلەن.
— ئوغلۇم، بۇ قېتىم سەن باتۇرلۇقىڭ بىلەن ھەممىمىزنى قايىل قىلدىڭ، ئۆتكەندە تەكشۈرمەيلا ساڭا خاتا جازا بېرىپتىمىز. مەن ئامبال ھەم ئۆزۈمگە ۋاكالىتەن سەندىن ئەپۇ سورايمەن، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.
ۋاڭنىڭ گېپى قۇلچاقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ كەلگەن تۈگۈننى

يەشتى. بىر خىل يېقىملىق سېزىم پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ، تۆھمەتتىن قەلبىدە پەيدا بولغان ئاچچىق بوسىنى بىراقلا چىقىرىۋەتتى. ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان بىر چوڭ تاش يەلكىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىك تىندى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئەمەسمىدى؟ بۇ دەقىقىلەردە ئۇ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن؟!

— مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى بىلگىنىڭلار ئۈچۈن مىڭ تەشەككۇر! تاغامنىڭ «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دېگىنى بەك توغرا ئىكەن، — دېدى ئۇ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ.

— شۇنداق، ۋاڭ جانابلىرىنىڭ گېپى ناھايىتى توغرا. ساڭا ئازار بەردۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ناماقۇل بولىمىز، — دېدى ئامبال بېي چاڭ تەزىم قىلىپ. قۇلچاق ئىنتايىن ھاياجانلاندى:

— بولدى، ناماقۇل بولۇشىڭىز ھاجىتى يوق. مەن سىلەرنىڭ پۇقرايىڭلار، سىلەر مېنىڭ دادام ئورنىدا، دادا بالىسىغا ئاچچىقلايدۇ، يەنە ئۇنى ئاسرايدۇ. جاپا - مۇشەققەتلەردە سىناپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئاتا - بالا ئارىسىدا ئەپۇ سورىغۇدەك ئىش بولمايدۇ، — دېدى قۇلچاق.

— بىز يەنە ساڭا مۇھىم بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرماقچى، — دېدى ئامبال بېي چاڭ ھەممىيلەنگە تەكشى قاراپ قويغاندىن كېيىن، — يۈسۈپ غوجا باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلار يەكەن، يېڭىسارىدىكى خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ قاچتى. بىز خەلقنىڭ بايلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. پامىر رايونىنىڭ تاغلىرى خۇددى ھەرە چىشىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن. يوللىرى ئېگىز - پەس. داۋان - كېچىكلەر كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغلارنىڭ قاپتاللىرىدا خەتەرلىك چىغىر يول - ياڭرىقلار بار. يول يۈرۈش ئىنتايىن تەس. ئۇلار ئۇن نەچچە كۈندە يۇرتىغا ئاران يېتىپ بارالايدۇ.

مۇشۇ ۋاقىت خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ كېلىشىمىزدىكى مۇھىم پۇرسەت. بىز مەسلىھەتلىشىپ بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇرماقچى، — دېدى قۇلچاققا قاراپ.

— بىز ساڭا ئىشىنىمىز. بۇ ئىشنى سەنلا بىجىرەلەيسەن. سەن قاۋۇل ئىككى يۈز ئەزىمەتنى ئېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈش قىلىپ ئۇلارغا يېرىم يولدا يېتىشىۋېلىپ، خەلقنىڭ بايلىقىنى قايتۇرۇپ كەلگىن، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ كەسكىن تەلەپپۇزدا.

قۇلچاق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— بولىدۇ، ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلايمەن! — دېدى زور ئىشەنچ بىلەن.

— بەللى، مەن ساڭا ياردەمچىلىككە ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كەلدىم، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىرسى يەكەن قوشراپتىن ھاشىمجان، «تاغ تېكىسى» دېگەن لەقىمى بار. ئۇ ھەرقانداق خەتەرلىك تاغ قاپتاللىرىدىن خۇددى تاغ تېكىسىدەك ئۆتىدۇ. يەنە بىرسى سەرىكۆيدىن دافادار. ئۇ ئۇ تەرەپتىكى يوللارنى بەش قولدەك بىلىدۇ، ھەممە جاينىڭ يەر شارائىتىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.

— شۇنداق ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، — دېدى قۇلچاق.

— لەشكەرلەرنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى تەخ قىلىپ قويدۇق، ئەمىسە ھازىرلا يولغا چىققىن، ساڭا ئامەت تىلەيمەن! — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

قۇياش تاغلارنىڭ ئۈستىدە، ياپيېشىل ئاسمان بوشلۇقىدا مىس تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. كىشىنىڭ يەرگە چۈشۈۋاتقان سايىسىدىن چۈش بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. قۇلچاق ئىككى

يۈز ئەزىمەتنى باشلاپ قىزىل جىلغىغا كىرىپ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. ئۇ ئەزىمەتلىرىگە:

— ۋەزىپىمىز ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇڭا، مېڭىش سۈرئىتىمىز ھەرقانداق ۋاقىتتىدىكىدىن تېز بولسۇن. دەم ئېلىشقا بولمايدۇ. قورسىقىڭلار ئاچسا ئات ئۈستىدە نان يەڭلار! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئۇلار ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە توختىماي ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ماڭدى. بىرقانچە قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان داۋانلاردىن ئاشتى. كەينى ـ كەينىدىن كۆرۈنگەن تاغلارنىڭ ھەممىسىنى كەينىدە قالدۇردى. ئۇلار ئادەمنىڭ بەدىنى شۈركۈندىغان خەتەرلىك تاغ قاپتاللىرىدىن ئۆتۈپ، ئېقىن سۇلارنى كېچىپ، بىرنەچچە قارلىق داۋانلاردىن ئېشىپ بىر جىلغىدا كېتىۋاتقىنىدا، بۇلاڭچىلارنىڭ ئىزىنى بايقاپ قېلىشتى. قۇلچاق ئۇلارغا يېقىنلاشقانلىقىنى پەملەپ قالدى ـ دە، دەرھال توختاپ خەۋەرچىنى چاقىردى. خەۋەرچى يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ قۇلچاقنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

— ھەممەيلەنگە ئۇقتۇرۇڭ، مۇشۇ يەردە ئازراق ئارام ئالىمىز، — دېدى قۇلچاق.

خەۋەرچى «خوپ بېگىم» دەپ مېڭىشىغا:

— يەنە بار، — دېدى قۇلچاق، — سىز غۇلامجاننى، ناسىرنى، ھاشىمجاننى، دافادارنى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭ.

«خوپ» دەپلا خەۋەرچى يۈگۈرگەن پېتى مېڭىپ كەتتى. قۇلچاق ئەتراپنى تەپسىلىي كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ تار جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاق ئۆيگىلا ئوخشايدىغان چوڭ بىر قورام تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ غۇلامجانلارنى ساقلاپ تۇردى. غۇلامجان، ناسىر، ھاشىمجان، دافادارلار تېزلا يېتىپ كېلىشتى. قۇلچاق:

— بىز ئۈچ كىچە ـ كۈندۈز توختىماي ماڭدۇق، ھازىرقى ئىز ئەھۋالىدىن قارىغاندا بىز ئۇلارغا يېقىنلاشقاندەك قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى بىزدىن بىر ھەسسە كۆپ. ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئوبدانىراق مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى ھەمراھلىرىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— توغرا دەيسىز، ئۇلارنىڭ ماڭغان ئىزىنى تاپتۇق. بۇ يەردىكى يول بار جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر كىچىك جىلغا بار ئىكەن. ئۇ نەگە تۇتىشىدىكىن؟ يول ئەھۋالىنى ئوبدانىراق ئىگىلىسەك بولاتتى، — دېدى غۇلامجان.

— شۇنداق، بۇ يەرنىڭ يوللىرىنى تولۇق بىلمىسەك بولمايدۇ. ئۇلار ماڭغان جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى جىلغىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارغا تۇيدۇرماي ئالدى تەرەپكە ئۆتۈشكە بولامدۇ، يوق، سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلارنى ئاڭلىماقچىمەن، — دېدى قۇلچاق.

— توغرا دېدىلە، بىز دۈشمەنگە سەل قارىساق بولمايدۇ. پىششىق مەسلىھەتلىشىپ ئۈنۈملۈك چارە تېپىپ، ئۇلارنى بىراقلا يوقاتقىنىمىز ياخشى، — دېدى ناسىر.

قۇلچاق دافادارغا قاراپ:

— دافادار ئاغا، سىزنى بۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى تولۇق بىلىدىغان كىشى دېگەنىدى. قېنى بۇ يەردىكى جىلغىلارنىڭ ئەھۋالىنى، يوللارنىڭ نەگە تۇتىشىدىغانلىقىنى بىزگە ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ بەرگىنە، — دېدى.

— بولىدۇ، بېگىم، — دېدى دافادار، — بىز ھازىر سەرقىلا جىلغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئۇلار ماڭغان جىلغا خان يولى جىلغىسى بولۇپ، ئات ـ ئۇلاغ ماڭىدىغان چوڭ يول شۇ. ئۇ يول ئايلىنىپ يەنە مۇشۇ ئوڭ تەرەپتىكى جىلغىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىدۇ. لېكىن، ئوڭ تەرەپتىكى بۇ جىلغىنىڭ باش قىسمىدا

ئۆچ ئارغامچىا بويى كېلىدىغان ئۆيۈل تاغ بار. ئۇ يەردىن ئادەم تۆگۈل، ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ جىلغا بىلەن ماڭالىغان بولساق، ئۇلاردىن بىر كۈن بۇرۇن ئالدىغا چۈشكەن بولاتتۇق، — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

قۇلچاق بىر خىل ئۈمىد بىلەن هاشىمجانغا قارىغانىدى، ئۇ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن هالدا:

— بېگىم، ۋەزىپە تاپشۇرۇڭ، مەن ئىلاج قىلىپ ئۇ يەردىن يول ئاچىمەن، — دېدى.

— بەللى، — دېدى قۇلچاق، — هەممىنى تولۇق چۈشەندىم. بۇيرۇق: مەن هاشىمجان قاتارلىق ئەللىك ئادەم بىلەن مۇشۇ جىلغىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چۈشىمىز. غۇلامجان، سەن ناسىر بىلەن يۈز ئەللىك لەشكەرنى باشلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭىسەن. ئىككى تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىمىز. دافادار ئاغام سىلەر بىلەن ماڭسۇن، ئۇ بۇ تەرەپتىكى يوللارنى ئوبدان بىلىدۇ .

— ياق، مەن ئۇ جىلغا بىلەن ماڭاي، سىز قوماندان بولغاندىكىن ئۇنداق خەتەرلىك يول بىلەن ماڭسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىيادە ماڭىدىغان گەپ ئىكەن، — دېدى غۇلامجان.

— مېنىڭمۇ قىيىن تاغلاردىن يامىشىپ ئۆتىدىغان هۈنىرىم بار، هاشىمجان بىلەن بىللە يول ئاچالىساق ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دېدى قۇلچاق ۋە يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خاتىرجەم بولۇڭ، خەتەرلىك ئىش يۈز بەرمەيدۇ. پىيادە مېڭىشقا مەن كۆنۈك. پىيادە ماڭالايدىغان قاۋۇل ياش لەشكەرلەردىن ئەللىكنى ئېلىپ ماڭاي. غۇلامجان، بىر ئىشقا ئېهتىيات قىلىڭ، بەلكىم سىلەر ئۇلارغا تېزلا يېتىشىۋېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما، زىنهار شەپە بەرمەي ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىڭلار. بىز ئوق ئاتقان

هامان سىلەرمۇ تېگىش قىلىڭلار. ئۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىن تەڭ هۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرىمىز، چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى قۇلچاق.

— چۈشەندىم بېگىم، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلايمىز، — دېدى غۇلامجان.

— دەرهال يولغا چىقايلى!

قۇلچاق ئەللىك لەشكەرنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك جىلغىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئالدىدا دافادار دېگەندەك ئۈچ ئارغامچا بويى كېلىدىغان بىر ئۆيۈل تاغ پەيدا بولدى. هېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىشىغا كۆزى يەتمەيتتى. قۇلچاق بىرئاز جىددىيلەشكەندى. هاشىمجان خىيالىدا يوق ئۈچ ـ تۆت ئارغامچىنى ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلاندى.

— هەممىڭلار مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى قۇلچاق، — مەن هاشىمجان بىلەن ئامال قىلىپ ئۈستىگە چىقاي، ئاندىن سىلەرگە ئارغامچا تاشلايلى.

ئۇ باشقىلارنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، هاشىمجان بىلەن تاغقا ياماشتى. گەرچە چۈش بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تار جىلغىغا قۇياش نۇرى تەگمىگەنىدى. تىك كەتكەن ئۆيۈل تاغقا قۇلچاق بىلەن هاشىمجان بىر ـ بىرلەپ ياماشتى. تاغ ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، تۇتقۇدەك ياكى پۇت قويغۇدەك ئورۇن يوق ئىدى. ئۇلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ بىر چامدام ـ بىر چامدامدىن ياماشماقتا ئىدى. پەستىكىلەر ئۇلارغا قاراپ بىر تەرەپتىن «غەيرەت قىلىڭلار» دەپ مەدەت بەرسە، ئۇلار لەيلەپ چۈشكۈدەك خەتەرلىك يەرلەردە ماڭغاندا كۆزلىرىنى تۇتۇپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي قېلىشتى. بىر يەرگە چىققاندا، ئۇلارنىڭ مېڭىشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. پەستە قاراپ

تۇرغانلار تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە «چاتاق بولدى، ئۇلار يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي قالدىغۇ» دەپ پىچىرلاشتى. ئاڭغىچە هاشىمجان چەبدەسلىك بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىنى بىر يەرگە مۇقىملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا بىر چاپچىپلا بىر كىچىك تاغ يېرىقىنى تۇتۇۋالدى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغانلارنىڭ قورقىنىدىن ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولدى ـ دە، يۈرىكىنىڭ سىلىشى تېزلەشتى. هاشىمجان خۇددى تاغ تېكىسىدەك هايال بولماي يامىشىپ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ دەرهال قولچاقا ئارغامچا تاشلىدى. قولچاقمۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئۈستىگە چىقتى. پەستىكىلەر خۇشاللىقىدىن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ تەنتەنە قىلىشتى. قولچاق بىلەن هاشىمجان ئارغامچا بىلەن ھەممىسىنى ئۈستىگە چىقاردى. قولچاق باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلەر تېزلا بۇلاڭچىلارنىڭ ئالدىدىكى جىلغىغا چۈشۈپ بولدى. قولچاق شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، لەشكەرلىرىنى مۇھىم يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇلاڭچىلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

هېچنېمىدىن خەۋىرى يوق كېلىۋاتقان يۈسۈپ غوجىنىڭ قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز ئالدىدا پەيدا بولغان قولچاقنىڭ قوشۇنىنى كۆرگەندە، نېمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. قولچاقنىڭ بىرىنچى ئوقىدا يۈسۈپ غوجىنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان لەشكەر تىك موللاق ئاتتى. قولچاقنىڭ قوشۇنى قىلىچ، نەيزىلەرنى ئوينىتىپ، شىددەت بىلەن هۇجۇم قىلىپ يۈسۈپ غوجىنىڭ لەشكەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ نەيزە ـ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن خۇدىنى يوقاتقان يۈسۈپ غوجىنىڭ قوشۇنى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. بۇلاڭچىلارنىڭ باشلىرى باشاقتىن تۆكۈلگەن داندەك هەر تەرەپكە چېچىلدى. ئېلىشىش ئىنتايىن دەهشەتلىك بولدى. يۈسۈپ غوجا

بىرنەچچە ئادىمى بىلەن ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ قاچتى، لېكىن ئۇ بۇ تار جىلغىدا ئۆزىنىڭ قاپسىلىپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ تەرەپتىنمۇ غۇلامجان باشچىلىقىدىكى قوشۇن «ئۇر – چاپ !» توۋلاپ ئۇلارغا ئېتىلدى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنى ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىپ ئۇلارنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. يۈسۈپ غوجىنىڭ تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇنى ئۇر – ئۇرغا قالغان چاشقاندەك كىرىشكە تۆشۈك تاپالماي قالدى. يۈسۈپ غوجا يارىلانغان بۆرىدەك كېيىملىرى جۇل – جۇل بولغان، يۈزى، بىلەكلىرى قانغا بويالغان هالدا بىر توپ لەشكەرلىرى بىلەن ئالدى – كەينىگە پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قانخور تەبىئىتى، شۇملۇق بىلەن تولغان مىجەزى ئۇنى تېخىمۇ ياۋۇز قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى قانغا تولغان بولۇپ، ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭمۇ بىرقانچە لەشكىرىنى چېپىپ تاشلىدى.

ئۇ قېچىپ بىرقانچە ئادىمى بىلەن بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە ئۆتتى. قۇلچاق قوغلاپ بىر چوڭ تاشتىن ئۆتۈشكە يۈسۈپ غوجىنىڭ نەيزىسى سول كۆزىنى سۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. قۇلچاقنىڭ غەزەپ بىلەن ئۇرغان نەيزىسى يۈسۈپنىڭ مەيدىسىگە سانجىلىپ، ئوقيا تەگكەن قۇزغۇندەك ئات ئۈستىدىن پالاقلاپ يەرگە چۈشتى. ئاشۇنچە قۇلچاقنىڭ لەشكەرلىرى قالدۇق دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقاتتى. قۇلچاق يۈسۈپنىڭ جەسىتىگە قاراپ:

— جاهانغا پاتماي خەلقنى زار – زار قاقشاتقان، مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن سەن قانخور ئۆلۈمنىڭ تەمىنى ئاخىر تېتىدىڭ، — دېدى مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— بېگىم، سول كۆزىڭىز يارىلىنىپتۇ، قوشۇنىمىزدا سامساق دېگەن بىر تېۋىپ بار. ئۇنى چاقىراي، دورا سۈرتۈپ

تېگىپ قويسۇن، — دېدى غۇلامجان.

قۇلچاق ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بىر كۆزىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتىنى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئەلگە بالايىئاپەت ياغدۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئەبلەخنى يوقاتالىغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلەندى. يۈرىكىنى غاجاپ كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەم بىراقلا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ قەلبى ۋىلىلىدە يورۇدى. قۇلچاق ياڭراق ئاۋازى بىلەن :

— باتۇرلىرىم ! بىز ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملىدۇق. ئەمدى يۇرتداشلارنىڭ بۇلانغان مال ـ مۈلكىنى ساق ـ سالامەت ئۇلارغا يەتكۈزىمىز. بىر تال يىڭنە چاغلىق نەرسىگە تېگىشكە، يىتتۈرۈۋېتىشكە ۋە ئوغرىلاپ خىيانەت قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەممىڭلارنى تارتۇقلايمەن، — دېدى.

— مەرھابا ! رەھمەت بېگىم، — دەپ ھەممەيلەن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى.

— مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، — دېدى توپ ئىچىدىن دافادار.

— قېنى سۆزلەڭ — دېدى قۇلچاق.

— بىز بۇ يەردە كاتتا غەلىبىگە ئېرىشتۇق. ۋەتەن ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ قازاندۇق. قۇلچاق بېگىمنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭدىكى ماھارىتى ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ خەلقىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بىر كۆزىدىن ئايرىلدى. شۇڭا، خاتىرە سۈپىتىدە بۇ جىلغىنى «قۇلچاق جىلغا» دەپ ئاتىساق دەيمەن.

— توغرا ! — دېيىشتى ھەممەيلەن، — بۇ جىلغىنىڭ ئىسمى قۇلچاق جىلغا بولسۇن ! (ھازىرمۇ تاجىكىستان

زېمىنىدىكى بۇ جىلغا «قۇلچاق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ).

قۇياش غەربكە باش قويغان بولۇپ، قۇلچاق قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىدىن شادلانغاندەك، جىلغا ئىچىگە دەستە ــ دەستە نۇرىنى تۆكمەكتە ئىدى. قىيالار ئۈستىدە بۈركۈتلەر ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى. جىلغا ئىچىدىكى سۈپسۈزۈك قار سۈيى تاشتىن ــ تاشقا تېگىپ ۋىلىقلاپ كۆلمەكتە ئىدى. ھەممە يەر تىپتىنچ بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئاسايىشلىق ھېس قىلدۇراتتى.

قۇلچاق ئادەملىرىنى يوقلىما قىلىپ، قوشۇنىدىن قۇربان بولغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئۆرپ ــ ئادەت بويىچە يەرلىككە قويدى. بارلىق بۇلانغان مال ــ مۈلۈكلەرنى تۆگە، ئات، ئېشەك، قوتازلارغا ئارتىپ ۋەتەنگە قايتتى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# مۇكاپات

1831 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى) باھار. باھارنىڭ مەيىن شامىلى يەكەن بوستانلىقىنى سىيپاپ ئۆتمەكتە ئىدى. قىشنىڭ زېمىنغا يايغان ئاپپاق لىباسى باھارنىڭ ئىسسىق نۇرى بىلەن يېشىل رەڭگە ئالماشتى. ئېتىز ـ دالالار ئۈستىدىكى قار يېپىنچىسىنى تاشلىۋېتىپ، جىلۋىلىنىپ تۇرغان ھۆسنى بىلەن تەبىئەتكە گۈزەللىك قوشتى. ئېرىقلاردىكى زۇمرەت سۇلار ئاشىقىنى سېغىنغان مەشۇقتەك زېمىن ئانىنىڭ باغرىدىكى چىمەنزارلىقنى سۆيمەكتە ئىدى. باھار قارلىغاچلىرى خۇشاللىقتىن ئېتىزلار ئۈستىدە شوخ، لەرزان ئۇسسۇل ئوينايتتى. يەكەننىڭ ئاسمىنىدا ئەركىن موللاق ئېتىپ پەرۋاز قىلىدىغان كەپتەرلەرمۇ پەغەزلىرىدىن چىقىپ، خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولماقتا ئىدى.

باھار ئېلىپ كەلگەن تەبىئەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى.

قۇلچاق باشچىلىقىدىكى قوشۇن غەلىبە بىلەن قايتقاندىن كېيىن، يەكەن ۋاڭى ئابدۇراخمان بىلەن ئامبال بېي چاڭ مەسلىھەتلىشىپ باھارنىڭ ئىللىق كۈنىدە، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ

خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قولىغا يەتكۈزۈشنى بېكىتكەنىدى.

قۇلچاقنىڭ بۇلاڭچىلارنى يوقىتىپ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىك خەۋىرى ھەممە يەرگە چاقماق تېزلىكىدە تارالغانىدى.

بۈگۈن ۋاڭ مەھكىمىسى ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن پەرزەنتلىرىنى قارشى ئېلىش، بۇلانغان مال ـ مۈلكىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش كاتتا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى. يەكەن، يېڭىسار ، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان ئامما ۋاڭ مەھكىمىسى ئالدىنى قاينام ـ تاشقىنلىققا ئايلاندۇرغانىدى.

كىشىلەر داپ ـ دۇمباق، سۇناي ـ راۋاب، دۇتارلارنى چېلىپ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى توۋلاپ، يېقىملىق لەرزان ئۇسسۇللارنى ئويناپ، ئۆزىنىڭ شاد ـ خۇراملىقىنى ئىپادىلىشەتتى. ھەممە يەر ھېيت ـ بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن، كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا تەبىئەتمۇ ھەمدەم بولۇپ باھارنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئەتراپقا چاچماقتا ئىدى.

ئابدۇراخمان ۋاڭ، ئامبال بېي چاڭ ۋە بەگ، قازىلار مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.

قۇلچاق قوشۇنى بىلەن مەيدانغا كىرگەندە، ئالقىش سادالىرى مەيداننى قاپلىدى. قۇلچاقنىڭ قوشۇنى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مېغىزدەك تۈپتۈز رېتى بويىچە ئابدۇراخمان ۋاڭ، ئامبال بېي چاڭلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ۋاڭ، ئامبال، قازى، بەگلەرگە ۋە پۈتۈن مەيداندىكى خەلققە سالام بەردى.

مەيدان گۈلدۈراس چاۋاك ساداسى ۋە «رەھمەت ـ تەشەككۈر!» دېگەن سادا بىلەن خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلىدى.

قۇلچاق سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھۆرمەتلىك ۋاڭ، ئامبال جانابلىرى، قوشۇنىمىز

ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدى، يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى قاراقچىلاردىن بىرسىنى قاچۇرماي تەلتۆكۈس يوقاتتۇق. خەلقنىڭ بۇلانغان مال ـ مۈلكىنى تولۇق قايتۇرۇپ ئەكەلدۇق، — دېدى ھۆرمەتتە تۇرۇپ.

— بارىكاللا پالۋانلىرىم! خەلق سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ ياڭراق ئاۋاز بىلەن، — قاراڭلار! باتۇر بۇركۈتىمىز خەلقىمىز ئۈچۈن بىر كۆزىدىن ئايرىلدى، بىز ئۇنىڭغا چەكسىز رەھمەتىمىزنى بىلدۈرىمىز!

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قىزلار لەشكەرلەرگە گۈل تەقدىم قىلدى.

بېشىغا ئاق رومال چەگكەن، يېشىل رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىگە سىپتا جۇۋاز كىيىۋالغان قارا قاش، قارا كۆز، رۇخسارىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئون سەككىز ياشلاردىكى ئوماققىنا بىر قىزچاق قۇلچاققا بىر دەستە گۈلنى بېرىۋېتىپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكتى.

بۇنىڭدىن بىئارام بولغان قۇلچاق:

— سىڭلىم نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاكا، مېنىڭ ئىسمىم خالىدەم، بۇلاڭچىلار ئاتا ـ ئانامنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىق مال ـ مۈلكىمىزنى ئېلىپ كەتكەنىدى، مەن بۈگۈن شۇ بۇلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، قايغۇدىن ھەم خۇشاللىقىمدىن يېشىمنى توختىتالماي قالدىم. قايغۇرۇشۇم — ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇلاڭچىلار مېنى ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىدى. خۇشاللىقىم — سىلەر ئاشۇ بۇلاڭچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەردىڭلار. سىزگە چەكسىز رەھمەتىمنى بىلدۈرىمەن، ئاكا! — دېدى قىزچاق ئېگىلىپ سالام بېرىۋېتىپ.

قۇلچاقمۇ كۆزىگە لىق ياش ئالدى:

— سىڭلىم، قايغۇرماڭ، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلىدۇ، بۇلىغان مال - مۈلۈكنى تولۇق قايتۇرۇپ ئەكەلدۇق. ئەمدى ئۇلار خەلقىمىزگە چېقىلالمايدۇ.

قۇلچاق قايتۇرۇپ ئەكەلگەن مال - مۈلۈكنى ئابدۇراخمان ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئەمەلىيلەشتۇرگەن ئىسمىلىك بويىچە نەق مەيداندا ئىگىلىرىگە بىر - بىرلەپ قايتۇرۇپ بەردى.

خۇشاللىقتىن مەيداندا «رەھمەت قۇلچاق ! » ، «ياشاپ كەت !» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى.

ئابدۇراخمان ۋاڭ پۈتۈن جامائەتكە:

— ئەمدى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلساڭلار بولىدۇ. خەلقنى بۇلاپ - تالاپ، قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلار جاجىسىنى يېدى. تاجاۋۇزچىلار زېمىنىمىزغا كىرىشكە پېتىنىدىكەن، كەلگەن يەردىن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىمىز ! — دېدى ئۈنلۈك سۆزلەپ.

— رەھمەت ! رەھمەت ! قۇلچاق باتۇرغا رەھمەت ! ۋاڭغا، ئامبالغا كۆپ رەھمەت !

خەلقنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەيداننى چاڭ كەلتۈردى.

— جامائەت تىنچلىنىڭلار، هازىر ئامبال بېي چاڭ خان يارلىقىنى يەتكۈزىدۇ ! — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.

مەيداندىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىمتاس بولۇپ كەتتى.

ئامبال بېي چاڭ:

— جامائەت ! مەن يەكەن، يېڭىسار، سەرىكۆي خەلقلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش يولىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەهرىمانلىقلىرىنى ئىلى جياڭجۇنى ئارقىلىق خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلغانىدىم. خان ئالىيلىرى بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ مەخسۇس مەكتۇپ ئەۋەتىپ، يەكەن، يېڭىسار، سەرىكۆي خەلقلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر روهىغا

ئاپىرىن ئوقۇدى. چېگرادىكى پۇقرالارنىڭ ۋەتەننى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ يۇقىرى باھا بەردى. پۇقرالىرىنىڭ ئامان - ئېسەن، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى، ـــ دېدى.

مەيداندا قىزغىن چاۋاك، ھاياجان بىلەن قىلىنىۋاتقان تەنتەنىلەر پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈردى.

كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى شۇنچە چوڭقۇر ئىدىكى، ۋەتەننى بىر كۆل دېسەك، خەلق ئۇنىڭدىكى بېلىققا ئوخشايتتى. ئۇلار ۋەتەنگە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكى بىلەن يۇرتىنىڭ ئامان - ئېسەن تۇرۇشىنى، خەلقنىڭ ئېجىل - ئىناق، باياشات ياشىشىنى ئاللادىن تىلەيتتى .

يىغىلىشتىن كېيىن كىشىلەر خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

قۇلچاق سارايغا قايتقاندىن كېيىن، بىردىن خالىدەم قىزنى ئويلاپ قالدى: «ئۇ قىز ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇۋالغانمىدۇ؟ ئۆيىدە يەنە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بارمىدۇ؟ ئەجەبمۇ چىرايلىق، ئەقىللىك قىز ئىكەن - ھە ! » دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە.

قۇلچاقنىڭ خىيال كەپتىرى شۇ ئان سەرىكۆيگە ئۇچتى: «كۆيپەرى قانداقراق تۇرغاندۇ؟ ئوغلۇم ئارىيانى ساغلام چوڭ بولۇۋاتقانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، كۈنلىرى قانداقراق ئۆتۈۋاتقاندۇ؟ يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئانىي قىلىشىغا ئۇچرىغانمىدۇ؟ ئى، كەرەملىك خۇدا ! مەن ئۇلارنى ئۇزاق تاشلاپ قويدۇم، مېنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ ! كۆيپەرى نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟...»

ھىجرانىنىڭ ئاچچىق دەملىرىدىكى سېغىنىش تۇيغۇسى قۇلچاقنىڭ يۈرىكىنى خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك قاتتىق

ئاغرىتتى ـ دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

قۇلچاق: «مەن ئۆيگە قايتسام بولارمۇ؟ ئامبال رۇخسەت قىلارمۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئامبالنىڭ قېشىغا بېرىش ـ بارماسلىق توغرۇلۇق دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، ئىشىك قېقىلدى.

قۇلچاق خۇشياقمىغان هالدا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. يېقىن دوستى قېيۇمجان: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگىنىچە كىرىپ كەلدى. قۇلچاق خۇشاللىق بىلەن قېيۇمجان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ:

— بۇرادەر، كاللام تازا ئۇماچ بولۇپ تۇرغاندا كېلىپ، مېنى بەكمۇ خۇش قىلدىڭ، — دېدى.

— باتۇرنىڭ كاللىسى ئۇماچ بولۇپ قالسا بولمايدۇ، مەن ئۇماچنى پىشۇراي دەپ كەلدىم، — دېدى قېيۇمجان چاقچاق قىلىپ.

قېيۇمجان يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن بەستلىك يىگىت بولۇپ، قاپقارا، يوغان كۆزلىرىگە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن قېلىن قارا قاشلىرى بەكمۇ ماس كەلگەنىدى. ئاناردەك جىلۇىلىنىپ تۇرغان قىپقىزىل مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى ۋە ئەپچىلگىنە قويۇۋالغان بۇرۇتى ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇ ئەقىللىك، ئىشچان، هېسسىياتلىق، زېھنى ئوچۇق، گەپ ـ سۆزلىرى مەنىلىك ۋە سىپايە، ۋىجدانلىق، شوخ، كۆڭلى تۈز ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى.

ئۇ قۇلچاق بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، جەڭلەردە بولسۇن، ئاسايىشلىق كۈنلەردە بولسۇن هەمىشە بىللە ئىدى. ئىككىسىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئوخشاش بولغاچقا، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، كۆڭۈل سىرلىرىنى بىر ـ بىرىگە دېيىشىدىغان، بىر ـ بىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان جانجان

دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى .

قۇلچاق ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى قېيۇمجانغا دەپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىماقچى بولدى ـ دە:

— دوستۇم، مەن يۇرتۇمغا قايتايمىكىن دەيمەن. ئامبال بېي چاڭ، ئابدۇراخمان ۋاڭلار رۇخسەت قىلارمۇ؟ — دېدى سوئال نەزىرىدە قېيۇمجانغا قاراپ.

— يۇرتۇڭغا چوقۇم قايتىسەن. لېكىن، ۋاقتى قاچان، مەنمۇ بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. چوڭلارنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانلىرى باردۇ؟ — دېدى قېيۇمجان.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئۆيدىكىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم، — دېدى قۇلچاق ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باسالماي.

— دوستۇم، بەك تىت ـ تىت بولۇپ كەتمە، چىداملىق بول. سېغىنىشنى باسىدىغان كۆڭۈلەرمۇ كېلىدۇ. يۇر، بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا بارىمىز، ئۆي ئىگىسى سېنى چاقىرىپ كېلىشنى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىغانىدى، — دېدى قېيۇمجان كۈلۈپ تۇرۇپ.

قۇلچاق قىزىقىپ:

— نېمە ئۈچۈن مېنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىدىكەن؟ يا مەن ئۇلارنى تونۇمىسام، قانداق ئىش باردۇ؟ ماڭا دەپ بەرمەمسەن؟ — دېدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ، سەن تونۇمىغان بىلەن ئۇلار ھەممىسى سېنى ئوبدانلا تونۇيدىكەن. سەن خەلقنىڭ بۇلاپ كەتكەن مال ـ مۈلكىنى تولۇق قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭ، تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىپ يۇرتنى قوغداپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلدىڭ، خەلق سەندىن بەك رازى، ھەممىسى ساڭا داستىخان سېلىپ ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرمەكچى. بىراق، سېنىڭ ۋاقتىڭ يەتمەيۋاتىدۇ. بۈگۈن يۇرتتا ئىناۋەتى يۇقىرى بىر كىشى

سىنى مېھماندارچىلىقتا چاقىردى، ئۇنىڭ ھېچقانداق غەرىزى يوق. بۇ مېھماندارچىلىقتا يېقىملىق مۇزىكىلارنى، يۈرەكنى سۆدەك ئېرىتىدىغان ناخشىلارنى ئاڭلايمىز. ئۇ يەردە سەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساپ دىل، مېھماندوست، مەردانە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىسەن، — دېدى قېيۇمجان قۇلچاقنى ئالدىرىتىپ.

— سەن مېنىڭ جانجىگەر دوستۇم تۇرساڭ، نەگە باشلاپ ئاپارساڭ بېرىۋېرىمەن، — دېدى قۇلچاق قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

قۇلچاق بىلەن قېيۇمجان پاراڭلاشقاچ مېڭىپ يەكەننىڭ گۈزەردىكى تار كوچىغا كەلدى. ئاددىي كېسەكلەردىن سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن توزغاق ئارىلاشتۇرۇلۇپ سىغىز لايدا سىپتا سۇۋالغان تاملار، ئىشىكلەرنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئۇستىدىن ئاستىغىچە چىرايلىق چاپلانغان نەقىشلىك كاھىشلار، ياغاچتىن بولسىمۇ قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن قاتار ـ قاتار قوش قانات ئىشىكلەر ئادەمگە گويا ساماۋى چۆچەكلەردىكى سىرلىق شەھەرلەرنى ئەسلىتەتتى.

— پاھ ـ پاھ، بۇ تار كوچا ئەمەس، ئۆزگىچە يېقىملىق دۇنيا ئىكەنغۇ! — دېدى قۇلچاق ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىۋېتىپ.

— شۇنداق، بۇ بىر دۇنيا، بۇ دۇنيادىن ھەممە نەرسىنى تاپقىلى، كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئەجدادلارنىڭ ياشاش مۇساپىسىدە بىزگە قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلار، — دېدى قېيۇمجان.

— دوستۇم، ئازراق بىرنەرسە ئېلىۋالامدۇق؟ خەقنىڭ ئۆيىگە قۇرۇق قول بارساق بولماس، — دېدى قۇلچاق.

— ئازراق بىر نەرسە ئېلىۋالايلى، «ياغلىق تون بولماس، ئەمما كۆڭۈلگە ياخشى» دېگەن گەپ بار. بىر ـ بىرنىڭ

ھۆرمىتىنى قىلىش ئادەمگەرچىلىكنىڭ مۇھىم ئامىلى ئەمەسمۇ، — دېدى قېيۇمجان.

بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىدىكى مۇلايىملىقى، سودىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئادىللىقى كىشىگە ھەقىقىي ئىنسان پەزىلىتىنى نامايان قىلاتتى.

قولچاق بىلەن قېيۇمجان تار كوچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىر مەھەللىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مەھەللىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئوچۇق، ھويلا ئىچىدە ئۈچ - تۆت ئېغىز ئۆي بار ئىدى .

ئوتتۇرىسىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلغان بولۇپ ، ھويلىدا ئىككى تۈپ ئۆرۈك، تۆت تۈپ ئالما دەرىخى، بىر تەرەپتە ئۈزۈم بارىكى بار ئىدى. سول تەرەپتە كىچىك بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باراقسان بىر مېۋىلىك باغقا كىرگىلى بولاتتى.

ھويلا ئىچى سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەن، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك پاكىز ئىدى.

قېيۇمجان:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېدى ياڭراق ئاۋازى بىلەن دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ.

ئاشخانىچە ئۆيدىن تۆت - بەش ئادەم چىقتى. ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىرەيلەن:

— پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئالدىڭلارغا چىقالماپتىمىز، — دېگىنىچە كېلىپ خۇددى ئۇزاق يىل ئەسرالاشقان قەدىناستەك مېھمانلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كىشى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئابدۇرىشىت ئىدى.

ھەممەيلەن ئۆزئارا سالاملىشىپ، قىزغىنلىق بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشتى.

ئابدۇرىشىت:

— ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىزنىڭ بەختىمىز، — دېگىنىچە مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

قېيۇمجان قولچاققا مېھمانلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ئاخىردا:

— ئابدۇرېشىتكام ئوقۇمۇشلۇق، ۋەتەنپەرۋەر كىشى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ساڭا گۈل تەقدىم قىلغان قىزنىڭ تاغىسى بولىدۇ، — دېدى قېيۇمجان قولچاققا قاراپ.

قولچاق ئۆيگە كىرىپلا خالىدەمنى كۆردى. خالىدەم قولچاق بىلەن سالاملىشىپ:

— مەرھابا ئاكا، ئۆيىمىزگە كەلگىنىڭىزدىن بەك خۇش بولدۇق، قېنى تۆرگە چىقىڭ، — دېدى.

قولچاق خالىدەمنى كۆرۈپلا، تىلى كالۋالىشىپ قالغاندەك، يۈزلىرى بەدىنىگە ئوت تۇتاشقاندەك، يالقۇنغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. «ھەي، قېيۇمجان ئەجەب مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەپتىغۇ!» دېدى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

— ئىنىلىرىم، تارتىنماي ئولتۇرۇڭلار، تەييارلىقىم ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، سىلەر كېلىپ كۆڭلۈمنى ئاجايىپ خۇش قىلدىڭلار، — دېدى ئۆي ئىگىسى تەكەللۇپ بىلەن.

— رەھمەت ئاكا، سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى قېيۇمجان.

ساھىبخان ئۇلارنىڭ قولىغا نەقىشلىك مىس ئاپتۇۋىدا سۇ بەرگەندىن كېيىن، داستىخان سېلىپ، ئۇنى مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇردى.

مېھمانلار ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى. قولچاق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مېھماندوست، چىقىشقاق، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل خەلق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. بولۇپمۇ

يېشىللىق بىلەن گۈزەللىكنى ئۇلتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىدە جۇلالاندۇرغان ياشاش مۇھىتى ئۇنى قاتتىق مەھلىيا قىلدى .

— قېنى سازەندە ئىنىلىرىم، بىر تەرەپتىن تاماق يېگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلايلى، مېھمانلار زېرىكىپ قالمىسۇن، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئابدۇرىشىت.

دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، داپنىڭ تەڭكەشىدە ئېسىل مۇقاملار ئورۇنلىنىپ سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۇرغۇتتى، مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنىڭ سېھرىدىن سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرىكى مەستخۇشلاندى.

ئابدۇرىشىت ئاكىنىڭ دەۋىتى بىلەن خالىدەم بىر ناخشا ئېيتىدىغان بولدى. كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، يېقىملىق مۇزىكىغا ئەگىشىپ، خالىدەمنىڭ جاننى ئېرىتكۈچ، يېقىملىق ئاۋازى پۈتۈن ئۆيگە، ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەك قېتىغا سىڭىشقا باشلىدى.

ئالىدەك رەڭدار ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
بىر يېنىمدا ئوت كۆيىدۇ،
بىر يېنىمدا ئىشتىياق.
...

ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە ناخشىنىڭ سېھرىي كۈچى قوشۇلۇپ قۇلچاقنى بىھوش قىلغانىدى. مانا بۇ ھايات، مانا بۇ ياشاشنىڭ يارقىن كارتىنىسى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى خۇشاللىقى، كۆڭۈل قۇشىنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى ياشاشنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ بېيىتقانىدى ...

كېيىنكى كۈنلەردە خالىدەم قىز قۇلچاققا كۆڭۈل بۆلىدىغان،

دائىم ئۇنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغان، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بولدى. قولچاقمۇ خالىدەمنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى، غۇبارسىز كۆڭلىگە لال بولغان بولسىمۇ، بىراق مۇزتاغ ئالدىدا قىلغان قەسەم ئۇنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇراتتى.
بىر كۈنى قېيۇمجان:
— دوستۇم، سەن ئۆزۈڭنى بۇنداق قىينىما، بەشىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىك مەنسىپىڭ تۇرسا، ئىككى ـ ئۈچ خوتۇن ئالساڭمۇ بولىدىغۇ. خالىدەم قىزنى ئۇنداق قىينىماي ئەمرىڭگە ئالغىن! — دېدى ئۇدۇللا.
— دوستۇم، ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت، نىكاھ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە خاس جەلپكارلىق بىلەن نامايان بولىدىكەن، يۈرەكنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىپ، ھېسسىيات تولپارىغا مىندۇرۇپ، ھەر تەرەپكە چاپتۇرىدىكەن. مەھلىيالىق ھېسسىياتى ھەيۋەتلىك كەلكۈن سۇدەك شارقىراپ ئۆتىدىكەن. ئەڭ ئاخىردا قالىدىغىنى يەنە نىكاھتىكى ھەقىقىي پاك مۇھەببەت بولىدىكەن. مەن بىر ئۆمۈر كۈيپەرى بىلەن ئۆتۈشكە قەسەم قىلغانىدىم. ئوتتا چۈشسەممۇ قەسىمىمنى بۇزمايمەن! — دېدى قولچاق سەممىيلىك بىلەن.
— چۈشەندىم دوستۇم، شۇڭا سىلەردە خوتۇننى تالاق قىلىش ئىشى يوق ئىكەن ـ دە ؟! — دېدى قېيۇمجان.
قولچاق بىلەن قېيۇمجاننىڭ پارىڭى تازا قىزىۋاتقاندا، ئىشىك قېقىلدى. قولچاق بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئامبالنىڭ خاس خىزمەتچىسى ئەخمەتجان كىرىپ كەلدى .
— ۋۇي، سىزنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى قولچاق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.
— سىزنى يوقلاپ كېلىش ئويۇمدا بار ئىدى، بىراق مەن

قاتىلاڭچىلىقتا زادىلا ۋاقىت چىقىرالماي قالدىم، ئەپۇ قىلارسەن.
ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭ سېنى دەرھال كەلسۇن دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى ئەخمەتجان.
— ماقۇل، ھازىرلا باراي، — دېدى قۇلچاق، ئاندىن قېيۇمجانغا قاراپ، — پارىڭىمىزنى كېيىن سىيلىشۋالارمىز، — دېدى.
قۇلچاق ئامبال مەھكىمىسىگە كەلگەندە، خىزمەتچى: «ۋاڭ بېگىم بىلەن ئامبال سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دەپ خەۋەر بەردى.
قۇلچاق قوبۇلخانىغا كىرگەندە، ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى.
قۇلچاق ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئابدۇراخمان ۋاڭ:
— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئەزىمەت. بۇگۈن ياخشى چۈش كۆرگەنىمىدىكىنز، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئامبال بېي چاڭ:
— سېنى تەبرىكلەيمەن، بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى تۆھپەڭگە ئاساسەن مەنسىپىڭنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ، ساڭا تۆت جەرىكلىك ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بەردى. مانا بۇ تەيىنلەش بۇيرۇقى يېزىلغان مۆھۈرلۈك ۋەسىقە، بۇ تۆز پەيلىك ئوتۇغات، — دېدى قۇلچاققا سۇنۇۋېتىپ.
— كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ! — دەپ ئېگىلىپ سالام قىلدى قۇلچاق تۆز پەيلىك ئوتۇغات بىلەن مۆھۈر باسقان ۋەسىقىنى قولىغا ئېلىپ.
— سېنى مۇبارەكلەيمەن، سەن خەلقىمىزنىڭ تۆھپىكار باتۇر ئوغلانى، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ قۇلچاقنى تەبرىكلەپ.
ئامبال بېي چاڭ قۇلچاققا قاراپ:
— يەنە بار، سېنى خوتەن شەھىرىنىڭ سەردار نىشانى قىلىپ ئالتە قازىغا باش قىلىپ تەيىنلىدۇق. ئۇ يەرگە ئۇقتۇرۇشنى

يەتكۈزۈپ بولدۇق. ئەتىلا يولغا چىقىپ مەنسەپكە ئولتۇرغىن ! ــ دېدى.

قۇلچاق نېمە دېيىشىنى بىلمەي، قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ سەرىكۇيغا كېتىش ئاززۇسى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. ئۇ يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى.

قۇلچاقتىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەن ئامبال بېيى چاڭ قۇلچاقنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ بولدۇم. سەن سەرىكۇيغا، ئۆيۈڭگە كېتىشكە ئالدىراۋاتىسەن. بۇ ئىشنى بىزمۇ كۆپ ئويلاشتۇق. لېكىن، هازىر ۋاقتى ئەمەس. بىز تېخى ئۇ تەرەپنىڭ ئەهۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىدۇق. شۇڭا، ئەپۇ ئېتىشكىنى ئاچقىن، پەيتى كېلىدۇ، ــ دېدى.

ــ قۇلچاق، ئامبالنىڭ دېگىنى توغرا. سەن هازىر تۆتىنچى دەرىجىلىك هاكىمبەگ. سەرىكۇيدا بەشىنچى دەرىجىلىك هاكىمبەگلىك ئورۇنلا تەسىس قىلىنغان. ئىشلار بىر ئاز مۇرەككەپ، يۇقىرىدىن مەلۇمات كەلگەندىن كېيىن بىر نەرسە دەيمىز، ــ دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ.

قۇلچاق:

ــ مېنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. ۋەزىپىنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلايمەن، ــ دېدى ـ دە، كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا ئامبال مەهكىمىسىدىن چىقىپ كەتتى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ئىشقۋازلىقنىڭ ئاقىۋىتى

سۇدۇربەگنىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنى مىرغابقا كېلىپ توختىدى. سۇدۇربەگ قوشۇننى ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئون نەچچە ئادىمىنى ئېلىپ ئۇدۇل گۇرگىكنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

سۇدۇربەگنىڭ كېلىشىدىن ئالدىنئالا خەۋەردار گۇرگىك بارلىق تەييارلىقلارنى تەخ قىلىپ قويغانىدى.

گۇرگىك سۇدۇربەگ باشچىلىقىدىكى مېھمانلارنى مېھمانخانا ئۆيىگە باشلاپ، قويى سويۇپ مېھمان قىلدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، سۇدۇربەگ گۇرگىككە:

— ئاغىلاڭ، هازىر بىر مۇهىم ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەكچىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ بېگىم، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى گۇرگىك.

سۇدۇربەگ ئورنىدىن ئۆزىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ قويۇپ بىر - ئىككى يۆتەلگەندىن كېيىن:

— مەن بۇ قېتىم بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن سەركۈينى ئىشغال قىلماقچى. خان ئالىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشنى پۈتكۈزمەكچى

بولدۇق. بۇنىڭدا سىزنىڭ ۋە سارىقجان، گۈلبىغەلەرنىڭ ياردىمىگە تايانماقچىمەن. قانداق قارايسىزكىن؟ — دېدى گۆرگىنككە قاراپ. سۇدۇربەگنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن گۆرگىنك:

— بولىدۇ، بېگىم، ھەرقانداق ئىش بولسا قىلىشقا مەن تەييار، — دېدى ھەييارلىق بىلەن.

سۇدۇربەگ قولى بىلەن گۆرگىنكنى يېقىن كېلىشكە ئىشارەت قىلدى.

گۆرگىنك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دىكىلداپ كېلىپ سۇدۇربەگ تەرەپكە كۈلۈمسىرەپ ئېگىلدى.

سۇدۇربەگ گۆرگىنكنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى پىچىرلىدى. گۆرگىنك قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇردى .

— ياخشى، بۇ قېتىمقى ئىشنى دېگىنىمدەك پۈتكۈزسىڭىز مەن سىزنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمەن. خانىڭمۇ مۇكاپاتىغا ئېرىشىسىز، — دېدى سۇدۇربەگ.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەن ھەمراھلىرىمنى ئېلىپ ھازىرلا يولغا چىقىمەن، — دېدى گۆرگىنك خۇشال ھالدا.

8 ـ ئاينىڭ بېشى، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، سەرىكۆي باغرى پىشقان ئالمىدەك رەڭدار كۆرۈنەتتى. سارغايغان ئوت ـ چۆپلەر پۆپۈكلىرىنى كۆتۈرەلمەي، ئېگىلىپ تۇراتتى. تاغ سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈككى، تېگىدىكى تاش ـ شېغىللار ئەينەكتەك كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتقان قوتازلار، تاغ چوققىلىرىدىكى كېيىكلەر سېمىزلىكتىن تىقىلىپ كەتكەندى. ئوتلاپ يۈرگەن يادىدىكى سەمرىپ تولۇمدەك بولۇپ كەتكەن قويلار قۇيرۇقلىرىنى تەستە سۆرەپ ماڭاتتى.

ئېتىزلاردىكى پامىر بۇغدىيى سارغىيىپ پىشقان بولۇپ، دانلىرى قىزىل مارجاندەك چاقناپ تۇراتتى. بۇ ئېگىزلىك

رايونغا ماس كېلىدىغان بوغداي سورتىنى پامىردىكى تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، قىزىل بوغداي دەپمۇ ئاتىلاتتى. ماي ۋە قەنت ماددىسى يۇقىرى، نېنى ئىنتايىن يۇمشاق، يېپىشلىك، ئايلاپ ساقلىسىمۇ قېتىۋالمىغاچقا، ياشانغانلارنىڭ، بىمارلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى ھېسابلىناتتى.

بۇ بوغداي ئۇننى يىراق يەرلەردىن سودىگەرلەر كېلىپ قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئەكېتىشەتتى.

ئۆتكەندە سارىقجان، گۈلبىغەلەرمۇ ئەكەلگەن ماللارغا سەرىكۆينىڭ قىزىل بوغداي ئۇننى ئالماشتۇرۇپ ئەكەتكەنىدى.

ئالتە تۆگىگە يۈك ئارتىپ، ئاتلىق يولغا چىققان گۆرگىك، سارىقجان، گۈلبىغەلەر شىنگۈن جىلغىسىدىن چىقىپ، ۋەرشىدې دىيارىغا قەدەم قويغاندا، قۇياش چەربەسىن تېغىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە ئىككى ئارغامچا بويى قالغانىدى.

— ئۇدۇللا ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە بارامدۇق؟ — دەپ سورىدى سارىقجان گۆرگىكتىن.

— قېنى گۈلبىغە سىڭلىم نېمە دەيدىكىن؟ — دېدى گۆرگىك گۈلبىغەگە مەنىلىك قاراپ.

گۈلبىغە ئەمدىلا تويى بولغان نىۋانزىدەك (تويى بولغان قىز) ياسىنىۋالغان بولۇپ، كۆلتىسى ئۈستىدىكى سىلسىلا (بېشىغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى)، ئىككى تەرەپكە ئاسقان گىكۆر، قۇلىقىدىكى ئالتۇن زىرە، بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەزۈك ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقان ئىدىكى، گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. ئۇ سۈرمە بىلەن قېشىنى تارتقان بولۇپ، كۆزلىرى كۆكتىكى چولپاندەك چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ قېشىنى يىمىرىپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە، ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە بارىمىز ـ دە، ئۇ دەلدۈش بىزنى سېغىنغاندۇ ؟! — دېدى قاقاھلاپ كۈلۈپ.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاقاھلاپ كۈلۈشتى. بۇ كۈلكە ئاۋازى شۇنداق غەيرىي ياڭرىدىكى، سەرىكۇينىڭ تىپتىنچ ئارامىنى بۇزۇپ، سۈزۈك ئاسماندا چېكىتتەك بىر قارا داغ پەيدا قىلدى. بۇ داغ بىردەمدىلا قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپ، كۈلۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىنى يايلاق ھۆسنىدىن ئۈچۈرۈۋەتتى، ئۇ ئاپپاق ھۆسنىدىن نۇر يىغىپ تۇرغان مۇز تاغ ئاتا تەرەپكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— بۇ سىرلىق ماكان ماڭا گۆھەر قاچىلانغان خالتىدەك بىلىنىدۇ. شۇ خالتىنى قولۇمغا ئېلىپ، گۆھەر پادىشاھىغا ئايلانسام دەيمەن، — دېدى گۇرگىك.

— بۇ ئويلىغانلىرىڭىزنىڭمۇ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئاز قالدى. كىم بىلىدۇ؟ سۇدۇربېگىم ئىنساب قىلىپ، بۇ يەردىكى ھوقۇقنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرەمدۇ تېخى، — دېدى سارىقجان گۇرگىكنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— ۋېيەي، سەرىكۇينىڭ قىزىل بۇغداي نېنى، سېمىز پاقلان گۆشىنى، ئەڭلىكئوت سالغان سېرىق مېيىنى ئەجەب سېغىنىدىم، بېرىپلا قايماق قوشۇپ ئەتكەن لەدەرەنج چېيى بىلەن مەززە قىلىپ يېسەم ھاردۇقۇم چىقاتتى، — دېدى گۈلبىغە.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ ھاكىمبەگنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

ئۇلار ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ھاكىمبەگنىڭ ئۆيدىكىلەر، خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

بىرنەچچە قېتىم سودا ئىشى بىلەن كەلگەن بۇ مېھمانلار بۇ ئۆيدىكىلەرگە بەش قولدەك تونۇش ئىدى.

— ھاكىمبەگ تاشقەلئەدە ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى گۇرگىك ئۆي خىزمەتچىسىدىن.

— شۇنداق، هازىر بىرەيلەننى ئەۋەتەي، — دېدى خىزمەتچى.
— گۇرگىنك، گۇلبىغەلەر كەيتۇ دېسە بولىدۇ. بۇ قېتىم چوڭراق سودا ئىشىنى هاكىمبەگ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمىز. بۇنىمۇ دېسۇن، — دەپ تاپىلىدى گۇرگىنك.
مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ تېخى چايىنى ئىچىپ بولمايلا، هاكىمبەگ مەمەشاھ يېتىپ كېلىپ، مېھمانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. گۇلبىغەگە قولىنى بەرگەندە، گۇلبىغە قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ، قولىنى يېنىك چىشلەپ قويدى. بۇنىڭدىن تارالغان بىر دەھشەتلىك ئوت هاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ، ئەسلىدىنلا سېغىنىپ تۇرغان يۈرىكىنى قارماققا چۈشكەن بېلىقتەك پىلتىڭلىتىۋەتتى.
هاكىمبەگ مەمەشاھ مېھمانلارنىڭ ئەتراپىدا گويا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈپ كۈتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - هوشى گۇلبىغەدە ئىدى.
سارىقجان بىلەن گۇرگىنك هاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ گۇلبىغە سىزغان سىزىقتىن چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، پىلاننى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشقا باشلىدى.
— هاكىمبەگ جانابلىرى، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن بىلەن سارىقجان بۇ يەردىكى تۇغقانلىرىمىزنى يوقلاپ كەلسەك. گۇلبىغە سىڭلىم بۇ يەردىكى ماللارغا قارىغاچ سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بىزنى ساقلىسا قانداق؟ — دېدى گۇرگىنك.
مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ تۇرغان هاكىمبەگ دەرھاللا:
— بولىدۇ، خالىغىنىڭلارچە تاماشا قىلىپ كېلىڭلار، سىلەرگە ئادەم قوشۇپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يوقسۇ، هەممە يەر بىزگە تونۇش بولغاندىكىن، ئۆزىمىز ئايلىنىپ كېلىمىز، سىلەرنى ئاۋارە قىلمايلى، — دېدى

سارىقجان.

— مەيلى، ئەمسە دىگىنىڭلاردەك بولسۇن، — دىدى ھاكىمبەگ ئۇلارنى تېزرەك يولغا سېلىشقا ئالدىراپ.

بىر قىسىم كىشىلەر مەرتىۋە، ئامەت، بەخت ئالدىدا كۆپىنچە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ھەيۋەتىدىن يەر - ئاسمان تىترەپ تۇرىدىغان سۇرلۇك بىر يەرلىك ھۆكۇمراننىڭ بىر نازىنىن ئالدىدا چۈمۈلىدىنمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟

گۈلبىغەنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى، تاتلىق - شېرىن سۆزلىرى، ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ، يىلىكىدە توختايدىغان قاراشلىرى، جاننى ئېرىتكۈچ لەۋلىرىنىڭ سىرلىق سۆيۈشلىرى مەمەشاھنى تولۇق ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

مەمەشاھ «سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار» دەپ گۈلبىغە بىلەن ئايرىم مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ سۇسىراپ قالغان كالىدەك گۈلبىغەگە تاشلاندى؛ ئېچىرقاپ قالغان بۆرە ئوغلاقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندەك گۈلبىغەنىڭ بېلىدىن تۇتۇپلا ئۆزىگە تارتقانىدى، نازىنىننىڭ سىلسىلاسى جىرىڭلاپ، چاچقا ئاسقان سەدەپلەر شاراقلاپ كەتتى.

ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بۇ چوكان خۇددى ئاشىقىغا ئۆزىنى ئاتقان مەشۇقتەك مەمەشاھنىڭ ئىختىيارىغا ئۆزىنى تاشلىدى. گۈلبىغەنىڭ ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىدىن تارالغان ئاتەش يالقۇنى مەمەشاھنى كۆيدۈرۈپ، ئەس - ھوشىنى تارتىپ كەتتى. ئىنساننىڭ شەھۋانىي ھەۋەسى ئەخلاق پەردىسىنى يىرتىپ، يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، ئەركەكنىڭ ئاشۇ نازىنىنغا بولغان ئىنتىلىشى ئۇنىڭغا باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئەرزىمەس قىلىپ قويىدىكەن، مانا، شۇ تاپتا مەمەشاھ پۈتۈن ئەسلى - ۋەسلىنى ئۇنتۇپ، گۈلبىغەگە

ئۆزىنى ئاتىدى. مەمەشاھنىڭ گۈلبىغەنى ياخشى كۆرۈشى گۈلبىغەنىڭ ئۆزى يەتمەكچى بولغان نىشانغا يېتىشى بىلەن ۋىسال تاپتى.

— جانىم، مېنى راست ياخشى كۆرەمسىز؟ — دېدى گۈلبىغە ئۇنىڭ قويىنىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ مەن سېنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. يولۇڭغا قاراپ كۆزۈم تۆت بولغاندا ئاران پەيدا بولدۇڭ. ئەمدى ئۇزاقراق تۇرىدىغانسەن ؟ — دېدى ھاكىمبەگ مەمەشاھ.

— بۇ سىزگە باغلىق، مېنىڭ دېگىنىمنى قىلسىڭىز، قاچانغىچە تۇر دېسىڭىز شۇ ۋاقىتقىچە تۇرالايمەن، جانىم، — دېدى گۈلبىغە ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ.

— ۋاي جانىم، جانىم ساڭا پىدا ! نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن، — دېدى مەمەشاھ ئۇنى شاپىلدىتىپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

— چوڭ ئىشقۇ يوق، مېنىڭ بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرۇشۇمغا بىرەر باھانە - سەۋەب بولۇشى كېرەك. ئەتە قىرىق تۆگىدە سودىگەر ئىشان بېگىم مال - بۇيۇم ئەكېلىدۇ. ئۇ ئادەممۇ يۈزى بار، نامى چىققان ئادەم. سىز مېنىڭ جانىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە چۈشسە، سىز ئۇلارنى بىر كۈتۈۋالسىڭىز. مېنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك ئىناۋىتىم بارلىقىنى ئۇلار بىر بىلسۇن. شۇنداق بولغاندا مېنىڭمۇ يۈزۈم كۆتۈرۈلىدۇ ھەم بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرۇشۇمغا ئىمكانىيەت بولىدۇ قانداق، قوشۇلامسىز، جانىم؟ — دېدى گۈلبىغە يەنە ئىككى قولىنى مەمەشاھنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ مەيدىسىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە يېقىپ تۇرۇپ.

— بۇ ئاسان ئىش ئىكەنغۇ، دەرھال تەييارلىق كۆرۈشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئۇلار ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلسۇن. مەن

شارتخوجا، شاھ مىرزىلارنى چاقىرىمەن. ئۇلار مەن بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالسۇن، — دېدى مەمەشاھ گۈلبىغەنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ .

— ۋىيەي جانىم، سىزنى بەك ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. شۇ ئىككى ئادەمدىن باشقا ئادەمنى چاقىرماڭ. «قاسساپ كۆپ بولسا مال ھارام بولىدۇ» دېگەندەك، ئادەم كۆپ بولسا ئىشنى ئېپدىتلىق قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە مەن، گۇرگىك، سارىقجانلار بار. مېھماننى سىز بىلەن بىللە كۈتۈۋالىمىز. مەن يېنىڭىزدا تۇرۇپ مېھمان كۈتۈشۈپ بەرسەم، ئۇلار ئىككىمىزنىڭ يېقىنلىقىمىزنى كۆرۈپ، كۆزىدىن ئوت چاقناپ، ھەسەت ئوتىدا كۆل بولۇپ كەتسۇن، — دېدى گۈلبىغە نازلىنىپ تۇرۇپ.

— بۇ مېھماندارچىلىقتا تەييارلىق كۆرۈش ھوقۇقىنى ساڭا بەردىم، قانداق ئورۇنلاشتۇرساڭ بولىۋېرىدۇ. مېھمانلار كۆپ ئىكەن، ھۆرمىتىڭگە بىر قوتاز، بەش قوي سويايلى، قانداق؟ — دېدى مەمەشاھ گۈلبىغەگە ئۆزىنىڭ ئامراقلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ۋاي جانىم، مېنى ئەجەب خۇش قىلدىڭىز، ھەقىقىي ئەركەك ئىكەنسىز ! — دېدى گۈلبىغە خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي.

«تۈلكىگە كېلىشمەسلىك كەلسە ئۇۋىسىدا قاۋايدۇ» دېگەندەك مەمەشاھ ئۆيىدىن چىقماي، ئۆزىنىڭ ھاكىمبەگلىك مەرتىۋىسىنىمۇ ئۇنتۇپ، گۈلبىغە بىلەن بولۇپ كەتتى.

مەمەشاھ ئىشقىۋازلىق مىجەزىنى تۈلكە خۇيى بىلەن يېپىپ، ئايالى ئالدىدا قىلچە چاندۇرماي :

— مەن نۇرغۇن سودا ئىشىنى پۈتكۈزدۈم. بۇ ئايال بىلەن ھېلىقى ئىككىسى بىزگە كۆپ نەپ يەتكۈزىدىغان كاتتا سودىنى قىلماقچى. بۈگۈن قىرىق تۆگىدە مال كېلىدۇ. موشۇ يەرگە چۈشۈرۈپ، يېرىمىنى بىزگە قالدۇرۇپ، قالغىنىنى بازارغا

سالىدۇ، ـــ دېدى ئايالىغا ئۆزىنى ئەقىللىق كۆرسىتىپ.

ئايالى گۈلزىيانىڭ كۆڭلى تۈز بولغاچقا، ئۇ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا:

ـــ بوپتۇ، ئۇيلاپراق ئىش قىلىڭ، خەقنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كەتمەڭ يەنە، ـــ دېدى ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن.

ـــ خاتىرجەم بولۇڭ، گىنىم (خوتۇنۇم)، مېنىڭ سايەمدىن ئاتلاشقا كىم جۈرئەت قىلالىسۇن ؟ كېلىدىغان مېھمانلار كۆپ ئوخشايدۇ. ھەر خىل تائاملارنى يەتكۈدەك تەييارلاڭلار، ـــ دېدى مەمەشاھ ئايالى گۈلزىياغا تاپىلاپ.

ـــ ئەمىسە مېھمانلارغا سىز ھەمراھ بولۇپ تۇرۇڭ، مەن ئاياللار بىلەن ئۆي ئىشىنى پۈتكۈزەي، ـــ دېدى - دە، گۈلزىيا ئۆي ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

مەمەشاھنىڭ خۇي - مىجەزىنى تولۇق بىلىۋالغان سارىقجان بىلەن گۇرگىك مەمەشاھ، گۈلبىغەلەر مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ھاكىمبەگ بىلەن گۈلبىغەنى مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ، يەنە غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى مەمەشاھقا ياغدەك ياقتى - دە، گۈلبىغەگە قاراپ ھەقىقىي دوستلۇققا يارايدىغان ئەزىمەتلەر ئىكەن، ـــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـــ ۋۇي ئەسكى، خۇش بولۇپ كەتكىنىنى قارا، ـــ دېدى گۈلبىغە ناز بىلەن.

مەمەشاھ ئۇنى كۆتۈرۈپلا تۆرگە ئاچىقتى، لەۋلىرىنىڭ جۇپلىشىشى بىلەن نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى، گۈلبىغەنىڭ يېنىك ئىڭرىشى ۋە چاچ تەڭگىلەرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى بىلەن مەمەشاھنىڭ بۇقىدەك خارتىلدىغان ئاۋازى بۇ ئىككى جاننى

جىنسىيەتنىڭ مەستخۇش قىلىدىغان تېگى كۆرۈنمەس كۆلگە چۆكتۈردى. گۈلبىغەنىڭ قوينى ئۈنى چوغدەك كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. مەمەشاھنىڭ نەپسى تاقىلداپ تۇرغانسېرى گۈلبىغە ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۈنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئېغىز ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئالىدىغانلىرىنى سورايتتى.

مەمەشاھنىڭ ئىشقىۋازلىق خۇمارى قوتراپ كەتكەندى. ئۇ گۈلبىغەنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئادىمى بىلىپ، ھەممە مەخپىيەتلىكنى ئۇنىڭغا تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. مەمەشاھ ئىشقىۋازلىق ھېسسىياتىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۆزىنىڭ سەرىكۈينىڭ بېشى ئېكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىدى.

سەرىكۈينىڭ 8 ـ ئاي كۈنلىرىدىكى ئاسمىنى شۇنچە ئوچۇق بولۇپ، بۇلۇتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. قۇياش سەرىكۈي ئاسمىنىنىڭ ئۈستىدە چوغلىنىپ كۆيۈۋاتقان ئوت شارىغا ئوخشايتتى. تىك چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا، ئەتىگەندە ئۆزىراپ كۆرۈنگەن سايىلارمۇ قىسقىراپ، تاپان ئاستىغا يىغىلغانىدى.

ـــ مېھمانلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدىغۇ دەيمەن، ـــ دېدى گۈلبىغە مەمەشاھقا.

ـــ ئۇنداق بولسا، بىز ئەر خەقلەر دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ساقلايلى، ـــ دېدى مەمەشاھ.

ـــ ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن سىلەر بىلەن چىقسام بولىۋېرىدۇ، ـــ دېدى گۈلبىغە دەرۋازا تەرەپكە مېڭىۋېتىپ.

مەمەشاھ، شارتغوجا، شاھ مىرزا، سارىقجان، گۇرگىنك قاتارلىقلار دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ مېھمانلارنى ساقلىدى.

شارتغوجا ھاكىمبەگ مەمەشاھقا بىر ئىشنى دېمەكچى بولۇپ يېنىغا كېلىشىگە گۈلبىغە شاپىدە ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. شارتغوجا گېپىنى دېيەلمەي ئاستا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى.

شارتغوجا بىر ۋەھىمىنى سەزگەندەك، بىئارام بولغىلى

تۇردى.

ئۇ تازا تـىت ـ تىت بـولۇپ تۇرغـانـدا، شاھ مىـرزا يېنىـغـا كەلدى. شارتغوجا بىر ئەقىل تاپقانـدەك بولۇپ، شاھ مـىرزىنىـڭ قۇلىقىغا: «سەن گۈلبىغەنى بىردەم گـەپكە تۇتـۇپ تۇرغىن، مـەن ھاكىمبەگكە بەزى ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلاي» دېدى پىچىرلاپ.

شاھ مىرزا چاندۇرماي گۈلبىغەنىڭ قېشىـغا بېـرىپ، ئۇنىـڭ قىزىقىـدىغان نەرسىلـىرىدىن گەپ تېشىپ، ئۇنى بىردەم گـەپ بىلەن تۇتۇپ قالدى.

شارتغوجا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چاققانلىق بىلەن ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ:

— مەن سەل ئەنسىرەپ قـالدىم، سارىقچان بىـلەن گۇرگىـك ئۇستىـخان ئىـزدەۋاتقان ئىـتتەك بـۇ ئـۆيىنىـڭ ئـالدى ـ كەيىـنى تەرەپلىرىنى تىمىسقىلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىمـۇ باشقىچىرەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، گۈلـبىغەمـۇ سىزگە گـەپ قىلـىشـىمـىزغا پۇرسـەت بەرمەيۋاتـىدۇ. ماڭـا بـىر ئىـش يۈز بېرىدىغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. مەن ئۆزىمىز تـونۇمايدىـغان شۇنچـە جىق ئـادەمنىـڭ ئـۇدۇللا ئۆيـىڭىزگـە كېلىـشـىدە بىـرەر گـەپ بارمىكىن، دەپ قالدىم. بىزدىن بۇ يەردە پەقەت ئۇچلا كىشى بـار، بىرەر ئىش چىقسا تاقابىل تۇرالماي قالىمىز. چېرىكلىرىمىزدىن قىرىق ـ ئەللىكنى يېقىن ئـەتراپقا ئـەكېلىـپ قويامدۇق يـا، — دېدى.

— ئۇنـداق قىلسـاق مېھـمـانلارغا ئـەدەپسىزلـىك قىلغـان بولىمىز. بۇلار ئـۆتكەن يىلـىدىن بـاشلاپ بىز بىـرقانچـە قېتىـم كۆرۈشكەن بۇرادەرلىرىمىز. ئۇنىـڭ ئۇستـىگە گۇرگىـكنىڭ بـۇ يەردە تۇغقانلىرى بار. بىرەر ئەھۋال بولسا بىزگە دەر ئىدى. سىز جىق ئويلاپ ئۆزىڭىزنى يۈرەكئالدى قىلماڭ. بۇلار ئىشەنچلىك، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار بىلەن ئىككى يىلدىن بېرى

باردى ـ كەلدى قىلىۋاتىمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغان تۇرساق، گۇمانلىنىشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق، — دېدى مەمەشاھ كەسكىنلىك بىلەن.

شارتغوجا يەنە بىرنەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، گۈلبىغەنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، گېپى ئاغزىدىلا قالدى.

— ئەنە مېھمانلار كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بىرسى.

ئۇنىڭغىچە يىگىرمىدەك ئاتلىق ئىشىك ئالدىغىلا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

— ئەنە ئاۋۇ ئاق ئات مىنگىنى سۇدۇر ئىشان بېگىم، — دېدى گۈلبىغە مەمەشاھقا ئاستا پىچىرلاپ.

ھاكىمبەگ مەمەشاھ قاتارلىقلار: «خۇش كېلىپسىلەر مېھمانلار! » دەپ ئالدىغا بېرىشىغا، كەلگەنلەر شارتتىدە قوراللىرىنى تەڭلەپ ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى.

مەمەشاھ مەستلىكتىن يېشىلگەن ئادەمدەك كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىغانىدى، قورشاۋدا پەقەتلا ئۆزى بىلەن شارتغوجا، شاھ مىرزا ئۈچەيلەنلا بار بولۇپ، گۇرگىك، گۈلبىغە، سارىقجانلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەمەشاھنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك سىلكىنىپ كەتتى.

ئۇ ئېسىنى يىغىپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ مەن سەركۈينىڭ ھاكىمبېگى، سىلەرنى مېھمان كۆرۈپ ئالدىڭلارغا چىقسام، سىلەر ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسىلەر؟ ! — دېدى چېچىلىپ.

— سەن ھاكىمبەگمۇ؟ — دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى ئۇنىڭ قورال تەڭلەپ تۇرغان ئەتىۋارلىق «مېھمانلىرى».

— قاراڭلار، مۇنداق يارىماس بىرنېمىنى تېخى بۇ يەردە ھاكىمبەگ دەپ يۈرۈپتۇ. بۇلارنى باغلاپ، ئۆيىنى قورشاڭلار. بىرەركىشىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئېگىز

بوي، كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىققان، كەكە ساقال بىرسى ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ.

شارتىغوجا بىردەم تىپىرلاپ باقتى، تۆت ـ بەش كىشى ئۇنى مەھكەم باغلاپ مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى.

شاھ مىرزا مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى سورىغانلارغا تىلى گەپكە كەلمەي، نېمە دېسە شۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى.

ـــ ھۇ لەئىن پاسكىنا، مېنى ئەجەب ئالدايتتۇ ! ـــ دېدى مەمەشاھ ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇراپ، ـــ ئۇ مەينەتنىڭ كۆيدۇم، سۆيدۇم، ياخشى كۆرىمەن، سېغىندىم دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپتىمەن. تېخى ئاللانىڭ نامىدا قەسەم قىلغانلىرىچۇ ! ئۇ يەزىت سېپى ئۆزىدىن دۈشمەن ئىكەن. مېنىڭ كۆزۈم كور بوپتۇ، ئەقلىمنى لاي بېسىپتۇ، ـــ ئايانچلىق سۆزلەيتتى مەمەشاھ قاتتىق ئۆكۈنۈش بىلەن.

سۈدۈربەگنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ قويۇپ: «قېنى بۇلار نېمە دەيدىكىن؟» دەپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتاتتى.

مەمەشاھنىڭ يۈزى ساماندەك سارغايغان بولۇپ، كۆزلىرىگە قىپقىزىل قان تولغانىدى. ئامال قانچە، قولى باغلاقلىق. ئۇنىڭ بۇ ھالەتكە چۈشكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تېخى باياتىن جاھانغا پاتماي، شېرىن سۇخەن نازىنىنىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، سايىسىدىن چۈشنىنىمۇ ئاتلاتقۇزمايدىغان ئەلپازىدىن ئەسەر قالمىغانىدى.

ـــ «نەپسىڭ يامان بولسا بېشىڭ ئامان قالماس» دېگەننى راست ئىكەن، ئىست، شارتىغوجىنىڭ گېپىنى نېمە دەپ ئاڭلىمىغاندىمەن؟ ـــ دەپ ئويلىدى مەمەشاھ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ چۈشكەن ياش مەڭزىنى بويلاپ بۇرۇتىغا ئاقماقتا ئىدى.

شارتغوجا:

— ئىسىت! بىرەر جەڭدە ئۆلگەن بولسامۇ مەيلى ئىدى. بىر پاسكىنىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، قاناتلىرى پوقىقا يېپىشقان چىۋىنغا ئايلىنىپ قالدۇق. «شەيتان ساڭا جەننەتنى بەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئالدانما» دېگىنى ھەقىقەت ئىكەن، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

بۇ ئۇچ كىشىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن سۇدۇربەگنىڭ لەشكەرلىرى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك مەسخىرىلىك كۈلەتتى.

ئۆيدىن چىققان بىر لەشكەر سۇدۇربەگكە:

— ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەزەربەند قىلدۇق. بىز ئۇچۇن تەييارلىغان تائاملار بەكمۇ كۆپ ئىكەن. قازانلاردا گۆشلەر پىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— بۇ بىر دەلدۈش ھاكىم بولغان بىلەن خېلى ئادەمگەرچىلىكى بار ئوخشايدۇ. بىز ئۇچۇن تەييارلىغان تائامغا ئېغىز تەگكۈزمىسەك بولماس، — دېدى سۇدۇربەگ مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇ قولى باغلاقلىق مەمەشاھقا قاراپ:

— «باشتا ئەقىل بولمىسا، جان ئازابتا» دېگەن گەپ بار. سەن بۇ ئازابىڭنى شۇ ئەقىلسىز بېشىڭدىن كۆرسەڭ بولىدۇ، — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى.

مەمەشاھ خورلۇقتىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى. ئۇنىڭغا تۇزاققا چۈشكەن سۇغۇردەك مۆل - مۆل قاراشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

سۇدۇربەگ غەلىبە قىلغان گېنېرالدەك كېرىلىپ كەتكەندى. ئۇ تاغ تۈلكىسىدەك ئۇياق - بۇياققا يورغىلاپ ماڭاتتى. پات - پات ئۆزىنىڭ كەكە ساقىلىنى سىلاپ قوياتتى.

ئۇ يەنە مەمەشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھە راست، ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مېنىڭ ئىسمىم سۇدۇربەگ، قوقەن خانى مېنى سەرسكۆينى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. «ئىشنى قىلىمىز پەم بىلەن، چاينى ئىچىمىز تەم بىلەن» دېگەندەك بۇ يەردە چوڭ غوۋغا قوزغاتمايلا ئىشنى پۈتكۈزدۈم. سەنمۇ گۆلبېغە سىڭلىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بىر پاي ئوق چىقارماي ياۋاشلىق بىلەن سەرسكۆينى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردىڭ. تېخى قوي سويۇپ ئوبدان مېھمان قىلدىڭ، بۇ جەھەتتىن ساڭا رەھمەت دېسەم بولىدۇ، — دېدى تەنە بىلەن.

سۇدۇربەگنىڭ زەھەردەك گەپلىرى مەمەشاھنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋەتتى. ھاياتىنىكى بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنى ئويلىغانسېرى ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

سۇدۇربەگ غەلىبە قىلغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ قانغا بويالغان قولى باش ئەگمىگەن جانلارنى ئۇدۇللۇق ئۇ دۇنياغا يولغا سالاتتى.

سۇدۇربەگ ئۆز قوشۇنىنىڭ تاشقەلئەگە كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا بۇيرۇق قىلدى.

— ئەمدى سېنىمۇ تاشقەلئەگە ئاپىرىمىز، سەن نەزەربەندتە تۇرۇپ مېنىڭ باشقۇرۇشۇمنى كۆت، — دېدى سۇدۇربەگ مەمەشاھنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىپ.

— ۋۇي ئىپلاس، سەن ھەقىقىي ئەركەك بولساڭ مەن بىلەن ئېلىشىپ بۇ يەرنى ئالساڭ بولمامدۇ؟ بىرپاسكىنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، چىدىماسىنىڭ ئويۇننى ئويناپ، يەنە ئۆزۈڭنى ئەر چاغلاۋاتامسەن؟! — دېدى مەمەشاھ.

— توغرا دەيسەن، ئەقىللىق ئەركەك جېنىنى ئايال كىشىگە تاپشۇرمايدۇ. ئەمدى نەزەربەندتە ئىشقىۋازلىقىنىڭ پەيزىنى ئوبدان سۈرۈۋال، — دېدى سۇدۇربەگ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

سۇدۇربەگ ئۆزىنىڭ بەش يۈز لەشكىرى بىلەن تاشقەلئەگە توسالغۇسىز كىردى. ئۇ ئۆزىنى سەركۈينىڭ بېگى دەپ ئېلان قىلدى. مەمەشاھ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئائىلىلىرى بىلەن نەزەربەند قىلدى. ئۇ بىر يۈرۈش باشقۇرۇش قائىدە ـ ياساقلىرىنى ئېلان قىلىپ، باج ـ سېلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. پۈتۈن سەركۈينى قارا تۇمان قاپلاپ، ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئاڭلىنىدىغان كۈلكە ئاۋازى يىغا ـ زار ئاۋازىغا ئالماشتى.

تاشقەلئە تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. سەركۈي بۇ خورلۇقتىن زارلىنىپ كۆككە باقماقتا، ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە خارابلاشماقتا ئىدى.

## ئوتتۇزىنچى باب

# سەرىكۇينىڭ كۆز يېشى

سەرىكۇي سۇدۇربەگ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى يوقاتتى. خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان تايچاقتەك يېتىمسىرەپ قالدى، مۇزتاغ ئاتا خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە چىدىماي يىغلاۋېرىپ يېشى قات ـ قات مۇزغا ئايلاندى. پەدەرى چۇگىر، ئافراسىياپ، تاجىك چوققىلىرى ماتەم تۇتقاندەك ئاق شايىدىن سەللە ئوراپ، هازىدار ئادەمدەك جىمجىت ئىچىنى تىڭشاپ تۇردى. سەرىكۇي دەرياسى ئانىسىنى ئېمىۋاتقان قوزىدەك زەرەپشان دەرياسى قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈپ، يىغا ـ زار قىلدى. بۇلبۇلدەك سايرايدىغان ئۇلاي، كەكلىكلەرنىڭ ئاۋازى ئۆچكەندى. تەبىئەت بىلەن ئىنسان تەڭ كۇلۇپ ياشاۋاتقان بۇ زېمىننى قارا قۇيۇن باستى.

سۇدۇربەگنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان هەرىكىتىگە چىدىماي قارشىلىق قىلغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. خەلقلەر سۇدۇربەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا دىر ـ دىر تىترەيدىغان بولدى. يۇقىرالار بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالارمىزمىكىن دەپ قورقۇپ، كۈنىنى تەستە كەچ قىلىدىغان بولدى.

پۇرشىنگۇن دىيارىدىكى ھوشۇر ئوغلى نەبىجاننىڭ تويىنى قىلغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقانىدى. بۇ بىر ئايىنىڭ تىنچ ـ ئامان ئۆتكىنىگە مىڭ شۇكۇر قىلىپ، ھەركۈنى ئەتىگەنلىك نامىزىدا بالىلارغا ئامانلىق تىلەپ، دۇئا قىلدى. ئايالى زىمۇننىڭ سۇبھىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، مازار ـ ماشايىخلاردا ئىسرىق كۆيدۇرۇپ ئائىلىسىگە، ئوغلى بىلەن كېلىنىگە بەخت تىلىدى.

نەبىجان ئەقىللىق چوڭ بولغانىدى. ئۇ دادىسىغا ياردەملىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى تەڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، بۇ بىر ئائىلىنى يىل بويى گۆش ـ نان ئۆكسۈمەيدىغان، قول ئىلكىدە بار بايلار قاتارىغا ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئىشچان، كۆيۈمچانلىقى ئاتا ـ ئانىسىنى بەكمۇ سۆيۈندۇردى، ئۇ چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارغا ياردەم بېرىپ كەلگەنىدى. توي قىلغاندىن كېيىن ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك، نەبىجان بىلەن مەشۇتگۈل بىر ـ بىرىگە شۇنداق يار كېلىپ، خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالدى. مەشۇتگۈلنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە بىر ئاي بولمايلا، ئۆينى جانان چىنىدەك پارقىرىتىۋەتتى. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى رەتلەپ جاي ـ جايىغا تىزىپ، يۇيىدىغاننى يۇيۇپ، سۈپۈرىدىغاننى سۈپۈرۈپ، ئۆينى ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق قىلىۋەتتى. ئۆينىڭ ئەتراپىنى چىرايلىق تازىلاپ، ھويلىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ ئىنسانىنىڭ پاكىزلىقىغا، گۈزەللىككە ئىنتىلىشتەك تەبىئىتىنى ئىپادىلىدى.

كېلىنىنىڭ ئىشىدىن خۇشاللانغان ھوشۇر بىلەن زىمۇننىڭ:

— خۇدايىم بىزگە كېلىن ئەمەس، بىر پەرزاتنى يولۇقتۇرۇپتۇ، — دەيتتى بىر ـ بىرىگە.

دەرۋەقە، كېلىنىنىڭ تاماق ئېتىش، نان يېشۇرۇش ھۈنىرى، ئۇستا خىنەدۇر (ئەڭ ئۇستا ئاشپەز) دىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ئەخلاق ـ پەزىلىتى، چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، ئېرىگە

كۆيۈنۈشى، ئۆي ئىشىغا پىششىقلىقى، ئۇنىڭ نۇرانە رۇخسارى، زىبا قامىتى قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى ھەقىقەتەن دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان بىر گۆھەر دېيىشكە بولاتتى.

— بالامنىڭ كۆزى بار ئىكەن، قىزلارنىڭ سەرتاجىسىنى ئاپتۇ، — دېدى زىمۇنىك ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ.

— راست گەپ قىلسام، توي رۇخستى ئۈچۈن سۇدۇربەگكە بەش كالا ـ قوتاز، ئون بەش قوي ئاپىرىپ بەرگەندە: «بۇ چىقىملارغا يارىشا قانداقراق كېلىن ئۆيىمىزگە كىرەر؟» دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. لېكىن، ھازىر قارايدىغان بولسام، پۈتۈن بىساتىمنى بەرسەممۇ ئەرزىگۈدەك كېلىنگە ئېرىشىپتىمەن، — دېدى ھوشۇر ھاياجان بىلەن.

بىراق، بۇ ئۆيىنىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى. نازىنىن قىزدەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان سەرىكۆي دىيارىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، ھەممە يەردە تاجاۋۇزچى سۇدۇربەگنىڭ قولچوماقلىرى خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئازابلاۋاتاتتى. يۇرت ئامان بولمىسا ئائىلىنىڭ ئامانلىقىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟!

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ھېلىلا يىغلاپ تاشلايدىغان قىزدەك قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— بالام، — دېدى ھوشۇر — بۈگۈن ھاۋامۇ تازا ياخشى ئەمەس، ئۆتلەپ قويغان قوتاز بېشىنى قوتازنىڭ پاچىقى بىلەن قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ، شورپا ئىچەكەچ، پالاس توقۇشقا قوتاز چۈپۈرىدىن شوينا ئېگىرەيلىمىكىن دەيمەن.

— بولىدۇ، دادا، ئىككىمىز قولمۇقول شوينا ئېگىرەيلى، ئانام بىزگە چۈپۈرنى رەتلىشىپ بەرسە، ئايالىم بىلەن سىڭلىم گۆشنى پىشۇرغاچ بۇغداي ئۇنىدا ۋاست فەتىر (چاۋا ياغ سېلىپ تونۇرغا يېقىپ پىشۇرىدىغان نان) يېقىپ بەرسۇن، — دېدى

نەبىجان.

— بۇ ياخشى تەقسىمات بولدى، — دېدى زىمۇنىڭ كېيىنىدىن قىزىغا قاراپ.

— گەپ يوق، بىز بىردەمدىلا ئىشىمىزنى تۈگىتىپ، يەنە سىلەرگىمۇ ياردەملىشىشكە ئۈلگۈرىمىز، — دېدى مەشۇتگۈل پېشىگىدە كۈلۈپ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

— دادا، مەن ئاتقا چۆپ سېلىپ بېرىپ كىرەي، — دېدى نەبىجان سىرتقا مېڭىۋېتىپ.

نەبىجان سىرتقا چىقىپلا يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. سۇدۇربەگنىڭ ئۈچ لەشكىرى ئىشىك ئالدىدا ئاتلىرىنى باغلاۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرگەن نەبىجان نېمە دېيىشىنى بىلمەي، كەينىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

لەشكەرلەردىن بىرسى ئېتىنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇ سىبىنىڭ ئۆيۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكىلار، ئىشلىرىڭلار ياخشىمۇ؟ بۇ ئۆي مېنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى نەبىجان.

ئاڭغىچە ئىككى لەشكەر يېتىپ كەلدى. كۆزى قىيسىق، يۈزىدە كۆيۈك تارتۇقى بار بىرسى:

— ئۆيۈڭدە خوتۇنۇڭ باردۇ؟ — دەپ سورىدى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

ئۇنىڭ بۇ سوئالى نەبىجاننى ئايلاندۇرۇۋەتتى. تىلى تۇتۇلغاندەك گەپ قىلالماي قالدى.

لەشكەر مىلتىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئۆيۈڭدە كىم بار دەپ سوراۋاتىمەن! يەنە گەپ قىلمىساڭ مۇشۇ يەردىلا سېنى ئېتىپ تاشلايمەن! — دېدى مىلتىقىنى شاراقشىتىپ.

نەبجان ئاچچىقتىن تىترەپ تۇرۇپ، كىكەچلەپ:
— ئانام بىلەن دادام بار، — دېدى
— يەنىچۇ؟
— ئايالىم، كىچىك سىڭلىم بار.
— ھە مۇنداق دە، بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ، — دېدى ئۇزۇنتۇرا، چىرايى بەتبەشىرە بىر لەشكەر.
يەنە بىرسى ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ:
— سەن مۇشۇ يەردە تۇرسەن، ئەگەر ئۆي تەرەپكە بىر قەدەم چامدىساڭ سېنى ئېتىپ تاشلايمىز، ئۇقتۇڭمۇ! — دېدى ھەيۋە قىلىپ.
نەبجان نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار ئۇچىلىسى ئېچىرقاپ قالغان بۆرىدەك ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ كېتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار ئۆيدىن ياشىنىپ قالغان بوۋاي بىلەن موماينى ئىتتىرگەن پېتى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى جاقىلدىتىپ ياپتى.
ئۆي ئىچىدىن قىزلارنىڭ چىرقىراشلىرى، نالە ـ پەريادلىرى ئاڭلاندى. ئېغىر خورلۇققا چىدىمىغان نەبجان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ توسۇشىغىمۇ قارىماي چاپقۇنى (ئوت چاپىدىغان چوڭ تىغ) نى ئېلىپ قاپلاندەك سەكرەپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.
ئۆي ئىچىدىن بىرقانچە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.
بىر لەشكەر كىيىملىرى قانغا بويالغان ھالدا ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، ئېتىغا مىنگىنىچە قېچىپ كەتتى.
ھوشۇر بىلەن زىمۇنىك ئۆيگە كىرىپ قارىۋىدى، پۈتۈن ئۆي قانغا بويالغان، ئىككى لەشكەر بوغۇزلانغان پېتى خارتىلداپ جان تالىشىۋاتاتتى. ئوغلى، كېلىنى، قىزى ئوق تېگىپ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى.
ئوغلىنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆزى

چۈشكەن زىمۇنىك بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپ داراڭغىدە يىقىلدى. ھوشۇر بۇ دەھشەتلىك پاجىئەدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ تىرىك مۇردىغا ئايلاندى.

ئەتراپتىكى قوشنىلاردىن بىرقانچە كىشى كېلىپ نەق مەيدانىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قېلىشتى.ئاڭغىچە سۇدۇربەگ ئەللىكتەك لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى قانغا تولغان بولۇپ، تەلەتىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى.

سۇدۇربەگنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر دەرھال بىر تەرەپكە يىغىلدى. كىشىلەر سۇدۇربەگنى ھوشۇر بىلەن زىمۇنىككە تەسەللى بېرىشكە كەلگەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، سۇدۇربەگنىڭ ئاتتىن چۈشمەيلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ـــ سەنلەر تېخى مېنىڭ لەشكەرلىرىمنى بوغۇزلىغۇدەك بولۇشتىڭما !؟ بۇ ئۆيدە كىم بار؟ مەيدانغا ئاچىقىڭلار ! ـــ دەپ تۈۋلىدى قەھرى بىلەن.

ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھوشۇر بىلەن زىمۇنىكنى سۆرىگەن پېتى تالاغا ئاچىقتى.

يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلغان بۇ بىچارىلەرنىڭ كۆزلىرى پەقەتلا تۆشۈكتەك ئوچۇق تۇرغان بولۇپ، ھەممىگە سوغۇق باقاتتى.

سۇدۇربەگ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى.

ـــ مېنىڭ لەشكەرلىرىمگە كىمدىكىم تىغ تەگكۈزىدىكەن، ئاقىۋىتى مانا مۇنداق بولىدۇ ! ـــ دېگىنىچە ھوشۇر بىلەن زىمۇنىكنى چېپىپ تاشلىدى. ئۇلاردىن چاچرىغان قان سەرىكۆي ئاسمىنىدا قىپقىزىل شەپەق پەيدا قىلىپ ئاستا ـ ئاستا

تاغلارغا، ياىلاقلارغا، دەريا ـ بۇلاقلارغا، قۇياش نۇرىغا سىڭىپ كەتتى. بۇ ئېغىر پاجىئەگە شاھىت بولغان مۇزتاغ ئاتا بۇ قىسمەتنى بەستىگە خاتىرىلەپ قويدى.

ـــ بۇ ئۆينى كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار ! ـــ دېدى سۇدۇربەگ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ. سۇدۇربەگنىڭ لەشكەرلىرى كىشىلەرنىڭ مېيىتلەرنى ئاچقىسىغىمۇ رۇخسەت قىلماي، ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ ئۆي بىلەن بەش جەسەت كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى.

بۇ پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سەرىكۆي ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي، باغرىنى چاك ـ چاك قىلىپ يىغلىدى. زۇلۇم كىشىلەرنى ھالىدىن كەتكۈزدى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان پەسكەشلىك، رەزىللىك، رەھىمسىزلىك كىشىلەرنىڭ روھىنى سۇندۇردى. مىڭ يىللاردىن بۇيان تەبىئەتتىن كەلگەن تۈرلۈك ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن سەرىكۆي خەلقى ئەمدى ئىنسانىيەتتىن كەلگەن بۇ دەھشەتلىك خورلۇق ئالدىدا ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى، ئىنساننىڭ ۋەھشىيلىكىدىن چۆچۈپ ياقىلىرىنى چىشلىدى .

يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، تۈڭ دىيارىدا خىلمۇخىل مېۋە ـ چېۋىلەر پىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر خاسىيەتلىك يازنىڭ نېمىتى بولغان ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

تۈڭ دىيارىدىكى داربىشاھنىڭ ئۆيى يېنىدا چوڭ ئۆرۈكلۈك باغ بولۇپ، كۆپىيەرى ئۆرۈك تېرىۋاتاتتى . ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا كۆپىيەرى قىسقا نىمچىسىنى دەرەخكە ئېلىپ قويۇپ كۆڭلەكچان باغقا كىرگەنىدى. سەۋر ـ قامەت بۇ چوكاننىڭ كۆڭلەكچان قىياپىتى باغدىكى پەرىنى ئەسلىتەتتى.

داربىشاھ ئىتتىك باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى

جىددىي تۇس ئالغان بولۇپ، بىر ئىشقا كايىۋاتقاندەك ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نەرسىلەرنى غۇدۇراپ سۆزلەۋاتاتتى. كۆيپەرى ھىماتچىسىنىڭ بۇ قىياپىتىدىن ھەيران قالغان ھالدا:

— تاغا، نېمە ئىش بولدى؟ نېمانچە چىچىلىپ ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە سۆزلەيسىز؟ — دەپ سورىدى. (قۇلچاق يەكەنگە ئېلىپ كېتىلىپ، ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ قۇلچاقنىڭ خەۋىرى بولمىغاچقا، دارىبشاھ كۆيپەرىدىن ئۆزىنى «تاغا» دەپ ئاتاشنى ئۆتۈنگەندى).

— قىزىم، ئاڭلىسىڭىز ھەيران قالىسىز، سەرىكۆيدا ئادەمنىڭ غەزىپى قىيان بولۇپ تاشقۇدەك ئىشلار يۈز بېرىۋېتىپتۇ.

ئۇنىڭدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆيپەرى:

— تاغا، تېزرەك دەپ بېرىڭا، نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— ھېلى سەرىكۆيدىن كەلگەن گۇلئەزەم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قوقەنلىك سۇدۇربەگ بەش يۈز ئەسكەر بىلەن سەرىكۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھاكىم مەھكىمىسىنى ئىشغال قىپتۇ. ھاكىمبەگ مەمەشاھنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن نەزەربەند قىپتۇ. ئۆزىنى سەرىكۆيگە بەگ دەپ ئېلان قىپتۇ. ئۇلار خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىپ ئازابلاپتۇ. قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپتۇ. ھېچكىم ئۇلارغا قارشى چىقىشقا پېتىنالماپتۇ. كىشىلەر: «قۇلچاق بولغان بولسا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتۇق» دەپ قۇلچاقنى ئەسلىشىۋېتىپتۇ، — دېدى دارىبشاھ غەزەپ بىلەن.

— ئۇ قارا نىيەت قۇلچاققا تۆھمەت چاپلاپ ھەيدىۋەتكەندى. «ئىتنىڭ يارامسىزلىقىدىن تۈلكە ئۆگزىگە چىقىپتۇ» دېگەندەك ھاكىمبەگنىڭ يارامسىزلىقىدىن يۇرت ـ ماكانىمىز سىرتتىن

كەلگەن بۇلاڭچىلارغا قاپتۇ ـ دە، ــ دېدى كۆيپەرى بىر خىل ئېچىنىش بىلەن.

ــ «ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. مەمەشاھ قۇلچاقا قىلدى، خۇدايىم ئۇنى جازالىدى. ئاللا ھەممىگە قادىر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ــ دېدى داربىشاھ، ــ بىراق ئاپەتكە قالغىنى يەنىلا ئاۋام خەلق. ھەي، قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

ــ تاغا، ــ دېدى كۆيپەرى بىز بۇ يەردىكى ئەزىمەتلەرنى باشلاپ بېرىپ تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشامدۇق يا؟

ــ ياق، قىزىم ! ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، مەمەترېھىم ئىككىمىز يۈزدەك يىگىتنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتىمىز. يەكەن ئامبال مەھكىمىسىگە ئۇچۇر ئەۋەتتۇق، چوقۇم قوشۇن ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ماسلىشىپ تاجاۋۇزچىلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز.

ــ تاغا، شۇغىنىسى قۇلچاقتىن ھازىرغىچە ئېنىق خەۋەر ئالالمىدۇق. ئەمدى سەرىكۆيننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپسىز. قېرىنداشلىرىمىز ئۇ يەردە گۆر ئازابىنى تارتىۋاتسا، بىز بۇ يەردە قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالايمىز، ــ دېدى كۆيپەرى غەزىپى تاشقان ھالدا.

داربىشاھ بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئالىم يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

ــ تاغا، سىلەر بۇ يەردە ئىكەنسىلەر، سەرىكۆيدىن يىگىرمە نەچچە ئادەم بالىچاقىلىرى بىلەن قېچىپ كەپتۇ. ھەيدەرشاھ، مۇنەك، فىرباقى قاتارلىق يەتتەيلەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. مەن ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ «خۇش ئامەدى» دەپلا سىلىنى ئىزدەپ بۇ تەرەپكە يۈگۈردۈم، ــ دېدى تېز ـ تېز نەپەس ئېلىپ.

كۆيپەرى بىلەن داربىشاھ بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى.

— ئەگەر خەلققە جاندىن ئۆتكۈچە زۇلۇم بولمىغان بولسا، شۇنچە يىراق يەردىن تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ، سۇ ـ كېچىكلەردىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلمىگەن بولاتتى. ئۇ بۇلاڭچىلار خەلقىمىزنى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق قاقشاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى داربىشاھ ئاچچىقى بىلەن، — يۈرۈك، ئىتتىك بېرىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ، ئوبدان جايلاشتۇرايلى.

— ماقۇل، تاغا، — كۈيپەرى ئۆرۈك شېخىغا ئېسىپ قويغان نىمچىسىنى ئېلىپ كىيدى ـ دە، داربىشاھ، ئالىملار بىلەن ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

داربىشاھ، كۈيپەرىلەر ئۆيگە كىرگەندە، ھەيدەرشاھ، مۇنەك، فىرباقى قاتارلىقلار يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

— قېرىنداشلار، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، يولدا ھېرىپ ـ چارچىدىڭلار. ئاۋۋال تاماق يەپ، ئوبدان ئارام ئېلىڭلار. ئاندىن قالغان ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىمىز، — دېدى داربىشاھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

ھەيدەرشاھ، مۇنەك قاتارلىقلار سەرىكۆينىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. سەرىكۆي خەلقىنىڭ قاباھەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان داربىشاھ، كۈيپەرى، ئالىملار كۆز يېشى قىلىشتى.

— سۇدۇربەگنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، — دېدى مۇنەك گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەدناسى بىرسى بالىسىنىڭ تويىنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا بەش چوڭ تۇياق، ئون بەش كىچىك تۇياق چارۋا تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ ماللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تويغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ چارۋىنى تاپشۇرماي توي ئىشىغا تۇتۇش قىلغانلار بولسا، ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىدۇ، شۇ تەرزدە بىرقانچە ئادەمنىڭ ئۆيىنى

كۆيدۈرۈۋەتتى. سەل ـ پەل قولى قىسقا كىشىلەر بالىلىرىنىڭ تويىنىمۇ قىلالمايدىغان بولدى.

ــ ئەگەر قىچىپ كەتكەنلار بولسا پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىمىز، ــ دېدى ھەيدەرشاھ گەپ قىستۇرۇپ، ــ چېرىكلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى بولۇپ قالدى. يېقىندا مېنىڭ بىر تۇغقىنىمنى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ، ــ ھەيدەرشاھ ئۆزىنى توختىتالماي ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى.

ــ بۇنداق زۇلۇمغا قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن ؟! دارىبشاھ تاغا، تېزرەك بىر ئامالىنى قىلايلى، خەلقىمىز ئۇنداق دەپسەندە بولۇپ كەتمىسۇن ! ــ دېدى كۈيپەرى قاتتىق ئېچىنغان ھالدا.

دارىبشاھ ئۇلاردىن گەپ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ئاخىردا:

ــ ئۇ يەرنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى ئۇلار قانداق بىلگەندۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھەممەيلەنگە تەكشى قارىۋېتىپ.

ــ دارىبشاھ تاغا، «جاڭگالنى كېسىدىغان پالتىنىڭ سېپى يەنە شۇ جاڭگالدىكى ياغاچتىن» دېگەندەك خەلقىمىز ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۈندىسىنى ئىچىپ سەمرىۋاتقانلار بار. سۇدۇربەگ چاچىنى چۈشۈرىمەن دېسە، ئۇلار باشنى كەستۈرۈپ ئەكەلدۈرۈۋاتىدۇ، ــ دېدى فىرباقى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەپ.

ــ چۈشەندىم، ــ دېدى دارىبشاھ، ئالىمغا قاراپ، ــ سەن دەرھال كەلگەنلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغىن، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىدىن تارتىپ يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكى، ئۆي سەرەمجانلىرى، كىگىز ـ پالاس ھەممىنى تەخلەپ بەرگىن، ــ دېدى.

ــ ھەممىنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ بېرىمەن. ئۆتكەندە

سىزنىڭ تاپىلغىنىڭىز بويىچە يۈز ئائىلىگە يەتكۈدەك ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، تەخ قىلىپ قويغانىدۇق. بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ بار كۈچ بىلەن ياردەم قىلدى. هازىر كەلگەن ئائىلىلەرگە ئۆينىڭ ئىشكىنى ئېچىپ بېرىمىز، خاتىرجەم كىرىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ يەردىكىلەر يەنە مۇشۇنداق كۆچۈپ كەلگۈچىلەر بولسا، ئائىلە بېشىغا بىردىن قوتاز بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان، — دېدى ئالىم ئىشلىگەن ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ.

دارىبشاھ مېهمانلارنى ئوبدان كۈتۈۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە ھەرقايسىڭلار ئالىم بىلەن بېرىپ، ئائىلە تاۋابىئاتىڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار. ھەيدەرشاھ، مۇنەك، فىرباقى مەن بىلەن مەمەتىرېھىمنىڭ قېشىغا بارسىلەر، كېيىنكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىمىز، — دېدى.

مەمەتىرېھىمنىڭ ئۆيى تۇڭ دىيارىنىڭ تېرقەلئە دېگەن يېرىدە بولۇپ، ئۆي ئەتراپىنى باراقسان باغ ئوراپ تۇراتتى.

دارىبشاھ، ھەيدەرشاھلار ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، مەمەتىرېھىم ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

مەمەتىرېھىم ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن مېهمانخانا ئۆيگە باشلىدى. مەمەتىرېھىم ھەيدەرشاھ، مۇنەك، فىرباقلاردىن سەرىكۈينىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئاندىن ئۇلار بىلەن سەرىكۈينى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىدىن قانداق قايتۇرۇۋېلىشنى بىر قۇر مەسلىھەتلەشتى.

— بىز ئەلمىساقتىن تارتىپ ئانا ۋەتەنىنىڭ پۇقرالىرى، سەرىكۈينى چىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ھاكىمبەگلەر باشقۇرۇپ كەلدى. قوقەن خانلىقىنىڭ بۇ يەرگە ھاكىمبەگ تەيىنلەش ھوقۇقى يوق. سۇدۇربەگ بىر تاجاۋۇزچى، ئۇنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك، — دېدى مەمەتىرېھىم.

— مەن ئەھۋالنى يەكەن ئامبىلىغا مەلۇم قىلدىم، بەلكىم

قوشۇن ئەۋەتىشى مۇمكىن، بىزمۇ ئەزىمەتلىرىمىزنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتىمىز، تۆۋەندىن ئالاقە كەلگەن ھامان سەرىكۆيغا قاراپ ئاتلىنىمىز، — دېدى داربىشاھ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، قېرىنداشلىرىمىزنى، يۇرتىمىزنى تېزرەك ئالۋاستىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزايلى، — دېدى ھەيدەرشاھ.

— سەرىكۆي ھازىر قان يىغلاۋاتىدۇ. مۇزتاغ ئاتا بۇ خارلىق - نومۇسقا چىدىماي ياش تۆكۈۋاتىدۇ. بۇ زۇلمەتنى سەرىسكۆينىڭ بېشىدىن كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە بىز تەييار، — دېدى مەمەترېھىم كەسكىنلىك بىلەن.

# تۆتىنچى قىسىم

# هاكىمبەگ قۇلچاق

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# كۆمۈش ساپلىق شەمشەر

قۇلچاق خوتەنگە بارغىنىغا ئىككى ئاي بولمايلا، يەكەن ئامبىلىنىڭ تېز قايتىپ كېلىش ھەققىدىكى مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدى. كېچە ـ كۈندۈز سەركۈينى ئويلاپ، ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپ ئاران تۇرغان قۇلچاق خۇشاللىقىدىن دىك ـ دىك سەكرەپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى ئىشلارنى دەرھال ئۆتكۈزۈپ بېرىپلا يولغا چىقتى.

ئۇ كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ توختىماي مېڭىپ ئۈچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن يەكەندىكى ئامبال مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلدى.

يەكەن ئامبال مەھكىمىسىنىڭ قوبۇلخانىسىدا ئابدۇراخمان ۋاڭ، ئامبال بېي چاڭ، ئورۇنباسار مۇتەللىپ ۋە بىر قانچە بەگ، قازىلار يىغىلغانىدى. قۇلچاق ئىشىكتىن كىرىشىگە ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ ئابدۇراخمان ۋاڭ، ئامبال بېي چاڭلار ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. خۇددى ئۇزاق يىللىق قەدىناسلاردەك بىر ـ بىرىدىن ئەھۋال سورىشىپ ئۆزلىرىنىڭ سېغىنغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭ

قۇلچاقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ھەم ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ سەمىمىي، ساپ دىل خىسلىتى، قەيسەر، باتۇر مىجەزى، پولاتتەك قاتتىق ئىرادىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

قۇلچاق كەڭ پېشانىلىك، قاڭشارلىق، يوغان كۆز، قويۇق قاشلىق، مەڭزى قىپقىزىل ھېقىقەتەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بېجىرىم بەدىنى، يوغان بەستى ئۇنى ئاجايىپ قاۋۇل كۆرسىتەتتى.

— قۇلچاق، بىز سىزنى جىددىي زۆرۈرىيەت بىلەن چاقىرتتۇق. مەقسەت: ۋەتىنىمىزنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنى بولغان سەرىكۆينى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشتۇر. شۇڭا، سىزنى سەرىكۆيغا ئەۋەتمەكچىمىز، — دېدى ئامبال بېي چاڭ قۇلچاققا قاراپ.

سەرىكۆينىڭ نامىنى ئاڭلىغان قۇلچاق خۇشاللىقتىن باشقىچە يايراپ كەتتى. «كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم! ئاخىر ھۆسنۈڭنى كۆرىدىغان بولدۇم» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ئۇ يۇرتىنى، سۆيۈملۈك ئايالىنى، ئوماق ئوغلىنى ۋە يۇرتداشلارنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.

قۇلچاق:

— ماڭا يەنە تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش پۇرسىتى بەرگەنىڭلارغا كۆپ رەھمەت! ھەرقانداق ۋەزىپىنى ئورۇنلايمەن! — دېدى قەتئىيلىك بىلەن.

— قوقەن تاجاۋۇزچىلىرى سۇدۇربەگنى بەش يۈز لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپ سەرىكۆينى ئىشغال قىپتۇ. سۇدۇربەگ سەرىكۆيغا كىرگەندىن كېيىن، ھاكىمبەگ مەمەشاھنى ئائىلىسى بىلەن نەزەربەند قىپتۇ. تەپ تارتماستىن: «قوقەن خانى مېنى سەرىكۆيغا

بەگ قىلىپ تەيىنلىدى» دەپ جۆيلۈپتۇ. قورال كۆچىگە تايىنىپ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان پۇقرالارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، زار - زار قاقشىتىپتۇ. پۇقرانىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، كېلىن - قىزلارنى دەپسەندە قىپتۇ. قارشىلىق قىلغانلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ قاتتىق غەزەپ بىلەن، ئۇ ئازراق تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ يەردىكى چارۋىچىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزىمىزدىن ياش تۆكۈلدى، غەزەپتىن مۇشتۇمىمىز تۈگۈلدى.

— شۇنداق، ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. بىز ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغانىدۇق. خان ئالىيلىرىنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىش ھەققىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن مەسلىھەتلىشىپ، سىزنىڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ سەرىكۆيدىن تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشىڭىزنى توغرا تاپتۇق. شۇڭا، ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىڭ، خەلق بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇپ ئەمىنلىككە ئېرىشسۇن! — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

— باش ئۈستىگە! ئۇ ياۋۇزلارنى چايناپ يۇتۇۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى قۇلچاق قاتتىق غەزەپ بىلەن.

— قۇلچاق، بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتى چېگرا - قورۇللارغا ئەھمىيەت بىلەن قارىماقتا. سەرىكۆينى مۇقىملاشتۇرساقلا ئالتە شەھەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. تىنچلىق بولغاندىلا ئاۋام خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالايدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ۋەزىپە تولىمۇ مۇھىمدۇر، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

ئۇ خىزمەتچىسىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، خىزمەتچى ۋاللىداپ

تۇرغان بىر كۈمۈش ساپلىق شەمشەرنى پەتنۇس ئۈستىگە قويۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، ئامبال بېي چاڭنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

ئامبال بېي چاڭ شەمشەرنى پەتنۇستىن ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن كۈمۈش دەستىسىنى تۇتۇپ قېپىدىن سۇغۇرغانىدى، شەمشەر ۋالىلداپ چاقناپ كەتتى.

ئامبال بېي چاڭ شەمشەرنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ تۇرۇپ:

ـــ خان ئالىيلىرى ئىلى جياڭجۈننى شىنجاڭغا باش قىلىپ تەيىنلەپ يولغا سالغاندا، بۇ شەمشەرنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغانىكەن. ئالدىنقى يىلى مېنى يەكەن ئامبال بەگلىكىگە تەيىنلىگەندە، ئىلى جياڭجۈنى ماڭا: «سىلى ئەڭ جاپالىق چېگرا رايونغا بارىدىلا. ئۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى سىلىگە تاپشۇردۇم، بۇ خان ئالىيلىرى ماڭا بەرگەن شەمشەر، يانلىرىدا ھەمراھ بولسا ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» دەپ شەمشەرنى ماڭا ھەدىيە قىلغانىدى. مەن بۇ شەرەپتىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇش بولغانىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يېنىمدا ساقلاپ، چاڭ قوندۇرماي ئاسراپ كەلدىم. بۈگۈن سىز ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىز، ۋەتەنپەرۋەر روھىڭىز مېنىلا ئەمەس، ئىلى جياڭجۈننى، خان ئالىيلىرىنى تەسىرلەندۈردى. مەن ئىلى جياڭجۈننىڭ روخسىتىنى ئېلىپ، بۇ شەمشەرنى سىزگە تەقدىم قىلدىم. بۇ شەمشەر قولىڭىزدا بولسا ۋەتەنىنىڭ بىر چىمدىم تۇپىسىنىمۇ شامال ئۇچۇرۇۋېتەلمەيدۇ، ـــ دەپ شەمشەرنى ئىككى قوللاپ قۇلچاققا بەردى.

قۇلچاق ھاياجان بىلەن شەمشەرنى ئامبال بېي چاڭنىڭ قولىدىن ئاۋايلاپ ئالدى.

ئۇ بۇ شەرەپتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇش بولدى.

يۈرىكى شادلىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، كۆزلىرىدە ھاياجان نۇرى چاقنىدى.

— خان ئالىيلىرىغا مىڭ، مىڭ رەھمەت! ئامبال جانابلىرىغا رەھمەت! ۋاڭ جانابلىرىغا رەھمەت! — دېدى قۇلچاق كۈمۈش ساپلىق شەمشەرنى مەيدىسىگە يېقىپ.

«ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر» دېگەندەك، شەمشەر باتۇرنىڭ قولىغا ئۆتكەندە ئۇنىڭ جازىبىدارلىقى تېخىمۇ ئاشتى. قۇلچاقنىڭ سىيماسى بىردىنلا يوغىناپ شەمشەرنى تۇتقان پېتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى مۇزتاغ ئۈستىدە ھەيۋەت بىلەن تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئەتراپىدىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ «مۇبارەك بولسۇن!» دەپ تەبرىكلەشتى.

— سىزگە ئامەت تىلەيمەن! — دەپ گېپىنى باشلىدى ئابدۇراخمان ۋاڭ، — ئىنىم، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، «ۋەتىننىڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس» دېگەن گەپ بار. ۋەتەننىڭ بىر چىمدىم توپىسىنىمۇ ئالتۇندىن زىيادە قەدىرلەپ، تاجاۋۇزچىلارنى سەرىكۈيدىن يوقىتىپ، ۋەتەننىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى پولات قورغانغا ئايلاندۇرۇڭ. مەن سىزگە بىر تۇلپار ھەدىيە قىلىمەن، بۇ ئۇچقۇر تۇلپارنى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان دېگەن يېرىدىن ئىنتايىن يۇقىرى باھادا ئەكەلدۈرگەنىدىم. باتۇرنىڭ قانىتى ئات دېگەندەك، سىزگە قانات بولسا ئەجەب ئەمەس.

— كۆپ رەھمەت ۋاڭ ھەزرەتلىرى! سىلىنىڭ ماڭا قىلغان ئاتىدارچىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. تاجاۋۇزچىلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، چېگرانى مۇستەھكەملەيمەن، جەڭدىكى ئەمەلىيىتىم بىلەن قىممەتلىك سوۋغاتلىرىغا جاۋاب قايتۇرىمەن! — دېدى قۇلچاق خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

قۇلچاق ئات بىلەن قىلىچقا بەك ئامراق ئىدى. ئۆزىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغاتقا ئېرىشكەنلىكىدىن قەۋەتلا خۇش بولدى. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلىش، يۇرتىغا ئەمىنلىك ئاتا قىلىپ قېرىنداشلارنى خاتىرجەم قىلىش ئەمەسمىدى؟ مانا بۇ پۇرسەتكە ئېرىشكىنىدىن ئۇ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن !

قۇلچاقنىڭ يەكەنگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان دوست ـ ئاغىنىلەر، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئامبال مەھكىمىسى ئالدىدا يىغىلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى.

قۇلچاق مەھكىمىدىن چىقىشىغىلا، كۆزى توپ ئىچىدىكى خالىدەمگە چۈشتى. خالىدەم خۇددى يۇلتۇزلار توپى ئارىسىدا چاقناپ تۇرغان چولپاندەك باشقىچە جەلپكار كۆرۈنەتتى .

قۇلچاق ھەممەيلەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، خالىدەم قۇلچاققا سالام بېرىپ:

— قولچاق ئاكا، ئىككى ئاي سىنى كۆرمىگەنگە شۇنچە سېغىندۇق. ئەمدى ئاخلىساق سەربكۇيغا ماڭىدىكەنسەن، — دېدى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

قۇلچاقنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى. تىلى كالىۋالىشىپ گېلىنى بىرسى بوغقاندەك دېمى سىقىلدى. بۇ ياشلىقتىكى ھەۋەسنىڭ كۈچىمىدۇ ياكى پۈتۈن ھېسسىياتىنى ئۆزىگە رام قىلغان ئىشقىنىڭ كۈچىمىدۇ؟ قۇلچاق خالىدەمگە تىك قارىيالماي، كۆزىنى باشقا يەرگە يۆتكىۋالدى ـ دە، تەستە:

— سىڭلىم، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشىمىز، — دېگەننى ئاران دېيەلىدى.

— مەن سەن بىلەن بىللە بارىمەن، — دېدى قىيۇمجان قۇلچاقنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ئاغىنە، ھازىر مەن جەڭ قىلىشقا مېڭىۋاتىمەن.

دۈشمەننى يوقىتىپ ئۇ يەرنى تىنچىتقاندىن كېيىن كۆرۈشەمدۇق، — دېدى قۇلچاق ئاغىنىسىدىن ئەنسىرەپ.

— مەن «ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە سەندىن ئايرىلمايمەن» دەپ قەسەم قىلغان. بىزدە «يولۋاس ئىزىدىن يانماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش جېڭىگە سەن بىللە ئىشتىراك قىلىمەن — دېدى قېيۇمجان قەتئىيلىك بىلەن.

قۇلچاق دوستىنىڭ مەردانىلىكىدىن رازى بولغان بولسىمۇ، ئۆرۈشتىكى خەتەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ تەربىيە قىلىپ تەستە كۆندۈردى.

— ماقۇل، بۇ قېتىم گېپىڭنى ئاڭلىدىم، ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ تۇرىمەن، ياردىمىم لازىم بولغان پەيتتە يېنىڭدا ئۇنىمەن، — دېدى قېيۇمجان ھەقىقىي دوستلۇق مېھرى بىلەن.

قۇلچاق بۇيرۇقىغا بىنائەن تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىزلاردىن بولۇپ ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى.

ئامبال بېي چاڭ بىلەن ئابدۇراخمان ۋاڭ ئالتۇن كۈزدىكى قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان بىر سەھەردە قۇلچاقنى سەربكۇيغا ئۇزىتىپ قويدى.

ئامبال بېي چاڭ قۇلچاق بىلەن خوشلاشقاندا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى ـ دە:

— ھە راست، ئۆتكەندە ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەمەترېھىم بىلەن داربىشاھ تۆك دىياردىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپتىكەن. بىز تەپسىلىي ئەھۋالنى شۇ چاغدا ئۇقتۇق. سېنىڭ ئايالىڭ بىلەن بالاڭمۇ تۆك دىياردا ئىكەن، ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ، ئەنسىرەشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن مەمەترېھىم بىلەن داربىشاھقا قوشۇن تەشكىللەپ، بۇ يەردىن

چىققان قوشۇنغا ياردەملىشىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدىم، بەلكىم ئۇلارمۇ ھەرىكەتكە كەلگەندۇ، ـــ دېدى.

ئايالى بىلەن بالىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان قۇلچاق شۇ ئان قاتتىق ھاياجانلاندى، ئەمما چاندۇرماستىن ئۆز گېپىنى قىلدى:

ـــ مەن چىچەكلىك داۋىنى بىلەن مېڭىشنى تاللىدىم، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىمەن، ـــ دېدى.

ـــ يولدا پەخەس بولۇڭ، ھوشيارلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى بوشاشتۇرماڭ، ـــ دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ قۇلچاق بىلەن چوڭقۇر ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر ئىلكىدە خوشلىشىپ.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# سەرىكۆيدا قايتا قوياش نۇرى چاقنىدى

1832 ـ يىلى، كەچ كۈز، قولچاقنىڭ قوشۇنى سەرىكۆينىڭ تاغارمىغا چۈشىدىغان چىچەكلىك داۋىنىغا ياماشماقتا ئىدى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسمان ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يۈزىدەك شۇنچە پاكىز، شۇنچە تىنىق، گويا ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھازىر كەچ كۈز بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە قەھرىتان قىش ئاللىقاچان باشلانغانىدى. ھەممە يەر ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن بولۇپ، سوغۇق شامالدا قار ئۇچقۇنلايتتى. داۋاندا ئاق ۋە كۆك رەڭ بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئىككى خىل رەڭ كېسىشكەن يەردە قولچاقنىڭ قوشۇنى ئىلگىرىلىمەكتە. بىر قاراشتا ئۇلار بۇ ئىككى رەڭنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قولچاق داۋان بېشىغا چىقىپ، پامىرغا، مۇزتاغ ئاتىغا، سەرىكۆيغا نەزەر تاشلىدى.

مۇزتاغ ئاتا كۈلۈپ تۇرغان مويسىپىتتەك ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلماقتا ئىدى. پۈتكۈل پامىر قوينىدىن يېتىشىپ چىققان مەرد ئوغلانىنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك، سەرىكۆي بولسا مېھرى ئىسسىق قۇچىقىنى ئۇنىڭغا كەڭ ئاچقاندەك كۆرۈندى.

— ئاھ، سەرىكۆي ! ئاھ، سۆيۈملۈك ئانا دىيارىم، ئاخىر ھۆسنۈڭنى كۆردۈم ! — دېدى قۇلچاق ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

قۇلچاق قوشۇنى داۋان بېشىغا تولۇق چىقىپ بولغانىدى.

تاغارما تەرەپتىن ئىككى ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرگەن قۇلچاق ئالاقچى كېرىمنى جىددىي چاقىردى.

كېرىم يۈگۈرگەن پېتى قۇلچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەزىم قىلىپ تۇردى:

— لەببەي بېگىم، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دەپ تىك تۇردى.

— ئاۋۇ تاغنىڭ باغرىدا تاغارما تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆردۈڭمۇ ؟ — دېدى قۇلچاق پەس تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

كېرىم قولى بىلەن پېشانىسىدىن كۈن نۇرىنى توسۇپ سىنچىلاپ قارىدى:

— ھەئە، بېگىم، كۆردۈم.

— سەن دەرھال تۆت لەشكەرنى ئېلىپ سول تەرەپتىكى جىلغا بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈش. ئۇلار ھەرگىز سىلەرنى سېزىپ قالمىسۇن، ئۇلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئەگەر قوراللىق ئۇنسۇر بولسا، پەم بىلەن قولغا ئېلىڭلار، ئېھتىيات قىلىڭلار، سىلەرگە زەخمەت يەتكۈزمىسۇن. مۇبادا چارۋىچى ياكى يولۇچى بولسا، قوپاللىق قىلماي چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كېلىڭلار، — دېدى قۇلچاق.

— بولىدۇ، بېگىم، ھازىرلا ماڭاي، — دېدى كېرىم ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

قۇلچاق قوشۇنىغا يۈرۈشنى تېزلىتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى.

چېچەكلىك داۋىنىنىڭ تاغارما تەرەپتىكى پەسكە سوزۇلغان

ئۇزۇن ئەگرى ـ بۈگرى يولىدا قۇلچاقنىڭ قوشۇنى ئۇزۇنىسىغا قاتار بولۇپ ئۇچۇۋاتقان قۇشتەك كۆرۈنەتتى. قۇلچاق سەپنىڭ ئالدىدا جىددىي قىياپەتتە تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاڭغىچە خەۋەرچى كېرىم ھېلىقى كۆرۈنگەن ئىككى ئاتلىقنى ئېلىپ كەلدى.

قۇلچاق ئۇلارنى كۆرۈپلا:

— ۋاھ، شانىياز بىلەن گۇلمۇرىغۇ سىلەر؟ — دەپلا ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇلارمۇ قۇلچاقنى كۆرۈپلا ئاتلىرىدىن ئۆزلىرىنى تاشلىدى. ئۇلار قۇلچاقنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. خۇددى ئىجاتچىسىنى تاپقاندەك قۇلچاقنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

قۇلچاقنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى:

— يىغلىماڭلار، ھەممە ئىشلار ئوڭشىلىدۇ، — دەپ ئۇلارغا تەسەللى بەردى ھەم بىر خىل كۆيۈنگەن ھالدا، — بىلىمەن، چوڭ ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش چىقمايدۇ. ھەرقانداق دەرد ـ ئەلەمىڭلار بولسا ماڭا دەپ بېرىڭلار، سىلەرگە ياردەم قىلىمەن دەپ قوشۇن باشلاپ كەلدىم، — دېدى قۇلچاق.

— قۇلچاق ئاكا، سىزنى بەك سېغىندۇق. سىزنى كۆرۈپ ئۆزىمىزنى تۇتالماي قالدۇق.

— مەنمۇ شۇ، قېنى دەڭلار، مېنىڭ بۇنداق كېلىشىمنى قانداق بىلدىڭلار؟

— بىزنى ئىنتايىن مەخپىي ھالدا مەمەترېھىم بىلەن دارىبشاھ تاغام ئەۋەتتى. ئۇلار بىزگە: ئامبال ئەۋەتمەكچى بولغان قوشۇن نەدە ئۇچرىسا شۇ يەرگىچە بېرىڭلار، بۇ تەرەپتىكى ئىشلار ھەققىدە ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، بۇ ئىنتايىن مۇھىم دەپ تاپىلىدى، — دېدى شانىياز

— جاپا چېكىپسىلەر، قورسىقىڭلار ئاچتىغۇ دەيمەن. ئازراق بىر نەرسە يەمسىلەر؟ — دېدى قۇلچاق.

— بولدى، گېپىمىزدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ. بىز تېزرەك ئەھۋالنى ساڭا مەلۇم قىلايلى، — دېيىشتى ئۇلار ھەممە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا باشلىدى.

— سۇدۇربەگ سەرلىكۆيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. ئۇ دەسلەپتە ھاكىمبەگ مەمەشاھنى ئائىلىسى بىلەن نەزەربەند قىلىپ، ئۆزىنى سەرلىكۆيىنىڭ بېگى دەپ ئېلان قىلىغانىدى. بۇ قېتىم سېنىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ غالجىرلاشتى. يېقىندا مەمەشاھ ھاكىمبەگنى بالىچاقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بارلىق چېرىكلەرنى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ يەنە پۈتۈن خەلققە: «قۇلچاق ئۈچ يۈز لەشكەر بىلەن كېلىدىكەن، مېنىڭ بەش يۈز باتۇرۇم بار، يەنە قوقەن خانى بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىدۇ. قۇلچاق دېگەننىڭ كۆلىنى ئاسمانغا سورۇيمەن. كىمكى قۇلچاققا ياردەملىشىدىكەن دەرھال ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

قۇلچاق غەزىپىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— خەپ ! سەن باسقۇنچىنى قىيما ـ چىيما قىلمىسام، ئىسمىمنى قۇلچاق دېمەيمەن ! — دېدى زەردە بىلەن.

ئۇلار گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەمەتربېھىم يەنە: «ئۇلار قۇلچاقنىڭ قوشۇنى كېلىدىغان يولنىڭ بۇلاق جىلغا ئېغىزىدىكى تار يولدا پىستىرما ئورۇنلاشتۇردى. قۇلچاق ئۇ يەرگە ئازراق ئادەمنى قويۇپ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرسا، ئۆزى چوڭ قوشۇننى ئېلىپ قۇمبۇلاق ئارقىلىق چۈشمانغا چۈشۈپ، ھۇجۇمنى باشلىسا، مەن ۋە داربىشاھ ئىككىمىز يۈز ئەزىمەت بىلەن

جەيرەن، سۇمان تاغلىرىدىن چۈشۈپ، شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىسام ، قۇلچاق ئۆزىنىڭ جەڭ تەدبىرى ئىچىدە بۇنى ئويلىشىپ كۆرسە» دەپ تاپىلىدى، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئىككىڭلارغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ! مېنى ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلىدىڭلار، — دېدى قۇلچاق ئۇلارغا تەشەككۇرىنى بىلدۈرۈپ.

قۇلچاق بۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ئومۇمىي جەڭ پىلانىنى يېڭىباشتىن تۈزۈشكە باشلىدى.

قۇياش سەرىكۈي ئاسمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن بولۇپ، پۈتۈن پامىرغا كۈلۈپ نۇر سەپمەكتە ئىدى.

قوشۇن داۋاندىن چۈشۈپ تار جىلغىدىكى كىچىككىنە تۈزلەڭلىككە كەلگەندە، قۇلچاق بۇ يەرنىڭ خىلۋەت جاي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، قوشۇننى مۇشۇ يەردە ئازراق ئارام ئالدۇرماقچى بولۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— قوشۇن مۇشۇ يەردە بىردەم توختىسۇن ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. قوشۇن توختاپ بولغاندىن كېيىن، قۇلچاق ئالاقچىنى چاقىردى.

ئالاقچى يۈگۈرگەن پېتى قۇلچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خوش بېگىم، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دەپ ھۆرمەتتە تىك تۇردى.

— سەن دەرھال سەركەردىلەرنى چاقىرىپ كەل ! — دېدى قۇلچاق بۇيرۇق تەلەپپۇزدا. ئالاقچى:

— مانا ھازىر ! — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

ھايال بولماي قۇلچاقنىڭ بەش ـ ئالتە قوشۇن سەركەردىلىرى يېتىپ كېلىشتى.

قۇلچاق ئۇلارغا مەلۇمات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن

كېيىن، كاللىسىدا پىشۇرغان جەڭ پىلانى بويىچە ۋەزىپە ـ تەدبىرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

قۇلچاق يەنە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:

ــ قوشۇنىمىز دۈشمەنگە ئىككى تەرەپتىن تېگىش قىلىدۇ. مەن قوشۇننىڭ يېرىمىنى باشلاپ قومبۇلاق ئارقىلىق چۈشمانغا چۈشۈپ، پۈرشىنگۈن تەرەپتىن تېگىش قىلىمەن. سەردار نۇرئەلى قوشۇننىڭ يېرىمىنى باشلاپ خەنىك جىلغىسى ئارقىلىق چۈشۈپ دەريا ياقىلاپ، ئەلار ئوتلاقىغا بېرىپ، شامبابادىن ھۇجۇم باشلايدۇ. سەردار دارىڭ ئەللىك ئەسكەر بىلەن پىستىرمىدىكى دۈشمەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. مەن مەمەترېھىم بىلەن داربىشاھ تاغامغىمۇ بۇيرۇق ئەۋەتتىم، ئۇلارنىڭ قوشۇنى جەيرەن، سۇمان تاغلىرى ئارقىلىق چۈشۈپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىر بۆلىكى قۇزغۇن تەرەپتىن ھۇجۇم باشلايدۇ. يەنە بىر بۆلىكى تۇغلانشار تەرەپتىن ھۇجۇم باشلايدۇ. بىز چاقماق تېزلىكىدە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم باشلاپ، سۇدۇربەگ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، كۈچنى توپلاپ پىستىرمىدا تۇرغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىمىز. سەردار نۇرئەلى، سىز ئەلاردىن ھۇجۇم قوزغىغاندا، سۇدۇربەگ بىلەن پىستىرمىدىكىلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ. ئۇلار باشسىز يىلانغا ئايلانسۇن. بىر دۈشمەننىمۇ قاچۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ھەممىسىنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىشىمىز كېرەك. قانداق، ۋەزىپە ئۇقۇشلۇق بولدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى قۇلچاق.

ــ ئۇقۇشلۇق بولدى، ــ دېيىشتى سەركەردىلەر قاتتىق غەيرەت بىلەن.

ــ ياخشى، ئەمىسە دەرھال ئاتلىنىڭلار!

قۇياش قۇلچاقنىڭ قوشۇنىغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك ھەرقانداق

ۋاقتىدىكىدىن نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. تاغ، يايلاق، يۇرت ئۇنى چىن دىلىدىن قارشى ئېلىۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ كەڭ باغرىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ تۇراتتى.

تاشقەلئەدە بولسا باشقىچە بىر سورۇن قىزىپ تۇراتتى.

سۇدۇربەگنىڭ ئۆزى ئۇچۇن راسلاتقۇزغان خاس مېھمانخانىسىغا تولۇق كەلتۈرۈپ ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۇستىدە قات ـ قات كۆرپە بولۇپ ، سۇدۇربەگ باش تەرەپتىن ئورۇن ئالغانىدى.

ئىككى يېنىدا ئىككى ساھىبجامال ئۇنىڭ بوينى، بېشى، قوللىرىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى، مىرزا، قازىلار ئولتۇرغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنغان بولۇپ، داستىخان پاقلان گۆشى، قاتلىما، قايماق، قېتىق، ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان. پەس تەرەپتە بولسا، ئەلنەغمىچىلەر ئاجايىپ مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى ئورۇنلىماقتا ئىدى.

ھۆر پەرىدەك قىزلار يېقىملىق مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ قايناۋاتقان بۇلاقتەك قاپقارا كۆزلىرىگە قاراپ مەستخۇش بولغان سۇدۇربەگ ئورنىدىن ئۆزىنى سەل كۆتۈرۈپ، كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ياردەمچىسى غۇلامبەگكە قاراپ:

ــــ ئەزىمەتلىرىمىز قۇلچاقنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن قوشۇنغا مەرىكە ئۇيۇشتۇرىمەن. چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنى يەتكۇدەك تەييارلاڭلار ! ــــ دېدى.

ــــ خوش، بېگىم، ئادەم چىقاردىم، ھازىر ئۆي ـ ئۆيلەردىن تۇتۇپ ئەكېلىۋاتىدۇ.

ــــ ئەڭ گۈزەللىرىنى ماڭا تاللاپ قويۇڭ، ــــ دېدى سۇدۇربەگ شەھۋەت بىلەن تولغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ

كۆلۈپ.
— باش ئۇستىگە، دېگىنىڭىزدەك ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دېدى غۇلامبەگ خۇشامەت بىلەن.
— ھە راست، — دېدى سۇدۇربەگ بۇرۇتىنى تولغاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ، — قۇلچاقنىڭ ئايالى بەك چىرايلىق چوكان ئىمىش. ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۈرۈڭلار. قۇلچاقنى قارىتىپ پەيزىنى سۈرىمىز !
— ھازىر چېرىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى مۇھىم يوللارغا ئورۇنلاشتۇردۇق، قۇلچاقنى تۇتقاندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ قۇلچاقنىڭ خوتۇنىنى ۋە ئۇ يەردىكى چىرايلىق قىزلارنى ئەكەلدۈرىمەن، — دېدى غۇلامبەگ.
— ئۇمۇ بولىدۇ، لېكىن بىز قۇلچاقنى تۇتقاندىن كېيىن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مەرىكە ئوينايمىز، شۇنىڭغا ئۇلگۇرتۇپ ئەكەلمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى سۇدۇربەگ چوڭقۇر چاناقلىرىدىكى كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئۇسسۇلچى قىزلاردىن ئۇزمەي تۇرۇپ.
سۇدۇربەگ ئۆزىنى تەڭداشسىز كۈچلۈك ھېسابلايتتى. قۇلچاق باشلاپ كەلگەن قوشۇن ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. «قۇلچاق، قۇلچاق دەيدۇ، ئۇ قانچىلىك نېمە ئىدى؟ مېنىڭ كۈچلۈك بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنۇم تۇرسا، ئۇ باشلاپ كەلگەن ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇنىنى پىستىرمىدىلا يىغىشتۇرىمەن. قۇلچاقنى تىرىك تۇتۇپ خان ئالىيلىرىغا ئاپىرىپ بەرسەم، دۇنيادا تەڭداشسىز قەھرىمان دېگەن نامغا ئېرىشىمەن ! شۇنىڭدا ھوقۇق، بايلىق دېگەنلەر ئالقىنىمغا يىغىلىدۇ» دېگەننى ئويلىغان سۇدۇربەگنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، شەھۋانىيلىق تولغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
سۇدۇربەگ تازا ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتقاندا، خەۋەرچى

كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— بېگىم ئىنتايىن مۇھىم مەلۇمات بار، — دېدى ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ.

سۇدۇربەگ بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك ياردەمچى غۇلامبەگ، مىرزىبەگلەردىن باشقىلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

خەۋەرچى دۇدۇقلىغان هالدا:

— بېگىم، قۇلچاقنىڭ قوشۇنى شىنگۇن جىلغىسىدىن، قۇزغۇندىن، تۇغلانشاردىن، چۈشماندىن بولۇپ تۆت تەرەپتىن تەڭلا هۇجۇم قىلىپ كەپتۇ.

— نېمە !؟ — دەپ ۋارقىرىغانچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى سۇدۇربەگ.

— ئەزىمەتلىرىمىز قاتتىق ئېلىشىۋاتىدۇ، — دېدى خەۋەرچى تىترەپ تۇرۇپ.

— پىستىرمىدىكىلەر نېمە قىپتۇ ؟ — ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى سۇدۇربەگ.

— بېگىم، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلدى.

— ئەستاغپۇرۇللا ! ئۇ يارىماسلار ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟

— بەنە بىر گەپ، ئۇلار بىزلەرنىڭ قاچىدىغان... ياق ... ياق ... ياق ... قايتىدىغان يوللىرىمىزنىڭ هەممىسىنى قامال قىلىۋاپتۇ، — دېدى تىلى كالۋالاشقان خەۋەرچى.

— نېمە دېدىڭ؟ ! — دېدى ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغان سۇدۇربەگ خۇددى قوقاسىنىڭ ئۈستىگە دەسسىگەندەك تېپىرلاپ.

— قۇلچاقنىڭ ئارانلا ئۈچ يۈز چېرىكى تۇرسا قانداقسىغا هەممە يوللارنى قامال قىلىپ، يەنە بىزگە هۇجۇم قوزغىيالايدۇ؟

بەلكىم بۇ بىر ھىيلە بولۇشى مۇمكىن ! — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

ئۇ بىردىنلا غۇلامبەگكە:

— سەن ئادەم باشلاپ بېرىپ، پىستىرمىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەل، — دېدى.

ئاندىن مىرزىبەگكە قاراپ:

— سەن دەرھال بېرىپ لەشكەرلىرىمىزگە يەتكۈز: «كىمكى كەينىگە قاچىدىكەن، شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىنىدۇ ! كىمكى باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئۇتۇق قازىنىدىكەن، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ ! »، تېز بارغىن ! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

ئۇلار: «خوپ، ماقۇل !» دېگىنىچە يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

سىرتتىكى قىيقاس ـ چۇقانلار سۇدۇربەگنىڭ قۇلىقىغا كىردى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچىنى ئېلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

قۇلچاقنىڭ قوشۇنى تۆت تەرەپتىن شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلاپ، كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىپ سۇدۇربەگنىڭ قوشۇنىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگەنىدى.

قۇلچاق ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشاتتى. دۈشمەنلەر «ۋايجان !» دېگىنىچە بىر ـ بىرلەپ يىقىلماقتا. بىر تەرەپتىن مەمەتربەسىم بىر توپ دۈشمەننى سۈر ـ توقاي قىلىپ، خۇددى چامغۇرنى يۇلغاندەك ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ تاشلىماقتا ئىدى.

سۇدۇربەگ قوشۇنىنىڭ چوڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قىرىلىپ تۈگەپ، ئاز قىسمى بۆرىدىن ئۈركۈگەن قويلاردەك تاشقەلئەگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

تاشقەلئەنىڭ ئالدى ئىس ـ تۈتەككە تولغان بولۇپ، قېچىپ كەلگەن دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. جېنى تۈمشۇقىغا كەلگەن سۇدۇربەگنىڭ قىلىچىنى شىلتىپ: «كىم ئۇرۇشقا كىرمىسە، مۇشۇ يەردىلا جېنىنى ئالىمەن!» دەپ غەزەپ بىلەن چىرقىراشلىرى خۇددى غالجىر ئىتنىڭ جان تالىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى غىڭشىشىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

سۇدۇربەگ ئۆز لەشكەرلىرىنى ئالدىغا مېڭىشقا زورلاۋاتقاندا، قۇلچاقنىڭ قوشۇنى شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىدىن بىرمۇ دۈشمەن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

ئاخىردا يالغۇز قالغان سۇدۇربەگ بوغۇزلاپ تاشلانغان ئۆكۈزدەك خىرقىراپ تۇرۇپ:

ـــ هوي قۇلچاق! باتۇر بولساڭ مەن بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشە قېنى، قانچىلىك هۈنىرىڭ باركىن، بىر كۆرەي! ـــ دېدى.

قۇلچاق لەشكەرلىرىگە قول ئىشارىتى قىلدى، هەممىسى چېپپىدە توختىدى.

قۇلچاق دەرهال ئېتىدىن چۈشۈپ:

ـــ قېنى كېلە! هۇ پېسەندى، غالجىر ئىت! ـــ دەپلا قاپلاندەك ئۇنىڭغا ئېتىلدى. سۇدۇربەگ ئىككى قىلىچنى ئىككى قولىدا تۇتقان پېتى قۇلچاققا ئېتىلدى. ئۇنىڭ پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى چاچراپ كېتىدىغاندەك بولۇپ، قىياپىتى جان تالىشىۋاتقان ئىتنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

قۇلچاق ئۆزىنىڭ كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، چەبدەسلىك بىلەن جەڭگە كىردى. ئېلىشىش ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. جېنى هەلقۇمىغا كېلىپ قالغان سۇدۇربەگ جان ـ جەهلى بىلەن ئېلىشتى. ئۇ قۇلچاققا قىلىچ ئۇرۇشىغا،

قۇلچاق چاقىقانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپلا، تېزلىك بىلەن كۆمۈش سايلىق قىلىچىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى. سۇدۇربەگ بىر چىرقىراپلا قولىدىكى قىلىچى تاراڭشىدە يەرگە چۈشتى.

— خەقنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقنى زار - زار قاقشاتقان لالما ئىتنىڭ جازاسى مۇشۇ ! — دېدى قۇلچاق غەزەپ بىلەن، قىلىچىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن تارتىۋېلىپ.

سۇدۇربەگ يېلى چىققان تۇلۇمدەك پوككىدە يەرگە يىقىلدى.

ئاسماندا چاراسلاپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، پۈتۈن سەرىكۆيدا چىراغ يانغاندەك، ئەتراپ يوپيورۇق بولۇپ كەتتى. مۇزتاغ ئاتىنى قاپلىغان قارا تۇمان يوقىلىپ ئاپپاق ھۆسنى كۆلۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا جۇلالاندى. ئىنتايىن يىراق بىر يەردىن ھوشۇر بوۋاي بىلەن زىمۇنىك مومايىنىڭ: «رەھمەت بالام !» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، نەبىجان بىلەن مەشۇتگۈلنىڭ قول تۇتۇشۇپ: «رەھمەت ئاكا !» دەپ سالام بېرىۋاتقان سىيماسى ۋاللىدە كۆرۈنگەندەك بولدى. تاشقەلئەدىكى يورۇقلۇقنى كۆرگەن سەرىكۆي خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ كەلدى. ئۇلار شادلىق ئىلكىدە: «زىندەباد قۇلچاق !» (ياشاپ كەت، قۇلچاق ! دەپ تۇۋلاشتى. بوۋاي - مومايلار قۇلچاقنىڭ كۆزىگە، پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ، ئەزىز پەرزەنتىنى تەبرىكلىدى.

قۇلچاق قۇرامىدىكى يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قىز - جۇۋانلار ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆز يېشى قىلىشتى.

پۈتۈن سەرىكۆي خەلقى بۇ غەلىبىدىن ئالەمچە شادلىنىپ تەنتەنە قىلىشتى. ھەممە كىشىگە غەم دېڭىزىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققاندەك، ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان تاغنى ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك بىلىندى. ئاسمىنىدا قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان بۇ

گۈزەل يۇرت كىشىلەرگە ھاياتنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىدىغانلىقىنى قايتىدىن ھېس قىلدۇردى .

قۇلچاق قوشۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاشقىلىئەدىكى ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى.

قۇلچاقنىڭ ئىشكى ئالدىغا كۈيپەرى، دارىبىشاھ، قۇلچاقنىڭ ئوغلى كىچىك ئارىيانى ۋە قوشنىلىرى، يىراق - يېقىندىن كەلگەن يۇرتداشلىرى يىغىلغانىدى. قىزلارنىڭ قولىدا قوزا كۆرپىدە قارا مەخمەل بىلەن تاشلىنىپ، ھەر خىل رەڭلىك يىپەك بىلەن تىكىلگەن تۇماق، گۈل چېكىلگەن بەلباغ، گۈللۈك پايپاق، قول ياغلىق قاتارلىق ھەر خىل نەرسىلەر، دارىبىشاھنىڭ قولىدا كىچىك ياغاچ چاناقتا ئۇن، ھەممىسى قۇلچاقنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇراتتى.

توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كۈيپەرى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ قۇلچاقنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. بۇ كىشىلەر يىراق - يېقىنلاردىن كېلىپ بۇ يەرگە يىغىلغىنىچە نىجاتكارى قۇلچاقنى كۈتمەكتە ئىدى.

قۇلچاقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا بۇ ئادەملەر توپى خۇددى ئانىلىرىنى ئېمىش ئۈچۈن قوتاندىن چىققان قوزىلار توپىدەك تەۋرەپ كەتتى. خۇشاللىقتىن ھەممىنىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلدى. كۈيپەرى ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە بېرىپ قۇلچاققا ئېسىلدى. قۇلچاقنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ شادلىق يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى. قۇلچاق كۈيپەرى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ، كۈيپەرىگە تەسەللى بەردى:

— بولدى يىغلىما، مەن كەلدىمغۇ، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا. ئۇنىڭ بۇ سۆزنى نەقەدەر تەستە دېيەلىگەنلىكىنى پۈتۈن بەدىنىدىن تەپچىپ چىققان تەر تامچىلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ بۇ كۈننى سېغىنىش

ئىلىكىدە كۆتكەن ئەمەسمىدى؟ تالاي قېتىم كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزغان، كۈيپەرىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ پىنهاندا ياش تۆككەن ئەمەسمىدى؟ مانا ئۇنىڭ كۈيپەرىسى، يۇرىكىنىڭ پارىسى، ئوغلى ئالدىدا تۇرمامدۇ؟ يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت ئىلكىدە كۆرۈشۈۋاتامدۇ؟ چىن قەلبىدىن سۆيۈپ كەلگەن يۇرتى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قوينىنى كەڭ ئاچتىغۇ؟ قۇلچاق بۇ مىنۇتلاردا ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ھاياجاندا پۈتۈن بەدىنى يالقۇن ئۇستىگە چۈشكەندەك تىترەيتتى. قۇلچاق يۇرتداشلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى. قىزلار ئۆزى كەشتىلەپ تىككەن تۇماقنى قۇلچاققا كىيدۈردى. ھەممەيلەن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قۇلچاققا تەقدىم قىلىپ ئۇنى مۇبارەكلىدى.

داربىشاھ قۇلچاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم. بۈگۈن مانا سەرىكۆينى بېسىپ تۇرغان قارا تاغنى ئىرغىتىپ تاشلىدىڭ. سەرىكۆي ئاسمىنى قايتىدىن سۈزۈلدى. مۇزتاغ ئاتا بۇ خۇشاللىققا شاھىت بولۇپ تەبەسسۇم قىلماقتا. پۈتۈن سەرىكۆي خەلقى ساڭا ئالقىش ياغدۇرماقتا. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ روھمۇ سەندىن پەخىرلىنىدۇ. مەن ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن سېنى مۇبارەكلەيمەن! — دەپ مۇرىسىگە ئاق ئۇن سەپتى.

— تاغا، ئامبال بىلەن ۋاڭ جانابلىرى مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى، ماڭا تۆھمەت قىلىنغانلىقىنى بىلىپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. بۇ دەقىقىلەردە بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇش بولدۇم. ئادەم ناھەقچىلىك ئىچىدە خۇددى بىر چوڭ تاشنىڭ تېگىدە نىمجان بولۇپ ياشايدىكەن، ھەق ـ ناھەق ئايرىلىپ ھەقىقەت ئۆزىنىڭ نۇرلۇق چىرايىنى كۆرسەتكەندە بۇ تاش ئۇستۈڭدىن شىپپىدە چۈشىدىكەن ـ دە، بۇ دۇنياغا ئەمدىلا

كـۆز ئاچقـان بـوۋاقتـەك بـولـۇپ كېتـــدىكەنســەن. مانا ئـەمـدى گۇنـاھـسـز، پـاك قـۇلچاق يـۇزى يـوروۇق ھالدا سـلـەر بـىلـەن كۆرۈشتى، ـــ دېدى قۇلچاق.

ـــ بـالام، بىز سـزگە ئىشىنىمـىز، بوۋىكـىز: «بۇ قـۇيـاش ئوغلى قۇياشتەك سەرىكۆينى يورۇتىدۇ» دەپ ئېيتقـان. مـانا سـز سەرىكۆينى قاپلىغان زۇلمەتنى يوقىتىپ سەرىكۆينى قـايتىدىن يورۇقلۇققا چىقاردىڭىز. سىز بىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلىمىز.

قۇلچاقـنىڭ يـۇزىـدە شادلىق تـەبەسسـۇمـى جىلـۋىلىنىپ، رۇخسارىدىن قۇياشتەك نۇر پۇتۇن سەرىكۆي زېمىنىغا تارىلىشقا باشلىدى. ئۇنىـڭ مۇرىسىـدىكى ئاق ئـۇن بىردىن مـۇزتاغدىكى ئاپپاق قارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن بىردەمدىلا زىلالدەك سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ كـېلىپ قـاغجىراپ قـالغان سەرىكۆي يايلىقىنى ياشارتىۋەتتى.

ياش تۆكـۇپ كەلگەن مـۇزتاغ مەلىكىسىنىڭمـۇ چېھرىـدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

مـۇزلاي دەپ قالغان مـەلىكە بـۇلىقـنىڭ يۇقـىرى ھارارىتـى ئـەسلىگە كېلىپ، قايتىـدىن بۇ سىـرلىق زېمىنغا شىپالىق تامچىلارنى چاچتى.

تاغلاردا، يـايلاقلاردا، بۇلاق ـ كـۆللەردە، دەريا ـ ئـېقىنلاردا، ئېـگىز چوقـقـا، چوڭقـۇر جـىرالاردا ـــ ھـەمـمـە يەردە، ھـەتـتـا ئادەملەرنىڭ قەلبىدە قۇياش نۇرى باشقىدىن چاقنىدى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## تاشقەلئە ئىگىسىنى تاپتى

قۇلچاق سۇدۇربەگ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلارنى پاك ـ پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن، تاشقەلئەگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ «كىشىلەر بۇلاق ـ تالاڭنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. مەن قوشۇنۇمغا قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈم بېكىتتەي، بولمىسا خەلقنىڭ نەزىرىدىن ئاسانلا چۈشۈپ كېتىمىز» دېگەننى ئويلىدى ـ دە، دەرھال قوشۇنغا يىغىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

قۇلچاقنىڭ قوشۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە يىغىلىپ سەپ ـ سەپ بولۇپ تەييارلاندى. قۇلچاق ھەمراھلىرى ۋە يۇرتنىڭ قازى، ئاقساقاللىرى بىلەن تاشقەلئە دەرۋازىسىدىن چىقتى. قوشۇن سەردارى مەمەتربھىمنىڭ «دىققەت !» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تەڭ، پۈتۈن لەشكەرلەر شاق ـ شاق رەتنى تۈزلەپ تۇردى.

قۇلچاق يۇقىرى ئاۋازدا جاكارلىدى:

— باتۇرلار، ئەزىمەتلەر ! بىز تاجاۋۇزچىلارنى سەرىكۆي رايونىدىن يوقاتتۇق. ھازىر سەرىكۆيدا تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئورنىتىلدى. خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. مەن بۇ قېتىم تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش جېڭىگە قاتناشقان بارلىق ئەزىمەتلەرنى تارتۇقلايمەن. لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتى

ئۆستۈرۈلۈش بىلەن بىللە، تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە كاتتا ئىنئام بېرىلىدۇ!

لەشكەرلەر پۈتۈن شاد ـ خۇراملىق بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

— شۇنىڭ بىلەن بىللە، — دېدى قۇلچاق گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يەنە لەشكەرلەر ھەرقاچان جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرسۇن! ھەركىم بۇيرۇقنى جان پىدالىق بىلەن ئىجرا قىلىشى شەرت. ئاۋامنىڭ بىر تال قىل چاغلىق نەرسىسىگىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ. ئەگەر كىمكى خىلاپلىق قىلسا شۇ قاتتىق جازالىنىدۇ!

— بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز، — دەپ توۋلاشتى لەشكەرلەر.

قۇلچاق سەربكۆينى تىنچىتقاندىن كېيىن، ھاكىم مەھكىمىسىگە كېلىپ ئەھۋالنى يەكەن ئامبىلى ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلماقچى بولدى.

شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ يېنىغا قابىل ياردەمچىلىرىدىن مەمەتربھىم، نىيازباي ئاقساقال، گۈلشۇرخان، شىرئەلى، بەختىباي، قەلەمدار نۇرئەلىلەرنى ۋە يۇرتنىڭ قازى، ئاقساقاللىرىنى چاقىرتقانىدى.

قۇلچاق ھەممەيلەن بىلەن قول سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى ـ دە:

— قېنى ئولتۇرايلى، — دەپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھەممەيلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، قۇلچاق ئۇلارنى چاقىرتىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلدى:

— ھەرقايسىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىز تاجاۋۇزچىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، سەربكۆيدا تىنچلىق ـ ئاسايىشلىق بارلىققا كېلىپ، ئاۋام خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئەمدى ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلساقمىكىن دەيمەن. قېنى سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن.

— بەلەن ئويلاپسەن، بالام، بۇرۇنقى ھاكىمبەگ خەلقتىن يوشۇرۇنچە ئايرىم ئادەملەردىنلا پىكىر ئالاتتى. سەن ھەممىمىزنى جەم قىلىپ، پىكىرىمىزنى ئاڭلاپ، ئەھۋالدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن. ھەممىمىز ساڭا قايىل بولدۇق. ئىشلىرىڭ تېخىمۇ ئىلگىرى تاپسۇن، ھەمىشە بەرىكەت ياغقاي، ئىلاھىم، — دېدى نىيازباي ئاقسالقال.

— تاشقەلئە ئەمدى ئىگىسىنى تېپىپتۇ، — دېدى بەختىباي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— يۇقىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلغاندا قۇلچاقنىڭ تۆھپىسىنى تولۇق يېزىشىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى بىزگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلايلى، — دېدى مەمەترېھىم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى تارتىنماي، ئەركىن - ئازادە ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەركويغا تېزدىن ھاكىمبەگ تەيىنلەپ بېرىش توغرۇلۇق يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىشتى.

قۇلچاق قەلەمدار نۇرئەلىگە قاراپ:

— ئەمىسە قەلەم تەۋرىتىپ ھەقىقىي ئەھۋالدىن مەلۇمات يېزىپ دەرھال يەكەن ئامبال مەھكىمىسىگە يوللاڭ، — دېدى، ئۇ توساتتىن گېپىنى توختىتىپ بىر پەس تۇرۇۋالدى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە راست! ھاكىمبەگ مەمەشاھنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىڭ.

ئۆي ئىچى بىردىنلا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىمتاس بولۇپ قالدى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق نۇرى چېپىپىدە ئۆچتى، كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى.

بۇنىڭدىن ھەيران قالغان قۇلچاق:

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇلارغا قاراپ.

مەمەتربھىم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— مەمەشاھنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش ئىلتىماسىغا قوشۇلمايمىز. ئۇ ساڭا تۆھمەت قىلدى. بىخۇدلۇق، ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشاپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ يوشۇرۇن سىڭىپ كىرىپ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ ئاۋام ـ خەلقنى خورلۇققا، جاپا ـ مۇشەققەتكە قويدى، — دېدى قاتتىق تەلەپپۇزدا.

— شۇنداق، قۇلچاق بېگىم، ئۇ قاراپ تۇرۇپ سىلىگە تۆھمەت قىلدىغۇ.

— سىرتتىن كىرگەن ئايال جاسۇس بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، ئاخىر جاجىسىنى يېدى، — دېدى گۇلشۇرخان.

قۇلچاق ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئازراق ئويلىنىۋالدى ـ دە، ھەممىسىگە تەكشى قارىۋېتىپ:

— ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ھاكىمبەگنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ تاجاۋۇزچىلار ئۆلتۈردى. مەن ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتسام بولمايدۇ، — دېدى سەممىيلىك بىلەن.

— ئۇ سىلىگە شۇنچە ئەسكىلىك قىلدى، ئەمما سىلى يەنە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىۋاتىلا، مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى نىيازباي ئاقساقال.

— ئىتنىڭ قىلغىنىنى ئىگىسى قىلمايدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ قىلغىنىنى قىلسام ئۇنىڭدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟ — دېدى قۇلچاق كەسكىنلىك بىلەن.

ھەممەيلەن قۇلچاقنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى.

بۇ يىل ئەتىياز بالدۇر كەلدى. يەكەن دىيارى باھارنىڭ ئىللىق نۇرىدا ئاق، سېرىق لىباسىنى كۆك، يېشىل رەڭگە

ئالماشتۇرۇپ تويلۇق كىيىم كىيگەن قىزدەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدىلا يوپۇرماق چىقارغان دەرەخلەرنىڭ يېشىل رەڭگى شۇنچە قېنىق، شۇنچە پاكىز ئىدى.

ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى بۇژغۇن چاچرىتىپ ئاقاتتى. ئېتىزلاردىكى ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرى شۇنداق بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، كىشىلەرگە بۇ يۇرتنىڭ ئاشلىق ماكانى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. مۇنبەت زېمىن، ئارامبەخش هاۋا، سۈپسۈزۈك سۇ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، سەنئەتخۇمار، مېهماندوست خەلق بۇ ئېسىل يۇرتنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغانىدى. باهارنىڭ شۇنداق ئىللىق كۈنلىرىدە، يەكەننىڭ ئامبال، ۋاڭ، قازى، ئاخۇنلىرى ۋە يېڭىسار، قاغىلىقنىڭ بەگ، قازىلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ هەممىسى يەكەن ئامبال مەهكىمىسىگە يىغىلغانىدى.

يەكەن ئامبال مەهكىمىسىنىڭ قوبۇلخانا ئۆيىنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. يەكەن ۋاڭى ئابدۇراخمان، ئامبال بېي چاڭ، ياردەمچىلىرى جاۋ گەن، مۇتەللىپ، ئابدۇقېيۇم، تۇرسۇن قاتارلىقلار قوبۇلخانىغا كىرىشى بىلەن هەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بەردى .

هەممەيلەن ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان ۋاڭ قولىنى كۆتۈرۈپ هەممەيلەنگە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.

ئابدۇراخمان ۋاڭ قول ئىشارىتى بىلەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن:

ـــ هەرقايسىلىرىنى بۇ يەرگە چاقىرتىشىمىزدىكى مەقسەت بۈيۈك چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈشتۇر، هازىر ئامبال بېي چاڭ پەرماننى يەتكۈزىدۇ، ـــ دېدى.

ئامبال بېي چاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ خان يارلىقىنى يەتكۈزدى:

«بۇ قېتىم چەت ئەللىك تاجاۋۇزچىلارنى يەكەن، پامىر

قورۇلىدىن قوغلاپ چىقىرىشتا يەكەن، يېڭىسار، سەرىكۆي خەلقلىرى باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىپ ۋەتەننىڭ تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ. خۇسۇسەن پامىر باغرىدىكى سەرىكۆي خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر روھىغا يۈكسەك ئاپىرىن ئېيتىدۇ. شۇ بائىستىن سەرىكۆي بەگلىكىنىڭ دەرىجىسى بەشىنچى دەرىجىلىك بەگلىكتىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك بەگلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇشبۇ سەرىكۆينىڭ تەۋەلىكىدىكى ئون توققۇز كەنتكە يەنە موقۇر، قىزىلتاغ، قاراقىر، كېسىك قاتارلىق توققۇز كەنت قوشۇپ بېرىلىپ، تەۋەلىكىدىكى باشقۇرۇلىدىغان كەنت يىگىرمە سەككىزگە يەتكۈزۈلىدۇ. ۋەتەن زېمىنىنى قوغداشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان قۇلچاقنىڭ مەنسىپى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئۆستۈرۈلۈپ، سەرىكۆينىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەندى».

مەھكىمىدىكى ھەممەيلەن:

— پەرمانبەردارمىز! — دەپ توۋلاشتى.

— قۇلچاقنىڭ يوللىغان دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۇ سەرىكۆيدىن بارلىق چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. چېگرانى مۇستەھكەملەپ، ئاۋام خەلقنى خاتىرجەم قىپتۇ، — دېدى ئابدۇراخمان ۋاڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ ھەقىقەتەن تېپىلماس يىگىت ئىكەن، پامىر بۈركۈتى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن ! — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— بىز ھايالشىماي سەرىكۆيگە ئادەم ئەۋەتىپ، قۇلچاقنىڭ سەرىكۆي ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلايلى. ئۇ سەرىكۆينىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان يۈرۈشتۈرسۇن، — دېدى ئامبال بېي چاڭ.

سەرىكۆي خەلقى ئۆزىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئەنئەنىۋى ھېيتى شاۋگۇن باھار (نوروز) نىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇلچاقنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە سەرىكۆيگە تارقالدى. بۇ قوش خۇشاللىق سەرىكۆي خەلقىنى تېخىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى.

بۇگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قۇياش ئەركىنلىك ئىلاھىدەك ئۆزىنىڭ زەر نۇرلىرىنى بۇ خىلۋەت ماكانغا توسالغۇسىز سەپمەكتە ئىدى. باھارنى كۈتۈۋاتقان سەرىكۆينىڭ تاغ ـ يايلاقلىرى بۇگۈن باشقىچە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ تاشقەلئەگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق ئۆزئارا پاراڭلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. كۆركەم تاجىكچە تۇماق كىيىۋالغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيىپ، بېلىنى مىيۇند بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان، قويۇق ئەگمە كىرپىكىنىڭ ئىچىدە بۇلاقتەك چاقناپ تۇرغان يوغان قارا كۆزلۈك بىرەيلەن يېنىدىكىلەرگە:

— سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ، يەكەن ئامبىلى تۇنۇگۈن بۇ يەرگە چىقىپتۇ. قۇلچاقنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەيدىكەن. بۇگۈن تاشقەلئەدە چوڭ مەرىكە بولىدىكەن. مەن شۇ يەرگە مېڭىۋاتىمەن — دېدى زوق ـ شوق بىلەن.

— بىزمۇ مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز، — دېدى يەنە بىرسى.

— قۇلچاقنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەنلىكى بىزنىڭ بەختىمىز. ئەمدى سىرتتىن كېلىدىغان بۇلاڭچىلار بىزنى بوزەك قىلالمايدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— شۇنداق، قۇلچاق بىزنىڭ باتۇرىمىز. ئۆتكەندە

چىرىكلەرگە: «كىمكى خەلقنىڭ قىلچىلىك نەرسىسىگە تېگىدىكەن جېنىنى ئالىمەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ چېرىكلەرنى مۇنداق چىڭ باشقۇرۇشىدىن بىز بەكمۇ خاتىرجەم بولدۇق، ــــ دېدى يەنە بىرەيلەن. كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا دېيىشىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قۇلچاق ئۈستىدە كېتىپ باراتتى.

توپ ـ توپ ئاتلىقلار، تۆگە، قوتاز مىنىپ ياكى پىيادە كېلىۋاتقان كىشىلەر ئۆزئارا قۇلچاقنىڭ تەرىپىنى قىلىشىۋېتىپ، تاشقەلئە ئالدىغا كېلىپ يىغىلدى.

تاشقەلئەنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق تاجىك چارۋىچىلار داپقا تەڭكەش قىلىپ سۆڭەك نېيىنى سايرىتىپ، شوخ ، لەرزان بۇركۇت ئۇسسۇلنى باشلىدى. ناخشىچىلار شوخ، تەسىرلىك تاغ ناخشىلىرىنى ئورۇنلىدى. ئۇسسۇل بىلەن بىللە ئېيتىلىدىغان ناخشىدا ناخشىچى ئالدىدىكىنى ئىككى مىسرانى مەزمۇنىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل بىلەن ئورۇنلىغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئىككى مىسرانى پۈتۈن مەيداندىكىلەر جاۋابەن ئېيتىپ ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. بۇ ناخشىنىڭ ئۇرغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كىشىگە چوڭقۇر زوق ئاتا قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەرنى ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۈلكە ـ چاقچاقلار قاپلىغانىدى.

بۇ قىزغىن مەنزىرە قۇلچاق بىلەن ئەمدىلا مەيدانغا كىرىپ كەلگەن ئامبال ياردەمچىسى جاۋ گەن، مۇتەللىپ ۋە يەكەندىن چىققان مېھمانلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.ئۇلار بۇلۇت ئۈستىدىكى بۇ سىرلىق ماكاندا تاجىك خەلقىنىڭ ياراتقان ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيىتىدىن، تاغلارنىڭ يۈكسەك روھىنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن خەلقنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىدىن، تىرىكچىلىك ــــ ھاياتقا قارىتا ئۈمىدۋار قاراشتا

بولۇپ، جاپالىق ـ مۇشەققەت دېگەن ئۇقۇمنى قەلبىدىن ساقىت قىلغانلىقىدىن ھەيران قېلىشقانىدى.

ئۇلار بۇ سەنئەتخۇمار تاغ خەلقىنىڭ ياراتقان پارلاق مەدەنىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى. مەمەترېھىم مەيداندىكى خەلققە: «تىنچلىنىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى. مەيداندىكى خەلقنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى تىنچىغاندىن كېيىن، مەمەترېھىم:

— ھازىر يەكەن ئامبال مەھكىمىسىدىن چىققان بەگلەر سەرىكۆيگە ھاكىمبەگ تەيىنلەيدۇ ! — دەپ توۋلىدى.

— يۇرتداشلار، مەن يەكەن ئامبىلى بېيي چاڭ، يەكەن ۋاڭى ئابدۇراخمان جانابلىرىغا ۋاكالىتەن بۇ مۇقەددەس يۇرتۇڭلارغا قەدەم تەشرىپ قىلدىم. ھازىر بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزىمەن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىققان قۇلچاق ۋەتەن ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتى قۇلچاقنىڭ تۆھپىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇنى سەرىكۆينىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئۆستۈردى ! — دېدى ئامبال ياردەمچىسى جاۋ گەن. تىلماچ جاۋ گەننىڭ سۆزىنى تاجىكلارنىڭ سەرىكۆي شېۋىسىدە تەرجىمە قىلدى .

جاۋ گەننىڭ سۆزى تۈگىشىگە پۈتۈن مەيداندا گۇلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى. ئاۋام خەلق: «چىنى ماچىن زىندەباد، مۇبارەك بولسۇن قۇلچاق !» دەپ توۋلاشتى.

قۇلچاق يەكەندىن چىققان بەگلەرگە، پۈتۈن مەيداندىكى خەلققە سالام بېرىپ، ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ئاندىن تۆرنا پەيلىك ئوتۇغاتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :

— سەرىكۆينى كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرايمەن ! خەلقنىڭ خۇشال ـ خۇرام تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ئادىللىقنى مىزان قىلىمەن ! — دەپ ئاۋامغا ۋەدە بەردى.

نىيازباي ئاقساقال چۆرىسىگە چىرايلىق كەشتە تىكىلگەن ئۇزۇن تونىنى قۇلچاققا كىيدۈردى. تىزناپ دىيارىنىڭ ئۇستا تۇماقچىلىرى تىككەن كۆركەم، چىرايلىق تاجىكچە تۇماقنى بېشىغا كىيدۈردى. ئاندىن ئاق ئۇننى سول مۈرىسىگە سېپىپ مۇبارەكلىدى. نىيازباي ئاقساقال ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋازدا دېدى:

— بالام، مۇبارەك بولسۇن! سىزگە قۇتلار ياغسۇن! سىز ھازىردىن باشلاپ پۈتۈن سەرىكۆي خەلقىگە مەنسۇپ بولدىڭىز، مەن سەرىكۆي خەلقىگە ۋاكالىتەن مۇنۇ سۆزنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن، ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ: «ئەبر ئەگەر ئەز قىبلە خېزەد، سەختى باران مېشەۋەد، شاھ ئەگەر ئادىل نەباشەد، مۈلكى ۋەيران مېشەۋەد.(قىبلە تەرەپتە بۇلۇت يىغىلسا، يامغۇر ياغماي قالمايدۇ، ئەگەر پادىشاھ ئادىل بولمىسا، يۇرت ۋەيران بولماي قالمايدۇ).

ئۇ بىر ھازا پاتىھە قىلىپ، گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

قۇلچاق:

— رەھمەت ئاغا، رەھمەت ئەل - يۇرت! ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويمايمەن! — دېدى ۋەدە بەرگەندەك.

تۆۋەندە گۇلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى.

كىشىلەر «تاشقەلئە ئاخىر ئىگىسىنى تاپتى» دېيىشتى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# تاغ كەينىدىن كەلگەن مېھمان

بۇ يىل سەرىكۆينىڭ ياز پەسلى ئاجايىپ ياخشى كەلدى. يامغۇر بىلەن قۇياش نۇرىنى خۇدايىتائالا تەڭشەپ قويغاندەك بۇ يەرنىڭ سۈيى مول، قۇياش نۇرى تولۇق بولغاچقا، يايلاقلاردا ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىنىڭ ئۈستىگە، تاغ باغرىدىكى دەشتلەردىمۇ ھەر خىل گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن بۇرۇنقى ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەر ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. يۇرتتا خاتىرجەملىك، كىشىلەردە ئادىمىيلىك، بەگ - سەردارلاردا ئادىللىق بولغانلىقىدىنمۇ كىشىلەردە بىر خىل روھىي تېتىكلىك، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىش - زوقلىنىش ھالىتى شەكىللەنگەندى. قۇلچاق ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدە يۇرت ئاقساقاللىرى، خەلىپە - قازىلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. خىزمەتچى ئالدىراش كىرىپ قۇلچاقنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى دېدى. قۇلچاق دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەرقايسىڭلار قايتىپ تۇرغان بولساڭلار، مىرغابتىن مېھمانلار كەپتىكەن، شۇلارنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى. ھەممىسى «ماقۇل، ھاكىم جانابلىرى، خوش ئەمىسە!» دېگىنىچە

ئاستا چىقىپ كېتىشتى. قۇلچاق ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ قوبۇلخانىدا ساقلاپ تۇردى. خىزمەتچىلەرنىڭ باشلىشى بىلەن يەتتە كىشى قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلدى. كەلگەنلەر ئۈچ ئايال، تۆت ئەر بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ياش، ئاياللارنىڭ ئىككىسى ئوتتۇرا ياش، بىرسى ياش چوكان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش چوكان شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئىشىكتىن كىرىشىگە تاغدىن لەپىىدە چىققان تولۇن ئايدەك نۇرانە كۆرۈندى. قۇلچاق ئەر مېھمانلار بىلەن ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاياللار ئەدەپ بىلەن كېلىپ قۇلچاقنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى. قۇلچاق قىزغىنلىق بىلەن: « قېنى ئولتۇرۇڭلار !» دەپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان كىشى: «ئامىن !» دەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى. قۇلچاقمۇ ئۆرە تۇرۇپ قولىنى كۆتۈردى. ئۇ ئادەم ئۈنلۈك ئاۋازدا پاتىھە قىلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ يۈزلىرىگە قولىنى سۈرتۈشتى. يەنە قايتا ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قۇلچاق.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇن ئالغاندىن كېيىن قۇلچاق يەنە ئۇلارغا:

— خۇش كېلىپسىلەر، — دېدى. ئۇلارمۇ:

— بارىكاللا ! — دەپ ئورنىدىن سەل ـ پەل ئۆزىنى كۆتۈرۈشۈپ قايتا ئەھۋال سوراشتى. قۇلچاق تۆردە ئولتۇرغان كىشىنى خۇددى بىر يەردە كۆرگەندەك، خېلى كۆپ ئەسلەپ باقتى ـ يۇ، بىراق خاتىرىسىدىن بۇ ھەقتىكى ساينى تاپالمىدى.

— خوش، قېنى تونۇشۇۋالايلى، — دېدى قۇلچاق ئۇلارغا قاراپ.

— ئېسىم قۇرۇسۇن، تونۇشلۇق بەرمەپتىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئولتۇرۇڭ! ئولتۇرۇڭ ! — دېدى قۇلچاق.

ئاندىن ئۇ كىشى ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزىنى ۋە كەلگەنلەرنى تونۇشتۇردى:

— مېنىڭ ئىسمىم گۇرگىك، ئاتا - بوۋىلىرىم ۋەرشىدې كەنتىدىن، كېيىن مىرغابتا ئولتۇراقلىشىپ قالدۇق. بۇ كىشى سەرىباي تىجارەتچى، مىرغابتا تۇرىدۇ. بۇ كىشى ھەيدەرباي، ئۆيى مىرغابتا، بۇ يەردىمۇ تۇغقانلىرى بار. بۇ كىشى مەسەن، مىرغابنىڭ ئاقتاشتىن. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى خەلچە، مىرغابتىن، بۇ يەردىمۇ تۇغقانلىرى بار. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى نۇرسۇلتان، بەدەخشاننىڭ قىرەغ دېگەن يېرىدىن، سەرىكۇينىڭ ۋاچە دېگەن يېرىدە تۇغقانلىرى بار. بۇ سىڭلىمنىڭ ئىسمى گۇلئايىم، ئۈچ يېشىدا ئاتا - ئانىسى ۋەرشىدې كەنتىدىن مىرغابقا كۆچۈپ بېرىپتىكەن، ھازىر مىرغابتا تۇرىدۇ.

قۇلچاق ھەممەيلەنگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، كۆزى ئىختىيارسىزلا كېلىپ گۇلئايىمدا توختىدى.

گۇلئايىم يىگىرمە بەشتىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدىلا ۋايىغا يەتكەن، تولغان قىزغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئاق قاشتېشىدەك سۇزۇك يۈزى، ئىچىدە قىزىلگۈلدەك جۇلالىنىپ تۇرغان مەڭزى، ئېلىپتەك قاڭشىرى، قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك يوغان كۆزلىرى، تاغدا ئۆسكەن بولۇق ئارپىدەك ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكى، قېتىق ئۇستىگە چۈشكەن قىلدەك يارىشىملىق ئەگمە قېشى، قايماقتا پاتۇرۇپ قويۇلغان قىزىل چىلاندەك لەۋلىرى، ئاق بۇلۇتتەك ئاپپاق بوينى، چىرايلىق زىلۋا قامىتى ئۇنىڭ جەلپكار گۈزەللەردىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. «ئۆستەڭ يارىشىقى

تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» دېگەندەك، ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىكى كىچىك قارا مېڭى خۇددى ئاق قەغەزگە ئېقىپ چۈشكەن قارا سىياھتەك ئۆزگىچە يارىشىپ تۇراتتى.

گۈلئايىم بېشىغا تاجىكچە كۇلتا كىيگەن، ئۇستىگە تۇخۇم سېرىقىدەك سېرىق رومال ئارتقان، ئۇچىسىغا چىرايلىق قىزىلگۈللۈك كۆڭلەك، ئۇستىگە ئۇزۇن يېشىل كۆك يوللۇق بەقەسەم تون كىيگەنىدى.

گۇرگىك قۇلچاقنىڭ گۈلئايىمغا مەھلىيا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، كۆڭلىدە باشقىچە پىلانلارنى تۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىشقا تەقەززا بولۇپ، گۈلئايىمنى گۈلبىغەنىڭ رولىغا چىقارماقچى بولدى. ئۇ «ئەگەر ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولسا تېخى سەرىكۇيغا ھاكىمبەگ بولۇپ قالامدىم» دېگەننى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈردى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى يادەك ئېگىلىپ:

— ھاكىم جانابلىرى، بىزلەرنى قوبۇل قىلغانلىرىغا مىڭ رەھمەت. قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئالمايلى، بىز ھەمىشە ھازىر، مۇشۇ ئىككى يۇرت ئارىسىدا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمىز. بىزلەرنى قوللاپ، بېشىمىزنى سىلاپ قويارلا، — دېدى ۋە خۇرجۇنىدىن ئېسىل رەخت، قەنت ـ گېزەكلەرنى ئېلىپ، ھاكىمبەگ قۇلچاقنىڭ ئالدىغا قويدى.

باشقىلارمۇ سوۋغاتلىق ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا قويدى.

گۈلئايىم ئىككى كىيىملىك رەخت ئۇستىگە چىرايلىق كەشتىلەنگەن قول ياغلىق قويدى. گۇرگىك:

— قانچىلىك قىلساقمۇ ئەرزىيتتىلە، بىراق، قولىمىز قىسقا بولغاچ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممەتلىرىگە لايىق بولماي

قالدى. «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دېگەن گەپ بار، ئاز بولسىمۇ سوۋغىتىمىزنى قوبۇل قىلغايلا، ــ دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ.

قۇلچاق بىردەم ئويلىنىپ قالدى. خەلقنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىنى بىكارغا ئالماسلىق ھەققىدە نىزام بېكىتكەن ئەمەسمىدى؟ بۇنى قوبۇل قىلسا گويا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا ئۆزى خەنجەر ئۇرغاندەك بولمامدۇ؟ قوبۇل قىلماي دېسە، بۇلار يىراق يەردىن كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە نەرسە ـ كېرەك قىس، سودىگەرلەر مال ئەكەلمىسە خەلقنىڭ ئېھتىياجى قانمايدۇ. ئۇ ئاخىر ھەرھالدا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغىمۇ خىلاپ كەلمەيدىغان، ئۇلارنىمۇ رەنجىتىپ قويمايدىغان بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقتى.

ــ كۆپ تەشەككۇر، بۇ سوۋغىتىڭلارنى ئالماي دېسەم يىراق يەردىن كەپسىلەر، بوپتۇ، قوبۇل قىلاي. سىلەرگە مەنمۇ بىر سوۋغات تەقدىم قىلماقچى، يۇرتىمىزنىڭ داڭلىق قويىنىڭ سورتى ناھايىتى ياخشى، سىلەرگە بەش تۇياق داڭلىق قوي ھەدىيە قىلىمەن، ــ دېدى قۇلچاق سەممىيلىك بىلەن.

گۇرگىلىك:

ــ تەخسىر، بۇ نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بەرمىدۇق. پەقەتلا بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمىز، بۇ بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۆرپ ـ ئادىتىمىز. توغرا چۈشەنگەيلا، ــ دېدى ھەييار كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

ــ توغرا دېدىڭىز، مەنمۇ چۈشىنىپ قوبۇل قىلدىمغۇ، سىلەرگە بەرگىنىممۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئادەمگەرچىلىكىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر، ــ دېدى قۇلچاق بوش كەلمەي.

قۇلچاقنىڭ كەسكىن پوزىتسىيەسىنى كۆرگەن گۇرگىلىك دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— قوبۇل قىلدۇق، كۆپ تەشەككۈر ھاكىمبەگ جانابلىرى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق كېلىمىز، ئۆزلىرىنىڭمۇ بىز تەرەپلەرگە بېرىپ مېھمان بولۇشلىرىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى بىر خىل خۇشامەت بىلەن.

— قۇلچاق ئاكا، مېنىڭ كىندىك قېنىم ۋەرشىدېگە تۆكۈلگەن. گەرچە مىرغابتا تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ يەنىلا بۇ يەرنى ياخشى كۆرىمەن. سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزنى كۆپ ئاڭلاپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن قايىل بولۇپ، سىزدەك باھادىر بىلەن بىر كۆرۈشۈش ماڭا نېسىپ بولارمۇ دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدۇم. سىزگە بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى، — دېدى گۈلئايىم ناھايىتى تەبىئىي يوسۇندا. قۇلچاق:

— رەھمەت سىڭلىم، پات ـ پات كېلىپ تۇرۇڭلار — دېدى.

قۇلچاق ئۇلارنى كاتتا مېھمان قىلدى، ئاندىن كېيىن، خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ، مېھمانلارغا ئېسىل قويدىن بەشنى بېرىپ يولغا سېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

قۇلچاقنىڭ خىزمەتچىلىرى مېھمانلارغا سەرخىل داڭباش قويدىن بەش تۇياقنى بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

گۈرگىك ئارىلىقتا قۇلچاقنىڭ خىزمەتچىسىدىن:

— قۇلچاق بىزنى يات كۆردىمۇ قانداق؟ ئازراق سوۋغا ھەدىيە قىلساق، بىزگە ئۇنىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلگۈدەك بەش قوينى سوۋغا قىلدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىگىم، قۇلچاق ھاكىمبەگ ئاۋامنىڭ بىر تال قىلىغىمۇ تەگمەسلىك ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن، شۇڭا ئادەمگەرچىلىكنى چوقۇم ئادەمگەرچىلىك يولى بىلەن قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. ھاكىمبەگ بىزگە: «ھەممە خەقنىڭ ئوخشاش كۆڭلى بولىدۇ، ئۇ ساڭا كۆڭلىنى ئىزھار قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى ئىزھار

قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچكىممۇ بىر ـ بىرىنىڭ نەرسىسىگە تېگەلمەيدۇ. باي ـ غوجاملار، سەردار ـ سەركەردىلەر، چېرىكلەرمۇ شۇنداق. خەلقنىڭ بىر تال قىلىغىمۇ تېگەلمەيدۇ، ــ دېدى خىزمەتچى چۈشەندۈرۈپ.

ــ قۇلچاقنى ئادىل يۇرت سورايدۇ دەپ ئاڭلىغانىدۇق. دەرۋەقە شۇنداق ئىكەن، ــ دېدى گۆرگىك دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا.

گۆرگىك كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنىڭ نەتىجىسىز بولۇۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ ئۆكۈندى، قەلبىنى چىدىغۇسىز ئاچچىق ھەسرەت ـ نادامەت قاپلىدى. «بۇ قۇلچاق ئاياللىرىغىمۇ قىزىقمامدۇ نېمە؟ بۇ مەمەشاھقا تامامەن ئوخشىمايدىكەن، پەرىزاتتەك گۈزەل گۈلئايىم ئالدىغا كەلگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ قىزىقمىدى. بۇ ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئادەم ئوخشىمامدۇ؟» ــ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ــ توۋا، دەپ ھەيران قالدىم، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئىپسىل ئادەم بار ئىكەن ـ ھە! ھاكىمبەگ تۇرۇپ نېمىدېگەن كىچىك پېئىل، نېمىدېگەن سەممىمىي، ــ دېدى گۈلئايىم ئۆزىنىڭ قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ.

مەنمۇ بەك ھەيران قالدىم، ــ دېدى ھەيدەرباي گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ئۇنىڭدا ھېچقانداق كىبىر ياكى چوڭچىلىقنى سەزمىدىم، ھاكىمبەگ تۇرۇپ بىزگە شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلدى، گېپى شۇنداق سىلىق ۋە ئورۇنلۇق، بۇ يۇرت بىر خىزىرغا يولۇقۇپتۇ.

ئۇنىڭ بېكىتكەن قائىدە ـ مىزانلىرىچۇ؟ خەلقنىڭ رايىغا شۇنداق يېقىپتۇ، ئۆزىمۇ ئىنتايىن پاك ئىكەن، بېكىتكەن تۈزۈملەرنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىجرا قىلىدىكەن، ــ دېدى مەسەن قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ،

بۇ پاراڭلارنى گۇرگىنىك بىر خىل سوْرۇن قىياپەتتە ئاڭلاپ ماڭدى.

گۇلئايىم قۇلچاقنىڭ ئادىللىقىنى، ھەققىي ئەركەككە خاس مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. قۇلچاقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ھەرىكىتى، قەددى ـ قامىتى، بۇركۇتتەك ئۆتكۇر كۆزلىرى، باتۇرلارغا خاس خۇي ـ مىجەزى گۇلئايىمنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر داۋالغۇشنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆز يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشۈپ، ئۆزىنى قىيناۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# ئادىل ھۆكۈم، رەھىمسىز جازا

قۇلچاق ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، سەرىكۆيدا ئاجايىپ ئىناق بىر جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. بەگ ـ سەردارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ئىناق، يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن قورقۇش، ئېھتىيات قىلىش دېگەنلەر تامامەن ئۇچۇپ كەتكەندى. قۇلچاقنىڭ لەشكەرلىرى خەلقنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە ئايلانغاندى.

سەرىكۆينىڭ ياز كۈنلىرى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى يازلىق يايلاققا كېتىپ، كەنتتە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش، پەرۋىش قىلىشقا ئازلا ئادەم قالاتتى. بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئۇچۇق ئىدى. تاغدۇمبۇش يايلىقىدا مال بېقىۋاتقان مەمەزىيا كەنتتىكى ئوغۇللىرىغا يېمەكلىك يەتكۈزۈش ئۈچۈن خۇرجۇنىنىڭ ئىككى كۆزىنى پىشۇرۇلغان گۆش، پىشۇرۇلغان قايماق، قاتلىما، سېرىق ماي، پەنىر قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىلەن لىقلاپ، سەھەردىلا كەنتكە قاراپ ئاتلىق يولغا چىققانىدى.

سىرتتا ۋەزىيەتنى تاماملاپ قايتىۋاتقان قۇلچاقنىڭ يايلىرىدىن مەمەت بىلەن بايىم ۋەرشىدي كەنتنىڭ يۇقىرىقى مەھەللىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، يايلاقتىن كېلىۋاتقان چارۋىچى

مەمەزىياغا ئۇچرىدى.

مەمەزىيا دەرھال ئىتىدىن چۈشۈپ ئۇلارغا سالام بەردى. يايلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ سالام بەردى. ئۇلار ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن، مەمەتنىڭ كۆزى مەمەزىيانىڭ ئات ئۈستىدىكى خۇرجۇنىغا چۈشتى. ئىنسان ئۆزىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى تىزگىنلىمىسە نەپسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ، مەمەتنىڭ بۇزۇلغان نىيىتى ئۇنى قۇتراتقىلى تۇردى.

ـــ ھەي بايقۇش، يايلاقتىن كەلدىڭمۇ؟ خۇرجۇنۇڭدىكى نىمە؟ ـــ دەپ سورىدى مەمەت.

ـــ شۇنداق، ئىنىم، يايلاقتىن كەلدىم. باللىرىمغا ئازراق گۆش، قايماق، سېرىق ماي دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلگەنىدىم.

مەمەتنىڭ نەپسى تاقىلداپ كەتتى ـ دە، بېرىپ خۇرجۇننى ئۈستىدىن سىلاپ قويدى.

ـــ ئىنىلىرىم، ـــ دېدى مەمەزىيا، ـــ ئەگەر ۋاقتىڭلار بولسا خۇرجۇننى ئېچىپ بېرەي، پىشۇرۇلغان گۆش، قاتىلىملار بار، ئېغىز تېگىڭلار، ـــ دېدى مەمەزىيا سەمىمىيلىك بىلەن.

مەمەت بىردىن تەرىنى تۈرۈپ:

ـــ خۇرجۇننى ماڭا بەرگىن! ـــ دېدى قاتتىق تەلەپپۇزدا. سەرىكۆيدا قۇياش نۇرى پارلاپ، كىشىلىك مۇھەببىتى قويۇقلاشقان بۇ ئىناقلىق كۈنلىرىدە بۇ خىل قوپاللىقنى مەمەزىيا كۈتۈرەلمىگەندەك ئىدى.

مەمەت مۇرىسىدىكى مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ:

ـــ قېنى بولمامسەن! ـــ دەپ يەنە ۋارقىرىدى.

مەمەتنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىگە كەلگەن مەمەزىيا لاغ ـ لاغ تىترەپ تۇرۇپ، ئىتىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ مەمەتكە بەردى.

مەمەت خۇرجۇننى ئېلىپ ئىتىنىڭ ئېگىرى ئۈستىگە تاشلاپ

تۇرۇپ، مەمەزىياغا مىختەك تىكىلىپ:

ــ ئەگەر بۇ ئىشنى بىرسىگە تىنىدىكەنسەن، جىنىڭنى ئالىمەن، ــ دەپ تەھدىت سالدى.

ــ خوش غوجام، مەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمىدىم. شۇڭا، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەيمەن، ــ دېدى مەمەزىيا تىترەك ئاۋازىدا.

ــ ھە بۇ ئىشلىق بولىدۇ، بالىلىرىڭغىمۇ بۇ ئىشنى تىنما، ــ دېدى مەمەت ئېگەر ئۇستىدىكى خۇرجۇننى تۈزەشتۈرۈپ.

مەمەزىيا ئېتىنى يېتىلىگىنىچە، ئېگىلىپ تۇرۇپ: «خوش ـ خوش» دەپ كەينىچىلەپ ئاستا ماڭدى.

ــ ئۇكام، مەمەت، سەن بىرقانچە قېتىم مۇشۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلدىڭ. قۇلچاق بىلىپ قالسا جېنىڭنى ئالىدۇ، ــ دېدى بايىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

ــ قۇلچاق بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ يەردە بۇ ئىشنى سەن كۆردۈڭ، بىلىمەن، سەنمۇ ھېچكىمگە دېمەيسەن، ــ دېدى مەمەت ئىتىغا قامچا سېلىپ چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ.

قۇلچاق سەرىكۇيغا ھاكىمبەگ بولغاندىن بۇيان، سەرىكۇي خەلقى تىنچ تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى، بولۇپمۇ قۇلچاقنىڭ لەشكەرلىرىگە، بەگ، قازى ئاخۇنلارغا قارىتا بېكىتكەن تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرغانىدى. بۇ زېمىندا پۇقرالارنى بوزەك قىلىدىغان، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان ئىشلار پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قۇلچاق جان قۇتقۇزغۇچى ئەزىمەت ۋە سەرىكۇي خەلقىگە تاغدەك يۆلەك ئىدى.

بۇ ماكاندا كىشىلەر ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاشنى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ يىتىپ كېتىشى دېگەنلەرنى تۇرمۇشىدىن

چىقىرىۋەتكەنىدى. ھېچكىم خەلقنىڭ نەرسىسىگە قول تەگكۈزمەيتتى. چۈشۈپ قالغان يىڭنىچىلىك نەرسىنى تېپىۋالسىمۇ ئىگىسىنى ئىزدەپ قايتۇرۇپ بېرەتتى. كىشىلەرنىڭ مەۋقەسىدە خەلقنىڭ ھەققىگە تېگىش ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىناتتى.

بۈگۈن قولچاق ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى ئېسىپ، مەمەتربىھىم، باش مىرزا نۇرئەلى، لەشكەرلەر سەردارى شىرئەلى قاتارلىق ھەمراھلىرى بىلەن تاشقەلئە يېنىدىكى بازارغا كەلدى. كىشىلەرنىڭ تېپتىنچ، شاد ـ خۇرام سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى باشقىچىلا يايراپ كەتتى.

سەرىكۇينىڭ تىنچلىقىنى كۆرگەن مۇزتاغ ئاتا بۇ سىرلىق زېمىنغا تەبەسسۇم بىلەن كۆز تىكمەكتە ئىدى. ئالتۇن چايقاپ ئاقىدىغان زەرەپشان دەرياسى، تەنگە شىپا مىنېرال سۈيى بىلەن ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان سەرىكۇي دەرياسى، ئۆزلىرىنىڭ تۈگىمەس تامچىلىرى بىلەن بۇ زېمىننى ياشارتىپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىنى توختىماي ياڭرىتاتتى. قىيالارنىڭ ئاشىقى بۈركۈتلەر كۆكنى يېرىپ پەرۋاز قىلاتتى. سەرىكۇي تۈنجى قېتىم باغرىدىكى ئىناقلىقنى كۆرگەندەك، يېشىل مەخمەل ئۈستىگە ھەر خىل گۈللەر چېكىلگەن يېڭى تونىنى كىيىپ، نازىنىن قىزدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. قولچاق بازارنى ئارىلىغاچ مويسىپىتلار، سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن چارۋىچىلار ۋە سودا ـ تىجارەتكە مەشغۇل بولۇۋاتقانلار بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ماڭاتتى، ئۇ ماللارنىڭ سۈپىتى، باھاسى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ باقتى.

تۇيۇقسىز:

ــ بېگىم! ــ دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

قۇلچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

چېچى قاردەك ئاقارغان، بېلى مۈكچەيگەن بىر موماي ھە دەپ: «بېگىم !» دەپ ۋارقىرىغاچ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

قۇلچاق مومايىنى كۆرۈپلا تېز ـ تېز مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

موماي بەكمۇ جىددىيلەشكەنلىكىدىن، ئۆپكىسى گېلىغا تىقىلىپ قالغاندەك ھاسىراپتتى.

ـــ ئانا سىلىگە نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى قۇلچاق ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن. موماي:

ـــ بالام، سېنىڭ ئاۋۇ لەشكىرىڭ ئىككى چاناق قېتىقىمنى ئىچىپ پۇلىنى بەرمىدى. يەنە مېنى تىللىدى، ـــ دەپ قولى بىلەن ئۇ تەرەپنى كۆرسەتتى

قۇلچاق موماي كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، مەمەتنى كۆردى، ـ دە، غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ يېنىدىكىلەرگە:

ـــ ئاۋۇ لەشكەرنى دەرھال ئالدىمغا ئەكېلىڭلار ! ـــ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

مەمەتنىڭ بەزى ئىشلىرى قۇلچاقنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە ۋاقىت چىقماي كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن ئەھۋالنى ئېنىقلىراق بىر ئۇقاي دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قۇلچاق.

قۇلچاقنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ياساۋۇللار ھەش ـ پەش دېگۈچە موماي شىكايەت قىلغان لەشكەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

قۇلچاق ئۇنىڭغا جىددىي تەرزدە قارىدى:

ـــ ئىسمىڭ نېمە؟

ـــ ئىسمىم مەمەت.

ـــ سەن بۇ ئانىنىڭ قېتىقىنى ئىچتىڭمۇ؟

— ياق بېگىم، ئۇ ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— ئانا، راست گەپ قىلسىلا، بۇنى خاتا تونۇپ قالمىغاندىلا؟ بۇ لەشكەر راستىلا سىلىنىڭ قېتىقلىرىنى ئىچىۋالدىمۇ؟

— بالام، مەن زىنھار خاتا تونۇمىدىم. ئۇ دائىم كېلىپ مېنىڭ قايماق - قېتىقلىرىمنى ئىچىپ پۇلىنى بەرمەيدۇ. پۇل دېسەم مېنى تىللاپ قويۇپ ماڭىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئورنىدا تۇرسام، ئۇ قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي، مېنى بوزەك ئېتىدۇ. مانا ھازىرمۇ ئىككى چاناق قېتىقىمنى ئىچتى، — دېدى موماي يىغلاپ تۇرۇپ.

مومايىنىڭ سۆزلىرى قۇلچاقنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلدى.

— مەن ھازىرلا بۇنىڭ قارنىنى يارىمەن، ئەگەر قېتىق چىقسا بۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئىتقا تاشلاتقۇزۇپ بېرىمەن. لەشكەرلىرىمدىن كىمدىكىم خەلقنىڭ بىر تال قىلىغا تېگىدىكەن ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قارنىدىن قېتىق چىقمىسا، سىلىنىڭ كاللىلىرىنى ئالىمەن، — دېدى قۇلچاق.

ئۇ كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپلا مەمەتنىڭ قارنىنى ياردى.

ئۇنىڭ قارنىدىن ئاپپاق قېتىق بۇلدۇقلاپ يەرگە تۆكۈلۈپ، قانغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تويماس نەپسى ئاخىر بېشىغا چىقتى.

— لەشكەرلىرىمنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرگەن بۇ ئەبلەخنىڭ ئۆلۈكىنى ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىڭلار! — دېدى قۇلچاق ئاچچىق بىلەن. ئاندىن مومايىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئانا، لەشكەرلىرىم سىلىگە ئازار بېرىپتۇ، ئەپۇ قىلسىلا، ماۋۇ ئون بەش تەڭگە قېتىقنىڭ پۇلى، سىلىگە قىلغان ياردىمىم

بولسۇن، ـــ دەپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

ـــ رەھمەت بالام، ـــ دېدى قورقۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن موماي، ـــ ماڭا پۇلنىڭ لازىمى يوق، بىرەر چاناق قېتىقىمنى ئىچكەنگە ھېچنېمە بولمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ ھاقارەتلەپ تىللاشلىرى، مەسخىرە ئېتىپ بوزەك قىلىشلىرى ماڭا بەك ھار كەلگەن. مەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى ئورنىدا تۇرسام، ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ئىنسانىي پەزىلەت يوق ئىكەن، بىر چاشقان بەزىدە بىر قازان شورپىنى بۇلغىۋېتىدۇ، بۇغداي يېنىدىكى ياۋا ئوتنى يۇلمىسا بۇغداي ئاينىمايدۇ، نىيىتى بۇزۇق رەزىللەرنى تازىلاش كېرەك. سېنىڭ ماڭا بەرگەن تەڭگەڭدىن سېنىڭ ئادىللىقىڭنى ھېس قىلدىم. دۇنيادا سەندەك ئادىل كىشىدىن يەنە بىرسى بولمىسا كېرەك. ھەمىشە ئايىغىڭدىن شامال ئۆتۈپ تۇرغاي، ساڭا ئامەت ـ تەلەي تىلەيمەن، بالام!

مومايىنىڭ سۆزلىرى ئەتراپىدىكىلەرنى تەسىرلەندۈردى.

قۇلچاق مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـــ ئانا، بىز ھەممىمىز سىلىنىڭ ئوغۇللىرى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش بولسا بىزگە دېسىلە، ـــ دېدى.

موماي مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىپ قايتتى.

قۇلچاق مەمەترېھمغا:

ـــ پۈتۈن لەشكەرلەرگە قايتا ئۇقتۇرۇڭ. پۇقرالارنىڭ بىر تال قىلىغىمۇ تەگمىسۇن! ئەگەر كىمدىكىم خىلاپلىق قىلىدىكەن، مۇشۇ مەمەتتەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ، ـــ دېدى بۇيرۇق بىلەن.

قۇلچاقنىڭ خەلققە قىلغان ياخشى ئىشلىرى، ئۇنىڭ ئادىللىقى پۈتۈن سەركۆيغا تارقىلىپ، خەلقنىڭ ئاغزىدا قىزىق ھېكايىلەرگە ئايلاندى.

قۇلچاق سەركۆيغا ھاكىمبەگ بولغاندىن بېرى، سەركۆيدا

خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن باشقا، چېگرانى مۇستەھكەملەش، تۇرا ـ بەلگە ئوتخانىلىرىنى رەتلەپ، مۇھىم يوللارنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ داۋاملىق يۇرتلارنى، يايلاقلارنى، چېگرانى ئارىلاپ تۇردى.

بۇگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، كۆپكۆك ئاسمان، يېشىل يايلاق، سۈزۈك تاغ سۈيى ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. قۇلچاق ئادىتى بويىچە ئالدىنقى قاراۋۇلخانىنى ۋە ئاتاش بەلگىخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققانىدى.

بىرىنچى بەلگەدۆڭ بىنا قىلىنغان يايلاقتا يىللاردىن بېرى مەمەسەپەر ئىسىملىك چارۋىچى تۇراتتى. قۇلچاق دائىم ئۇنىڭغا نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ ئەھۋال سوراپ تۇراتتى.

قۇلچاق مەمەسەپەر بىلەن كۆرۈشۈپ:

ــ تاغا، قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟ سىزدىن ئەھۋال سوراپ كەلدىم، ــ دېدى قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

مەمەسەپەر ئاقساقال ھاكىمبەگ قۇلچاقنىڭ خۇسۇسەن ئۆزى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، قەلبىدە بىر خىل مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى داۋالغۇدى. مانا ئۇنىڭ ئالدىدا ھاكىمبەگ تۇراتتى، ئۇ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ كېلىپ ئاددىي بىر چارۋىچىدىن ھال سوراپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتسا، ئۇ قانداقمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالىسۇن، ئۇنىڭ بۇركۇتنەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن:

ــ ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، بالام، بەلگەدۆڭگە يېتەرلىك قۇرۇق ئوتۇن تەييارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئەھۋال سېزىلگەن ھامان چىقىپ ئوت ياقىمەن.

ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن

يۇغـۇرۇلغان سۆزلـىرى گۆھەردەك ساپ ئىدى، ئۇ بـۇ تۇپراقنـى جـىنىدىـن ئەزىز كۆرەتـتى. ئۇ پۈتـۈن ھاياتـىنى مۇشۇ زىـمىنغا بېغىشلىغان بولۇپ، باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. ئـۇنىڭدا بـۇ يەردە مەڭگۈ ئاسايىشلىق بولسا دېگەن ئۈمىدتىن باشقا ھېچقانداق ئارزۇ ـ تەلەپ يوق ئىدى. گەرچە بەلگەدۆڭنىڭ شارائىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە ۋايسىمايتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ يەرنى سۆيەتتى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ـ قايغۇسى، مۇھەببىتى ـ بەختى، پۈتۈن ھاياتى مۇشۇ يەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى. بۇ يەردىن ئايرىلسا ئۆزىنى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ھېس قىلاتتى.

ــــ بارىكاللا ! شۇنداقتىمۇ ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك، تاغا، تاجاۋۇزچىلارنى يەنە كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ۋاقتىدا خەۋەر تاپمىساق، ئۇلارنى توسۇيالماي قالىمىز.

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئوغلۇم، مەن ئوتتۇز يىلدىن بىرى بـۇ يەردە بەلگە بىرىپ كېلىۋاتىمەن. قەتئىي خاتالىق سادىر قىلمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنىمۇ ھوشيار تۇرىمەن، ــــ دېدى مەمەسەپەر ئاقساقال.

ــــ رەھمەت، تاغا، ــــ دېدى قۇلچاق بۇ تاغ ئوغلانىغا مەستلىكى كېلىپ.

قۇلچاق مەمەسەپەرنىڭ تۇرىدىغان كەپىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۈچ پارچە كىگىز، بىر جۇۋا، ئۇن ـ ياغ قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزاق يىل يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتقان چاقماقتاشنى قوينىدىن ئېلىپ مەمەسەپەرگە ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

ــــ تاغا، بۇ چاقماقتاشنى ئېلىڭ، ئاددىي بولسىمۇ سوۋغىتىم بولسۇن. يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ تاشقا قاتتىق ئۇرسىڭىز لاۋۇلداپ ئوت يانىدۇ، ــــ دېدى.

مەمەسەپەر قاتتىق تەسىرلىنىپ:

— رەھمەت بالام! — دەپ قولچاقنىڭ قولىدىن چاقماقتاشنى ئالدى. ئاندىن ئىككىسىپ تاشقا قاتتىق سۈركىۋىدى، ۋىژىلداپ ئوت ياندى، پاھ! بۇ ئەجەب يوسىن (ئوتى كۆچلۈك) چاقماقتاش ئىكەن. ئوت ياندۇرۇشتا قىينالمايدىغان بولدۇم، — دېدى مەمەسەپەر سەمىمىيلىك بىلەن.

ھاكىمبەگنىڭ بەرگەن بۇ چاقماقتېشى مەمەسەپەرنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ يۈزى نۇرلىنىپ، بىرنەچچە ياش ياشارغاندەك بولۇپ قالدى. «چوڭنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى» دەيتتى مەمەسەپەر ئۆز - ئۆزىگە قولىدىكى چاقماقتېشىنى ئۇياق - بۇياققا چۆرۈپ قاراۋېتىپ، گەرچە بۇ ئاددىي بىر تاش بولغىنى بىلەن مەمەسەپەر ئۈچۈن ئالاھىدە سوۋغات ئىدى.

— تاغا ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇڭ، — دېدى قولچاق ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ.

قولچاقنىڭ پۈتۈن چېگرا بويىنى ۋە يۇرتلارنى ئارىلاپ چىقىشىغا ئىككى ئايدەك ۋاقىت كەتتى. بۇ جەرياندا گۈلئايىم ئىككى قېتىم قولچاقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بولدى. بۈگۈنمۇ قولچاقنىڭ بەش تۇۋرۇكلۇك چوڭ ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئايال مېھمانلار لىق كەلگەنىدى. گۈلئايىم ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە مېھمان بولۇپ قولچاقنى ساقلاۋاتاتتى. كۆيپەرى بۇ گۈزەل چوكان بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، ئۇنى سىڭلىسى قاتارىدا كۆرۈپ ئىززىتىنى قىلدى. كۆيپەرى تۆردىكى ئاياللارغا داستىخان سېلىپ، ئۆزى ئەتكەن شىرگىرىنج (سۈتتە گۈرۈچنى پىشۇرۇپ ئۈستىگە قايماق، سېرىق ماي سېلىنىدۇ) نى ئەكەلدى:

— سىڭلىم، قېنى ئىغىز تېگىپ بېقىڭ، بۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەتتىم، سىزگە تېتارمۇ؟ — دېدى كۆيپەرى لېگەندىكى

ئاشنى گۈلئايىمنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ.

— ۋىيەي، بۇ نېمە دېگەنلىرى، ھېلىمۇ سىلىنى بەك ئاۋارە قىلىۋاتىمەن. شىرگىرىنجنى بەك ياخشى كۆرىمەن. كۆڭلۈمدىكى تائامنى ئېيتىپىلا، — دېدى گۈلئايىم ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— رەھمەت سىڭلىم، ياقتۇرغىنىڭىزدىن خۇش بولدۇم، — دېدى كۈيپەرى.

تۆردە ئولتۇرغان ئاياللار ئىچىدە گۈلئايىم ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. گۈلئايىم قۇلچاق بىلەن كۆرۈشكەن كۈندىن باشلاپ، ئۆزىدە بىر خىل غەيرىيلىكنى، تەقەززالىقنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى.

باتۇر، قاۋۇل قۇلچاقنىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن پەقەت كەتمەيتتى. بىر خىل تاتلىق تۇيغۇ قەلبىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم سەرىكۆيگە كېلىپ قۇلچاق بىلەن كۆرۈشۈپ، ناز - كەرەشمە ئىشلىتىپ ئۇنىڭ قەلبىگە كىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇلچاقنىڭ ئۇنى پەقەتلا بىر سىڭىل قاتارىدا كۆرۈشى، كۆڭلىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۇنى بەك ئازابلىغانىدى.

ئۇ سەرىكۆيگە ھەر قېتىم كەلگىنىدە خېلى ئۇزاق تۇردى. كۈيپەرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى. كۈيپەرى بىلەن يەخەيز (ئاداش) بولۇپ قول بېرىشىشكىمۇ ئۈلگۈردى.

بىراق، ئۇنىڭ ھەييار كۆزى ھامان قۇلچاقنى نىشانلاۋاتاتتى. «ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېگەندە غازنىڭ پېيىدا بول» دېگەندەك، گۈلئايىمنىڭ كۈيپەرى بىلەن بولغان دوستلۇقى قۇلچاقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ كۈيپەرى ئارقىلىق خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى ئىگىلىدى. بۇ يەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى

بىلىۋالدى. لېكىن، قېرىشقاندەك قۇلچاق بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى، ئۇنى قۇلچاق بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى كېچە ـ كۈندۈز بىئارام قىلاتتى، يىگىتلىك ئوتى كۆيدۈرەتتى. قۇلچاق ئۇنى سېغىنمىسى قاتارىدا كۆرۈۋاتسا، ئامال قانچە؟

«ھەي، قۇلچاق، نېمىشقا مېنى چۈشەنمەيدىغانسىز؟ ئەرلەر نېمانداق تاش يۈرەك بولىدىغاندۇ؟ ئاھ، تەڭشەلمىگەن جاھان! بۇلبۇل خالىغان گۈلگە قونالايدۇ، ئەمما گۈل خالىغان بۇلبۇلنى ئۆزىگە قوندۇرالمايدۇ» دېدى. گۈلئايىم ئەلەم بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

قۇلچاق تاشقەلئەدىكى ئىشلارنى تۈگىتىپلا ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىشىگە مېھمانلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى. گۈلئايىم قۇلچاقنىڭ قولىغا سۆيگەندە، قانداقتۇر پۈتۈن بەدىنى ئېرىپ كەتكەندەك، بېشىنى كۆتۈرۈشكە دەرمانى قالمىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىگە كەلگەندە قۇلچاق ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغانىدى. قۇلچاق مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ:

— خۇش ئامەدى (خۇش كېلىپسىلەر!) — دېدى قىزغىنلىق بىلەن.

ئۇلار ھەممىسى تەڭلا:

— بارىكاللا! — دېدى جاۋابەن.

قۇلچاق ئۇلار بىلەن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەھكىمىدە ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ قايتماقچى بولدى.

گۈلئايىم جىددىيلەشكەن ھالدا:

— بىز سىزنى دەپ كەلدۇق، بىردەم ئولتۇرمامسىز؟ — دېدى ھاياجان بىلەن.

— رەھمەت سىڭلىم، كۆيپەرى بار، مېنىڭ ئورنۇمدا سىلەرنى ئوبدان كۈتۈۋالىدۇ. داربىشاھ تاغاممۇ سىلەرگە قارايدۇ. مېنىڭ مەھكىمىدە مۇھىم ئىشىم بار، — دېدى ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېتىپ.

تەقەززالىقتىكى گۈلئايىمنىڭ يۈرىكى تاشقا تەگكەن شىشىدەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

ئۇ كۆيپەرىگە قاراپ قۇلچاقتا دەيدىغان گېپى بارلىقىنى ئىشارەت قىلدى.

كۆيپەرى:

— ھەي، چۆر (بالىنىڭ دادىسى)، — دەپ چاقىردى قۇلچاقنى.

— ھە ! مۇجۇنگىن (ھە، جانىم رەپىقەم)، نېمە ئىش؟ — دەپ كەينىگە بۇرالدى قۇلچاق.

— سىڭلىم گۈلئايىمنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپى بار ئىكەن، ئاڭلاپ كېتىڭ، — دېدى كۆيپەرى.

قۇلچاق دەرھال كەينىگە يېنىپ كېلىپ:

— خوش، سىڭلىم، نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دېدى گۈلئايىمغا قاراپ.

— مۇمكىن بولسا ئايرىم سۆزلەشسەك، — دېدى گۈلئايىم.

— بولىدۇ، قېنى ياندىكى مېھمانخانىغا كىرەيلى، — دېدى قۇلچاق.

قۇلچاق بىلەن گۈلئايىم يەنە بىر مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. قۇلچاق گۈلئايىمنى تۆردىكى كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. گۈلئايىم ئاستا بېرىپ كۆرپە سالغان تۆرنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىشقىي ھەۋەس ئۇچقۇنلاپ تۇرغان كۆزلىرى قۇلچاقتا تەلمۈرۈش ئىلكىدە تىكىلگەنىدى.

— خوش، سىڭلىم، گېپىڭىزنى ئېيتىڭ، — دېدى قۇلچاق

ئولتۇرماي تۇرۇپلا.

گۇلئايىم دەرھال بوغچىسىدىن ياغلىقتا يۆگەكلىك تۇگۇنچەكنى ئېلىپ قۇلچاققا ئۇزاتتى.

قۇلچاق گۇلئايىمنىڭ قولىدىن تۇگۇنچەكنى ئېلىۋاتقاندا، گۇلئايىم ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ قويىدى. بىراق، قۇلچاق «بۇلاردا شۇنداق ئادەت بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئانچە پەرۋا قىلمىدى.

قۇلچاق تۇگۇنچەكنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدە چىرايلىق گۇل چېكىلگەن قول ياغلىق، رەڭلىك مەشۇت يىپ بىلەن توقۇلغان ئىشتانباغ، چورۇق بوغقۇچ، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان پايپاق، ئىنتايىن نەپىس، چىرايلىق تىكىلگەن تۇماق ۋە كىچىك ئاق يىپەك رەختتە بىر ئوشۇق، بىر تال كۆمۈر ۋە بىر دانە توپۇق تۇراتتى.

قۇلچاق بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولغان ھالدا گۇلئايىمغا قارىدى.

گۇلئايىم قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى ۋە پەس ئاۋاز بىلەن:

— مېنى قوبۇل قىلغان بولسىڭىز، كۈيپەرىگە ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ ئۆيدە تۇرسام دېگەن ئىلتىماسىم بار، قۇلچاق ئاكا. مەن بىر ئۆمۈر سىزنىڭ ھەم كۈيپەرى ئاچامنىڭ خىزمىتىنى قىلسام، ھاياتىمدىن رازى بولاتتىم، — دېدى.

گۇلئايىمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن قۇلچاق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ كەسكىنلىك بىلەن:

— ئۇنداق قىلالمايمەن، سىڭلىم، مېنىڭ ئۆيۈمدە كۈيپەرىلا تۇرىدۇ. مەن بارلىقىمنى يۇرتقا، كۈيپەرىگە بېغىشلىغان. كۈيپەرىدىن باشقا ئايال زاتىغا قول بەرمەسلىككە قەسەم قىلغانمەن. شۇڭا، سىزنى ئۆيگە ئەكىلىۋالساممۇ بەختلىك قىلالمايمەن، — دېدى قۇلچاق.

گۇلئايىم يۈرىكىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بىر خىل ئاچچىق

تۇيغۇنىڭ تۇرتكىسىدە، قۇلچاقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئالغان تۇيغۇنىڭ خاتا ياكى توغرا ئىكەنلىكىگە دەرھال ھۆكۈم قىلالماي قالدى، كۆزلىرىدىن مارجاندەك تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— سىڭلىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ دۇنيادا قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببەتتى ھەممىدىن ئەلا. مەن سىزنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرىمەن، بىز ئاكا - سىڭىل بولۇپ ئۆتەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى قۇلچاق سەممىيلىك بىلەن.

گۇلئايىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. گۇلئايىم سىرتقا چىقىپ، ئاستا يېشىنى سۈرتۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «يىغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسە، مېنىڭ يىغا بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشىم مۇمكىنمۇ؟ » دەپ پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل ئاچچىق ھەسرەت قاپلاپ، ئۆزىنى ئىنتايىن ئەرزىمەس، تاش ئۈستىدە يالغۇز ئۈنگەن گىياھتەك ھېس قىلدى.

«ئاللا مېنى قۇلچاقنىڭ ۋىجدانلىقلىقى، ئەخلاقلىقلىقى ئارقىلىق جازالاۋاتامدۇ، قانداق؟ مەن نېمە دەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىمەن؟ ئاھ، تەقدىر ! ئۇنىڭسىز ماڭا ھاياتنىڭ لازىمى يوق ...» گۇلئايىمنىڭ كاللىسىدا مۇشۇنداق ئوي - پىكىرلەر قايناۋاتقان قازاندەك قايناپ تۇراتتى.

چوڭقۇر قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەت ئۇرۇقى مۇنبەت يەرگە چۈشمەي قاتتىق تاش ئۈستىگە چۈشۈپ زايە بولۇۋاتاتتى.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## ئاچ كۆزنىڭ كۆزگە توپا چۈشسىمۇ تويمايدۇ

قوقەن خان ئوردىسى، كېڭەش سارىيى باشقا ئىمارەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ ساراي تۆت تۈۋرۈكلۈك قىلىپ ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن سېلىنغان بولۇپ، ئېگىز، كۆركەم ياسالغاچقا، بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تۈۋرۈك، خەر، راۋاقلىرىغا نەپىس گۈل چېكىلگەن. ئوخشىمىغان تەكچىلەرگە ھەر خىل گۈللەر ۋە قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى قويۇلغانىدى.

قوقەن خانى دائىم بۇ يەردە چىلىم چەككەچ ناخشا ئاڭلايتتى.

بۈگۈنمۇ خان ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، قات ـ قات كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى داستىخان ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغانىدى. ئەمما، خاننىڭ بۇلارغا قارار كۆزى يوق، رەڭدار ياقۇتلار بىلەن نەقىشلەنگەن، چىرايلىق، سىپتا ئىشلەنگەن كۈمۈش چىلىمنى ھۇزۇرلىنىپ چەكمەكتە ئىدى. قولى ئەپچىل ئون ئىككى ياشلاردىكى قىزچاق چىلىم چوغىنى پۈۋلەپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپتە زىلۋا، قاش ـ كۆزلىرى چىرايلىق ئىككى ئايال ئۇنىڭ مۈرىسىنى ۋە بويىنىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. پەگاھتا بولسا داڭلىق خەلق ناخشىچىسى بۇلبۇلگىياھ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن

«سىغىنىدىم جانىم سىنى» دېگەن ناخشىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىماقتا ئىدى. ناخشىنىڭ سېھرىي كۈچى خاننى پۈتۈنلەي مۇڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەنىدى.

خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ قوشبېگى مەمەشېرىپ بىلەن مەسلىھەتچى ئاندېرىۋىسكىي سىكوۋېيۋىچنىڭ بۇ يەرگە كىرگىنىگە خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، خان ئۇلارنى سەزمىدى. ئۇلارمۇ خاننى چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي كۈتۈپ تۇرۇشتى.

ناخشا تۈگىشىگە خان ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك ئۆزىگە كەلدى. ئۇ قوشبېگى مەمەشېرىپ بىلەن مەسلىھەتچى ئاندېرىۋىسكىي سىكوۋېيۋىچنى كۆرۈپ:

— سىلەر قاچان كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر كەلدۇق، ئالىيلىرى، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى. ئايرىمخانىغا كىرسەك، — دېدى قوشبېگى مەمەشېرىپ.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى خان خۇشياقمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ.

خان مەمەشېرىپ، ئاندېرىۋىسكى سىكوۋېيۋىچ بىلەن ئۈچ تەرەپتىكى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئايرىمخانىغا كىردى.

ئۇلار ئايرىمخانىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، مەدەلخان ئىككىيلەنگە قاراپ:

— خوش، جانابلار، جىددىي مەسلىھەتلىشىدىغان نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دېدى سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ سەرىكۈينى ئىستېلا قىلىپ، ئالتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پەرمانلىرىغا بىنائەن تەييارلىق ئىشلىرىنى تاماملىغان ھالەتتىمىز. لېكىن، تاكتىكا جەھەتتە ئازراق باش قاتۇرمىساق بولمايدىغاندەك

تۇرىدۇ، — دېدى مەمەشىرىپ.

— خوش، تاكتىكا دېگەندە قايسى جەھەتتە؟ — دېدى مەدەلخان ئۇلارنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

— قۇلچاق بىزنىڭ تالايلىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغۇەتتى، نەچچە قېتىملاپ سەركۈيغا قوشۇن تارتقان بولساقمۇ، قۇلچاقنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولدۇق. بىزنىڭ يېڭىلمەس قۇشبېگى سۇدۇرمۇ ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. قۇلچاق ھىيلىگەر، جەڭ قىلىش ماھارىتى يۇقىرى، خەلق ئۇنى بەك ھىمايە قىلىدۇ. شۇڭا، قۇلچاق دېگەن بۇ ئەبلەخكە ئازراق ھىيلە ئىشلەتمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى قۇشبېگى مەمەشىرىپ.

— توغرا دەيدىلا، ئۇنى قاپقانغا دەسسەتسەك ئاندىن ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دېدى مەسلىھەتچى ئاندىرىۋسكىي سكۇيېۋىچ.

خان تازا چۈشەنمىگەندەك ئۇلارغا قاراپ:

— قېنى، گەپ بولسا تەپسىلىي ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى.

قۇشبېگى مەمەشىرىپ شۇ ئان ئورنىدىن تۇرۇپ، خاننىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ، قۇلىقىغا ئاستاغىنا بىرنەرسىلەرنى پىچىرلىدى. بىردىنلا خاننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى: «بەلەن چارە ئىكەن، قوشۇلىمەن. ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ئالتە شەھەرگە كىرىشىمىزگە يول ئېچىڭلار!» دېدى مەدەلخان.

— قۇلچاق دېگەن بۇ ھارىمى نۇرغۇن قېتىم ئىشىمىزنى بۇزدى، ئالتە شەھەرنى قولغا ئېلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. ئۇنى كۆزىمىزدىن يوقاتمىغۇچە ئالتە شەھەرگە كىرەلمەيمىز.

— ئالتە شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن سەركۆينى قولغا ئالمىقىمىز زۆرۈر. سەركۆينى ئىستېلا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى قولچاقتا، — دېدى ئاندېرېۋسكىي سىكۆيېۋىچ.

— خىلمۇخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، قولچاق دېگەن ئۇ ھارىمىنى ئالدىمىزغا تىرىك ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى خان بۆرۆت ـ ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ.

*　　　*　　　*

مىرغاب پامىر رايونىدىكى سەركۆيگە يېقىن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز، شارائىتى ئىنتايىن ناچار، قىرووۋسىز مەزگىلى ئىنتايىن قىسقا، بوران ـ چاپقۇنلۇق ھاۋا رايى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان يەر ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردە قىسقا ئۆسىدىغان تەبىئىي ئوت ـ چۆپتىن باشقا، ھېچقانداق دەل ـ دەرەخ يوق، ھەتتا ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان نەۋاق (بىر خىل سۆگەت) مۇ ئۆسمەيتتى. بۇ يەردە ھېچقانداق تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايتتى، شۇڭا بۇ يەردىكىلەر پەقەت چارۋىچىلىق بىلەنلا كۈن كەچۈرەتتى. گۈلئايىمنىڭ ئائىلىسى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.

گۈلئايىمنىڭ دادىسى مۇراسىم دىتى بار، تىرىشچان ئادەم ئىدى. ئۇ مىرغابقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكىلەر بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتتى. موزدۇزلۇق كەسپىگە پىششىق بولغاچقا، ھۈنەردە تېزلا تونۇلدى. ئۇ تىككەن ھەر خىل جۇۋا، چورۇق، تېرە تاغار، كەلۋۈر (ئوزۇقلۇق قاچىلايدىغان تېرە سومكا)، تۇختەپۇس (تېرىدىن تىكىپ تەييارلىنىدىغان تور پالاس)، ئاتنىڭ ھەر خىل جابدۇقلىرى بۇ يەردىكىلەر تالىشىپ ئالىدىغان بۇيۇملار ئىدى. ئۇنىڭ ھۈنىرى يەرلىك كىشىلەر

ئىچىدە مەشھۇر بولۇپلا قالماي، قارۇق، قوقەن خانلىقىدىنمۇ كېلىپ ئىش بۇيرۇيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە، تىككەن بۇيۇملىرىغا تولاراق چارۋا ھېسابلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ چارۋىسى تېزلا كۆپىيىپ، مىرغابىتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بايلاردىن بولۇپ قالدى. مۇراسىم باي بولسىمۇ، ئەمەلدارلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى. تۇرلۇك سىلىقلارنى بىر ئېغىز گەپ قىلماي رايىشلىق بىلەن تاپشۇراتتى. گۇرگىنىڭ ئۇنى يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىپ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ: «مەن ئۆز كەسپىمدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانمايمەن» دېگەن جاۋابنى بەرگەنىدى.

گۇلئايىم مانا مۇشۇ ئائىلىدە چوڭ بولدى. دادىسى ئۇنى دىنىي مەكتەپتە بىرقانچە يىل ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقاردى. گۇلئايىم ئىنتايىن نازاكەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق چوڭ بولدى. ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەركە قىزى بولغاچقا، بۇ يەردە ئىناۋىتى خېلى يۇقىرى ئىدى. گۇلئايىم داۋاملىق نۇرەنجى (تۇخۇم سېرىقى) ياغلىق ئارتىپ يۈرگەچكە، كىشىلەر ئۇنى «سېرىق روماللىق پەرىزات» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئوتىدا كۆيۈپ ـ پىشقان يىگىتلەر مەخسۇس ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر ئوقۇپ، «نۇرەنجى شال (سېرىق ياغلىقلىق قىزچاق)» دېگەن ناخشىنىمۇ ئىجاد قىلدى.

گۇلئايىم توي قىلىپ بىر يىل بولمايلا ئېرى تاغدىن غۇلاپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ تول ياشىدى. باي، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن نۇرغۇن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، گۇلئايىم رەت قىلىپ كەلدى. بىراق، ئۇ سەرىكۆيغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشىدا باشقىچە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇ پات ـ پات سەرىكۆيغا بېرىپ ـ كېلىدىغان، كەلگەندىن كېيىن كۆڭلىرىنى بىر خىل خۇشال، جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن

ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يامغۇردىن كېيىنكى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللافگۈل (يايلاقلاردا ئېچىلىدىغان سېرىقگۈل) گۈلدەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

بىراق، ئۇ بۇ قېتىم سەرىكۆيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ قالدى. قايتىپ كەلگەندىن بېرى بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى، چىرايى تۇتۇلغان ھاۋادەك پەقەت ئېچىلمىدى. جىمغۇرلىشىپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ بۇ قېتىم سەرىكۆيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىگۈدەك تالا - تۈزگە چىقمىدى. توي - تۆكۈنلەرگىمۇ بارمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم، روھى شۇنچىلىك سۇنۇق ئىدى.

ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ قولچاقنى كۆڭلىدىن سىقىپ چىقىرالمىدى، ئۆزىنى قولچاق ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك، قولچاق ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بارلىق شادلىقى قولچاققىلا مەنسۇپتەك، قولچاقسىز ھاياتنىڭ ھېچقانداق لەززىتى بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئىشق سەۋداسىدا بېشى ئوچاق بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىگە گۈرگىنەك كىرىپ كەلدى.

گۈلئايىمنىڭ ئانىسى دەرھال ئالدىغا چىقىپ: «كەلسىلە ئاكا» دەپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى. گۈلئايىممۇ يېنىغا كېلىپ: «ياخشىمۇسىز تاغا»دەپ گۈرگىنەك بىلەن قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئۆزئارا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، گۈرگىنەك تۆرگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇپ: « ئامىن !» دەپ قولىنى كۆتۈردى. ئۆيدىكى ھەممەيلەن دۇئاغا ئەگەشتى.

— خوش، قىزىم، دادىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى گۈرگىنەك گۈلئايىمدىن.

— دادام ئىككى يۈزدەك چارۋىنى قارۇققا ساتقىلى ئەكەتتى. ئون - ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلەرمىكىن، — دېدى

گۈلئايىم.

— قىزىم سىز بارماپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى گۈرگىك.

گۈلئايىم جاۋاب بەرگۈچە ئانىسى:

— دادىسى بىللە بارىمىز دەپ شۇنچە تۇرۇۋالسىمۇ بۇ قىز بارغىلى ئۇنىمىدى، — دېدى جاۋابەن.

— قىزىم، بەك سولغۇن تۇرىسىزغۇ؟ يا ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ — يەنە سورىدى گۈرگىك.

— ياق، تاغا، بىر ئوبدانلا تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى گۈلئايىم خۇشياقمىغان هالدا.

— دېگەنلىرى توغرا، بۇ قىز سەرىكۈيدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى يا تۈزۈك تاماق يېمەيدۇ، يا تۈزۈك ئۇخلىيالمايدۇ. نېمە بولدىكىن، هېچ بىلەلمىدۇق دېدى، — گۈلئايىمنىڭ ئانىسى.

— قىزىم، نېمە ئىش بولسا ماڭا دەڭ، ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى گۈرگىك بىرخىل كۆيۈنگەن قىياپەتتە.

گۈلئايىم ئارتۇق گەپ قىلماي يىغلىغىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بۇ قىز ئاشۇنداق بولۇپ قالدى، — دېدى گۈلئايىمنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ كەينىدىن قاراپ.

گۈرگىك بىر ئىشنى پەملىگەندەك، هەييار كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى.

— سىڭلىم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. بۇ قىز سەرىكۈيدا بىرەرسىگە مايىل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ، — دېدى گۈرگىك ئالدىدىكى داستىخانغا قول ئۇزىتىۋېتىپ. ئۇ هايال بولماي ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىشقا تەرەددۇتلاندى.

— ئاكا، بىردەم ئولتۇرۇپ كەتمەمسىز؟ تاماق ئېتىپ

بىرەي، يەپ مېڭىلىڭ، ــــ دېدى گۈلئايىمنىڭ ئانىسى.
ــــ خوش، سىڭلىم، زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، يەنە كېلىمەن، ــــ دەپ ئاستا چىقىپ كەتتى گۈرگىك.

گۈرگىك گۈلئايىمنىڭ ساددىلىقىدىن قانداق قىلىپ پايدىلىنىپ قولچاقنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇردى .

«گۈلئايىم گۈلبىغەگە ئوخشىمايدۇ، گۈلبىغە ۋەزىپە بىلەن بارغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەمەشاھ ئۆچمە كۆڭۈل بولغاچقا ئىشلار ئوبدان قاملاشقانىدى. قولچاقچۇ؟ ئاينى ئالدىغا ئەكېلىپ بەرسەڭمۇ ھەرگىز ئۆزىنى يوقاتمايدۇ. لېكىن، گۈلئايىمغا قولچاقنى قانداق قىلىپ تۇزاققا دەسسىتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئېيتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنىڭغا دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئەكسىچە پىلاننى ئاشكارىلاپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئىشنى سالماقلىق بىلەن پىلانلىمىسام بولمىغۇدەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى گۈرگىك.

*　　　　*　　　　*

قوقەن خان ئوردىسى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى بىلەن خېلى داڭلىق ئىدى. خان مەخسۇس چىلىم چېكىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئارامخانا ياساتقانىدى. بۇ ئارامخانا ئىنتايىن چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، ئىچىدە تىزىلغان قىممەت باھالىق تاشلار، ھەر خىل قىممەت باھالىق مۇڭگۈز، تاپان، ئوششۇقلار كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى.

ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنىڭ چوڭ تەكچىسىدە قىزىل ـ كۆك ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان قاشتېشى ئېگەر، مەشۇت يىپتا توقۇلغان گۈللۈك شالچە، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن جىيەك تۇتقان يۈگەن

قويۇلغانىدى. بۇ ياقۇت كۆز قويۇلغان قاشتېشى ئېگەر پۈتۈن قوقەن خانلىقىدا مۆشۈ بىر دانە بولۇپ، ئەڭ قىممەت بۇيۇم ھېسابلىناتتى.

ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بۇ ئىمارەتنىڭ ئىچى ئىنتايىن ئازادە ئىدى. مەدەلخان نازىنىن قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەرگە كۆڭۈل ئېچىش، چىلىم چېكىش ئۈچۈن كېلەتتى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى بىلەن بىللە بۇ خانىغا كىرىپ كەلدى. خان ئۆزىگە ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ياردەمچىلىرىگە قاراپ:

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىپ.

ھەممىسى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، خان بىر خىل سىرلىق قىياپەتتە ھەممىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى، ئاندىن ئولتۇرغان ئورنىدىن گەۋدىسىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ:

— قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بۈگۈنكى مۇھىم كېڭەشنى نېمىشقا بۇ يەردە ئورۇنلاشتۇردۇم؟ — دېدى ھەممىگە سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— خان ئالىيلىرى دانادۇر، بىزلەر خاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە ئاجىز كېلۇرمىز، — دېدى ۋەزىر سايىم.

خان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— بۈگۈن سەرىكۈيغا قوشۇن تارتىشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن. ھېلىقى قۇلچاق دېگەننى ھالاك قىلماي تۇرۇپ ئالتە شەھەرگە كىرەلمەيمىز، — دېدى ۋە ھەممىگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ قېتىم قوشۇن تارتىپ بارغانلار قۇلچاقنى تىرىك ئالدىمغا ئەكەلسە، ئاشۇ قاشتېشى ئېگەرنى سەرەمجانلىرى بىلەن مۇكاپات قىلىپ بېرىمەن، — دېدى مەدەلخان تەكچىدىكى قاشتېشى ئېگەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزى قاشتېشى ئېگەرگە تىكىلگىنىچە، باشقىچە چاقناپ كەتتى.

— مىڭلارچە ئاپىرىن! خانىمنىڭ خىزىرىدەك كەڭ قورساقلىقىغا تۈمەن مىڭ ئاپىرىن! — دېدى قۇشبېگى مەمەشېرىپ.

— خان ئالىيلىرىنىڭ سەركۆيغا قوشۇن ئەۋەتىشى قوقەن خانلىقى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىش، چار پادىشاھ ئالىيلىرىغىمۇ مەلۇم قىلدىم، قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، — دېدى مەسلىھەتچى ئاندىرېئۇسكىي سىكۆبېۋىچ.

— قۇشبېگى! — دەپ توۋلىدى خان.

قۇشبېگى مەمەشېرىپ شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پەرمانبەردارمەن، خان ئالىيلىرى، قانداق خىزمەتلىرى باركىن پېقىرغا؟ — دېدى ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— قېنى ئېيتە، تەييارلىق تامام پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مەدەلخان .

— پۈتۈن تەييارلىق پۈتتى ئالىيلىرى، ھەممە ئىشلارنى تەخ قىلىپ قويدۇق. ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

— قوشۇننىڭ يۈرۈشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئالدىنئالا ئىشلەيدىغان ئىشلار ئىشلىنىپ بولدىمۇ؟

— ھەممىسىنى تولۇق ئىشلەپ بولدۇق. قاراچوقۇر تەرەپتىن ئافغانىستانلىق ئىككى مىڭ بۇلاڭچىنىڭ سەركۆيغا كىرمەكچى بولغانلىق خەۋىرى سەركۆيغا يېتىپ باردى. گۇرگىكىمۇ ھەممە ئىشنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپتۇ، — دېدى مەمەشېرىپ.

— قېنى، باشقا جانابلارنىڭ قانداق ئوي - پىكرى باركىن، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى خان.

— پىكىر يوق، ئالىيلىرى، — دېيىشىپ ھەممەيلەن تەڭ جاۋاب بېرىشتى .

— هازىر خانلىق لەشكەرلىرى ئەمىرلەشكەر ئالامان پەرمان ئېلان قىلىدۇ، — دېدى خان بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ.

ئەمىرلەشكەر ئالامان شاققىدە ئورنىدىن تۇردى، ئۇ خانغا سالام بەرگەندىن كېيىن، قولىدىكى پەرماننى ئوقۇشقا باشلىدى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ دانا يولورۇقىغا بىنائەن بۇ قېتىم خانلىقىمىز سەرىكۆي دىيارىغا كۆلىمى چوڭ بولغان ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزىدۇ. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە خان ئالىيلىرى ئوردىدا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەنكى خانلىق لەشكەرلەر ئەمىرلەشكەر ئالامان غەيۇر بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ باش بۇغى سۈپىتىدە لەشكەر باشلاپ ماڭىمەن. قۇشبېگى مەمەشېرىپ سىدىق، قۇشبېگى ئابدۇللا رىزا، قۇشبېگى يۈسۈپ مۇرتىزا، قۇشبېگى ئادىنا يۇنۇسلار ئورۇنباسار باش بۇغ بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئوڭ قانات قوشۇن، ئوتتۇرا يول قوشۇن، سول قانات قوشۇننىڭ سەردارلىرى تەرتىپ بويىچە ئۆز تارماق قوشۇننى باشلاپ ماڭىدۇ. بۇ قېتىم سەپەرگە ئاتلىنىدىغان قوشۇن ئۈچ مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئالدىمىزدىكى ئەشەددىي رەقىبىمىز قۇلچاق ئاران ئۈچ يۈزدەك لەشكەرگە ئىگە. بىزنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق چوڭ قوشۇننى سېلىشىمىزدىكى مۇددىئايىمىز قۇلچاقنى تىرىك تۇتۇشتۇر ۋە ھەم قۇلچاق ئارقىلىق سەرىكۆينى خانلىق زېمىنىمىزغا تەۋە قىلماقلىقتۇر. كەرەملىك خانىمىز پۈتۈن سەركەردە — لەشكەرلىرىمىزنىڭ بۇ جەڭگە جان پىدالىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ...

پەرمان جاكارلىنىپ بولۇشىغا مەسلىھەتچى ئاندىرىۋىسكىي سىكۆيېۋىچ گەپكە ئۇلاپلا:

— سەرىكۆينى خانلىقىمىزغا قوشۇش چار پادىشاھىمىزنىڭ دانا تەدبىرىدۇر. بۇ ئىشقا چار پادىشاھ ئالىيلىرى پۈتۈن كۈچى

بىلەن ياردەم قىلمىدۇ، — دېدى.

مەسلىھەتچى ئاندېرىۋسكىي سىكوۋىيىۋچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خاننىڭ كۆزى باشقىچە چاقناپ كەتتى ـ دە، ئاندېرىۋسكىي سىكوۋىيىۋچقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈردى.

— ئەمىرلەشكەر ئالامان بىلەن مەسلىھەتچى سېرگېيىۋىچ پاخانوۋىچنىڭمۇ بۇ جەڭگە بىللە بېرىشى قارار تاپتى، — دېدى مەسلىھەتچى ئاندېرىۋسكىي سىكوۋىيىۋچ.

— كۆپ رەھمەت! چار پادىشاھ ئالىيلىرى شۇنچە قوللىغان يەردە ئەزىمەتلىرىمىز جەزمەن نۇسرەت قۇچىدۇ، — دېدى ئالامان.

ئالامان يەنە ئارقا سەپ تەمىناتى، قورال ـ جابدۇق جەھەتتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن «پەرمان تامام» دەپ خانغا سالام بېرىپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— قوشۇن ئەتە قۇياش مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ يولغا چىقىدۇ. خۇسۇسەن ئۆزۈم يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بېرىمەن ۋە ھەم ئەزىمەتلەرنى ئۇزىتىپ قويىمەن، — دېدى خان كەسكىنلىك بىلەن.

*　　　*　　　*

ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، قۇياش نۇرى سارغايغان ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇلاق سۈيى شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە تىنىق ئىدى. گۈلئايىم ياغاچ چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئاستا مېڭىپ بۇلاق بېشىغا كەلدى. ئۇ بۇلاق سۈيى ئېقىپ بارغان كىچىككىنە كۆلچەك سۈيىدە ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆردى. ئۇ رۇخسارىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ شۇ دەرىجىدە ياداپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى.

بىردىنلا سۇ يۈزى تەۋرىگەندەك بولدى. بىرسىنىڭ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. گۈلئايىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە قارىغانىدى، گۆرگىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گۈلئايىم:

— ئەسسالام، تاغا دەپ، — قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشتى.

— بارىكاللا، قىزىم، بۇ يەردە ئىكەنسىز، ئۆيدىكىلەر سىزنى بۇلاق بېشىغا كەتتى دېيىشىدى، دەرھال سىزنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىشىم.

— تاغا، مېنى ئۇنداق جىددىي ئىزدەيدىغان نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دېدى گۈلئايىم.

— قىزىم، مۇھىم ھەم سىزگە پايدىلىق ئىش بار، — دېدى گۆرگىك ئۇنى قىزىقتۇرۇپ.

گۈلئايىم گۆرگىككە بىردەم ھاڭۋېقىپ قارىغاندىن كېيىن سەل جىددىيلەشتى:

— قېنى دەڭا، تاغا، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى گۈلئايىم.

گۆرگىك بىرسى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— بەلكىم سىزمۇ ئاززاق ئاڭلىغانسىز، يېقىندا ئافغانىستاندىن ئىككى مىڭ بۇلاڭچى ۋاخان كارىدورى ئارقىلىق سەرىكۇيغا بېسىپ كىرىدىكەن، — ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ قىلدى، — ئەپسۇس، قۇلچاق بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى گۆرگىك.

— تاغا، بۇ توغرۇلۇق مەن ھېچنېمە ئاڭلىمىدىم. بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ نېمىدەپ ماڭا دەيسىز، — دېدى گۈلئايىم.

— قىزىم، سىز بىرقانچە قېتىم سەرىكۇيغا باردىڭىز، ئۇلار سىزنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇلچاق سىزنى ئۆز

سىڭلىسىدەك كۆرىدىكەن. كۆپىەرىمۇ سىزنى يەخەيز دەپ ئەڭ يېقىن ئادىمىدەك كۆرىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغاچقا بۇ گەپنى سىزگە دەۋاتىمەن. كېيىن بىرەر ئىش چىقىپ قېلىپ: «گۆرگىك تاغام مېنى خەۋەرلەندۇرمەپتۇ» دېسىڭىز مەن ئۇيىلىمەن، ــــ دېدى گۆرگىك ئۇنى قىزىقتۇرۇپ.

گۈلئايىمنىڭ كاللىسى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ قۇلچاقتا بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكى ئۇنى گۆرگىكنىڭ پەم بىلەن قويۇۋاتقان قىسمىقىغا دەسسەتكۈزمەكتە ئىدى. گۈلئايىم بىر خىل ئەنسىرەش بىلەن گۆرگىككە قارىدى. گۆرگىك گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــــ شۇڭا ئىككىمىز بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قولىمىزنى سوزساقمىكىن دېگەنىدىم.

گۈلئايىم گۆرگىكنى چېكىپ بېقىش مەقسىتىدە:

ــــ تاغا، سىز نېمىدەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىسىز؟ ــــ دەپ سورىدى گەپنى كوچىلاپ.

ــــ قىزىم، بەلكىم سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مېنىڭ نۇرغۇن تۇغقانلىرىم سەرىكۈينىڭ ۋەرشىدې دىيارىدا. ئەگەر قۇلچاقتا بىر ئىش بولسا ئۇلارغىمۇ ئامانلىق بولمايدۇ. شۇڭا، ئىچىم بەك تىت ـ تىت بولۇۋاتىدۇ، ــــ دېدى گۆرگىك بىر خىل ئېچىنغان هالدا.

ــــ تاغا، سىز بېرىپ ئۇلارنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ ــــ دېدى گۈلئايىم.

ــــ قىزىم، سىز بىلمەيسىز، مەن قۇلچاقنى بىر قېتىملا كۆرگەن، ئۇ مېنى تونۇمايدۇ. بۇنداق ئەهۋالدا ئۇنىڭ گېپىمگە ئىشىنىشى ناتايىن، ــــ دېدى گۆرگىك بىر خىل ئەنسىرىگەندەك قىياپەتتە.

گۈلئايىمنىڭ قۇلچاقتا بولغان مۇھەببىتى ئۇنى قاتتىق ئويلاندۇردى: «مەن مۇشۇ خەۋەرنى قۇلچاقتا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇنى بىر خۇش قىلسام، كۆڭلۈم تەسەللى تاپاتتى. ئەگەر بۇ خەۋەر راست بولۇپ، ئۇ بىخەۋەر تۇرغاندا بۇلاڭچىلار باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزسە... » ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي سەسكىنىپ كەتتى. گۆرگىنىڭ ھەييار كۆزلىرى گۈلئايىمدىكى ئۆزگىرىشنى تولۇق كۆزىتىپ تۇراتتى. گۈلئايىم گۆرگىككە سوئال نەزىرىدە قاراپ:

— بۇ خەۋەر ئىشەنچلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

گۆرگىك ئۇنىڭ ئىشىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— بۇ قەتئىي ئىشەنچلىك خەۋەر. ئىشەنمىسىڭىز ئافغانىستاندىن بىرمۇنچە سودىگەرلەر كەپتۇ، شۇلاردىن سوراپ بېقىڭ، — دېدى.

گۈلئايىم سەل قايىل بولغاندەك بولۇپ:

— بوپتۇ، مەن بىر ئامال قىلىپ بۇ خەۋەرنى قۇلچاقتا يەتكۈزەي، — دېدى .

* * *

1836 ـ يىلى كۈز سەھەر، قۇياش تاغ كەينىدىن ئەمدىلا چىققان چاغ. قوقەن خانلىقى ئوردىسىنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. مەيداندا تاجاۋۇزچىلىققا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان قوقەن خان لەشكەرلىرى سەپ ـ سەپ بولۇپ تىزىلغانىدى.

ئەمىر لەشكەر ئالامان قۇشبېگىلىرىگە جىددىي ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە پەرزەنتلىرىنى سەپەرگە ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئاۋام يىغىلغانىدى. ئۇلار تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

بالىلارنى قۇچاقلاپ يىغلىسا، بەزىلىرى بالىلارغا ئۆزىنى ئاسراش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى. بەزىلىرى يولـلـۇق ئەكەلگەن نەرسىلەرنى چىرايلىق باغلاپ، قاچىلايدىغىنى قاچىلاپ بەرمەكتە ئىدى. بېشى قارلىق تاغدەك ئاقارغان ئاپپاق ئۇزۇن ساقاللىق بىر بوۋاي ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىگىتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم نەۋرەم، ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرىغىن، بۇ نەپسى بالا خانىنىڭ كۆزى بايلىققا ھېچ تويمىدى، نۇرغۇن قېتىم بالىلىرىمىزنى سەرىكۇيغا ئەۋەتىشتى، ئۇلار شۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلدى. بىز ئۇلارنىڭ تاۋۇتىنىمۇ كۆرەلمىدۇق. بۇ ئۇرۇشتىن جاق تويدۇق. بۇ خانىنىڭ كۆزىگە قاچان توپا چۈشسە شۇ ۋاقتىدا ئارام تاپىدىغان ئوخشايمىز. بالام سەن قايتىپ كەلگۈچە مەن بارمۇ ـ يوق، بۇنىسى نامەلۇم. ئۆزۈم سېنى ئۇزىتىمەن دەپ كەلدىم، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

كۆزلىرى ياش ئانىلار، بالىلارنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك قۇچىقىغا چىڭ باسماقتا ئىدى. ئاياللار ئەرلىرىنىڭ كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزاتماقتا ئىدى. قىزلار مەجبۇرىي جەڭگە كېتىۋاتقان يىگىتلىرى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلاتتى. تەمىنات يۈكلىگەن تۆگىلەر قاتار ـ قاتار تۇراتتى. مەيدان توساتتىن جىددىي تۈسكە كىردى. ئەمىرلەشكەر ئالامانىڭ: «دىققەت !» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ مەيدان قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىمتاس بولۇپ قالدى. قوقەن خانى مەدەلخان ۋەزىر سايىم، مەسلىھەتچى ئاندىرىۋسكىي سىكۇيىۋچىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەيدانغا يېتىپ كەلدى. خان قوپال ھەربىيچە فورما كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن بىلەن نەقىشلىگەن كەمەر باغلىغان، قىپقى كۈمۈشتىن ئالتۇن ساپلىق قىلىچ ئاسقانىدى.

ئەمىرلەشكەر ئالامان يۈگۈرگىنىچە خانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، قوشۇنىمىز يۇرۇش قىلىشقا تەخ بولدى. كەرەملىك خان ئالىيلىرى، پەرمان چۈشۈرسىلە، — دەپ سالام بەردى.

خان قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە چىقىرىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ خىرقىراق ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— پەرمان، پۈتۈن قوشۇن ئاتلانسۇن ! — دەپ ۋاقىرىدى.

خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ قوشۇن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن كەلكۈن سۈيىدەك شەرق تەرەپكە قاراپ ئاقتى.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# سۇنغان قازاننىڭ بىشارىتى

سەرىكۇيدا تۇيۇقسىز ھەر خىل خەۋەر، پىتنە ـ پاساتلار تارقىلىشقا باشلىدى: «بۇلاڭچىلار نەچچە مىڭ قوشۇنى بىلەن بۇ يەرگە باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ»، «بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋالىدىكەن» دېگەندەك خىلمۇخىل سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالدى. ھاكىمبەگ قۇلچاق: «خەلق ئارىسىدا كۆپرەك تۇرسام، بىر تەرەپتىن پىتنە ـ پاساتتىن ۋەھىمىگە چۈشكەن خەلققە تەسەللى بېرىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرقەدەر ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە ئېرىشەرمەن» دەپ ئويلاپ، بۈگۈن ھەمراھلىرى بىلەن تىزناپ دىيارىدىكى رەمەجاننىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان تويغا قاتناشقىلى كەلگەنىدى.

ھاكىمبەگ قۇلچاق نەغمە ـ ناۋانى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئوغلاق تارتىشىشقا ئەڭ قىزىقاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن بىر مەيدان ئوغلاق تارتىششقا قاتنىشىمەن، دەپ ئوغلاققا چەپەر بۇرناش چەكىل (ئاتنىڭ تۇرقىغا قاراپ قويۇلغان ئىسىم) ئېتىنى مىنىپ كەلگەنىدى. چەۋەندازلىقتا ئۇنىڭغا ھېچكىم يېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدا قەيسەرلىك بىلەن ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى، ئاتنى

قوْيوْندەك چاپتۇروْپ كېلىپ، يەردىن ئوغلاقنى ئېلىشى، ئاتتىن ئۆزىنى شاپپىدە يان تەرەپكە تاشلاپ، ئات ئۈستىدە ئادەم يوقتەك كۆروْنوْشنى پەيدا قىلىشى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى.

ئۇنىڭ بۈگۈن ئوغلاق تارتىشىش تەييارلىقى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن توي ئەھلى: «بۈگۈن توي تازا قىزىيدىغان بولدى» دەپ قاراشتى. توينىڭ ساھىبخانىلىرى قۇلچاقنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن توينىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جانلاندى. ساھىبخانىلار مېھمانلارنىڭ ئېتىنى ئېلىپ، مېھمانلارنى چوڭ ئۆيگە باشلىدى. رەمەجاننىڭ چوڭ ئۆيى مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. قۇلچاق ئۆيگە كىرىشىگە ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. ھاكىمبەگمۇ ھەممەيلەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، تۆرنىڭ بېشىدا راسلىغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىمۇ تۆرگە چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ساھىبخانا ئۇلارغا:

— خۇش ئامەدى، — دېدى.

— بارىكاللا، مۇبارەكى تەي (تويغا مۇبارەك بولسۇن)، — دېدى ھاكىمبەگ ھەمراھلىرىغا ۋاكالىتەن.

ساھىبخانا ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چىرايلىق پەي ياستۇقلاردىن قويۇپ:

— قېنى مېھمانلار يۆلىنىپ راھەت ئولتۇرۇڭلار، — دېدى.

داستىخانغا چاي، نان كەلتۈرۈلدى. ئۇلار چاي ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن ھاكىمبەگ:

— مەن ئەكەلگەن مۇبۇرەك بۇتنى (توينى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن نەرسىنى) ئەكېلىڭلار، — دېدى.

خىزمەتچىلىرى دەرھال ئىككى قوينى يېتىلەپ پەگاھقا ئەكىردى.

ھاكىمبەگ:

— تويغا مۇبارەك بولسۇن، ئاز بولسىمۇ بىر جۈپ قوي ئەكەلدۇق، قوبۇل قىلغايسىلەر، — دېدى ساھىبخانىغا.

— رەھمەت، بەكلا كايىپسىلەر. ھاكىمبەگنىڭ تويىمىزغا كېلىپ قاتناشقىنى بالىلىرىمىزنىڭ بەختى. كۆپ تەشەككۈر! — دېدى ساھىبخانا.

يۇرت ئاقساقاللىرى، ئۇزۇن قولاق ئەربابلار ھاكىمبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى يېپيېڭى ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. ھاكىمبەگ ئۇلاردىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئىگىلىدى.

— قېنى ناخشا ـ سازنى باشلاڭلار، — دېدى دەراچى (تويدا نەغمە ـ ناۋانى باشقۇرغۇچى) پەگاھ تەرەپتە قاتار ئولتۇرغانلارغا قاراپ. ئۇلار خۇددى ئۇزاق مەشىقلەنگەن سازەندە ۋە ناخشىچىلاردەك ئىككى دانە داپ ۋە ئىككى راۋابنى تەڭكەش قىلىپ يېقىملىق مۇزىكىسىنى باشلىدى. ئۆيدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىقتى. ناخشىچى يۇرەكنى تىترىتىدىغان شوخ ئاۋاز بىلەن «نۇرەنجى شال» (سېرىق ياغلىقلىق قىز) دېگەن ناخشىنى باشلىدى.

نۇرەنجى ياغلىقىنىڭ چوغدەك جىلۋىسى،
يارىشىپتۇ بېشىغا زەپ چىرايلىق كەشتىسى.

قايناپ تۇرغان جۈپ كۆزى پارلاپ تۇرغان چولپاندەك،
ھەر قاراشتا كىرپىكى بەتلەپ قويغان كاماندەك .

قەلبىم جانىم سەن ئۇچۇن ئىللىق باھاردەك راباب،
كاۋاپ قىلماي ھىجراندا مېنى يوقلاپ كەلگىن ياب.

يارىم كەلسە گۈلدەكلا ھىدى ــ خۇشبۇيى تارار،
مەرۋايىتتىن ئاق سەدەپ، چېچىدا رەت ـ رەت قاتار.

ئىشقىڭ ئوتىدا كۆيۈپ بولسامۇ مەيلى گۇمران،
دېمىگىن ھەرگىز مېنى پەمى يوق بىر خام نادان.

بولمىسىمۇ يېنىمدا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ھەميان،
لېكىن مەندە ساداقەت بار مۇھەببەت ساپ ۋىجدان.

...

...

بۇ ناخشا ھاكىمبەگنى بەكمۇ مەھلىيا قىلدى. ئۇ بۇ ناخشىنى ئاڭلاۋاتقاندا كۆز ئالدىدىن گۈلئايىمنىڭ سىيماسى غىل ـ پال ئۆتتى. ئۇ بۇ ناخشىنى بىرقانچە قېتىم قايتا ئېيتقۇزۇپ ئاڭلىدى.

ساھىبخانا:

ــ ھۆرمەتلىك ھاكىمبەگ جانابلىرى، ئەمدى سىلەرنى سىلەرگە قوش (ئەزىز مېھمانلارنى ئايرىم مېھمان قىلىدىغان خانا) تەييارلىغان ئۆيگە تەكلىپ قىلماقچىمەن، ــ دېدى ھۆرمەت بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ئوخشاشقۇ، يۇرتداشلار بىلەن بىللە مۇشۇ يەردىلا تۇرساق بولمىدىمۇ؟ — دېدى قۇلچاق.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بۇ بىر قائىدە، يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قوش ئورۇنلاشتۇردۇق. ھەر كىمنىڭ رىزقى ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ساھىبخانا.

— مەيلى ئەمىسە، بارايلى، — دېدى قۇلچاق ئورنىدىن تۇرۇپ.

ساھىبخانا ئۇلارنى تويى بولۇۋاتقان ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان قوشنىسى قۇربانبايىنىڭ ئۆيىگە باشلىدى. قۇربانبايىنىڭ بەش تۇۋرۇكلۇك تاجىكچە چوڭ ئۆيىنىڭ ئىچى ئىنتايىن پاكىز، ئازادە بولۇپ، بىر قاراشتا ئايال غوجايىنىنىڭ ئۆي تۇتۇشقا ماھىر، ئېپى بار، چېۋەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. تاجىكلارنىڭ تويى قائىدىسى بويىچە تويى ئىگىسى ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى مۇشۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ھاكىمبەگ بىلەن كەلگەنلەر يەتتە - سەككىز دەك ئادەم بولۇپ، تۆردە ئولتۇردى. بۇ يەردىكى ھاكىمبەگ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلاردىن قۇربانبەگ، جامالدىن سەرىبەگلەرمۇ ھەمداستىخان بولدى.

ساھىبخانا مېھمانلارغا جۇپ قوي ئەكىردى.

— قېنى ھاكىمبەگ، مېھمانلار، مۇشۇ قويلارغا پاتىھە بېرىڭلار، — دېدى پەگاھتا قوينى تۇتۇپ تۇرغان ساھىبخانا.

— بىر قويغا پاتىھە بەرسەك بولمىدىمۇ، — دېدى قۇلچاق.

— بولمايدۇ، جانابلىرى، بىر قويغا ئادەتتىكى چارۋىچىمۇ پاتىھە بېرىۋاتىدۇ. سىز سەركۈينىڭ ھاكىمبېگى، بىزنىڭ بېشىمىز، شۇڭا ئاددىي بولسىمۇ مۇشۇ ئىككى قويغا پاتىھە بەرمىسىلە بولمايدۇ. بۇ بىز ساھىبخانا ۋە تويى ئەھلىنىڭ

كۆڭلى، ـــ دېدى قۇربانباي.

ـــ بۇ ئىككى قويغا پاتىھە قىلساق بەك جىق بولۇپ كەتمەمدۇ، بۇنى كىم يەيدۇ؟ ـــ دېدى قۇلچاق.

ـــ هاكىمبەگ جانابلىرى توغرا دەيدىلا، سىلى بۇ قويلارنىڭ گۆشىدىن پەقەتلا بىر توغرامىلا يەيدىغاندىلا، لېكىن سىلىنىڭ پاناھلىرىدا ئەتراپتىكى ھەممە كىشى گۆشكە ئېغىز تېگمىدۇ ئەمەسمۇ، ـــ دېدى قۇربانباي.

هاكىمبەگ يەنە گەپ قىلىشىغا، ئاخۇنبەگ جىددىي تەلەپپۇزدا:

ـــ تەخسىر، بىزدە مۇنداق بىر گەپ بار: «بىر يۇرتقا بېرىپ كەلسەڭ، خەق سەندىن يېڭىلىقمۇ؟ دەپ سورىمايدۇ، قوي سويدىمۇ؟ دەپ سورايدۇ». سىز يۇرتنىڭ پاسىبانى، ئاللايتەن يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىپسىز، سىزگە مىڭ قوي سويساقمۇ ئەرزىيدۇ، قېنى پاتىھە قىلىڭ، ـــ دېدى ئاخۇنبەگ.

ساھىبخانىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن جۈپ قويغا پاتىھە قىلىندى.

ئۆي ئىگىسى قويلارنى سويۇپ، گۆشىنى چوڭ ئۆينىڭ تۆڭلۈك ئۈدۈلىدىكى چوڭ ئوچاقتا ئاسقان داش قازانغا سالدى. بىردەمدىن كېيىن تۆيۈقسىزلا قازان ۋاقىدە ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. گۆش شورپىسى بىلەن ئوچاقتا تۆكۈلدى. ئۆيدىكىلەر بۇ ئالامەتتىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. «ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ ساپساق قازان ئىدى» دېدى ساھىبخانا قۇربانباي ھەيران بولۇپ.

ـــ مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن، سەن بىر يۇرتنىڭ ئاقساقلى تۇرۇپ يېڭىراق قازان ئالساڭ بولمامدۇ، ـــ دېدى هاكىمبەگ قۇلچاق.

ـــ بېگىم، قازىنىم يېڭى ئىدى. بىلمىدىم، بېگىمنىڭ رىزقى يوقمىدۇ، ـــ دېدى قۇربانباي جاۋاب قايتۇرۇپ.

قۇلچاقنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ يۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدىغاندەك بىر تۇرلۇك تۇيغۇ ئۇنى بىئارام قىلغىلى تۇردى.

— بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، بىر يامان بېشارەت بولۇشى مۇمكىن دېدى، — قۇربانبەگ قۇلچاققا قاراپ.

قۇلچاق ئارتۇق گەپ قىلماي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەمراھلىرىغا:

— ئەمدى قايتايلى، — دېدى.

قۇلچاق ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالسىمۇ، لېكىن بىر خىل بىئاراملىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماقتا ئىدى.

— ھاكىمبەگ جانابلىرى، قايتىپ كەتمىسىلە، قايتىدىن قوي ئۆلتۈرۈپ سىلىنى مېھمان قىلىمىز، قازاننىڭ سۇنۇشى بىر تاسادىپىيلىق، بۇنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — ئاخۇنبەگ ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى شۇنچە تۇتسىمۇ قۇلچاق ئۇنىماي ھەمراھلىرى بىلەن قايتىپ كەتتى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

# ئالدىنىپ قېلىش

تاشقەلئە ھاكىمبەگ قوبۇلخانىسى بوگۇن سىرلىق تۈس ئالغانىدى. ھاكىمبەگ قۇلچاق قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ جىددىي كېڭەش ئېلىپ باردى. قوبۇلخانىغا ئوتتۇزدەك ئادەم يىغىلغانىدى. ھەممىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. قۇلچاق:

— كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس، دېگەن گەپ بار. بوگۇن ھەممەيلەننى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، مۇھىم بىر ئىشنى سىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن. ئوبدان ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن، — دېدى.

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن:

— بىز ھەرقانداق ئىشقا تەييار، — دېيىشتى.

— ھەممىڭلار ئاڭلىغانسىلەر، — دېدى قۇلچاق تەمكىن قىياپەتتە، — قاراچوقۇر تەرەپتىن نەچچە مىڭ بۇلاڭچى باستۇرۇپ كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. مەن خېلى كۆپ ئايلاندىم، تىڭتىڭلاپ كۆردۈم، ھەممە يەردىن ئوخشاش خەۋەر ئاڭلىدىم. خەقلەرمۇ ئەنسىرەپ جىددىيلىشىپ قاپتۇ. يېقىندا قوقەن تەرەپتىن ھېچقانداق خەۋەر يوق، ھەرقايسىڭلار بۇنىڭغا قانداق

قارايسىلەر؟

— بىزمۇ خۇددى سىز ئاڭلىغانغا ئوخشاش خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق. مەن ئاقتاشقىچە ئادەم ئەۋەتىپ تىڭتىڭلاپ باقتىم. ئۇ تەرەپتە ھېچقانداق شەپە يوق ئىكەن، — دېدى ھاكىمبەگ ياردەمچىسى مەمەتربىھىم.

— يېقىندا مىرغابتىن گۇلئايىم قاتارلىق بىرقانچە سودىگەرلەر كەپتىكەن، ئۇلارمۇ قاراچۇقۇر تەرەپتىن زور بۇلاڭچىلار توپى باستۇرۇپ كىرىدۇ دەۋاتىدۇ، — دېدى نىيازباي ئاقساقال.

قۇلچاقنىڭ كۆز ئالدىدىن ئالدىنقى كۈنى گۇلئايىم بىلەن كۆرۈشكەندىكى جەريان غىل - پال ئۆتتى. ئۇ كۈنى قۇلچاق ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئەمدىلا تاماقنا ئولتۇراي دەپ تۇرغاندا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ گۇلئايىم ۋە ئىككى ھەمراھى كىرىپ كەلدى. قۇلچاق بىلەن كۈيپەرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. كۈيپەرى:

— ۋىيەي، سىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى گۇلئايىمنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

— ھەرقايسىڭلارنى سېغىنىپ كۆرۈشكىلى كەلدىم، بولماپتىمۇ؟ — دېدى گۇلئايىم قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دېگەن گەپ بار، قېنى تۆرگە چىقىڭلار، — دېدى قۇلچاق ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ.

گۇلئايىم بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ مىرغابتىكى چارۋىچى تۇغقانلىرىدىن ئىككى كىشى بىلەن كەلگەنىدى.

قۇلچاق، كۈيپەرىلەر گۇلئايىمنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرەتتى. گۇلئايىم كەلگەندىن كېيىن ئۇلار شۇنداق خۇش بولۇپ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتتى. قۇلچاق:

— قېنى تائامغا بېقىڭلار، تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خوش، سىڭلىم، ئۇ تەرەپلەردە نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ؟

گۈلئايىم ئىنتايىن ئىشەنچلىك قىلىپ:

— ئاكا، قوقەن تەرەپتە جىمجىتچىلىق، ئەمما مىرغابتا «ئافغانىستاندىن زور بۆلاكچىلار قوشۇنى قاراچوقۇر ئارقىلىق سەرىكۇيغا بېسىپ كىرىدىكەن» دېگەن گەپ ـ سۆزلەر كەڭ تارقالدى. ئافغانىستاندىن كەلگەن بىرقانچە سودىگەرلەردىنمۇ سورۇشتۇردۇم، ئۇلارمۇ شۇ گەپنى قىلدى. مەن بەك ئەنسىرەپ قالدىم، سىلەرنى خەۋەرلەندۈرەي دەپ ئالايىتەن كېلىشىم، — دېدى ئۇ.

ھەممە ئىشلاردىن خەۋەرسىز ساددا قىز گۈلئايىم قۇلچاققا ئازراق ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېچىشىۋاتقان يۈرىكىگە تەسەللى تاپماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ بىر ئالدامچىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىنى نەدىن بىلسۇن!

— مۇنداق دەڭ، — دېدى قۇلچاق گۈلئايىمغا قاراپ.

قۇلچاقنىڭ كاللىسىدىن بىر ئەسلىمە لاپ ئۆتتى ـ دە، كۆڭلىدە قاراچوقۇرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تاللىدى.

ئەمەلدارلار، يۈرت مۆتىۋەرلىرى، بەگ، قازىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراچوقۇر تەرەپكە قارىتىشنى لايىق كۆرۈشتى.

قۇلچاق:

— ئەگەر ئۇلار قاراچوقۇر تەرەپتىن كەلسە، بۇ يەرگە يەتتە كۈنلۈك يول بار. بىز دەرھال قوشۇن ئاتلاندۇرۇپ ئۇلارنى مىڭتېكىدىن بۇياققا ئۆتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق. ھەرقانچە زور قوشۇن كەلسىمۇ ئاشۇ تارچۇقتىن ئۆتكۈزمەيمىز! — دېدى كۆپچىلىككە

قاراپ.

تۇيۇقسىز خەۋەرچى يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى:

— مەلۇم بولغاي ھاكىمبەگ جانابلىرى، قاراچوقۇر تەرەپتىن بەلگە ئوت كۆرۈندى.

قۇلچاق چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— قېنى سىرتقا چىقىپ قاراپ باقايلى، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن.

قۇلچاق ئالدىدا، باشقىلار كەينىدىن ھەممىسى دەرۋازا ئالدىغا چىقىشتى.

قاراچوقۇر تەرەپتىن ناھايىتى روشەن بەلگە ئوتى كۆرۈندى.

قۇلچاق مەمەتربىھىمغا:

— دەرھال قوشۇننى يىغىڭ، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئاندىن ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ:

— ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، دۈشمەن قاراچوقۇر تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەممىڭلار ئۆز بۇرچۇڭلارنى تېزلىك بىلەن ئورۇنلاڭلار! قوشۇنغا كېرەكلىك ماددىي نەرسىلەر بۇگۇنلا يولغا چىقسۇن، — دېدى.

ھەممەيلەن «پەرمانبەردارمىز» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى.

قاراچوقۇردا ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار سۇبھىنىڭ نۇرى بىلەن شالاڭ كۆرۈنەتتى. ئورغاقتەك كۆرۈنگەن ئاينىڭ يېرىمى تاغنىڭ كەينىگە چۆككەن بولۇپ، خۇددى يېرىمىنى كېسىپ تاشلىغان پىچاقتەك كۆرۈنەتتى. قارىيىپ تۇرغان تاغلارنىڭ گەۋدىسى سۇزۇك ئاسماننىڭ شەرق تەرىپىدىن ئاقىرىپ كېلىۋاتقان نۇرنىڭ شولىسىدا بىر خىل غەمكىن ھالەتتە ئىچىنى تىڭشىغاندەك تۇراتتى.

مەمەسەپەرنىڭ ئۇيقۇسى خېلى بۇرۇنلا قاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ يوتقىنىغا چىڭ پۈركىنىپ

ياتتى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بۇ يايلاقنىڭ تاغ چوققىلىرىنى، قورام تاشلىرىنى، يازدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدىغان ھەر خىل تەبىئىي گۈلزارلىقنى، تاغلارنىڭ يېرىقىدىن، قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان بۇلاق كۆزلىرىنى، قىيالاردا مۆڭگۈزلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ تاقلاپ ماڭىدىغان تاغ تېكىلىرىنى، يېقىملىق سايراپ تۇرىدىغان ئۇلاي - كەكلىكلەرنى، تاغ يوللىرىدا ماڭدامدا ئۇچرايدىغان، ماڭغاندا تۇيۇقسىز پۇتلار ئارىسىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىدىغان تاغ قۇشقاچلىرىنى، سەلكىن تاغ شامىلىدا گۈپۈلدەپ كېلىدىغان ھەر خىل گۈللەرنىڭ راھەتبەخش ھىدىنى، چوپان يىگىتلەر چالغان سۆڭەك نېيىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى، سىغىنىش ئىلكىدىكى قىزلارنىڭ كەشتە تىككەچ ئېيتقان يېقىملىق ناخشىلىرىنى، تاغ چوققىلىرىغا، بۇلاق بويلىرىغا سوزۇلغان چىغىر يوللارنى، يايلاقنىڭ ھەممە يېرىنى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ ئەسلىمىنىڭ تاتلىق قوينىدا ئۆزىنى ئاجايىپ بەختلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا كۆنچىقىشتىن بۇرۇن شەرق تەرەپتە ئاقىرىۋاتقان ئاسمانغا چۈشتى.

— ئاپلا، خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ تاس قاپتىمەن، بامدات نامىزىمنى قازا قىلىۋېتىشكە، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، ئادىتى بويىچە يوتقان - كۆرپىلەرنى رەتلىك يىغىپ قويدى. ئۇنىڭ باللىرى ھەر كۈنى ئۇنى يوقلاپ، پىششىق يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى، گاھى كۈنلەردە ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپمۇ قالاتتى. يازدا بولسا ئۇ ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىللە مۇشۇ يايلاقتا تۇراتتى. كۈز، ئەتىيازدا ئۆيىدىكىلەر پەسرەك يايلاققا كۆچەتتى. ئۇ بولسا بۇ يەردە قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. باللىرى ئۇنى بىللە

كېتىشكە دەۋەت قىلىسىمۇ، ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ: « ياق، مەن مۇشۇ يەردە تۇرىمەن. قىشتا بۇلاڭچىلار كېلەلمەيدۇ، يازدا ھەممىمىز بۇ يەردە بار، لېكىن كۆز ـ ئەتىيازدا دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرغانغا ھېچنېمە بولمايمەن. سىلەر مېنى كۈندە يوقلاپ تۇرۇۋاتىسىلەر ئەمەسمۇ» دەيتتى.

ئۇ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن «تۈنۈگۈن بالام ئەكەلگەن پاقلان گۆشى بىلەن قاتلىما بار، بېرىپ يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ، نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ، كېلىپ چاي قايناتىپ ناشتا قىلاي» دېگەننى ئويلاپ سىرتقا ماڭدى.

ئۇ كەپە ئىشىكىدىن سىرتقا چىقىشىغا بىر قول كاپپىدە ئاغزىنى قاماللاپ تۇتتى. مەمەسەپەر تېپىرلاپ تىنالماي قالدى. ئاڭغىچە بىرسى زەرب بىلەن كۆكرىكىگە خەنجەر تىقتى. مەمەسەپەر بىر ئىڭىز گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جان ئۈزدى.

گۈرگىنىڭ يېنىدىكى ھەمراھىغا بوش ئاۋازدا:

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ ـ يوق، قېنى ئاستا قاراپ باقايلى، — دېدى.

ئۇلار ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تامدىكى تۆشۈكتىن ئۆينىڭ ئىچىگە ماراپ قارىدى. ئۇلار ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، «ئۇھ !» دەپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— قارا بۇ قېرىنى، جېنىغا باقماي بەلگە بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئۆزىنى قىيناپ تۇرغىنىنى، — دېدى گۈرگىنىڭ مەمەسەپەرنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىۋېتىپ.

— يۈر، ئەمدى شاققىدە بەلگە ئوتىنى ياقايلى، — دېدى گۈرگىنىڭ ھەمراھىغا قاراپ.

— گۈرگىنىڭ ئاكا، ئوت يېقىشقا تېخى ۋاقىت بار، بەك بالدۇر

ياقساقمۇ بولمايدۇ، — دېدى يۇزىنىڭ ھەممە يېرىنى سېرىق تۈك قاپلىغان ھەمراھى.

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە كىرىپ، يەيدىغان نەرسە بولسا ناشتا قىلمامدۇق؟ — دېدى گۇرگىنەك ئۆيىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە مېڭىۋېتىپ.

— پاھ! بۇ قېرىنىڭ ئۆيى ئەجەب ئىسسىق ئىكەن، نېمىدېگەن راھەت - ھە! — دېدى ئالدىدا ئۆيگە كىرگەن گۇرگىنەك.

— ئاكا، مەن بىر قاراپ باقاي يەيدىغان نەرسە بارمىكى، — دېدى ھەمراھى چىگدەن (قازناق) تەرەپكە ئۆتۈپ.

ئۇ قازناققا كىرىپلا« پاھ!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

جىددىيلەشكەن گۇرگىنەك:

— ئۇكام نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭ بىر داستىخاندا يۇگەكلىنەك پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى، سېرىق ماي، قاتلىما بار ئىكەن ئاكا، — دېدى ئۇ.

— ئەجەب ياخشى بولدى، تازا ئوبدان بىر مەززە قىلىپ يەيلى، بۇ قېرىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن، شۇڭا بۇ يەردە مۇڭگۇزدەك مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ - ھە دېدى، — گۇرگىنەك چوڭ بىر يالپاق گۆشنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ.

— شۇنداق ئاكا، بۇ بىزنىڭ رىزقىمىز ئىكەن. شۇڭا، ئۇ قېرى بۇنى يېيەلمەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى پاراڭلاشقاچ قورساقلىرىنى بولغۇچە تويدۇردى. بۇ خىلۋەت يەردە ئۇلار شۇنداق خاتىرجەم ئىدىكى، ئۆزلىرىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىشتى. ئۇلار قورساقلىرىنى تويدۇرغاندىن كېيىن، خۇددى بىرقانچە سۇغۇرنى بىراقلا يېگەن ئېيىقتەك تەستە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پۇشۇلداپ مېڭىپ سىرتقا چىقىشتى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، شەرق تەرەپتىن

قىزىل شەپەق يېيىلغانىدى. سەھەردىكى يېنىك سوقۇۋاتقان تاغ شامىلى ئۆزىنىڭ سوغۇق نەشتىرىنى ئادەمگە يىڭنىدەك سانجىپ تۇراتتى. ئەمدىلا تاغدىن بالقىغان قۇياش نۇرى تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا تەگكەن بولۇپ، تاغلار بېشىغا گويا سېرىق ئالتۇندىن تاج كىيگەندەك كۆرۈنەتتى. گۇرگىنك بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى بەش قولدەك بىلەتتى. بەلگەدۆڭنىڭ يولىنىمۇ كۆرۈپ قويغانىدى. گۇرگىنك ھەمراھى بىلەن خېلى تەستە بەلگەدۆڭگە چىقىپ، دۆڭدىكى يىغىپ قويغان قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت ياقتى. چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت قاراچۇقۇر ئىچىگە قىپقىزىل شولا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوت كۆرۈندى. زەنجىرسىمان يېقىلغان بۇ ئوتلار بىر ئۇزۇن ئوت ئارغامچىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۈچى تاشقەلئەگە تۇتاشتى. بىمەھەل يېقىلغان بۇ ئوتتىن مۇزتاغ ئاتىمۇ خورسىنىپ، ئۆزىنى بۇلۇت ئىچىگە يوشۇردى. سۇزۇك ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتنىڭ دەستىدىن ئەمدىلا زەر تاج كىيگەن چوققىلار تاجىنى تاشلاپ، ھازىدار ئاياللاردەك ئاق رومال ئارتىۋالدى.

— ئەتىمالىم قۇلچاق بەلگە ئوتىنى كۆرۈپ چوڭ قوشۇننى ئالدىراپ بۇ تەرەپكە يولغا سالىدىغۇ دەيمەن، — دېدى گۇرگىنكنىڭ ھەمراھى بەلگە ئوتتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— شۇنداق، بىز مۇھىم ئىشنى ئوڭايلا پۈتكۈزۈۋالدۇق، قۇلچاق بارلىق قوشۇننى مۇشۇ تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ بولغۇچە قوشۇنىمىز قۇلچاقنى ئالىقاچان تۇتقان بولىدۇ. بۇ تۆھپەم ئۈچۈن مەن خاننىڭ چوڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغان بولدۇم، — دېدى گۇرگىنك بىر خىل ھاياجان بىلەن.

— ئېھتىمال سىزگە سەركىۈينىڭ ھاكىمبەگلىكىنى بېرىدىغۇ دەيمەن، — دېدى گۇرگىنكنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭ

كۆڭلىنى تېخىمۇ ياساپ.

گۇرگىك بىردىنلا ئۆزىنى سەرىكۇينىڭ ھاكىمبېگىدەك ھېس قىلىپ:

— ئەگەر مەن ھاكىمبەگ بولسام سىنىمۇ يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن، مىرغابنىڭ گۈزەللىكىنى ئەمرىمگە ئېلىپ سەرىكۇي، مىرغابنى تەڭ قولۇمغا ئالىمەن، شۇ ۋاقتىدا ئاكاڭنىڭ شەۋكىتىنى كۆرىسەن، — دېدى كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— ئاكا، ئۇ ھازىر مۇشۇ تەرەپكە قوشۇنىنى ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قوشۇنى كەلگۈچە بىز ئىلاج قىلىپ بۇ يەردىن يىراقلىشىپ كېتەيلى، — دېدى ھەمراھى.

— بولىدۇ، ھازىرلا ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلى.

گۈلئايىم قۇلچاقنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن، بىر كۈن يول يۈرۈپ ئەتىسى چۈشتە قىرپاند كەنتىدىكى تۇغقىنى ساقىباينىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى قۇلچاقتا ئىدى: «مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ ياردەم قىلدىم، ئۇ ئازراق بولسىمۇ مەندىن رازى بولغاندۇ» دېگەننى ئويلاپ ئەمدىلا كۆڭلى تەسەللى تاپقاندەك بولدى ـ يۇ، «ئەگەر گۇرگىك مېنى ئالدىغان بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى مەندىن پايدىلىنىپ قۇلچاقنى خاتا ئۇچۇر بەرگۈزۈش بولسىچۇ؟....» گۈلئايىمنىڭ ئويى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۈتۈن بەدىنى چوغ ئۇستىگە چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى.

«ياق ! ياق ! مەن ئۇ يەردە بىرنەچچە كىشىدىنمۇ شۇ ئۇچۇرنى ئاڭلىغان تۇرسام، ئۆزىنى ئافغانىستاندىن كەلگەن سودىگەر دەپ تونۇشتۇرغانلارمۇ شۇ گەپلەرنى قىلغان تۇرسا»دەپ ئويلايتتى ئۇ. گۈلئايىمنىڭ كاللىسىدىكى بۇ چىگىچ خىياللار ئۇنى پەقەت ئارام تاپتۇرمايۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يۈرىكىنى تىڭشايتتى: «مەن قۇلچاققا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىمەن دەپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك

قىلمىغاندىمەن ـ ھە ؟» گۈلئايىم ئويلىغانسېرى ئۆزىدە غەيرىي بىر خىل قورقۇنچنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىبايىنىڭ ئىشىك ئالدىغا قانداق كەلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى.

ساقىبايىنىڭ ئايالى:

— ۋۇي قىزىم، سەن ئىكەنسەنغۇ، ياخشى تۇرغانسەن؟ — دېگەندە ئاندىن خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈردى، ساقىبايىنىڭ ئايالىنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— ياخشى، ئاچا، سىلەرنى سېغىنىپ كەلدىم، — دېدى.

ساقىبايىنىڭ ئايالى جامالبىبى:

— كەلگىنىڭ بەك ئوبدان بوپتۇ، قىزىم، — دېگىنىچە گۈلئايىم بىلەن مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى.

— قانداق سىڭلىم، ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىمىز ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ ...

— ئوبدان، ئاچا، ھەممىمىز ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز. بۇ قېتىم ئالدىراشلا ئىنى ـ سىڭلىمنى ئېلىپ سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم. بۇ سىڭلىمنىڭ ئىسمى گۈلسەر، ئىنىمنىڭ ئىسمى پەخىرجان مېنىڭ پەتىشلىرىم (بىر نەۋرە) بولىدۇ، — دېدى گۈلئايىم ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ.

جامالبىبى قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ گۈلئايىملارنى تۆردىكى كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ، «خۇش ئامەدى» دەپ ئۇلاردىن قايتا ئەھۋال سورىدى. ئاندىن دەرھال داستىخان راسلاپ، ئەتكەنچاي تەييارلاپ، قاتلىما، كۆمەچ، فەتىرنان ئەكەلدى، داستىخان شۇنچە مول بولسىمۇ، لېكىن گۈلئايىمنىڭ تاماققا تاۋى بارمايتتى.

— قىزىم، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى جامالبىبى.

— ياق، ئاچا، ھېرىپ قالغان ئوخشايمەن، سەل تۇرۇپ

ئوڭشىلىمەن، — دېدى گۈلئايىم، — ھە راست تاغام ساقىباي كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ۋۇي قىزىم، سىز ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ « قوقەن ئالۋاستىلىرى سەرىكۈيغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىكەنمىش» دېگەن گەپلەر تارقالدى. مەن بەك ئەنسىرەپ تۇراتتىم، ھېلىمۇ ياخشى، سىز كەلدىڭىز، كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. تاغىڭىز تۈنۈگۈن تاغارمىغا كەتكەنىدى، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى جامالبىبى گۈلئايىمغا چاي قۇيغاچ.

سىرتتىن «تاراق ـ تۇرۇق »ئاۋاز ئاڭلانغانىدى:

— ھە، تاغىڭىز كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى جامالبىبى ئىشىك تەرەپكە قاراپ. ئاڭغىچە ساقىباي ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ھوي دادىسى، قاراڭ، كىم كەپتۇ؟ — دېدى جامالبىبى ساقىباي ئىشىكتىن كىرىشىگە.

ساقىباي ئىتتىك تۆر تەرەپكە قاراپ، گۈلئايىمنى كۆردى.

— ھوي قىزىم، سەن ئىكەنسەنغۇ؟ سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىغانىدىم. چوقۇم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغۇ، دەپ تاغارمىدىن تېزلا قايتىپ كېلىشىم، — دېدى ساقىباي.

— سىلەرنى كۆرەي دەپ كەلگەن تۇرسام، بۇ يەرگە كەلمىسەم بولامدۇ ؟ — دېدى گۈلئايىم ساقىباينىڭ قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ساقىباي سىرتقا چىقىپ بىر پاقلاننى ئەكىردى.

— تاغا، مېنى يات كۆرمەڭلار، مەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى تۇرسام، قوي ئۆلتۈرمىسەكمۇ بولىدىغۇ، — دېدى گۈلئايىم.

— ياق، قىزىم، ئاران كەلگىنىڭدە نەخەرەج (ئاچ قورساق) تۇرساڭ بولمايدۇ. قېنى، پاتىھە قىلغىن، — دېدى جامالبىبى تېخىمۇ چىلىك تۇرۇپ.

— شۇنداق قىلساڭ، ئاچا، سىزنى چوقۇم قوي ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلىمىز، — دېدى ساقىبايىنىڭ كىچىك ئوغلى سەرئامەد.

— سىلەرنى كايىتىدىغان بولدۇم، مەيلى تاغا، پاتنىھە قىلايلى، — دېدى گۈلئايىم قولىنى پاتنىھەگە كۆتۈرۈپ.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن سەرئامەد گۈلسەر بىلەن پەخىرجانغا قاراپ:

— يۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى شىكىرىبۇلاققا ئاپىرىمەن، ئويناپ كېلىمىز، — دېدى. پەخىرجان بىلەن گۈلسەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشۇپ خۇشاللىقىدىن دىك ـ دىك سەكرىشىپ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە سەرئامەد بىلەن چىقىپ كېتىشتى.

— بۇ باللار نېمىدېگەن بەختلىك، ئويناپمەن دېسە ئويناپدۇ، كۈلىمەن دېسە كۈلىدۇ، ھېچنېمىنى ئويلىمايدۇ، ھېچقانداق غېمى يوق، — دېدى گۈلئايىم ئېغىر خورسىنىپ،

— شۇنداق، باللار دېگەن پەرىشتە، ئۇلاردا ھېچقانداق غەم ئەندىشە بولمايدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئوينىسىمۇ ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدۇ، — دېدى ساقىباي باللارنىڭ كەينىدىن قاراپ.

گۈلئايىم تاغىسى بىلەن مۇڭداشقاچ، گەپنى قۇلچاق تەرەپكە يۆتكىدى.

— تاغا، ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋال قانداقراق؟ ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

— قىزىم، مەن ئاڭلىغانلىرىمنى دەپ بېرەي. بۇ قېتىم قوقەن تەرەپتىن ھەددى ـ ھېسابسىز نۇرغۇن چېرىك كەپتۇدەك، ئۇلار قۇلچاقنى تىرىك تۇتۇپ سەركۇيغا ئۆزىدىن ھاكىمبەگ قويارىمىش. لېكىن، قۇلچاق سەل ئالدانغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ زور قوشۇنىنى قاراچۇقۇر دەمدۇ، بىر يىراق يەرگە

ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى ئاز ئادەم بىلەنلا قەلئەدە قاپتۇ. ئۇ ئاجايىپ باتۇر ئەزىمەت ئىكەن. ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا:

— تەسلىم بولۇپ بىز بىلەن ھەمكارلاشساڭ قوقەن خانى ساڭا چوڭ ھوقۇق بېرىپ، ھېسابسىز بايلىق بىلەن مۇكاپاتلايدۇ دەپتىكەن. ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ: مەن بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ھاكىمبەگ، بۇ يەرگە كىرىشىڭلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن، دەپتۇ. ئازغىنا ئادىمى بىلەن شۇنچە چوڭ قوشۇنغا قارشى ئاخىرغىچە ئېلىشمەن دەپ قەسەم قىپتۇ.

گۈلئايىمنىڭ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك بولدى، شۇ ئان ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك تىلى كالۋالىشىپ بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ھېچ نەرسە دېيەلمىدى.

— قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ بىراقلا ئۆڭۈپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سورىدى ساقىباي گۈلئايىمنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ.

— تاغا، مەن گۇرگىڭ دېگەن ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، قۇلچاققا خاتا مەلۇمات بېرىپتىمەن، ئۇنىڭغا مەن زىيانكەشلىك قىلدىم، — دېدى گۈلئايىم كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ.

— بولدى قىزىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھەقىقىي ئەھۋالنى قۇلچاققا دېسەڭ ئۇمۇ سېنىڭ ئالدانغانلىقىڭنى بىلىپ سەندىن رەنجىمەيدۇ، — دېدى ساقىباي گۈلئايىمغا تەسەللى بېرىپ.

گۈلئايىمنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، تاتلىق ۋە ئاچچىق تۇيغۇلار يۇغۇرۇلۇپ، يۈرىكىگە بىگىزدەك سانجىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— تاغا، مەن ھازىرلا ماڭاي، بۇ خەۋەرنى قۇلچاققا يەتكۈزەي، — دېدى.

— ئەمدى ئۆلگۈرمەيدۇ قىزىم، سەن ئۇ يەرگە بارغۇچە قۇلچاقنىڭ زور قوشۇنىنىڭ قاراچوقۇر تەرەپكە كەتكىنىگە ئىككى كۈن بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجاۋۇزچىلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇچراپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ئەھۋال بەك خەتەرلىك، — دېدى ساقىباي ئۇنى توسۇپ.

— تاغا، مېنى توسماڭ، مەن بارمىسام زادى بولمايدۇ. مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى گۈلئايىم كەسكىنلىك بىلەن.

— مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ بارايمۇ؟ — قايتا سورىدى ساقىباي.

— ياق، تاغا، بۇ نەۋرە ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ مۇشۇ يەردە قالسۇن! مەن ئۆزۈم تېز بېرىپ، ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قايتىپ كېلىمەن.

— بوپتۇ، قىزىم، مەن ياخشى ئاتنى جابدۇپ بېرەي، يولدا پەخەس بولغىن، — دېدى ساقىباي.

گۈلئايىم ساقىبايلار بىلەن خوشلىشىپ يۈگۈرۈك ئاتقا مىندى - دە، قامچا ئۇرۇپ قۇيۇندەك چېپىپ ماڭدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈشىگە گۈرگىك باشچىلىقىدىكى بەش كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. گۈلئايىم ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— گۈرگىك تاغا، بۇ يەرگە كەپسىزغۇ؟ — دېيىشىگە بىرسىنىڭ چاپقان قىلىچى ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەسلىدە گۈرگىك ھەمراھلىرى بىلەن گۈلئايىمنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ قول سېلىشقا ئەپلىك جاينى تاپقانىدى.

بۇ چاغدا تاشقەلئەنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. بىر تەرەپتە لەشكەرلەر رەت - رەت تىزىلىپ تۇراتتى، سەردارلار بولسا ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ لەشكەرلەرگە ئىش

بۇيرۇماقتا، بىر تەرەپتە ئۆز قوشۇنىنى ئۆزىتىشقا كەلگەن سەرىكۆي خەلقى تەقەززالىق ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى، پۈتكۈل كەيپىيات ئىنتايىن جىددىي ئىدى.

چىچى قاردەك ئاقارغان نورۇز بوۋاي بالىسىغا:

— بالام، زىمىنىمىزغا تاجاۋۇزچىلارنى قەتئىي دەسسەتمە، ۋەتەن بولمىسا ئۆيمۇ بولمايدۇ. ۋەتەننى قوغدىغىنىڭ ئۆيىمىزنى، ئاتا ـ ئانىلارنى، بالىلارنى قوغدىغىنىڭ بولىدۇ. شەرەپ قۇچۇپ كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن! — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئوتتۇرا ياش بىر چوكان ئەمدىلا يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بالىسىغا:

— بالام، بىز تاجاۋۇزچىلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانىدۇق. ئەگەر ئاناڭنىڭ يۈزىدە كۈلكە جىلۋىلەنسۇن دېسەڭ، ۋەتەننى جان پىدالىق بىلەن قوغدا! تاجاۋۇزچىلارنى زىمىنىمىزغا دەسسەتمە! — دەپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

يەنە بىر تەرەپتە بەش ـ ئالتە قىز ـ يىگىتلىرىگە گۈل چېكىلگەن قول ياغلىق تەقدىم قىلدى. ئۇلار:

— سىلەرگە ئامەت تىلەيمىز، بىزلەرنى يادىڭلاردا چىڭ ساقلاپ، ياۋغا ئەجەللىك زەربە بېرىڭلار! ھەرگىزمۇ بۆرىنىڭ قوي قوتىنىغا كىرىشىگە يول قويماڭلار، — دېيىشتى ئۇلارغا مەدەت بېرىپ.

تاشقەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن قۇلچاق، مەمەتىرېھىم، دارىبشاھ، شىرئەلى، نىيازباي، باش مىرزا نۇرئەلى ۋە ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ سەركەردىلىرى، قازى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى چىقىپ كېلىشتى.

لەشكەربېشى مەمەتىرېھىم قوشۇنغا:

— دىققەت! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ھەرقايسى بۆلەكلەر رەت بويىچە تۈپتۈز تىزىلىپ تۇردى.

قۇلچاق يۇقىرى ئاۋازدا:

— مەمەترېھىمنى لەشكەربېشىلىققا تەيىنلىدىم ! — دېدى.

ھەممىسى گۇلدۇراس چاۋاك چالدى.

— سىلەر مەمەترېھىمنىڭ بۇيرۇقىدا قاراچوقۇرغا بېرىپ تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىسىلەر. تاجاۋۇزچىلارنى زېمىنىمىزدىن پاك - پاكىز تازىلاپ نۇسرەت قۇچۇپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ! — دېدى ئۇ مەردانە قىياپەتتە.

سەپتە تۇرغان ھەممە لەشكەرلەر:

— ھاكىمبەگ جانابلىرى، خاتىرجەم بولۇڭ، جەزمەن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىمىز ! — دەپ توۋلاشتى.

قۇلچاق مەمەترېھىم، تاغىسى داربىشاھلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، ئاتلىنىشىمىزغا ئىجازەت بېرىڭ، — دېدى مەمەترېھىم.

قۇلچاق كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئاتلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

لەشكەربېشى مەمەترېھىم قۇلا ئېتىغا مىنىپ ئالدىدا ماڭدى، قوشۇن رەت بويىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلاندى.

ئەڭ كەينىدە داربىشاھ، مەسلىھەتچى شايىمانلار ماڭدى.

قۇلچاق ئاساسىي قوشۇننى قاراچوقۇرغا يولغا سالغاندىن كېيىن ئۆزى ئازلا قوشۇن بىلەن تاشقەلئەدە قالدى.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# بۆركۈت مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ

ھاكىمبەگ قۇلچاق مەمەترىھىم باشچىلىقىدىكى ئاساسىي قوشۇنىنى قاراچوقۇر تەرەپكە يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن قېلىپ قالغان قوشۇنغا قاتتىق مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ھەربىر لەشكەرنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇشىنى، ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى تاپىلىدى.

بۈگۈن قۇلچاق ئەزاندىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. ئاسمان شەرق تەرەپتىن ئەمدىلا ئاقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرغانىدى. تاڭغا ئەلچى بولۇپ چىقىدىغان چولپان يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئېلىشىدىغان دەقىقىدىكى ئىزغىرىن شامالمۇ توختىغانىدى. پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن سېھىرلەپ قويغاندەك قېتىپ قالغانىدى. قۇلچاق نامىزىنى ئۆيىدىلا ئوقۇدى. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئىشىكتىن خەۋەرچى يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى:

ـــ چاتاق بولدى ! دۈشمەنىنىڭ غايەت زور قوشۇنى بىز تەرەپكە بېسىپ كېلىۋاتىدۇ ! ـــ دەپ مەلۇم قىلدى خەۋەرچى.

— نېمە دېدىڭ ؟ — قۇلچاق قاتتىق ئەندىكىپ كەتتى.
— بېگىم، چىقىپ قارىسىلا، مەشئەل كۆتۈرگەنلەر شىنگۇن تەرەپتىن، تىزناپ تەرەپتىن خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ.
قۇلچاق ئالمان - تالمان سىرتقا چىقىپ، تاشقەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى كۆزىتىش نۇقتىسىغا چىقىپ بولغۇچە، سەركەردە شىرئەلى، مەسلىھەتچى بەرنا ۋە ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدىكى ئەلەمدار - قەلەمدارلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ بولغانىدى.
قۇلچاق كۆزىتىش ئورنىدىن قارىۋىدى، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ شىنگۇندىن ۋەرشىدې دىيارىغا كىرىپ بولغانلىقى ئېنىق بولدى. دۈشمەن غەرب تەرەپتىمۇ چۈشمان دىيارىدىن ئۆتۈپ تىزناپ دىيارىغا يېقىنلاشقانىدى.
ئۇلار خامانلارغا ئوت قويۇپ، ئۇچرىغانلا ئادەملەرنى قىرغىن قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. پۈتۈن دىيار ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان، ئۇرۇش - چېپىشلار، جان ھەلەكچىلىكىدە ئىڭراۋاتقان ئانا - بالىلار، ئۇلارنىڭ يىغا - زارى، قىيا - چىيالىرى پەلەككە يەتكەنىدى. پۈتۈن سەركۈينى ئىس - تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، بۇ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقتىن تاغۇتاشلار سۆكۈتكە چۆمگەن، دەريالار قۇرۇپ، ئاسمان ياش تۆكمەكتە ئىدى، زېمىن تىترەيتتى. ئەمدىلا تاغدىن بالقىغان قۇياشنىڭمۇ رەڭگى ئۆزگىرىپ، كىشىگە قىپقىزىل قانغا ئايلانغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.
— ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت ! بىز ئالدىنىپتىمىز ! — دېدى قۇلچاق يېنىدىكىلەرگە.
— ھاكىمبەگ جانابلىرى، — دېدى شىرئەلى، — سىلى قەلئەدە تۇرسىلا، مەن بىلەن بەرنا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ جەڭگە كىرەيلى.

قولچاقنىڭ غەزىپىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ تۇراتتى. يۈرتىنىڭ، خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دەھشەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدىن پارتلاپ كېتىدىغاندەك، غەزىپى تۇتقان شىردەك ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۇراتتى. خەلقىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى لەختە ـ لەختە بولۇپ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنايتتى. ئۇ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن باتۇر يۈركۈتتەك جەڭگە تاييارلاندى:

— بۇ يەرنى ساقلاشقا بىرقىسىم لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇر، بىز دەرھال ياۋ بىلەن ئېلىشايلى! — دېدى ھاكىمبەگ قولچاق كەينىگە بۇرىلىپ ۋە خىزمەتچىگە قاراپ، — سەن دەرھال كۈمۈش ساپلىق قىلىچىم بىلەن ئۇچقۇر ئېتىمنى ئەكەل، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

قولچاق ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە يىلپىز تېرىسىدە تاشلانغان جىلتكىسىنى كىيىپ، بېلىنى مەھكەم باغلىدى. ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ، كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى ئويناتقىنىچە خۇددى ئىتلارغا ئېتىلغان قاپلاندەك دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ كاللىسى يىپتىن ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئېلىشىش ئىنتايىن دەھشەتلىك داۋاملاشتى. دۈشمەنلەر نەچچە ئوندىن توپلىشىپ كېلىپ قولچاققا ئېتىلاتتى، قولچاق ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يەر چىشلىتەتتى. بىر تەرەپتە شىر ئەلى ھەمراھلىرى بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتە بەرنا بىرقانچە كىشى بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنىنى بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىتماس قىلىپ قويغانىدى.

قولچاقنىڭ قوشۇنى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى، شىددەتلىك ھۇجۇمى، دۈشمەن قوشۇنىنى تەمتىرىتىپ قويدى. دۈشمەنلەر ئىككى يۈزدەك ئۆلۈكنى تاشلاپ كەينىگە چېكىندى.

تاجاۋۇزچىلارنىڭ يۈرىشىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتلىق قوماندانلىق ئورنىدا، جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئەمىرلەشكەر ئالامان قوشۇنىنىڭ كەينىگە يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا يېرىلاي دەپ قالدى. ئۇ تۇمشۇقىغا يەپ قاۋاۋاتقان ئىتتەك:

— ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەرلەر، دەرھال يېنىمغا ھازىر بولسۇن! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە قۇشبېگى مەمەشېرىپ، قۇشبېگى ئابدۇللا، قۇشبېگى باسار، قۇشبېگى ئادىنالار ئالاماننىڭ يېنىغا توپلاشتى.

ئەمىرلەشكەر ئالامان ئاچچىقلاپ:

— شۇنچە زور قوشۇنىمىز تۇرۇپ ئاشۇ قولچاقنى تۇتالمىدىڭلارمۇ؟ سىلەرنىمۇ سەركەردە دېگىلى بولامدۇ ؟! — دېدى.

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، بىز تىرىك تۇتىمىز دەپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتمىدۇق، لېكىن نەيزىۋازلىقتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئادەم چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى قۇشبېگى مەمەشېرىپ.

— ئۇنى تىرىك تۇتۇش بۈزرۈكۋار خانىمىزنىڭ پەرمانى، ھەرگىز خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئەمىرلەشكەر ئالامان.

قۇشبېگىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ھېچنېمە دېيەلمەي جىم بولۇپ قالدى.

ئەمىرلەشكەر ئالامان ئۇلارغا بىردەم سەپسالغاندىن كېيىن:

— پەرمان ! بۈگۈن قوشۇننى پۇختا رەتلەپ، ئەتىگەندە ھۇجۇمنى باشلايمىز، سىلەر تۆت كىشى قوشۇنىڭلارنى باشلاپ ئالدىدا مېڭىڭلار. كەينىگە قاچقان ئەسكەرلەرنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاڭلار، قولچاقنى چوقۇم تىرىك تۇتۇشىمىز كېرەك ! بۇ خاننىڭ پەرمانى خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ ! — دېدى.

ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «پەرماننى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز» دېيىشتى.

ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاملى ئادەمنىڭ يۈزىگە يىڭنىدەك سانجىلماقتا ئىدى. قۇياش ھېرىپ قالغاندەك سۇس نۇر چاچاتتى. گەرچە قۇياشنىڭ نۇرى بۇ خىلقەت ماكانىغا تەكشى تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىسسىقى قالمىغانىدى.

تاجاۋۇزچىلار ئىككى تەرەپتىن تاشقەلئەگە قاراپ شىددەت بىلەن يەنە ھۇجۇم باشلىدى. قولچاقنىڭ ئازغىنا قوشۇنىمۇ خۇددى ئۆلجىغا ئېتىلغان يولۋاستەك ئۇلارغا ئېتىلدى. ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ قاتتىق تۇتۇشتى. قولچاققا يېقىنلاشقانلار ئۇنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلالمىدى. قولچاق بىلەن يانمۇيان ئۇنى قوغداپ تۇرۇپ دۈشمەننى قىرىۋاتقان يەنە بىر سىرلىق يىگىت دۈشمەننى تېخىمۇ ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئاتقان يا ئوقىدا دۈشمەننىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرسى موللاق ئاتاتتى. ئۇنىڭ نەيزىۋازلىقتىكى ماھارىتى دۈشمەننى تېخىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

ئېلىشىش داۋاملاشماقتا ئىدى. دۈشمەن قوشۇنى قىرىلماقتا. تۈيۈقسىز يا ئوقى بەرنانىڭ مەيدىسىگە تەگدى. بەرنا ئات بىلەن يىقىلدى. ئۇ قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ دۈشمەنگە قىلىچ ئۇرۇشىغا، قوشبېگى ئابدۇللا زەرب بىلەن بويۇنغا قىلىچ چاپتى. بەرنانىڭ

بىشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يىراقتا چۈشتى. ئابدۇللا قۇشبېگى قىلىچىنى قايتا كۆتۈرۈشىگە، ۋىژژىدە كەلگەن ئوقيا ئوقى پېشانىسىگە تېگىپ بېشىدىن تۆشۈك ئېچىۋەتتى، ئۇ بېشى يانجىلغان ئىتتەك يەرگە پالاقىدە چۈشتى. بۇ قۇلچاق بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان سىرلىق ئەزىمەتنىڭ ئاتقان يا ئوقى ئىدى.

قۇلچاقتا شۇنچە جىق دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەممىسى جېنىدىن جۇدا بولماقتا ئىدى. بۇ ئىككى قوشۇننىڭ سان جەھەتتىكى ئاز - كۆپلۈك پەرقى شۇنچىلىك زور ئىدى. قۇلچاق ئازغىنا لەشكىري كۈچى بىلەن سەلدەك ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان دۈشمەن لەشكىرى بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز قېيۇمجان يىگىرمىدەك قاۋۇل يەكەن يىگىتلىرىنى باشلاپ قۇلچاقنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. قۇلچاق قېيۇمجاننى كۆرۈپ جىددىيلەشكەن ھالدا:

— ئەزىز ئىنىم قېيۇمجان، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ يەر بەكمۇ خەتەرلىك، دەرھال قايتىپ كەتكىن! — دەپ ۋارقىرىدى .

— بولمايدۇ، قۇلچاق ئاكا ! بىز ھايات - ماماتتا بىللە بولۇشقا قەسەم ئىچكەن. ۋەتەن بىزنىڭ ئۇلۇغ ئانىمىز، بىز ھەممىمىز شۇ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى. مېنىڭمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاشلا ئانىمىزنى قوغداش مەجبۇرىيىتىم بار. ئانا ئۇچۇن جان تەسەددۇق قىلىش پەرزەنتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر، — دېدى قېيۇمجان، ئاندىن ھەمراھلىرىغا: «بۇرادەرلەر، ۋەتەن ئۇچۇن جان تەسەددۇق قىلايلى !» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار باتۇر قاپلانلاردەك دۈشمەنگە تاشلاندى.

قۇلچاق ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەممىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ جەڭگاھتا قانداق

مىللەت بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، ۋەتەندىن ئىبارەت ئانىنىڭ مېھرى ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىغانىدى. يەكەندىن كېلىپ تاشقەلئەدە تۇرۇۋاتقان جىك تەن بىلەن جىك مىڭمۇ قايتىپ كېتىشكە قەتئىي ئۇنىماي، قۇلچاق بىلەن بىللە جەڭگە كىردى. ھەممىسىنىڭ قەلبىدە ئانا ۋەتەننى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئالىيجاناب روھ لاۋۇلداپ يانماقتا ئىدى.

قۇلچاق قېيۇمجان، جىك تەن، جىك مىڭلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى ھەقىقىي دوستلۇق مېھرى بىلەن لەرزەتلەندى. ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ دۈشمەنلەرگە شىددەت بىلەن ئېتىلدى، دۈشمەنلەر بۇ باھادىر ئالدىدا يا جېنىنى سەپ بېرەتتى، يا كەينىچىلەپ ئارقىغا ياناتتى.

قۇلچاق بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان سىرلىق يىگىتنىڭ يا ئوقى دۈشمەننىڭ غوللۇق سەردارلىرىنى ئۇ دۇنياغا يولىغا سالماقتا ئىدى. قۇشبېگى باسار: «قۇلچاقنى تىرىك تۇتايلى !» دەپ توۋلاۋاتقاندا، يا ئوقى ئاغزىدىن كىرىپ گەدىنىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ئات ئۈستىدىن قاڭقىپ يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن، دۈشمەنلەر قورققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كەينىگە چېكىندى . دۈشمەننىڭ مىڭغا يېقىن لەشكىرى، ئىككى قۇشبېگى جېنىدىن جۇدا بولدى. جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان قوقەن ئەمىرلەشكىرى ئالامان ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قۇشبېگى مەمەشېرىپ بىلەن ئادىنانى چاقىردى. ئالامان:

ـــ كۆردۈڭلارمۇ، بۇ قۇلچاق ئازغىنا ئادىمى بىلەن بىزگە شۇنچە چوڭ زىيان سالدى. مىڭدەك لەشكەردىن، ئىككى قۇشبېگىدىن ئايرىلدۇق. جەڭ مۇشۇنداق داۋاملاشسا بىز مەغلۇپ

بولغۇدەكمىز، — دېدى.

— قۇلچاق دېگەن بۇ نېمە قىلىچۋازلىقتا تەڭداشسىز ئىكەن. تىرىك تۇتىمىز دەپ شۇنچە جىق ئادەم يوپۇرۇلۇپ بارسىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي ھەممىسى ھالاك بولدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلماي يېنىدا تۇرۇپ ئۇرۇشۇۋاتقان يىگىتمۇ كارامەت بىرنېمە ئىكەن، قىلىچۋازلىقتا قالتىس ماھارەتلىك ئىكەن. يەنە كېلىپ ئوقيا ئېتىشتىمۇ ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۇدەك، ئۇ قىلىچۋازلىق قىلمىۋېتىپ شارتتىدە ئوقيانى ئېلىپ ئاتسا ئوقى خاتا كەتمەيدىكەن. بىرمۇنچە سەركەردە — لەشكەرلىرىمىز ئاشۇنىڭ قولىدا ھالاك بولدى، — دېدى قۇشبېگى مەمەشىرىپ.

— ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرمەي تىرىك ئېلىش قىيىن، باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى قۇشبېگى ئادىنا.

ئەمىرلەشكەر ئالامان بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مۇنداق باتۇر ئادەمنى مەن ئۆمرۈمدە كۆرمەپتىكەنمەن، دۇنيادا بارلىقىنىمۇ ئاڭلىمىغانىكەنمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەربىي سالاھىيىتىم بىلەن ئۇنىڭغا قايىللىقىمنى بىلدۈرىمەن، — دېدى. ئۇ جەڭ مەيدانىغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنداق باتۇر ئادەمنى ئېتىش مەندەك ھەقىقىي ھەربىي ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەڭ زور گۇناھ. بىراق، ئامالسىز قالدۇق، ئۇنىڭغا نەچچە مىڭ ئادەمنى سالساقمۇ تىرىك تۇتالمىغۇدەكمىز.

— ئەمىرلەشكەر، ئەمدى چارە قوللانمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. لەشكەرلىرىمىزنىڭمۇ رايى ياندى، — دېدى مەمەشىرىپ جىددىي يوسۇندا.

— توغرا، خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا خىلاپ بولسىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا مۇشۇ چارىنى قوللانمىساق بولمىدى، — دېدى

ئەمىرلەشكەر ئالامان، ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىر ئۇلار قەيەرگە كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار ھازىر قاشكال دېگەن يەرگە يېقىنلاشتى، — دېدى مەمەشېرىپ.

— دەرھال يۈزدەك مەرگەننى ئاپىرىپ ئۇنى ۋە يېنىدىكى ھەمراھىنى بىراقلا ئوقتا تۈتۈڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئەمىرلەشكەر ئالامان.

قۇلچاقنىڭ ئازغىنا ئادىمى تاجاۋۇزچىلارنىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشۋاتاتتى. قۇلچاق ئۈچ - تۆت دۈشمەن بىلەن جەددىي ئېلىشىۋاتقاندا، كەينىدىن بىرقانچە دۈشمەن ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. يېنىدىكى سىرلىق يىگىت چەبدەسلىك بىلەن ئالدىغا كەلگەننىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. بىراقلا ئۈچ لەشكەر چىرقىراپلا يەرگە يىقىلدى. ئۇ يەنە بىرسىگە قىلىچ ئۇرۇۋاتقاندا، بىرسىنىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ تۇمىقىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چېچى چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ھاڭۋېقىپلا قالدى. بۇ قۇلچاقنىڭ سادىق مەھبۇبى كۈيپەرى ئىدى. كۈيپەرىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ قوقەن لەشكەرلىرىنى يەر چىشلەتتى.

ئەمىرلەشكەر ئالامان قاشكال يېنىدىكى دۆڭدىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇ قۇلچاق بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشىۋاتقان «يىگىت» نىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىپ «توۋا !» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى نېمە بولدى؟ — دەپ يۈگۈرگىنىچە يېنىغا كەلدى قۇشبېگى مەمەشېرىپ.

— ئاۋۇ كارامەتنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇنداق باتۇر ئايالنى تۇنجى

كۆرۈشۈم، — دېدى ئالامان ھەيران قالغان ھالدا.
— ئۇ كاساپەتنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىچۇ، بىر تەرەپتىن قىلىچ ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقيا ئاتالايدىكەن. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىدىن بىرىمۇ زايە كەتمەيدىكەن، ئايالاردىنمۇ شۇنداق باتۇر چىقىدىكەن ـ ھە ! — دېدى مەمەشېرىپ.
— ھىم، قانداق، مەرگەنلەر تەييارلىنىپ بولدىمۇ؟ — سورىدى ئەمىرلەشكەر ئالامان.
— مەرگەنلىرىمىز ئۇلارغا يېقىن يەردە، ھەممىسى قورالىنى بەتلەپ بۇيرۇق كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى مەمەشېرىپ.
— ۋاقىت ئۆتسە بىزگە زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنى دەرھال ئېتىپ تاشلاڭلار ! — دېدى ئالامان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.
1836 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، چۈش بولاي دەپ قالغان ۋاقىت ئىدى. قۇلچاقنىڭ ئازغىنا لەشكەرلىرىدىنمۇ بىرقانچىلا كىشى قالغانىدى. جىڭ تەن، جىڭ مىڭلار باتۇرلارچە قۇربان بولدى، قېيۇمجان بىلەن كەلگەن يەكەن يىگىتلىرى ئاجايىپ قەيسەرلىكنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قۇلچاققا ياردەم قىلدى. قېيۇمجان بىلەن ئىككى كىشىلا قالدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ بۇ زور قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپى ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. شىرئەلىمۇ بىر تەرەپتە سەپداشلىرى بىلەن دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىۋاتاتتى. دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ زەربىسىدىن كەينىگە داجىماقتا ئىدى. ئاخىر چىدىماس ياۋۇز دۈشمەنلەر قۇلچاق بىلەن كۈيپەرىنى ۋە ئۇلار بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ دۈشمەننى قىرىۋاتقان شىرئەلى، قېيۇمجان ھەم ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى يىراقتىن شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى. مىلتىقلاردىن يامغۇر ياغقاندەك ئېتىلغان ئوقلار بۇ باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ تېنىگە تەگكەن بىلەن ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى

بويسۇندۇرالمىدى. ئۇلار بىر تامچە قېنى قالغۇچە دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشتى. قۇلچاق بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان قېيۇمجانغىمۇ نەچچە پاي ئوق تېگىپ خۇددى كوئېنلۇن تېغى كۆچكەندەك يەرگە يىقىلدى.

قۇلچاقنىڭ بەدىنىگە ئون نەچچە پاي ئوق بىراقلا تەگدى. بۇ باتۇر ئەزىمەت ئاتتىن يىقىلدى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچىنى كۆتۈرۈشىگە بىرقانچە پاي ئوق يۈرىكىگە تەگدى. تاجىك خەلقىنىڭ شۇڭقار سۇپەت بۇ باتۇرى كېيىنچىلەپ يەرگە يىقىلدى. خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك پۈتۈن تاغلاردىن دەھشەتلىك سادا چىقتى. مۇزتاغنىڭ قارلىرى گۈلدۈرلەپ كۆچتى. قارىغايلار قاراسلاپ يىقىلدى. جىلغا ـ جىلغىلاردىن قورام تاشلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ پۈتۈن سەرىكۆينى باسقاندەك بولدى. ئاسماننى قارا تۇمان قاپلاپ شىددەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازى پۈتۈن پامىرنى قاپلاپ، چاقماق نۇرىدا سەرىكۆينىڭ ھۆسنى ھازىدار بوۋايدەك مەيۈس تۈس ئالدى.

قۇلچاق يەرگە يىقىلغاندا، ئۇنىڭ ساغرىسى بىلەن دوقىسى يەرگە تېگىپ بېلى يەردىن بىلەك بويى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قالدى. پامىر ئوغلى، ۋەتەن پاسىبانى قۇلچاق قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. دۈشمەننىڭ زەھەرلىك ئوقى كۆيپەرىنىگىمۇ يۈرىكىگە تېگىپ ئۇنىڭ ياش ھاياتىنى نابۇت قىلدى. ئۇ خۇددى بەرگىدىن ئاجرىغان غۇنچىدەك قۇلچاقنىڭ يېنىغا يىقىلدى. قۇلچاققا بىر ئۆمۈر ئەقىدە باغلىغان بۇ ۋاپادار ئايال، جاپا ۋە ھالاۋەتتە قۇلچاق بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ۋەتىنى، يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن قۇلچاق بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ تاجىك ئاياللىرىنىڭ ۋاپادارلىقىنى، باتۇر، قەيسەرلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئەمىر لەشكەر ئالامان قۇلچاق يىقىلغان يەرگە كەلگەندە، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بۇ باتۇر ئىنساننى يېڭەلمەي ئاخىر ھەربىيلىك ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا يىراقتىن ئۇنى ئوققا تۇتقانلىقى ئۈچۈن يۈرىكىنى بىر نەرسە غاجاۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئىنسانلار ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئىنتايىن چۈشكۈن ھالدا سەركەردە ئادىنانى ئىككى يۈز لەشكەر بىلەن بۇ يەردە قالدۇرۇپ، قۇلچاقنىڭ بېشىنى ئېلىپ قايتتى.

ئاز كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىگە تاقابىل تۇرغان، تاجىك خەلقىنىڭ ئېسىل پەرزەنتى قۇلچاق ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ھەمراھى كۈيپەرى ۋەتىنى، سەرىكۆي خەلقىنى قوغداش يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ نامى ۋەتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە، جۈملىدىن تاجىك خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. پامىردا مۇزتاغ بىلەن تەڭ مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ!

# خاتىمە

قوقەنلىكلەر قۇلچاقنى تىرىك تۇتالماي، ئاخىر ئۇنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ جېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى كۈيپەرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قۇربان بولدى. ياۋۇز دۈشمەنلەر شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماستىن قۇلچاقنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ۋە قەلئەدىكى بارلىق كىشىلەرنى قىرغىن قىلدى. سەرىكۇي دىيارى قوقەن تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىغا قايتا ئۆتۈپ كەتتى.

قاراچوقۇردىن قايتىپ كېلىۋاتقان مەمەترېھىم بىلەن داربىشاھ قۇلچاقنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى، تاشقەلئەنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھازىرلا دۈشمەنگە تېگىش قىلسا، تەڭ كېلەلمەسلىكىنى مۆلچەرلەپ، ئۇدۇل تۇڭ دىيارىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئۇ يەردە كۈچىنى زورايتىپ، ئادەملىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، سەرىكۇيدىن تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشنىڭ پەيتىنى كۈتتى.

قوقەن تاجاۋۇزچىلىرى سەرىكۇينى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قۇشبېگى ئادىنانى ئىككى يۈز لەشكەر بىلەن داۋاملىق سەرىكۇينى ئىگىلەپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، قالغانلار قۇلچاقنىڭ بېشىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

ئادىنا سەرىكۇي خەلقىگە ھەددىدىن زىيادە زۇلۇم سالدى. لەشكەرلىرى بارغانلا يەردە بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلدى.

سەرىكۆي خەلقى بۇ خورلۇقتا چىدىماي، كۆپ قىسمى تۈلك، مەرىيالك، بۆرۈمسال، قوغۇشلۇق، تار قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىشتى.

پۈتۈن سەرىكۆينى قارا تۇمان قاپلىدى. كىشىلەرنىڭ ئىچىنىشلىق نالىسى يۈرەكنى ئېزەتتى. يايلاقتىكى پورەكلەپ ئېچىلغان ئۆزگىچە تەبىئىي گۈللەر ناكەسلەرنىڭ تاپىنىدا چەيلەندى. ئادىنا خەلقنى زار - زار قاقشىتىپ، يىلىكىدىن سۆ ئىچتى. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبىتىنى، ھايۋاندىنمۇ بەتەر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان تۈلك دىيارىدىكى مەمەترىھىم، دارىبشاھلارنىڭ غەزەپتە مۇشتۇمى تۈگۈلدى. قېرىنداشلارنىڭ ئوتتا كۆيۈۋاتقىنىغا، ۋەتەننىڭ ئەزىز تۇپرىقىدا ياتلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋاتقىنىغا چىدىماي، ئاخىر تۈگدىكى ئەزىمەتلەرنى باشلاپ سەرىكۆيغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار سەرىكۆيغا كېلىپ ئەپچىل چارە ئىشلىتىپ ئادىنانى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بولۇپ ئون ئۈچ كىشىنى تىرىك تۇتۇۋالدى. قالغان تاجاۋۇزچىلارنى بولسا، سەرىكۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. سەرىكۆي قايتىدىن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. تاشقەلئەدە قايتا يورۇقلۇق جىلۋىلەندى. سەرىكۆي خەلقى قايتىدىن ئازادلىققا ئېرىشتى. قۇياش بۇ زېمىنغا كۈلۈپ باقتى. تاغ - چوققىلار ئۆزىنىڭ مەغرۇر قەددىنى رۇسلاپ، زەرەپشان دەرياسى، تاشقورغان دەرياسى شوخ دولقۇنلىرى بىلەن مۇڭلۇق ناخشىلارنى توۋلاپ ئاقتى.

مەمەترىھىم بىلەن دارىبشاھ ئادىنا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يەكەن ئامبال يامۇلىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەردى. يەكەن ئامبىلى ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە ئاساسەن ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. يەكەن ئامبىلى مەمەترىھىم بىلەن دارىبشاھنىڭ ۋەتەنپەرۋەر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ھەم ئۇلارنى نۇرغۇن ماددىي

نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. قۇلچاقنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى، مەمەترىھىم، داربىشاھلارنىڭ تۆھپىلىرى ۋە سەرىكۇينىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بۇيۇك چىڭ خانىغا مەلۇمات يوللىدى. ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش يولىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تاجىك سەركەردىلىرى بۇيۇك چىڭ خانىنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولدى.

1837 ـ يىلى دېھقانلار كالىپنىدارى بويىچە 11 ـ ئايدا (داۋگۇاڭنىڭ 17 ـ يىلى) بۇيۇك چىڭ خاندانلىقىنىڭ خانى سەرىكۇينىڭ بېگى مەمەترىھىمغا توز پەيلىك ئوتۇغات، ئاقساقىلى داربىشاھقا تۇرنا پەيلىك ئوتۇغات ھەدىيە قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۇردى.

ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ھاكىمبەگ قۇلچاقنىڭ تۆھپىسىنى ئالاھىدە تارتۇقلاپ مەنسىپىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇردى.

2010 ــ 2011 ـ يىللىرى قەشقەر ـ تاشقورغاندا يېزىلدى.
2012 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا بېيجىڭدا تۈزىتىلدى.

ISBN 978-7-228-18225-1

9 787228 182251 >

定价 4[illegible].00元